ئابلا ئەھمىدى (مەدىكار)



# يىللار

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



يىللار مەيدەمنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىمدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرسەن ئۆلۈمنى.
قېرىتسەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى!

— لۇتپۇللا مۇتەللىپ

(«يىللارغا جاۋاب» تىن)

ئابلا ئەھمىدى (مەدىكار)

# يىللار

(رومان)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

该长编小说中作者以20世纪60年至80年代初为历史背景，通过主人公布格拉汗一家所经历的遭遇和冤屈，描写了在那一特殊时期具有各种性格特征和社会背景的人们复杂的人际关系，以及心理特征，表现了最终邪不压正的真理。


مەسئۇل مۇھەررىرى: **دىلبەر ئابدۇرېھىم**

مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**


# يىللار (رومان)


ئاپتورى: ئابلا ئەھمىدى (مەدىكار)

نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تېلېفون: 0998—2653927

ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 844000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتى باسما زاۋۇتى

فورماتى: 880×1230 م م 1/32

باسما تاۋىقى: 15.25

نەشرى: 2014 - يىلى 1 - ئاي 2 - نەشرى

بېسىلىشى: 2014 - يىلى 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى

باھاسى: 50.00 يۈەن



ئاپتور رەپىقىسى مەرھۇمە نۇرىمان خانىم بىلەن بىللە

# نەشرىياتتىن

پېشقەدەم يازغۇچى، مۇھەررىر، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئابلا ئەھمىدى (مەدىكار) 1935 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرى ئېگىز ئېرىقبېشى مەھەللىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950 ـ يىلىغىچە نورببېشى باشلانغۇچ مەكتەپتە، كېيىن يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا تېخنىكوم ـ «شىنجاڭ كاشىغەر كەسپىي مەكتەپ»تە ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1976 ـ يىلىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى، شىنجاڭ شىنخۇا 1 ـ باسما زاۋۇتى، بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتى، «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا ھەرپ تىزغۇچى، ھەرپ قۇيۇش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا كىتابنى دوست تۇتۇپ، مەكتەپتە ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىش نېسىپ بولمىغان دەرسلەرنى تولۇقلاپ ئۆگىنىپ، كەسپىتە تېزلا پىشىپ يېتىلگەندىن باشقا، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىشچى ئەدىبكە ئايلانغان. 1976 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1988 ـ يىلىغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، مۇخبىر، ئىجتىمائىي ئىشلار گۇرۇپپىسى، مەخسۇس بەتلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان. 1992 ـ يىلى «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى» تەركىبىدە قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە زىيارەتتە بولغان.

ئابلا ئەھمىدىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 50 ـ يىللارنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدا شېئىر يېزىش بىلەن باشلانغان. ئۇ كېيىنچە زىھنىنى پىروزا ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، ئۇزاققا قالماي مۇۋەپپەقىيەت قازانغان: ھازىرغىچە نەچچە ئون پارچە شېئىر، باللادا، داستانلارنى يازغاندىن سىرت، 100 پارچىگە يېقىن ھېكايە-پوۋېست، نەسر، ئوچېرىك ئېلان قىلغان؛ «يول ئۈستىدە»، «بۇزۇلغان قەسەم»، «ئوغۇلخان»، «ئادراسمان چېچەكلىگەندە»، «تۇنجۇققان سۆيگۈ» قاتارلىق ھېكايە-پوۋېستلار توپلاملىرىنى، «داۋالغۇش» (ئىككى قىسىم)، «تۆشۈك مونچاق» قاتارلىق رومانلارنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن.

ئابلا ئەھمىدى ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، ۋەقەلىكىنىڭ ئەگرى - توقاي ۋە جەلپكارلىقى، تۇرمۇش پۇرىقى، مىللىي تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، پىكرى چوڭقۇر، تىلى پىششىق ھەم ئاممىباب بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. 1989- يىلى ئۇنىڭ «ئوخشىمىغان تەقدىر» ناملىق پوۋېستى ئاپتونوم رايون بويىچە «يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى»غا، 1995- يىلى «تۇنجۇققان سۆيگۈ» ناملىق پوۋېستى «5- نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن، «كاج بوۋاي» ناملىق ھېكايىسى قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «تارىم دولقۇنلىرى» ناملىق بىرلەشمە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان خادىم» مۇكاپاتىغا، مەملىكەت بويىچە «ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن تالانت ئىگىسى» شەرەپ مۇكاپاتىغا، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئىجادىيەتچى» شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ نامى «جۇڭگودىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر لۇغىتى»، «جۇڭگودىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن تالانت

ئىگىلىرىدىن ئۆرنەكلەر» ، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات لۇغىتى» ، «جۇڭگودىكى مەشھۇر ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار» قاتارلىق لۇغەت - قامۇسلارغا كىرگۈزۈلۈپ، ئىش ئىزلىرى ۋە ئىجادىيەت مۇساپىسى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

ئابلا ئەھمىدى يالغۇز ئىقتىدارلىق يازغۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تىرىشچان، سەمەرىلىك تەتقىقاتچىدۇر. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەشقەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى، يەرلىك تارىخى، مىللىي مەدەنىيىتى، ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىزدىنىپ، كۆرۈنەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. «لېنىنگرادتا ساقلىنىۋاتقان ‹غەرىبلەر ھېكايەتى› ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ قول يازمىسى ئەمەس» ، « ‹نىزارىي داستانلىرى› نىڭ ‹كىرىش سۆز› ى بىلەن ‹مۇقەددىمىسى› دىن تەسىرات» ، « ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تىن ‹قەشقەر› سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىگە نەزەر» ، « ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تىن يۇقۇندىلار» ، « ‹ھەزرىتى موللام — مەھمۇد كاشغەرىي› بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يېزىلغان - يېزىلمىغان ئىشلار» ، «ئەنئەنە - ئادەتلىرىمىزدىن ئۆرنەكلەر» قاتارلىق ماقالىلەر ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئابلا ئەھمىدىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى پىروزا ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ رومان ئىجادىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. «يىللار» پېشقەدەم يازغۇچى ئابلا ئەخمىدىنىڭ تۇنجى رومانى بولۇپ، 1987-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. روماندا بۇغراجان ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان. ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ئاشۇ يىللاردا، بۇغراجان مەمتىمىن بىلەن ئاباقنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ

قارىلىنىپ، ياش ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئىككى نارەسىدە بىلەن قالغان ئايالى ئابدەم يىبرىغا قايتىپ، قېيىنئانىسى بىلەن بىللە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بىراق، ئاباق، مەمتىمىن قاتارلىق قارا نىيەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن يەنىلا قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بەختىگە «ياخشىلىق ھەر جايدا بار» دېگەندەك، ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئالىدۇ. ھەقىقەت ئىگىلىدۇ سۇنمايدۇ، ئاخىر بۇغراخان ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بەختىيار كۈنلىرى يەنە باشلىنىدۇ. بىراق، مەمتىمىن بىلەن ئاباق قارا نىيىتىدىن يانماي، بۇغراجاننىڭ ئوغلى شەۋكەتكە زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ھەقىقەت ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەپت-بەشىرىسى ئاخىر ئېچىلىپ، قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ. روماندا ھەقىقىي ۋەقەلىكنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى ئارقىلىق، ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىك، ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جەريانىدا ئىستىخىيىلىك ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۇيۇل تاشتەك ئېجىل - ئىناقلىق مەدھىيەلەنگەن.

ئەدىب ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەسەرلىرى، ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش تۇيغۇسى، ئەدەبىياتقا ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببىتى، مەسئۇلىيەت-چانلىقى، ھارماي - تالماي ئىزدىنىش روھى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئىززەت - ھۆرمەتكە ۋە ئۇستازلىق لاياقىتىگە ئىگە تۆھپىكار سانىلىپ كەلمەكتە. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# قايتا نەشرىگە كىرىش سۆز

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە 27 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. 10 يىللىق روھىي ئازاب، 10 يىللىق جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە پۈتكەن «يىللار» بىلەن تەڭ تۇغۇلغان باللارنىڭ مۇتلەق كۆپى «ئاتا - ئانا» بولۇپ قاپتۇ. «يىللار»دا قەلەمگە ئېلىنغان كەچمىشلەر بىلەن تەڭ تۆرەلگەن ھامىلىلەر ئوتتۇرا ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ، يېڭى دەۋر — يېڭى ئەسىرنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئايلىنىپتۇ. ئەكسىچە ئاشۇ قاباھەتلىك كەچمىشلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلەر بىلەن شاھىتلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئارىمىزدىن كېتىپتۇ. كىشىنى ئويغا سالىدىغىنى شۇكى، ئاشۇ يىللاردا تۆرەلگەن، تۇغۇلغانلار ئاشۇ يىللار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بېشىغا سالغان كۆلپەتلەردىن خەۋەرسىز ياكى ئاز - تولا خەۋەردار بولسىمۇ، ئۇ كۆلپەتلەر ئۇلارغا نىسبەتەن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى كىچىككىنە تۇمانلىق قىستۇرما ياكى ئەقىلگە سىغمايدىغان رىۋايەت خالاس. شۇنداق، بۇ «قىستۇرما» — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىمىز تارىخىدىلا ئەمەس، ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان قاباھەتلىك چۈش! بۇ كىتابقا يېزىلغىنى ئاشۇ «چۈش»نىڭ مىڭدىن، تۈمەندىن بىرى.

ھازىر ئويلانسام، ئاشۇ كەچمىشلەر ھەتتا ماڭىمۇ چۈشتەك تۇيۇلىدۇ. «چۈش» دەي دېسەم، بۇ كىتاب مەن ۋە مەن بىلەن زامانداش مىليونلىغان بەختسىزنىڭ ئۆمرىدىكى مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان قىستۇرما خاراكتېرلىك ئېچىنىشلىق كەچمىشلىرىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى، شۇنداقلا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ

زوراۋانلىق قىلمىشلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆيۈلتاشتەك ئىجىل - ئىناقلىق، مېھرىبانلىق، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىق سىمفونىيەسى؛ ئاشۇ ئەنسىز يىللارنىڭ بىگۇناھ قۇربانلىرىغا بېغىشلانغان قان - ياشلىق مەرسىيە ئىكەن......

تارىخ قايتىلانمايدۇ. تۈنۈگۈن بۈگۈننىڭ، بۈگۈن ئەتىنىڭ تارىخى ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ياغلىق قاتلىما يېگەن چاغدا، بىر بۇردا تېرىق نېنىغا زار بولغان چاغلارنى ئەسلەپ تۇرساق، ئاش - ناننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بولىمىز...... قىرىق نەچچە يىل بۇرۇن ئاتا - ئانىلىرىمىز قانداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن؟ «يىللار» مۇشۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ قېتىم «يىللار»نى قايتا نەشرگە سۇنۇشتىن بۇرۇن بىر قېتىم تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، بەزى زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدۇم. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر كۆڭلۈمنى چۈشەنگەي!......

ئابلا ئەھمىدى

2011- يىلى 8- ئاينىڭ 10- كۈنى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم قۇيۇن


بىرىنچى باب ئۇلار سۇرەتكە چۈشمەكچى..........................3
ئىككىنچى باب روھىي دۇنياغا تاقاش..........................18
ئۈچىنچى باب يېڭى كومېدىيە..........................35
تۆتىنچى باب بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا..........................43
بەشىنچى باب سېتىۋېلىنغان جىنايەت..........................56
ئالتىنچى باب يوقالغان جەسەت..........................68
يەتتىنچى باب سۇرلۇك ئادەم..........................76
سەككىزىنچى باب سىرلىق كېچىلەر..........................82
توققۇزىنچى باب تونۇش كۆزلەر..........................97
ئونىنچى باب سەرسانلىق..........................105
ئون بىرىنچى باب قورققان يەردە جىن بار..........................111
ئون ئىككىنچى باب ۋىجدان بۇيرۇقى..........................134
ئون ئۈچىنچى باب ئابىدەمنىڭ ئۆلۈمى..........................153
ئون تۆتىنچى باب غەلىتە ئوخشاشلىق..........................164
ئون بەشىنچى باب كۈتۈلمىگەن پېشكەللىك..........................178
ئون ئالتىنچى باب گاچىغا تىل چىقتى..........................185
ئون يەتتىنچى باب باشپاناھ..........................191
ئون سەككىزىنچى باب ۋىسال..........................203
ئون توققۇزىنچى باب كوممۇنىست قەلبى..........................221

## ئىككىنچى قىسىم بەربات بولغان خام خىيال

بىرىنچى باب سىرداش.........................229
ئىككىنچى باب سىرلىق ئىلتىماس.....................239
ئۈچىنچى باب رامىزان — قاتىل.....................251
تۆتىنچى باب بىسەرەمجانلىق.........................265
بەشىنچى باب بۇ مۇھەببەتمىكىنە.....................276
ئالتىنچى باب يىپكى سىختا.........................296
يەتتىنچى باب مۆكىمۆكىلەك...........................324
سەككىزىنچى باب قازان بىشىدىكى چۈمۈلە...............334
توققۇزىنچى باب ئالدىن مۇشت ئېتىش...................346
ئونىنچى باب ئەجەل ھودۇقۇشىدا......................350
ئون بىرىنچى باب ھايات ـ مامات بوسۇغىسىدا...............358
ئون ئىككىنچى باب سىر ئەمەس سىرلار.....................366
ئون ئۈچىنچى باب گۇمان...........................387
ئون تۆتىنچى باب گۇمان ئىزىدىن.......................394
ئون بەشىنچى باب بىر دۆۋە تېزەكتىن بۆرە ئۈۋۈسىغا.........414
ئون ئالتىنچى باب قەلب رايى.........................434
ئون يەتتىنچى باب بەربات بولغان خام خىيال.................452
ئون سەككىزىنچى باب ئانا ئارزۇسى (خاتىمە ئورنىدا)...........467


برسنچی قسم
قویون

# بىرىنچى باب

## ئۆلار سۆرەتكە چۈشمەكچى

ئاكاتسىيە دەرىخى چىلان دەرىخىگە ئوخشاشلا ھەممە دەرەخلەردىن بىرەر ئاي كېيىن يوپۇرماق چىقىرىپ، ئۇن - يىگىرمە كۈن بالدۇر يوپۇرماق تاشلايدۇ. شۇڭا، ھەممە كوچىلىرى ئاكاتسىيە بىلەن بېزەلگەن بۇ شەھەر، ئادەتتە باشقا جايلاردىن ئۇن نەچچە كۈن بۇرۇن كۈز مەنزىرىسىنى ئالىدۇ. بۇ يىل كۈز بۇ شەھەرگە تېخىمۇ بالدۇر مېھمان بولدى: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ شىددەتلىك بورىنى چوڭ يول بىلەن پىيادىلەر يولىنى ئايرىپ تۇرىدىغان گۈللۈكلەردىكى رەڭگارەڭ گۈللەرنى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتكەن؛ گۈللەر ئورنىدا رەڭگارەڭ قەغەز پارچىلىرى ۋە ئاياغلار ئاستىدا چەيلىنىپ، يەر بىلەن بىر تۇغقان بولۇپ كەتكەن گۈل شادىلىرى؛ دۆۋە - دۆۋە ئەخلەت - چاۋار...... تۇرىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان سۈپۈرگە تەگمىگەچ، چوڭ يولمۇ، پىيادىلەر يولىمۇ ئوخشاشلا مەينەتچىلىك.

9- ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەكشەنبىسى ئىدى. چاشگاھ ۋاقتى، قۇياش تېخىچە سۇس رەڭ بۇلۇتلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە.

پىيادىلەر يولىدا تويغا جابدۇنغاندەك چىرايلىق كىيىنگەن ئۈچ كىشى — بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ۋە ئاتە ياشلار چامىسىدىكى بۇدرۇقچىنا بىر ئوغۇل بالا شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئەر بويى ئېگىز، ئوتتۇز ئۈچ ياشلاردىكى كىشى

بولۇپ، ئۇنىڭ پاكىز قىرىلغان دوغىلاق يۈزلىرى پارقىراپ تۇراتتى، قۇيرۇقى كۆتمەك، قويۇق قارا قاشلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، قاپقارا كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم؛ بادام دوپپا، نىل رەڭ سوكنا شىم - كەمزۇل ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىگە خويمۇ ياراشقانىدى. ئايال غۇنچە بوي، رەڭگى - رۇخسارى سۈزۈك بولۇپ، يۇپيۇمىلاق مەگزلىرى سۇس ئەگلىك سۈركىۋالغاندەك يېقىملىق جۇلالىنىپ تۇراتتى. كەمدىن - كەم ئايال زاتىغا نېسىپ بولىدىغان چوڭ - چوڭ ئاھۇ كۆزلىرى، ئىنچىكە قەلەم قاشلىرى، ئۈزۈن كىرپىكلىرىنى ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرغان، گۈل - چېچەك دەپ پەرەز قىلساق، تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان بىلەكتەك توم ئىككى ئۆرۈم چېچىنى ھۆسنىنىڭ گۈل تاجىسى دېيىشكە بولاتتى. ئىككى مەگزىگە «ۋىل - ۋىل» نۇر چېچىپ تۇرغان بۆرەكچە ئالتۇن زىرىسى، زەر ئارىلاشتۇرۇپ مەرۋايىت باسقان قىزىل دۇخاۋا بادام دوپپىسى، زەر يوللۇق قىزىل ئەتلەس كۆڭلىكى، مېغىز رەڭ خورۇمدىن تىكىلگەن ئېگىز پاشنىلىق توپلىيى ئۇنى چۆچەكلەردىكى پەرىلەرگە ۋەياكى داڭلىق كىنو چولپانلىرىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ بۇ يىل توپتوغرا يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېغىر بوي بولۇپ، پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكەيتتى. ئەر ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى. ئەكسىچە، ئەر كىشى بىلەن ئوخشاش ئۇستىباش كىيگەن بالا زادىلا ئۇلارغا ماسلاشمايتتى: دەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، دەم كەينىدە قالاتتى، دەم ئايالنى قولىدىن تارتىپ سۆرىسە، دەم ئەرنى كەينىدىن ئىتتىرىپ، تىنماي شوخلۇق قىلاتتى. ئەر پات - پات ئۇنى جىملەپ قوياتتى ياكى قولىدىن تۇتۇپ يېتىلىۋالاتتى، بالا بۇنىڭغا كۆنمەيتتى، بىرئاز جىم مېڭىپ، يەنە قولىنى ئاجرىتىۋالاتتى - دە، ئۆزى بىلگەننى قىلاتتى — يۈگۈرەيتتى،

توختايتتى، دەزمالدەك يورغىلاپ، يولغا پاتمىغىلى تاس قالاتتى. ئۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن چاغلاردا:
— بالام، شەۋكەت، — دەيتتى ئايال پوپوزا قىلىپ، — ئىچىڭدە يادا تېشىلىك بارمىكىنتاڭ؟ بىردەم شۈك ماڭساڭ نېمە بولۇپ كېتەرسەن! خەپ، ئۆيگىمۇ بارارسەن......
— ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەيتتى ئەرمۇ ئايالنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — يەنە خاپا قىلىدىغان بولساڭ، سېنى باللار باغچىسىغا ئاپىرىۋېتىپ، ئىككىمىز ئۆيگە ئەكەلمەيمىز، بازارغىمۇ ئاپارمايمىز.
— ئاخشام قايتۇرۇپ كەلمەيدىغان ئىش ئىكەن.
— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەمدى شوخلۇق قىلمايدۇ. راستمۇ، شەۋكەت؟
— ئەمدى شۈك ماڭىمەن...... باغچىغا...... ئەتە ئەتىگەن ئۆزۈم كېتەي، جۇمۇ ئانا؟
— ماقۇل، ئوبدان بالا دېگەن گەپ ئاڭلايدىغان. بولمىسا...... بۇغراجان، ئۇنى مەن يېتىلىۋالاي.
— شەۋكەت، ئاناڭ بىلەن ماڭامسەن؟ ئابىدەم، بۇ لېپەكسىز سېنى ھارغۇزۇپ قويمىسۇن، بىر قولىنى مەن تۇتۇۋالاي.
— ......
شەۋكەت ئاخىر قىنىغا چۈشتى. بۇغراجان بىلەن ئابىدەممۇ خاتىرجەم يولنى داۋام قىلدى. شەۋكەت كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت سورىدى:
— دادا، سۈرەتكە چۈشمەمدۇق؟
— سۈرەتكە چۈشۈپ نېمە قىلىمىز؟
— چوڭ ئانامغا ئەۋەتمەمدۇق! — شەۋكەت بىر ئانىسىغا، بىر دادىسىغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى، — باياتىن ئۆزۈڭ شۇنداق دېگەنغۇ!......
بۇغراجان ئۇنىڭغا قىيا بۇرۇلۇپ، ئاغزىنى گەپكە

ئۆمەللەۋاتقىنىدا، ئابىدەم:
— ۋاي تاتلىق بالام، ۋاي ئەقىللىك قوزام! — دەپ، ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا سىلاپ قويىدى، — مەن تېخى سېنى بۇ چاغقىچە بۇ گەپنى ئۇنتۇپ كەتتى دېسەم، يادىڭدا تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ! شوخلۇق قىلماي، چىرايلىق ماڭىدىغان بولساڭ، ھەممىدىن بۇرۇن سېنىڭ سۈرىتىڭنى تارتقۇزۇپ، چوڭ ئاناڭغا ئەۋەتىپ بېرىمىز......
— دادام بىلەن سەنچۇ؟ — شەۋكەت بىردىن تىرەجەپ، ئاغزىنى دومسايتتى، — چوڭ ئانام خاپا بولسا مەيلىمۇ؟
— نېمىشقا خاپا بولىدۇ؟
— سىلەرنى سۈرىتىنى ئەۋەتمەپتۇ، دەپچۇ!
بالىنىڭ بۇ گېپى ئاتا - ئانىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە مەنىلىك بېقىشىپ، كۆزلىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشۋالدى. ھاياجاندىن ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ كەتكەن ئانا ئوغلىنىڭ ئىككى مەڭزى ۋە پېشانىسىگە ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ بىرنەچچىنى سۆيۈپمۇ ئۈلگۈردى. ئانىنىڭ كۆزلىرىدە بەخت، ئىپتىخار شولىسى ئەگىيتتى.
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ شەۋكەتنىڭ ئۇستىبېشىنى تۈزەشتۈرگەچ، — ئۈچىمىز بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈپ، چوڭ ئاناڭغا ئەۋەتىپ بېرىمىز. تېخى پوچتىخانىغا مەن بىلەن بىللە بېرىپ، ئۆز قولۇڭ بىلەن سالىسەن، ماقۇلمۇ؟
— ماقۇل.
شەۋكەت شۇنداق دېدى - يۇ، ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، بۇغراجان ئۇنىڭ بىر يېرى ئانىسىنىڭ قورسىقىغا تېگىپ كەتمىسۇن، دەپ ئەنسىرىگىنىدىن، ئىتتىك زوڭ ئولتۇردى - دە، شەۋكەتنى كەينىدىن قۇچاقلاپ دەس كۆتۈرۈۋالدى. ئاندىن ئۇنى ئاستا يەرگە قويۇپ:

— قارا، سىنىڭ كەپسىزلىكىڭنى! — دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئۇكاڭنىڭ بىر يېرىنى ئاغرىتىۋەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟

— ئۇكام......ئۇكام......

شەۋكەت دۇدۇقلىغىنىچە ئانىسىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا بىردەم تىكىلىپ تۇردى-دە، خىجالەتمەن قىياپەتتە يەرگە قارىدى. بۇغراجان بىلەن ئابىدەمنىڭ كۆزلىرىمۇ مەنىلىك ئۇچراشتى......

بۇغراجان ئەسلىي ھەرپ تىزىش ئىشچىسى ئىدى، بالداقمۇ بالداق ئۆسۈپ گورۇپپا باشلىقى، سېخ مۇدىرى، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا يەنە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن زاۋۇت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى. بۇ ئىش بۇغراجاننى ھەم خۇشال قىلدى، ھەم ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. خۇشال قىلغىنى سەپداشلىرىنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرگەن ئىشەنچى؛ ئەندىشىگە سالغىنى «ھەممە كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا تاقىلىدىغان» بۇ زور سىياسىي ئىنقىلابتا بىرەر ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماي، بىرەر يامان ئادەمنى توردىن چۈشۈرۈپ قويماي، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ناھايىتى تەسلىكى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، گېلىدىن تۈزۈك تاماق ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى چاناقلىرىغا چۆكۈپ، ئىلىپتەك تۈز قاڭشارلىق بۇرنى تېخىمۇ ئېگىزلەپ كەتتى. لېكىن ئۇ روھىي جەھەتتىن بۇرۇنقىدەكلا تېتىك ئىدى، كىيىم - كېچەكلىرىنى بۇرۇنقىدەكلا رەتلىك، پاكىز كىيەتتى، ساقال - بۇرۇتىنى ئۈچ كۈندىن ئاشۇرماي قىرىپ تۇراتتى، خىزمەتتە ئەستايىدىل، يولداشلار ئارا مۇئامىلىدە سىلىق، پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە كەسكىن ۋە مۇرەسسەسىز ئىدى.

ئابىدەم ئىنتايىن كەم سۆز، خۇش پېئىل ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئاش- تاماققا ئۇستىلىقىنى سۆزلىمەيلا قويايلى، ياستۇق قېپى، ئىچ كۆڭلەك، دېرىزە پەردىسى، كىيىم ياپقۇچلارغا تىككەن كەشتىسى ۋە دوپپىسى شەھەر بويىچە داڭلىق ئىدى. ئۇ كۈندۈزلىرى ئائىلە تەۋەلەر ئەترىتىنىڭ تۈپلەش گۇرۇپپىسىدا ئىشلىسە، ئاخشاملىرى يېرىم كېچىگىچە يىگنە - ئويماققا سىنچىلاپ، بۇيرۇتچىلارنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى ئىشلەپ، ئۇ ئايدىن - بۇ ئايغا بۇغراجاندىن كەم تاپاۋەت قىلمايتتى. ئۇ ئۆي تۇتۇشتا پەملىك، تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل بولۇپلا قالماستىن، بۇغراجانغا بەكمۇ كۆيۈمچان ئىدى. ئۆزى كۈنبويى ئاچ قورساق يۈرۈشكە رازىكى، ئاشنىڭ كۆپۈكى، نانىنىڭ چېچىكىنى بۇغراجانغا يېگۈزمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايتتى، ئۇنىڭ كىيىم-كېچىكىنى ئۈچ كۈندىن ئاشۇرماي يۇيۇپ-تازىلاپ، ھېچ يېرىگە چەل قوندۇرمايتتى. بۇغراجانمۇ ئۇنى ئۆز جېنىدەك قەدىرلەيتتى.

قىسقىسى، ئۇلار بەكمۇ ئىناق بىر جۈپلەر. شەۋكەت ئۇلارنىڭ تۇنجى، شۇنداقلا بىردىنبىر ئوغلى، ئىككىنچى پەرزەنتىمۇ پات ئارىدا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇسى!

ئۇلار بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال.

ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس: ئابىدەم يا ئاتا مېھرىگە، يا ئانا مېھرىگە قانمىغان قارا يېتىم، ئالدى - كەينىدە ھېچنېمىسى يوق يالغۇز قىز. بۇغراجاننىڭ تۇل ئانىسى مەغپىرەتخان ئاچا يېزىدا. «ئانا» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا، يۈرىكى «شۇرردە» ئېرىپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش كېلىدىغان ئابىدەم بۇغراجان بىلەن توي قىلغان كۈندىن ئېتىبارەن، ئۇنى شەھەرگە قايتۇرۇپ كېلىش كويىدا بۇغراجاننى تولا «چوقۇپ» ئارام بەرمىدى:

— تىكەندەك يالغۇز مومايىنى سەھراغا تاشلاپ قويۇپ،

ئۆزىمىز مۇشۇنداق راھەتتە ياشىساق خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ — دەيتتى ئۇ كايىپ، — ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزۈپ، قېشىمىزغا قايتۇرۇپ كېلىڭ!......

بۇغراجانمۇ مومايغا تولا سۆزلەپ ئاغزى ئۇپراپ كەتتى. لېكىن موماي زادىلا گەپ يېمىدى:

— بالام، سىلەرنىڭ ماڭا شۇنچە كۆيۈنگىنىڭلەرگە مىڭ قېتىم رەھمەت! — دەيتتى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەرنى دېسەم، بۇ سەھرادا بىر كۈنمۇ تۇرغۇم يوق. «ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقىچە» دېگەندەك، ئاتا - بوۋام بىلەن رەھمەتلىك داداڭنىڭ ئايىغى تەگكەن مۇشۇ ئۆۋۈنغا كۆنۈپ قاپتىمەن. ئانام نەچچە يىل ئۇزۇنراق ياشىسۇن دېسەڭلار، مېنى ئۆۋامدىن قوزغاشنىڭ گېپىنى قىلماڭلار......

موماي ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم ئۇلارنى يوقلاپ كېلىپ قالسا، بىرەر ھەپتە تۇرار- تۇرماستىن «يەرنىڭ تېگىدىن چىققان ئۆلۈك سۇ مىجەزىمگە ياقمىدى» ياكى «ھەممە يەر تاشكۆمۈرنىڭ ئىسى پۇرايدىكەن، بىرى بۇرنۇمنى تۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قالدىم......» دېگەندەك ئوخشاش باھانىلەرنى تېپىپ، «ئۆۋىسى»غا كېتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. شۇڭا، بۇغراجانلار پات - پات يېزىغا بېرىپ ئۇنى يوقلايتتى. چوڭ - كىچىك ھېيت - بايراملارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇنىڭ قېشىدا ئۆتكۈزەتتى. بىراق، يېقىنقى ئىككى ئايدىن بۇيان، ئابدەم يوقلاپ كەلگەن بولىسىمۇ، بۇغراجان ئىشتىن قول ئۈزەلمەي يوقلىيالمىدى. بۇنىڭدىن نەچچە كۈن ئىلگىرى، ئۇلار بايرامنى قاراقۇمدا ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلىپ، بەزى تەييارلىقلارنى قىلىشقانىدى. تۇنۇگۈن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىغا ئۇشتۇمتۇت چېچەك چىقتى — زاۋۇت جىددىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، ئاخىرىدا گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ بايرامدا زاۋۇتتىن

ئايرىلماسلىقنى قارار قىلدى.

— نېمە؟— دېدى كەچلىك تاماقنا تەرەددۇت قىلىۋاتقان ئابىدەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۈركۈپ، — ئۈچ كۈن بايرامدىمۇ ئارام ئالالمىدىكەنسىز؟ رۇخسەت سورىسىڭىز بولمامدۇ!

— ئۇنداق قىلسام، تەسىرى ياخشى بولماس......

بۇغراجان يەنە نېمىدۇر دېمەكچىدى، ئابىدەم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— سىز باشقىلارغا يامان تەسىر بېرىپ قويۇشتىن قورقىسىز، مەن ئۆزۈم چىقىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ، يەن شۇجىدىن رۇخسەت ئالاي. ماقۇلمۇ؟ بولمىسا، بىچارە ئانام يولىمىزغا قاراۋېرىپ، كۆزى تېشىلىپ كېتەر......

— قايسىمىز سورىساق ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ — بۇغراجان ئېتىراز بىلدۈردى، — ئۇنداق قىلساق، بەزىلەر: «ئۆزى دالىدىغا كىرىۋېلىپ، خوتۇنىنى چىقىرىپ قويۇپتۇ» دەپ گەپ تاپمامدۇ؟! بولدى قوي، بۇ قېتىم بارالمىساق، بايرامدىن كېيىن بېرىپ كېلەرمىز.

ئەزەلدىن ئېرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان ئابىدەمگە بۇغراجاننىڭ بۇ گەپلىرى شۇنداق هار كەلدىكى، خىجالەتچىلىكتە يۈزلىرى بوينىغىچە قىزىرىپ كەتتى، خېلىدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ:

— شۇنداقلا دەپ قويسام، ئەجەب چىچىلىپ كەتتىڭىز بۇغراجان؟! — دېدى ۋە گۆش توغراشتىن توختاپ، ئېرىگە ئاپانچىلىق تىكىلدى، — هەرقانچە دۆت بولسامۇ، سىز تۇرغان يەردە، مەن يەن شۇجىنىڭ قېشىغا چىقىپ هال ئېيتىپ يۈرەرمەنمۇ؟!

— مانا، مانا.....كۆڭلۈمگە كەلگىنى بولدى ئەمەسمۇ!...... — بۇغراجان كۈلۈپ كەتتى، — هېلىمۇ ياخشى، مېنىڭ ئانام بولۇپ

قالغىنى ...... سىنىڭ ئاناڭ بولۇپ قالغان بولسىزە......

بۇغراجان گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ، ئابىدەمگە تۇنجى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلغان چاغدىكىدەك شوخلۇق بىلەن تىكىلدى ۋە ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ يېنىغا باردى. شۇ چاغدا تاشقىرىقى ئىشىك «غىچچىدە» ئېچىلدى.

ئاداشلىرى بىلەن ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەن شەۋكەت قايتىپ كىرگەنىدى......

بۇغراجانلار ئۇخلاشتىن بۇرۇن خېلىغىچە مەغپىرەتخاننىڭ گېپىنى قىلىشتى. ئاخىرىدا، بۈگۈن سۆرەتكە چۈشۈپ، ئۇنى بايرامنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە مومايغا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇشتى.

ئادەتتە، ئەڭ ئاددىي رەختلەردىن كىيىم كىيىشكە ئادەتلەنگەن ئابىدەمنىڭ تويى بولغان كېلىنچەكتەك بۇنچە پۇزۇر ياسىنىپ جابدۇنۇشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى......

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! بۇ كوچاڭ، بازارغا چىققان ئوخشىمامسىز؟

سۆلكەتلىك ئاياللارنىڭكىدەك يۇمشاق، تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان بۇغراجان بېشىنى كەينىگە بۇرىغانىدى، ئوتتۇرا بويلۇقتىن پاكار، پاكاردىن ئېگىزرەك، سوقىراق يۈزى نېمە ئۈچۈندۇر كۆكۈمتۇل ئاق كەلگەن، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك كىشىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن سورىدى:

— ھە، مۇھەممەتئىمىن، نەگە ماڭدىڭىز؟

— سىڭلىمنىڭ نوپۇسى توغرۇلۇق رەھمەتجان سوجاڭنىڭكىگە بارغانىدىم، سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەن، تاپالماي قايتىپ كېلىشىم.

— قايسى رەھمەتجان سوجاڭنىڭ گېپىنى قىلىسىز؟ رەھمەت

ئىسملىك سوجاڭ يوق ئىدىغۇ؟

— ئىلگىرى باشقا ۋىلايەتتە ئىشلىگەنىكەن، بىزنىڭ ساقچىخانىغا يۆتكىلىپ كەلگىلى ئۈچ ئايدەك بوپتۇ. ئۆزى قاراقۇملۇقمىش.

— قاراقۇملۇق؟......— بۇغراجاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە چاقنىدى، — بۇنى قانداق ئۇقتىڭىز؟

— ساقچىخانىدىكى تونۇشلىرىمدىن ئۇقتۇم. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدىغانسىز؟

— ياق، تونۇشمايدىكەنمەن.

— مەن تېخى سىزنى ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم تونۇشىدىغۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويارمىكىن، دەپتىكەنمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىساق - تونۇشمىساق، سىڭلىڭىزنىڭ نوپۇس ئىشىنى تەشكىلىي يول بىلەنمۇ ھەل قىلىپ كەتكىلى بولار......

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما كېيىنكە سۈرۈلگەنسېرى، ئادەم خاتىرجەم بولالمايدىكەن.

— شۇڭا يەكشەنبىنىمۇ قولدىن بەرمەي، سوجاڭنىڭ ئۆيىگە چاپقان ئىكەنسىز - دە!

— تاپتىڭىز، تاپتىڭىز! — مۇھەممەتئىمىن ئۆزىگە يات بوم ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — قالتىس سەزگۈر ئادەم جۇمۇ سىز......

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى، بۇ ئارتۇقچە ماختاشتىن بۇغراجاننىڭ چىرايىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆزگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال تىلىنى يېغدى ۋە چالا - پۇچۇق خوشلىشىپلا، ئۇدۇلدىكى ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى.

بۇغراجانلار يولىنى داۋام قىلدى. ئەمدى بۇغراجان نېمە

ئۇچۇنـدۇر جىمـپ كەتكەنـدى. بـۇ ھـالنى سـەزگەن ئابـدەم سورىدى:

ــ نېمانداق شۈك بولۇپ كېتىسىز؟ مۇھەممەتئىمىننىڭ گېپى كۆڭلىڭىزگە تەگدىمۇ نېمە؟

ــ ياق، باشقا بىر نەرسىنى ئويلاۋاتىمەن.

ــ نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

ــ ئەگەر ئۇ راستىنلا شۇ بولسا......

بۇغراجان قەدىمىنى تېخىمۇ ئاستىلىپ، مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

*بۇغراجاننىڭ دادىسى سىدىق ئاكا ۋارىسبەگنىڭ خىزمەتكارى ئىدى. ئانىسى خېنىمغا دېدەكلىك قىلاتتى. بۇ ئائىلىدە رەھمەت ئىسىملىك بىر يېتىم يادىچى بالا بولۇپ، سىدىق ئاكا بىلەن مەغپىرەتخان ئاچا ئۇنىڭغا ئۆز پەرزەنتىـدەك خەۋەنـدىخاھلىق قىلاتتـى...... كۈنلەرنىـڭ ئۆتۈشـى بىـلەن، بـۇغرا ۋە بىـر تـۇل دېـدەكنىڭ ئـوغلى سـۇلايمان يادىنىـڭ كەينىدىن ماڭغۇدەك بولۇپ قالدى.*

ــ ھېلىقـى بىزنىـڭ دادۇينىـڭ خەلـق ئەسـكىرى پەيجىڭـى سۇلايماننى دەمسىز؟

ــ ھەئە.

بۇغراجـان ئابـدەمنىڭ سـوئالىغا قىـسقىلا جـاۋاب بېرىـپ، ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

*ئـاچ كـۆز بەگ توققـۇز ـ ئـون ياشـقا كىـرگەن بـۇ ئىككـى نارەسـىدىنىڭمۇ قېنىنـى شـوراش مەقـسىتىدە، پـادىنى ئۇلارنىـڭ ئالـدىغا سـېلىپ بېرىـپ، ئـات بېقىش، ھـارۋا ـ مەپە ھەيـدەش، يىغىم ـ تېرىم قاتارلىق ئىشلارنى رەھمەتكە يۈكلىدى. بىراق ئۇزۇن*

ئۆتمەي، كۆتۈلمىگەن بىر ۋەقە رەھمەتنى قاراقۇمدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى: باش باھارنىڭ بىر كۈنى بەگنىڭ بايۋەچچىسى شەھەرگە بارماقچى بولۇپ، رەھمەتنى ئات توقۇشقا بۇيرۇدى، رەھمەت ئارزۇلۇق بەدەخشان ئارغىمىقىنى توقۇپ ـ جابدۇقلاپ، دەرۋازا ئالدىدىكى كۆل بويىدا بايۋەچچىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بىرھازادىن كېيىن، ياسىنىپ ـ جابدۇنغان بايۋەچچە چىقىپ كەلدى ـ دە، رەھمەتنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئېلىپ، ئاتقا ھەيۋە قىلغانىدى، ئات ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئايانچلىق كىشنىدى. ھاكاۋۇرلىشىپ تېرىسىگە پاتمىغۇدەك بولۇپ كەتكەن بايۋەچچە تىزگىننى ئاستا پەسكە تارتقانىدى، ئات پۇتلىرىنى يەرگە قويۇپ، ياۋاشلىق بىلەن ئېگىسىنىڭ مىنىشىنى كۈتتى، بايۋەچچە تىزگىن تۇتقان سول قولىدا ئاتنىڭ يايلىنى، ئوڭ قولىدا ئېگەرنىڭ قۇشبېشىنى تۇتۇپ، سول پۇتىنى ئۈزەڭگىگە ئالدى. ئادەت بويىچە، رەھمەت ئوڭ پۇتىنى يۆلىدى رەھمەت يۆلەشكە باشلىدى. شۇ چاغدا، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان بىر توپ كۇسۇك ئىت بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، چۆچۈپ كەتكەن ئات بىرلا چاپچىپ، بايۋەچچىنى يەرگە تاشلىۋەتتى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان بايۋەچچە دەردىنى رەھمەتتىن ئالدى: ئۇ كېيىك مۈڭگۈزىدىن ياسالغان دەستىگە كۈمۈش، سەدەپتىن نەقىش قويۇلغان قوش تىللىق قامچا بىلەن رەھمەتنى شۇنداق ساۋاپ كەتتىكى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا رەھمەتنىڭ ئۇچىسىدىكى ياماق ئۈستىگە ياماق سېلىنغان ماتا چاپان تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتتى ۋە قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى. بىھۇدە يېگەن تاياق سەۋر چىنىسىنى سۇندۇرغان رەھمەت ئاچچىقىدا بايۋەچچىنىڭ قولىدىن قامچىنى «كاپ» قىلىپ يۇلۇپ ئالدى ـ دە، پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى. بايۋەچچە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ئۇنى مۇشتلاشقا

تەمشىلنۇيدى، رەھمەت بايۇەچچىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، دەس كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتتى. كىم بىلسۇن، خۇدىنى يوقاتقان بايۇەچچە يەردە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئېغىنىغانىدى، مۇزى ئەمدىلا ئېرىشكە باشلىغان كۆلنىڭ كاچكۇلىغا كىرىپ كەتتى. ئەنە شۇ چاغدا، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان سىدىق ئاكا ئەتراپقا ئالاق - جالاق بىر قارىۋېتىپ، رەھمەتكە بېشى بىلەن ئاتنى ئىشارەت قىلدى ۋە پەس ئاۋازدا:

— بالام، قاچ! ئېتىڭ قاچ! — دېدى.

دېمىسىمۇ، ئەمدى بۇ يەردە بىر مىنۇت تۇرۇشنىڭ ئۆزى جانغا زامىن بولاتتى. رەھمەت سەكرەپلا ئاتقا مىندى - دە، ئاتنىڭ ساغرىسىغا بىر شاپىلاق سالدى......

ئات ئۇچقاندەك چاپماقتا. بىرقانچە يېرىم - كەنت ئارقىدا قالدى...... ئالدىنى بىپايان يۇلغۇنلۇق توسقاندا، رەھمەتنىڭ كاللىسىغا «نەگە بارىمەن» دېگەن ئوي كەلدى.

توغرا، ئۇ زادى نەگە بارماقچى؟

— شەھەرگە، — دېدى رەھمەت ئىچىدە، — شەھەرگە بېرىشىم كېرەك......

ئۇ خاتا قىلغانىدى: ھازىر ئۇ شەھەر يولىدا ئەمەس، بەلكى قاراقۇم بىلەن قاراتاغ چېگراسىدىكى «يولغۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان جەزىرىدە ئىدى.

رەھمەت دەرھال ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. تېز چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئارقا پۇتلىرى بىلەن ئۆرە بولۇپ، قاتتىق بىر كىشنىدى - دە، شىپپىدە توختىدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىغاچ، قىسقىغىنا خىيال سۈرۈۋالدى. ئاندىن سەكرەپ يەرگە چۈشتى - دە، ئېگەرگە غانجۇغىلانغان خۇرجۇننى يەشتى. خۇرجۇننىڭ بىر كۆزىگە ئىزمىسى بىلەن تەڭ ياغلىق سەپەر توقچى قاچىلانغانىدى، ئۇ خۇرجۇندىن بىر ئاق چوتا

يەكتەكنى ئېلىپ، بىرھازاغىچە شور توپىغا سۇركەپ، بىر يۇزىنى توپا رەڭگىگە كىرگۈزدى. ئاندىن پاكىز تەرىپىگە خورجۇنىدىن ناننى تۆكۈپ، مەھكەم چىگدى. خورجۇننى ئېگەرگە يېڭىباشتىن غانجۇغىلاپ، ئاتنىڭ بېشىنى قاراقۇم تەرەپكە قاراتتى ۋە: «چۇ!» دەپ، نان ئورالغان يەكتەكنى بىر شىلتىغانىدى، ئات ئوقتەك ئۇچۇپ، باياتىن كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە ياندى. رەھمەت كاتاڭ ھارۋا يولىدىن چەتكە چىقىپ، ئوتۇنچىلار، پادىچىلار ماڭىدىغان چىغىر يوللار، قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ، شەھەرنى كۆزلەپ يول ئالدى......

تۆتىنچى كۈنى نامازدىگەر بىلەن شەھەرگە كەلگەن رەھمەت نەچچە كۈن تەمتىرەپ يۈردى ـ يۇ، ئاخىر بۇ شەھەرگە كۆلگە تاشلانغان بىر تال قۇمدەك سىڭىپ كەتتى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، ۋەتەن ئاسمىنىدا تاڭ نۇرى جىلۋە قىلدى. ئازادلىق ئۇنىڭغا يېڭى ھايات ئېلىپ كەلدى: ئۇ پادا بېقىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە بىر نامرات يېزا مۇئەللىمنىڭ ياردىمى بىلەن ساۋاتىنى چىقىرىۋالغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ ئاشۇ ساۋاتى بىلەن ئۆلكىلىك بىرىنچى قارار جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىرلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىغا قوبۇل قىلىندى. 1951 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئوقۇشىنى پۈتكۈزۈپ، قوشنا ۋىلايەتنىڭ ئەڭ چەت ناھىيەلىرىنىڭ بىرىدىكى ساقچىخانىغا خىزمەتكە تەقسىملەندى. ئۈچىنچى يىلى يۇرتىنى يوقلاپ كەلگەندە، مەغپىرەتخان ئاچا بىلەن كۆرۈشۈپ، سىڭدىق ئاكىنىڭ ئېچىارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە ۋارىسبەگ تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى؛ بۇغراجاننىڭ باسما زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ شەھەرگە كەتكەنلىكى ھەم يېقىندا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ باسما زاۋۇتىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ سۇلايمان قاتارلىق يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭكىدە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، خىزمەت ئورنىغا

*قايتىپ كەتتى. ئۇ شۇ كەتكىنىچە، بۇ تەرەپلەرگە قايتا ئاياغ باسمىغاندى......*

بۇغراجان ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ۋە گويا ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلەشكەندەك:

— ئەگەر مۇھەممەتئىمىن گېپىنى قىلغان رەھمەتجان سوجاك راستتىنلا شۇ بولىدىغان بولسا...... — دەپ بىرھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، — قانداقلا بولمىسۇن، بايرامدا بىر باھانە تېپىپ ساقچىخانىغا بېرىپ، سۈرۈشتۈرۈپ باقارمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— شۇنداق قىلىڭ، — دېدى ئابىدەم قىزىققان ھالدا، — ئەگەر راستتىنلا شۇ بولسا، بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۆيگە باشلىۋالارمىز......

— دادا، رەسىمخانىغا كەلدۇق.

شەۋكەتنىڭ چۇقۇلدىغان ئاۋازى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

ئۇلار ئۆزى بارماقچى بولغان رەسىمخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىشقانىدى.



# ئىككىنچى باب

## روھىي دۇنياغا تاقاش

خۇشاللىقنىڭمۇ، خاپىلىقنىڭمۇ چوڭى، كىچىكى بولىدۇ. ھاياتتا ئىنسانغا نېسىپ بولىدىغان خۇشاللىق بىلەن خاپىلىقنىڭ كىچىكى ھامان چوڭىدىن نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بىر خۇشال بولۇپ، بىر خاپا بولۇپ، خۇشال بولغان چاغلىرىدا خاپىلىقنى ئۇنتۇپ، خاپا بولغان چېغىدا خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەش بىلەن ئۆزىگە ئۈمىد بېغىشلاپ، قانچە كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللارنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالىدۇ. چوڭراق خۇشاللىقنى گەپ ئېچىلسا، ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا ئالدى بىلەن تويى بولغان كۈن ۋە تۇنجى پەرزەنت يۈزىنى كۆرگەن كۈن، ئاندىن قالسا، تاسادىپىي قولغا كەلگەن بايلىق ـ ئامەت، ئابروي ـ ئاتاق، مەنسەپ ـ سەلتەنەت...... كېلىدۇ.

مانا بۈگۈن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان بىر خۇشاللىق مۇھەممەتئىمىنگە نېسىپ بولدى، ئۇ ئەتىگەنلىكى ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ، دىلى يېقىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن دېگۈدەك بۇ خۇشاللىقنى ئورتاقلاشتى. ئەمما، بىرلا كىشى — ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ قەدىرلىك بولغان، بىللە ئۆلۈپ ـ بىللە تىرىلىدىغان قەدىناس ئۈلپىتى ئاباقلا بۇ خۇشاللىققا

ئورتاقلىشالمىدى.

مۇھەممەتئىمىن ـــ ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ ئادەتتىكى كادىرى، ئاباق ـــ زاۋۇتنىڭ ئامبارچىسى، ئۇلار رومكا يېنىدا تېپىشقان. ئۇ چاغدا، مۇھەممەتئىمىن يىگىرمە ياشتا، ئاباق يىگىرمە سەككىز ياشتا ئىدى. ياشتىكى شۇنچىلا چوڭ پەرق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىللە كىرىدىغان مەڭگۈلۈك ئۇلپەتلەردىن بولۇپ قېلىشىغا پۇتلاشمىدى. ئۇلار ھاراقنى سۇدەك ئىچەتتى، پۇلنى غازاڭدەك بۇزۇپ ـ چاچاتتى، بۇزۇقچىلىق قىلاتتى...... ئون يىلنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزۈشتى. لېكىن ھېچقاچان ئۇلارنىڭ يانچۇقىدا پۇل ئۆكسۈپ قالمايتتى، ئۆيلىرى جاراڭلاپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس قالغان تەئەللۇقاتى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىدىمۇ؟

ياق! ھەر ئىككىسى ناشتىلىققا تاپسا چۈشلۈككە يوق، چۈشلۈككە تاپسا كەچلىككە يوق، ئۆمرىنى يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئۆتكۈزگەن نامرات دېھقان بالىلىرى ئىدى. ئازادلىق ئۇلارنىڭ بەختىنى ئاچتى: دەسلەپ باسما ماشىنىسىنىڭ چاقىنى چۆرۈيدىغان ۋاقىتلىق ئىشچى، كېيىن رەسمىي ئىشچى بولدى، كەچ كۇرستا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقاردى. ئائىلە كېلىپ چىقىشىنىڭ ساغلاملىقى ئۇلارنى كادىرلىق شىرەسىگە ئېلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن دىمىقىمۇ ئۆستى، ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، نەپسى كۈندىن ـ كۈنگە يوغىنىدى. بارا ـ بارا ئازغىنا مائاش ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟

ئاخىر ئۇلار «يول» تاپتى ۋە ماڭغانسېرى يولى كېڭىيىپ، يۈرىكى يوغىنىدى.

بۇ «يول»نى ئىككىيلەنلا بىلەتتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ كۆزىمۇ قارىغۇ ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ «يولى»غا قاپقان قۇرۇپ،

شاخ بىسىشتى، ئۇلار قويرۇقىنى قاپقاندىن ئاجرىتالماي، جان قايغۇسىغا چۇشكەن مۇشۇ كۇنلەردە، تەگرى غەلىتە بىر ئويۇن ئويناپ، مۇھەممەتئىمىننىڭ يۇرىكىدىكى قايغۇنى شادلىق بىلەن ئالماشتۇردى. بۇ شادلىق ئاباققىمۇ مەنسۇپ ئىدى. بىراق، ئاباق تىپخىچە بۇ شادلىقتىن بەھرىمەن بولمىغانىدى. شۇ ۋەجدىن، مۇھەممەتئىمىننىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى.

ئۇ كۇننى ناھايىتى تەسلىكتە كەچ قىلدى. تاماققا كۆڭلى تارتماي، قولىدىكى چىنىنى داستىخانغا قويدى - دە، ئۆيدىن چىقتى.

يۇلتۇزسىز كېچە، ئايمۇ كۆرۈنمەيتتى. شەھەرلىك خەلق رادىيو ئۇزىلى دىكتورىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىقاچان ئۆچكەن بولسىمۇ، تەسۋىقات دۇيى دىكتورلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان تىل، ئوخشاشمىغان تەلەپپۇزدا سۆزلىگەن ئاۋازى قۇلاقنى پاك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ زادى نېمە دەۋاتقانلىقى، نېمىلەرنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرماقمۇ تەس...... پۇتون ئەزايى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن مۇھەممەتئىمىن شەھەرنىڭ ئەڭ خىلۋەت، ئاچچىق ئۇچەيدەك ئەگرى - بۇگرى، تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. كېتىۋېتىپ ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ قوياتتى. دەرۋازىسى ئېچىدىن مەھكەم تاقالغان ھويلىلاردىن چىققان ھەربىر شەپە، ھەربىر ئاۋازغا ئەندىكىپ قۇلاق سالاتتى. ياغلىق تۇتقان ئوڭ قولى بويۇن - باشلىرىدىكى تەرنى سۈرتۈش بىلەن ئاۋارە. ئاخىر كوچىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى، كىشىكىنىڭ بىر تەرىپى يول تەرەپكە بىلىنەر - بىلىنمەس قىڭغايغان قوش قاناتلىق دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، ئەتراپقا ئالاق - جالاق قاراپ چىقتى. دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ئىچكىرىگە سەپسالدى. ھويلا - پېشايۋان قاپقاراڭغۇ بولۇپ، بۇنىڭدىن تۆت - بەش ئاي ئىلگىرى كۆپ قېتىم كىرگەن تونۇش مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئېلېكترنىڭ سۇس يورۇقى

كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مۇھەممەتئىمىن ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى ئاستا شاراقلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىچكىرىدىن يەڭگىل بېسىلغان ئاياغ تاۋۇشى كەلدى. ئۇلىشىپلا:

— كىم؟— دېدى قوپال بىر ئاۋاز.

— مەن...... مۇھەممەتئىمىن ...... ئاباقكا، ئىشىكنى ئاچ!

ئاباق ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇدى بولغاي، دەرھال ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ھويلىغا كىرىشى بىلەنلا ئىشىكنى يېپىپ، زەنجىرىنى ئىلدى ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز گەپمۇ سورىماي، ئۇدۇللا مېھمانخانىغا باشلىدى.

— قالتىسقۇ! توخۇ قونىداققا چىقماستا، ئۇخلاشقا تەييارلاندىڭمۇ نېمە؟ — دېدى مۇھەممەتئىمىن يۈز - كۆزىدىكى تەرنى سۈرتكەچ، دېرىزىگە يانداپ سېلىنغان چۈشەككە قاراپ،— جاھاننىڭ غەم - غۇسسەسىنى ئۇيقۇ بىلەنلا تۈگەتمەي دەيسەن - دە!

— نەدىكى ئۇيقۇ؟...... كېچىچە ئۆرە ئولتۇرۇپ تۈنەپ چىقمەن ئۇكا!

مۇھەممەتئىمىن پەگاھتىلا ئولتۇرماقچى بولغانىدى، ئاباق ئىتتىك كېلىپ، ئۇنى قولتۇقىدىن تارتتى.

— قوپە، — دېدى ئۇ،— ئاۋۇ ياستۇققا يۆلەن، نەچچە ئايدا بىر كېلىپ، پەگاھتا ئولتۇرۋالغىنىڭ نېمىسى؟!

— تۆر، پەگاھ دەپ قاپسەن...... ئۆزىمىز پەگاھتا بولغىنىمىز بىلەن، كۆڭلىمىز ھەمىشە تۆردە، ئاكا!

— شۇڭا دەيمەن - دە! خەق بىزنى پەگاھقا تاشلىۋەتكەن چاغدا، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تۆرگە ئېلىپ ئولتۇرمىساق ئەپلىشەمدۇ؟ قوپە!

مۇھەممەتئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ، چەمدىن باشلىقىنچە توپا-

تۇمان بىلەن بولغانغان بەتىنكىسىنى سۆرىگىنىچە تۆشەكتىن جاي ئېلىپ، ياستۇققا يۆلەندى.

— ھە، مانا ماۋۇ ئىشىڭ جايىدا بولدى،.......— ئاباق سۆزلەۋېتىپ بىردىن قوشۇمىسىنى تۈردى - دە، ئۆزگىچە يات بىر ئاۋازدا سورىدى، — ئۇكام، كېچىلەپ كېلىپ قالغىنىڭدىن قارىغاندا، ئالدىمىزدا يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئىسى بارمۇ نىمە؟

— باردەكمۇ تۇرىدۇ......— مۇھەممەتئىمىن خۇپسەنلىك بىلەن ھىجايدى. ئاباق يەڭگىل تىن ئالدى، — ساجىدەم بىلەن باللار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ.......ئۇ...... — ئاباق دۇدۇقلىدى، — «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك، خوتۇن كىشى ئەسكى بولسا، ئەر كىشى خەقنىڭ ئالدىدا نومۇستا ئۆلىدىغان گەپ ئىكەن!...... سەنغۇ ئۆز، يات بىر كىم ئۆيگە كىرىپ قالسا، ئالدىغا قويغۇدەك نانمۇ يوق...... ھېلىمۇ ياخشى، باياتىن ئازراق بىر نىمە ئەكېلىپ قويۇپتىكەنمەن، — ئاباق سۆزلىگەچ، مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، پىشۇرۇلغان توخۇ، ئىككى شىشە ئاق ھاراقنى داستىخانغا قويدى، — مېنىڭغۇ ئۇ شەددات بىلەن بىر كۈنمۇ ئۆي تۇتقۇم يوق. ئەمما، زامانىنىڭ تارلىقى...... ھە-ي...... — ئاباق سوزۇپ بىر «ئۇھ» تارتىپ، بىر شىشىنىڭ ئاغزىنى چىشلەپ ئاچتى، — خۇددى سېنىڭ كېلىشىڭنى بىلگەندەك، ئۇ بىر نىمىنىڭ كۆچۈكلىرىنىمۇ كەينىگە سېلىپ قويۇپتىكەنمەن. ئەمدى، تازا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ياشايدىغان بولدۇق!

— ئۆزۈڭمۇ كونا تاپقاق ئەمەسمۇ!...... مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمنى دولاڭدا پال بېقىپ بىلگەن - دە!

— ھا، ھا، ھا!......ئىچ ئۇكا، ئىچ! — ئاباق كۆلكە ئارىسىدا رومكىلارنى توشتۇرۇپ، بىرىنى مۇھەممەتئىمىنگە

ئۇزاتتى، ــ خوشە!......

ــ رومكىلارنى يەردە قوي!

كەسكىن بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتىلغان بۇ سۆز ئاباقنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئۇ ئىككى قولىدا ئىككى رومكىنى تۇتقان ھالدا مۇھەممەتئىمىننىڭ خۇنۈك، ئەمما تەلەپچان كۆزلىرىگە تەئەججۇپ ئىلكىدە تىكىلگىنىچە قېتىپلا قالدى. رومكىلار توختاۋسىز داۋالغۇپ، بارماقلىرى ھاراق بىلەن ھۆللىنەتتى. خېلىدىن كېيىن، ئۇ تەسلىكتە زۇۋانغا كىردى:

ــ ئۇكام، سەن......

ــ ھەئە، دېمىسەڭمۇ مەن سېنىڭ ئۇكاڭ! ــ مۇھەممەتئىمىن ئۆز خۇلقىغا ماس كەلمەيدىغان قوپال ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى، ــ «ئۇكام، ئۇكام» دېيىشنىلا بىلىپ، ئۆزۈڭنى جۇندەشنى بىلمىسەڭ، قاچانغىچە سېنىڭ شالتىقىڭنى ئادالايمەن؟ سېنىڭ ھاراق ئىچىشتىن بۆلەك ئىشىڭ يوقمۇ زادى؟ خۇددى ئانام سەن ئۈچۈنلا تۇغۇپ قويغاندەك......

ــ نېمە دەيدىغانسەن! ــ ئاباق غەلىتە ھىجايدى، ــ سېنى ئۆيۈمدە كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا ئىككى رومكىدىن قېقىشىۋالايلى دېسەم......

ــ قاراپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلىۋاتقىنىنى! ــ مۇھەممەتئىمىن تۆش يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، كۆچەپ بىرنەچچە قېتىم شورىغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ ئويلاپ باقە، ھازىر قانداق ۋاقىت؟ مۇشۇنداق چاغدىمۇ سېزىككە چۆشكەن خوتۇن كىشىدەك بولۇشىغا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ، خوتۇن - بالىلىرىڭنى دۇمبالاپ يۈرسەڭ، ئاقىۋىتىڭ نېمە بولىدۇ؟ يەنە تېخى مېنى ئالدىماقچى بولىسەن! ھېلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن، خوتۇنۇڭ ماڭا ئۇچراپ قاپتۇ، بولمىسا......

ــ ھۇ شەللەڭزە! ــ ئاباق قوقاسقا ئولتۇرۇپ سالغاندەك

چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۇ مېنى بىركىمگە چىقىپتۇما؟
— تېخى چىقىشقا ئۈلگۈرمىدى، — مۇھەممەتئىمىن ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيتتى، — ئەتىگەن ئىش بىلەن ساقچىخانىغا كېتىۋاتسام، خوتۇنۇڭ ئۇچراپ قالدى. نەگە ماڭغانلىقىنى سورىسام، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. كېيىن سېنىڭ ھەر كۈنى كەچتە ئۆلگۈدەك مەست بولۇۋېلىپ، ئۇرۇپ - تىللاپ ئارام بەرمەيدىغانلىقىڭنى، تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا تاس قالغانلىقىڭنى سۆزلەپ بەردى. بۇغرانىڭ قېشىغا ھال ئېيتقىلى ماڭغانلىقىنى ئۇقتۇم - دە، ئۈچ بالاڭنى شېپى كەلتۈرۈپ، مىڭ بالادا كەينىگە ياندۇرۇۋەتتىم......
— ئەجەب ئوبدان قىپسەن، ئۇكا! خۇدا بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن!
— ئەسلىدە مەن بۇگۈن قېشىڭغا كەلمەكچى ئەمەس ئىدىم، خوتۇنۇڭدىن ئاڭلىغان گەپلەر بويىنۇمدىن سۆرىگەندەك بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئەتە ئىشتىن چۈشۈپلا بىرەر كىيىملىك بىرنەرسە ئېلىپ، ئۇدۇل خوتۇنۇڭنىڭ قېشىغا بار - دە، تىللىسىمۇ، يۈزۈڭگە تۈكۈرسىمۇ ئېغىر ئالماي، چىرايلىقچە ئۆيگە ياندۇرۇپ كەل. قولۇڭدىن كېلىشىچە كۆڭلىنى ئۇت. «خوتۇن كىشى — شېرىن دۈشمەن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئاچچىقىدا بەزى سىرلارنى ئاشكارىلىۋېتىپ قالسا، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋالغىنىڭ بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، بۇ بىر. ئىككىنچى گېپىم، بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھاراق دېگەن نەرسىنى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما......
مۇھەممەتئىمىن نېمە ئۈچۈن ئۇنى مۇنداق قىلىشقا قىستاۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى يېپىدىن يىگنىسىگىچە زىغىرلاپ چۈشەندۈردى. نەچچە ئېغىز قاتتىق گەپمۇ قىلىۋالدى. ئاباق زورىغا كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشىدى. ئاخىردا:

— ئۇكا، نېمانچە چېچىلىپ كېتىسەن؟ ساڭا ئېغىناپ، سەندىن دىلىم سۇ ئىچمىسە، مېنىڭ دۇنيادا تارتىشىدىغان نېمەم بار؟! — دېدى ئاباق كۆچۈكلىنىپ، — تىللىساڭمۇ ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن. نەگە بۇيرۇساڭ، نېمىنى تاپشۇرساڭ بېشىم بىلەن بەجا كەلتۈرمىسەم، ئىتنىڭ بالىسى بولۇپ كېتەي!......

ئاباق كەينى - كەينىدىن قەسەم ئىچتى، نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردى، مۇھەممەتئىمىننىڭمۇ چىرايى ئېچىلدى ۋە:

— قۇيە هارىقىڭنى! ئەمدى تۆت - بەش رومكىدىن قېقىشتۇۋالارمىز، — دېگەنىدى، ئاباق ئالدىدىكى رومكىنىڭ بىرىنى مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى - دە، تاماكا ئوراشقا تۇتۇندى.

— سەنچۇ؟ — دېدى مۇھەممەتئىمىن مۇغەمبىرانە ھىجىيىپ، — بىر - ئىككى رومكا ئۇتلىشىپ بېرەرسەن؟

— مەن ئىچمەي......

— قەسىمىم بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن، دەۋاتامسەن؟ ماقۇل، ئەمىسە مەن ئىچىمەي، خوش! — ئاباق ئۈنچىقمىدى، سەرەڭگىنى زەرب بىلەن يېقىپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۆزمەي شوراشقا باشلىدى.

— يەنە بىرنى قۇي!

ئاباق ئىككىنچى رومكىنىمۇ ئۇزاتتى.

— يەنە بىرنى!

— يەنە بىرنى!

بەشىنچى رومكىمۇ بىكار بولغاندا، ئاباق يەر ئاستىدىن مۇھەممەتئىمىنگە قاراپ قويدى. مۇھەممەتئىمىن توخۇنىڭ بىر پاچىقىنى ئاللىقاچان يالماپ تۈگەتكەن بولۇپ، ئىككىنچىسىنىمۇ يېرىملاشتۇرغانىدى. كۆزلىرى، ھەتتا تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكىدەك دەم كۆپۈپ، دەم يىغىلىپ تۇرغان قوۋۇزلىرىمۇ مۇغەمبىرانە

كۈلۈمسىرەيتتى.

تاقىتى تاق بولغان ئاباق غودۇڭشىدى:

— ئۇكا، ساڭا نېمە بولدى؟ خۇددى غايىب خەزىنە ئۇچراپ قالغاندەك......

— ھىم...... غايىب خەزىنە دېگەن قانچىلىك نېمىكەن ئۇ!...... ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېيتسام، سۆيۈنچىسىگە نېمە بېرىسەن؟

— خۇش خەۋەر؟ — ئاباق مۇھەممەتئىمىننىڭ كۆزلىرىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك بىر پەس قادىلىپ تۇردى - دە، كېسىپلا ئېيتتى، — تاپقان - تەرگىنىمنىڭ يېرىمى سېنىڭ بولسۇن!

— يېنىۋالارسەنمىكىن؟

— يېنىۋالسام، ھازىرلا ساڭا خوتۇن بولاي!

— ھا - ھا، ھا - ھا!...... مۇھەممەتئىمىن بىرھازا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا كۈلۈۋېرىپ، كۆزلىرىدىن ياشمۇ چىقىپ كەتتى، — شۇنداق قىلىپ ماڭا خوتۇن بولىمەن دېگىن...... ھا، ھا، ھا!......

مۇھەممەتئىمىن كۆرەڭلىگەن ھالدا ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويدى. ئاباق ئۇنىڭ قېشىغا تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، كۆزلىرىگە تەقەززالىق بىلەن تىكىلدى:

— زادى نېمە گەپ ئۆزى؟ تولا ناز قىلماي، دەيدىغان گېپىڭنى دېسەڭچۇ!

— يائاللا، ئەجەب بىتاقەت نېمە ئىكەنسەن...... بۇغرا دېگەن مۇناپىق قولغا ئېلىنىدى! مانا بولدىما!

— نېمە!...... — ئاباق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. كۆزلىرىدە يا خۇشاللىقنا، يا قايغۇغا ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر نەرسە ئەگىيتتى، — راست گەپ

قىلىۋاتامسەنيا.......؟

— گېپىم يالغان چىقىپ قالسا، كىمنى خوتۇن قىلىمەن؟! تېخى مال - دۇنيايىڭنىڭ يېرىمىنى ئۈستەك بېرىدىغان تۇرساڭ......

— ياشاپ كەت، ئۇكا! — ئاباق يېڭباشتىن يۆكۈنۈپ، مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇرىسىگە گىرە سالدى، — بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!

— شۇنداقمۇ؟ ۋاي، ۋاي...... قالتىس بەلەن ئىش بوپتۇ، ئۇكا! قالتىس بەلەن ئىش بوپتۇ!!! نەدە كۆردۈڭ؟

— «قىزىل بايراق» رەسىمخانىسىنىڭ ئالدىدا.

— كۆر بۇ ئىشنى!...... نېمە ئەيىب بىلەن قولغا ئاپتۇ؟

— «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن جىنايەت بىلەن!

— هوي، نېمە دەيدىغانسەن؟...... چېچىدىن تاپىنىغىچە قىپقىزىل ئادەممۇ ئەكسىلئىنقىلابچى بولامدىكەن! بولدى، چاقچىقىڭنى قويۇپ، هارىقىڭنى ئىچكىنە!

باياتىنىڭزى خۇشاللىقتا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان ئاباقتا مۇھەممەتئىمىننىڭ ئاخىرقى جاۋابى چاقچاقتەك تۇيۇلۇپ، ھەپسىلىسى پۇر بولدى. چۈنكى، ئاباق ئۆز بالىلىرىنىڭ خۇي - پەيلىنى قانداق بىلسە، بۇغراجانىمۇ شۇنداق ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۆزىدىن توپتوغرا ئون ياش كىچىك بۇ يىگىتتىن ئەيمىنەتتى. ھەر خىل يوللار بىلەن كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. تېخى نەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىپ، چوپانلارنىڭ گەمىلىرىدە تۈنەپ، كەكلىك، ئۈلار كاۋاپلىرىغا بىرلىكتە ئېغىز تەگكۈزگەنىدى. كېيىن...... شۇنداق، بۇ يىلنىڭ بېشىدا زاۋۇتتا «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بۇغراجان گۇرۇپپا ئەزاسى

بولدى. بۇ چاغدا ئاباق ئۇنى: «بۇرادەرچىلىكنىڭ يۈزىنى قىلىپ، يېغىرىمنى ئاچماس» دەپ ئويلاپ، يۈرىكى تۈۋرۈكى تۇم ۋۇرگەنىدى. بىراق، بۇغراجان ئىشقا كىرىشىش بىلەنلا، ئاباق باشقۇرۇۋاتقان ئامباردىكى مال - مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاشتىن قول سېلىپ، نۇرغۇن قېتىملىق ئامبار تەكشۈرۈشلەردە قانىتىغا سۇ يۇقتۇرماي كەلگەن ئاباقنىڭ ھېسابىدىن ئالتە - يەتتە مىڭ يۈەن كاۋاك تاپتى. پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا ئاباق: «دىققەتسىزلىك قىلىپ، ھېسابقا ئولتۇرغۇزمىغان ئوخشايمەن»، «چىقىم تالونى يوقىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ پوتلىسىنى ئېقىتىپ، ھېچ نەرسىنى ئىقرار قىلماستىن نەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتى. كۆتۈلمىگەندە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغىلىپ، كەڭ كۆلەملىك ئۆزئارا پاش قىلىش باشلىنىپ كەتتى. ئاباق چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىپ ئۆزىنى «تەكشۈرۈش» بىلەن بىر چاغدا، ئۇن نەچچە كىشى ئۈستىدە «مەسىلە» پاش قىلدى. مۇھەممەتئىمىنمۇ ئاباقنى «پاش قىلغان» قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلىق قىلدى. ئۇلار تىلغا ئالغان كىشىلەرنىڭ «مەسىلە»لىرىنىڭ بەزىلىرى ئاباققا بىۋاستە چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي مەسىلىگە ياتسا، بەزىلىرى چوڭ - چوڭ سىياسىي مەسىلىلەر بولغىنى ئۈچۈن، گۇمان ئاستىغا ئېلىنغانلار تەبىئىي ھالدا كۆپىيىپ، ئاكتىپلار قوشۇنى كۆرۈنەرلىك تارايدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» گۇرۇپپىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى ھەيران قېلىش، چۆچۈش، گۇمانلىنىش، سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتتى، بەزىلىرى زور بىر تۈركۈم كىشىنى «ئۆگىنىش كۇرسى»غا قاتناشتۇرۇپ، مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەكسىچە، زاۋۇت پارتكوم شۇجىسى يەن رۇي بىلەن بۇغراجان: «ئاباقنىڭ مۇنچە ئاكتىپ بولۇپ، ‹مەسىلە پاش قىلىش› تىن مەقسىتى — دىققەت - ئېتىبارىمىزنى باشقىلارغا

بۇراش يولى بىلەن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش...... ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلساق، نۇرغۇن ياخشى يولداشلارغا بىھۇدە زەربە بېرىپ، كەچۈرگۈسىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز......» دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇردى. دەل مۇشۇ پەيتتە «16 ماددا» ئېلان قىلىنىپ، ئاباقنىڭ مەسىلىسىنى ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىغا قالدۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلدى...... ئاباق مۇشۇ ۋاقىتلارنى ئويلىغىنىدا، بۇغراجاننىڭ «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىشىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. ئىشەنمەي دېسە، مۇھەممەتئىمىن ھېچقاچان ئۇنى ئالدىغان ئەمەس. ئېخىمۇ مۇھىمى، ئاباقنىڭ تاغدەك ـ تاغدەك پاكىتلار ئالدىدىمۇ تەن بەرمەي بوگۈنگىچە پۇت تىرەپ تۇرالىشى — دەل مۇشۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ھەر خىل يوللار بىلەن ئۆزىگە يانتاياق بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى......

— ئاباقكا، ھازىر چاقچاق قىلىدىغان چاغمۇ؟ — دېدى مۇھەممەتئىمىن جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئىشەنمىسەڭ، ھازىرلا زاۋۇتقا بېرىپ ئىگىلىۋالساڭ بولىدۇ!

— راست شۇنداق بولسىمۇ، خۇدانىڭ بەرگىنى! مەن سېنى شەيتانلىق قىلىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتامدىكىن، دەپ قاپتىمەن. خاپا بولما، — ئاباقنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، قويۇق ساقال باسقان يۈزلىرى غەلىتە پۇرۇشۇپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە نەچچىنى كاچاتلىۋەتتى،— شۇ تاپتا مۇشتەك ناۋىتىم بولسا، ئاغزىڭغا سېلىپ قوياتتىم...... توختا، «بېلىق كۆزى» قىلىپ بىر رومكىدىن ئىچىشەيلى! — ئۇ رومكىلارنى تولدۇرۇپ، بىرىنى مۇھەممەتئىمىنگە تۇتتى،— ئىچە، ئۇكا! بۇغرانىڭ تۈرمىدە سېسىپ كېتىشى، ئىككىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتىن ئاتتەك ئۆتۈپ كېتىشىمىز ئۈچۈن ئىچ! خوشە!......

— خوش!

كەينى - كەيندىن بەش - ئالتە رومكا هاراق ئۆتۈپ كەتتى. هەر ئىككىيلەننىڭ چاناقلىرى كېرىلىپ، كۆزلىرىدە ئوت چاقنىدى. نەچچە ئېغىزدىن كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىشقاندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمىن ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

*مۇھەممەتئىمىن دەسلەپ كىرگەن ماگىزىندىن ئۆزىگە لازىملىق نەرسىنى تاپالماي قايتىپ چىقتى - دە، شەهەر مەركىزىگە قاراپ بىرئاز مېڭىپ، يەنە بىر ماگىزىنغا كىردى ۋە بىر توپ «قىزىل قوغدىغۇچى»نىڭ پوكەيگە تىزىلغان ئۇپا، ئەڭلىك، ئەتىر قاتارلىق پەرداز بۇيۇملىرىنى يەرگە ئېتىپ، دەسسەپ - چەيلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئىشىك تۈۋىدىلا توختاپ قالدى. شۇ ئەسنادا بىرەيلەن:*

*— ئاكا، تىنچ تۇردىڭىزمۇ؟ — دېگىنىچە قولىنى ئۇزاتتى، ئۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىنىسى پەرهات ئىدى.*

*— هە، سەنمىدىڭ؟ — دېدى مۇھەممەتئىمىن بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە سەپسېلىپ چىقىپ، — بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟*

*— «تۆت كونا» نى بۇزۇشقا چىققاندۇق......*

*ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشمىغانىدى، ساۋاقداشلىرى ئىشنى تۈگىتىپ، ئىشىك تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. مۇھەممەتئىمىنلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە تاشقىرىغا چىقىشتى. مۇھەممەتئىمىن كېيىنۋېتىپ، پەرهاتقا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ هەرىكەتنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى هېچكىممۇ بىلمەيدىغانلىقى، شۇڭا هە دېسە ئالدىغا چىقىپ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقماي، كەينىدىرەك تۇرۇشنى قايتا - قايتا تاپىلىدى. پەرهاتمۇ باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئىككىيلەن خوشلىشىشقا تەييارلىنىۋاتقىنىدا، مۇھەممەتئىمىن*

رەسىمخانىدىن چىقىپ كەلگەن ئابىدەمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى ـ دە، پەرھاتقا قاراپ پەس ئاۋازدا:

— ئاۋۇ خوتۇنىنىڭ چىچى بىلەن ئۇچىسىدىكى كىيىمنى كۆردۈڭمۇ؟ «تۆت كونا» دەپ ئاشۇنى دەيمىز. قولۇڭدىن كەلسە...... — دېگىنىچە پەرھاتقا سىناق نەزىرىدە تىكىلدى. پەرھات بىر ئابىدەمگە، بىر مۇھەممەتئىمىنگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ:

— ئۇ سىلەرنىڭ زاۋۇتىڭىزنىڭ بۇ كوچاڭىزنىڭ خوتۇنىغۇ؟ — دېگەنىدى، مۇھەممەتئىمىن:

— ھەئە ئاشۇ، شۇڭلاشقا ئىنىلىكنى يەتكۈزگىن دەۋاتىمەن!...... — دەپ مەنىلىك ھىجايدى.

پەرھات ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندى ـ دە:

— چاتاق يوق، ئۇنى بىردەمدە ساقايتىمىز! — دېگىنىچە ساۋاقداشلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىر ـ ئىككىيلەننىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. ھايال ئۆتمەي، ئون نەچچە نەپەر «قىزىل قوغدىغۇچى» يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئابىدەمنى ئارىغا ئېلىشتى ـ دە، ئۇنىڭ چېچىغا قول ئۇزىتىشتى. مۇنداق تۇيۇقسىز زەربىنى كۈتمىگەن ئابىدەم ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە، سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇرژۇئازىيەگە قارشى قەھىر ـ غەزىپى ئوت بولۇپ يانغان كىچىك ئەزىمەتلەردىن بىرى ئابىدەمنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈم چېچىنى تۈۋىدىنلا كېسىۋەتتى. ئالتۇن زىرىسى كىمنىڭدۇر چۆنتىكىگە كىرىپ كەتتى. توپلىيىمۇ پاشنىسىدىن ئايرىلغانىدى. دەل شۇ پەيتتە، بۇغراجان يەردىن ئۇنۇپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەلپازى شۇنداق سۈرلۈك ئىدىكى، كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق ئوت چاقنايتتى. ئۇ ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، تېخىچە ئابىدەم بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئىككى يىگىتنىڭ شىللىسىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىگەنىدى، ھەر ئىككىيلەن

*«گۈلۈپپىدە» يىقىلدى. بۇغراجان قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، پۈتۈن ئەزايى تويىغا مىلەنگەن ئابدەمنى يۆلەشكە تۇتۇندى. كۈتۈلمىگەندە، «قىزىل قوغدىغۇچى»لاردىن بىرى بۇغراجاننىڭ كاسىسىغا شۇنداق قاتتىق تەپتىكى، بۇغراجان نەچچە قەدەم دەلدۈگۈنۈپ، بىر «قىزىل قوغدىغۇچى» قىزنىڭ قولىدىكى رەسىم جازىسىغا ئۈستى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ رەڭلىك رەسىمى سېلىنغان جازىنىڭ ئەينىكى چېقىلىپ كەتتى......*

— ها، ها، ها!...... — ئاباق ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىن ئەتراپقا ئالاق - جالاق قارىۋېلىپ، كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا بوشراق كۈلۈشنى ئىشارەت قىلدى.

— قورقما، ئۇكا! — دېدى ئاباق ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ، — مۇشۇنداق خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندا كۈلمەي، قاچان كۈلىمەن؟ بىردەم بولسىمۇ كۈلۈپ، كۆڭلۈمنى ئېچىۋالاي! يەتتە - سەككىز ئاينىڭزى ئۇ چايانىنىڭ دەستىدىن بېشىمنى ئۈستۈن قىلالمىدىم ئەمەسمۇ؟ راستىمنى ئېيتسام، مۇشۇنداق ھۇزۇرلىنىپ كۈلگۈدەك كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن...... مانا ئەمدى، ھازىرلا ئېلىپ چىقىپ ئېتىۋەتسىمۇ ئارمىنىم يوق دېگىنە!......ھە، گەپ قىلە! شۇنداق قىلىپ، كېيىن قانداق بولدى؟

— بايا سۆزلەۋاتسام، توك قاغىدەك قاقىلداپ گېپىمنى بۆلۈۋېتىسەن، ئەمدى قوپۇپ......

مۇھەممەتئىمىن قەستەن تەرىنى تۈرۈپ، تاۋى نازۇك خوتۇندەك غەلىتە دومسايدى. بۇ ھال ئاباقنى تېخىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى.

— بولدى، بولدى، ئەمىسە كۈلمەي، قاپىقىمنى تۈرۈپ

ئولتۇراي...... — ئاباق ئۇنىڭغا تىخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ مۈرىسىنى قۇچاقلاپ، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى.

— ھە، ئەمدى تىتاڭ تومۇرۇڭ لىكىلدىغىلى تۇردىمۇ؟ — مۇھەممەتئىمىنمۇ كۈلۈپ تاشلىدى، — پەرھاتنىڭ قۇلىقىغا شۇنداق كۇسۇلداپ قويۇپتىم، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ھەش - پەش دېگۈچە بوغرانى باغلاپ، جازىنى بويىنىغا ئېسىپ، بېشىغا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن خەت يېزىلغان كۇلانى كىيگۈزدى - دە، ئۇدۇل جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ھەيدەپ كەتتى. ئابدەم دېگەن جالاپمۇ ھوشىدىن كېتىپ ئۆلگىلى تاس قالدى.

— ۋاي، ۋاي، ۋاي...... ئەجەب جاجىسىنى يەپتۇ ئۇ چايان! — ئاباق مۇھەممەتئىمىننى نەچچىنى سۆيۈۋەتتى، — ئەقلىڭدىن ئۆرگۈلۈپ كېتەي ئۇكام!...... مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى ئاززۇلايمەن - دە، سېنىڭ! كېيىنچۇ؟ كېيىن قانداق بولدى؟

— كېيىنما؟ — مۇھەممەتئىمىن مۈرىسى بىلەن ئاباقنى يەڭگىل ئىتتىرىپ، ئۆزىدىن سەل نېرى قىلدى، — ھېلىقى كۈچۈكى چىرقىراپ يىغلاپ، ئەتراپنى بېشىغا كىيدى. بەزىلەر ئۇنىڭ يىغىسىدىن ئېرىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۆيى نەدىلىكىنى سورىغىلى تۇردى. بىر قول ھارۋىسىمۇ تەييار قىلىشتى. تۇيمايلا قاپتىمەن. بىر چاغدا قارىسام،ھېلىقى شۇم پاچىقىمغا ئېسىلىۋاپتۇ......

مۇھەممەتئىمىن قىلغان - ئەتكەنلىرىنى يېپىدىن- يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى:

— راستىمنى ئېيتسام، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ، — مەن ئۇ جالاپنى ئەدەپلەشتە، بوغرا دېگەن بىر نېمىگە «روھىي دۇنياغا تاقاش»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانىدىم. كىم بىلسۇن، ئۇنىمگەن چىغ تۈۋىدىن تۇغۇلمىغان توشقان چىققاندەك ئىش بولۇپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ جان دۇنياسىغا تاقىلىپ كەتتى......

— ياشاپ كەت، ئۇكا، ياشاپ كەت!...... — ئاباق ئۇنى يەنە نەچچىنى سۆيۈۋەتتى، — ئابىدەك ھازىر نەدە؟

— دوختۇرخانىدا، دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۈگۈن - ئەتە يېرىلىدىغان ئوخشايدۇ.

— بولسا، توغالماي ئۆلسۇنا، ئۇ جالاپ!

— تەلىيىڭ بولسا، شۇنداقمۇ بولار!......

ئاباق ھۇزۇرلىنىپ كېرىلىۋالدى. مۇھەممەتئىمىن تەنبىھ ئاھاڭىدا جېكىلىدى:

— ئېسىڭدە چىڭ تۇرسۇن: سەن تېخى نازارەت ئاستىدا مەسىلە تاپشۇرۇۋاتقان ئادەم. بىچارە قىياپەت بىلەن كىشىلەرگە ھال ئېيتىپ، ئىككى گېپىڭنىڭ بىرىدە بۇغرانىڭ ئۆزۈڭگە قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى سۆزلە. يامىنىغا كەلسە، بۇغرا ئۈستىدە بەزى ئىغۋالارنى توقۇپ چىقساقمۇ بولىدۇ. بۇ بىرىنچى گېپىم. ئىككىنچىسى، بۇ يەردە قىلىشقان گېپىمىزنى ئادەم بالىسىغا تىنىپ تاشلىما. ئاندىن قالسا، ھاراق ئىچىدىغان پۇلنى ئۇنىڭ - بۇنىڭ نەپسىگە تىقىپ، ھېچبولمىغاندا تۆت - بەش كىشىنى ئۆزۈڭگە رام قىل......ھە، راست ئۆتكەندە بۇغرانىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بەزى شېئىرلىرىدىن قۇسۇر تاپقانلىقىڭنى ئېيتىۋاتاتتىڭ، ئىلاج قىلىپ ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئالدىڭغا يېيىپ، تۇتامغا چىققۇدەك بىر نەرسە تېپىشنىڭ كويىدا بول. ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل.

— ئەمىسە، رومكاڭنى ئاله.

رومكىلار كەينى - كەينىدىن تۆت - بەش قېتىم بوشىتىلىپ، توخۇ گۆشى پاك - پاكىز قۇرۇقدالغاندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمىن ئاباق بىلەن خوشلىشىپ، دەلدەڭشىگەن ھالدا تۈن قوينىغا سىڭىپ كەتتى. بۇ چاغدا، شەھەر گۆرىستان جىملىقىغا چۆمگەن بولۇپ، قەيەردىدۇر «ئۆزۈڭدە ناخشىسى» ياڭراۋاتاتتى......

# ئۈچىنچى باب

## يېڭى كومېدىيە

بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەننى تەنقىدلەش دولقۇنى يېتىپ كېلىش بىلەنلا، ئاباق بۇ لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تۇنجىسى بولۇپ ئاقلاندى. خىيانەتچىلىك دېلوسىغا يانىدىغان پولاتتەك پاكىتلار «قارا ماتېرىيال» سۆپىتىدە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. مۇھەممەتئىمىن ئەڭ «قىزىل» ئادەملەر قاتارىدىن جاي ئالدى...... شاگخەيدە چىققان «يانۋار بورىنى» بۇ يەردىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، زاۋۇتنىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى بىر كېچىدىلا ئىككىنچى دەرىجىلىك ھەرپ قويۇش ئىشچىسى ۋاڭ جۇگتاۋ بىلەن مۇھەممەتئىمىن كاتتىباشلىقىدىكى تەشكىلات تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى، ۋاڭ جۇگتاۋ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇھەممەتئىمىن مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاباق ھەيئەت ئەزاسى بولدى. زاۋۇت باشلىقى رامزاندىن باشقا رەھبىري كادىرلار «بايانات» ئېلان قىلىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ سەپتە خاتا تۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن گۇناھىنى تىلەشتى. ئۆز كاتتىباشلىرىنىڭ «قۇۋۇلۇق، شۇملۇق»لىرىنى بەس-بەس بىلەن پاش قىلىشتى......

مانا بۈگۈن — 1967- يىلى 2- ئاينىڭ 27- كۈنى، يەنى

ئۇلار زاۋۇتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى قوللىرىغا كىرگۈزۈۋالغىنىغا توپتوغرا بىر ئاي بولغان كۈن — يېڭى بىر كومېدىيەنىڭ مۇقەددىمىسىنى مۇنداق باشلىدى:

— ياللا، ئەجەبمۇ يوقاپ كەتتىڭ ئۇكا! ئۇنىڭ ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇزۇۋەتمىدىڭ ياخشى!

مۇھەممەتئىمىن ۋاڭ «سىلىڭ»نىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ، زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسىغا كىرگەندە، مەيدىسىنى مەشكە قاقلاپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئاباق ئەنە شۇ سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى. مۇھەممەتئىمىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغاندەك ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، رامىزان ئاكىنىڭ كىرېسلوسىغا ئولتۇردى. ئىشخانا ئىچى خۇددى ئېغىلغىلا ئوخشايتتى. دېرىزىلەرگە تارتىلغان ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك دۇخاۋا پەردە ئورنىنى خىلمۇخىل رەڭ - بوياقلار بىلەن بۇلغانغان كارتون قەغەزلەر ئىگىلىگەن؛ ئىشخانىنى لىق ئالغان ئىران نۇسخىلىق گىلەم توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن؛ ھەممە يەردە ئەخلەت، ھەممە يەردە قەغەز پارچىلىرى...... بىر - بىرىگە جۈپلەپ قويۇلغان شىرە ئۈستىگە توختىتىلغان تېلېفون دېرىزە تەكچىسىگە ئېلىۋېتىلىپ، ئورنىغا قارا، قىزىل سىياھ توشتۇرۇلغان بىر جۈپ تۈكۈرۈك قاچىسى قويۇلغان. ئۇنىڭ يېنىدا قالايمىقان تاشلانغان ھەر خىل چوڭلۇقتىكى موي قەلەملەر ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىسى...... يەن شۇجىنىڭ كىرېسلوسىنىڭ يان ياغىچى سۇنۇق، مەشىنىڭ ئالدىدا بىر تاغار كەلگۈدەك كۈل ۋە شىلىم توشتۇرۇلغان داس......

— ئادەم ئىشكتىن كىرە - كىرمەستىن زەھىرىڭنى چاچىدىكەنسەن! — دېدى كەيپى ئۇچقان مۇھەممەتئىمىن ئاباققا ئالىيىپ، — ئۇ خەنزۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىسەم قانداق قىلىمەن!

— ئاناڭنى!...... ئۇ گۇيزە، تازا غەرەز ئۇقمايدىغان بىر

نېمە - دە!

— شۇنى دېمەمسەن...... شۇنچە گەپ قىلسام، نۇزەمبىللا يېقىن كەلگىلى ئۇنىمىدى.

— نېمە دەيدۇ؟

— نېمە دەيتتى، يەنە شۇ كونا گەپلەر!

— شۇنداقمۇ؟ قارا ئۇنىڭ نوچىلىقىنى! مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئاخىر بېرىپ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ ئۇنىڭ !

— نېمە بولسا بولمامدۇ! ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىمىز؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ئۇ دېگەن بىرىنچى نومۇرلۇق كاتتىباش. ئوڭ دەسسىسىمۇ، سول دەسسىسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشمەي ئىلاجىمىز يوق. ۋاقتى كېلىپ چاتاق چىقسا، مەسئۇلىيەتنىڭ بىر بېشىنى ئۈستىمىزگە ئالماي قۇتۇلالامدۇق!

مۇھەممەتئىمىن ئۈنچىقمىدى. ئاباق مەش كولىغۇچنى مەشنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ، تاماكا يۆگەشكە باشلىدى. مۇھەممەتئىمىن بىر تال قەغەزنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا زوڭزايدى. ئاباق تاماكا قۇتىسىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ھەر ئىككىسى ئۈندىمەيتتى. قىزىتىلغان سىمدا تاماكىلىرىنى تۇتاشتۇرۇشتى. قاتتىق - قاتتىق نەچچە قېتىمدىن شورىۋالغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى «پۇششىدە» بىر تىنىۋېلىشتى، كۆزلىرىمۇ بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— ئەستا، تازا نەس باسقاندەك ئىش بولدىغۇ بۇ! — ئاباق كۇچا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچىسىنى گەدىنىگە سۈرۈپ، ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ كەتكەن تاقىر ماڭلىيىنى تاتىلاپ قويدى، — مۇددىئايىمىزنى تازا چۈشەندۈرەلمىدىڭمۇ - يا؟

— چۈشەندۈرەلمىگۈدەك نېمىسى بار؟ ھەممىسى گېزىتتىكى گەپلەرغۇ! گېزىتنى كۆزىگە تىقساممۇ پىسەنت قىلمىدى.

ئۇنــداق بولسا، ئۇنىــڭ بىــلەن ئىجىرلاشــماي، يەن رۇينىــڭ تومۇرىنى بىر تۇتۇپ باقمامسەن؟

— ئۇنىڭــدا چاتــاق يــوق! — مــۇھەممەتئىمىن مەغــرۇر ھىجايىدى، — ساڭا دېگۇچى بولمىدىم، ئاخشامقى مەسىلىھەتىمىز بويىچە، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يەن رۇينى ئىشخانىغا چاقىرىپ كىرىپ، ئۇنى ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىغا قاتناشتۇرۇش نىيىتىم بارلىقىنى ئېيتقىنىمدا، كۆزلىرى يېيىشلىپ، كەينى - كەينىدىن تاماكا تۇتتى. گەپ ئارىسىدا ۋاڭ جۇڭتاۋنى ئەپچىللا سىيستىپ بەردىم......

— بارىكاللا!...... ئۇنــداق بولسا مۇنــداق قىلايلى: سەن ئەتىكــى يىغىنــدا يەن رۇينــى ھوقــۇق تــارتىۋېلىش كومىتېتىغــا مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىڭنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قوي. مەنمۇ ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرەي......

— ۋاڭ جۇڭتاۋ يەنە ئۆز گېپىنى يورغىلاتسا قانداق قىلىمىز؟

— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى، — ئاباق چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — مەن تىڭىتىڭلاپ كۆردۈم. بىز تەرەپتىمۇ، قارشى تەرەپتىمۇ يەن رۇيگە سەجدە قىلىدىغانلار خېلى بار ئىكەن. 16 ماددىنىڭ روھى بويىچە ئۆلچىگەنىدىمۇ ئۇ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دېگەن ئۆلچەمگە توشمايدۇ. مەن قايسى كۈنىمۇ ئېيتقىنىم ئېسىمدە، ھۆكۈمەت ھەرگىزمۇ ھەممە ھوقۇقنى سەن بىلەن ماڭا ياكى ۋاڭ جۇڭتاۋغا ئوخشاش لۈكچەكلەرگە تاشلاپ بەرمەيدۇ. ۋاڭ جۇڭتاۋ بۇنى بىلمەي، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋاتىدۇ، ئەگەر بىز ھەممە سورۇنلاردا يەن رۇينىڭ گېپىنى قىلىۋەرسەك، قوللىغۇچىلىرىمىز چوقۇم كۆپىيىدۇ، قارشى تەرەپنى پارچىلاشمۇ ئوڭايغا چۈشىدۇ. ۋاڭ «سىلىك»مۇ ئۆزىنى ئۆزى سىيستىدۇ......

— ۋاڭ جۇڭتاۋ بىزنى «باۋخۇاڭپەي» دەپ چەتكە قاقسا

قانداق قىلىمىز؟

— «باۋخۇاڭپەي، باۋخۇاڭپەي» دەپ قاپسەن!...... — ئاباق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكىسىنى توختىتالماي بىردەم قىقىلىپ يۆتەلدى. ئاندىن ئىككى تىزىغا يۆلىنىپ ئۆرە بولۇپ، بىر پەس جىم تۇردى - دە، تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئىشىك تۈۋىگە پىررىدە چۆرۈۋېتىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يەن رۇيىنىڭ كىرىسلوسىغا كېلىپ لاپچايدى ۋە جەينەكلىرىنى شىرەگە تىرەپ، بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈردى، — سەن تېخى كىچىكتە، ئۇكا!......نەچچە ئايدىن بۇيان، نەچچە قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. ئاخىر يېڭىپ، «ئەڭگۈشتەر»نى قولغا ئالدۇق. ئەگەر تەۋەككۈل قىلىپ «دەتتىكام» دېمىگەن بولساق، مۇشۇ ئىشخانا سەن بىلەن ماڭا تېگەمتى؟ بۇ ئىشتىمۇ تەۋەككۈل قىلماي بولمايدۇ! مۇشۇ ئىشتا زىيان تارتساڭ ھەر بالاسى بولسا ماڭا!......

مۇھەممەتئىمىن بىرھازا جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ماقۇل، — دېدى ۋە، — بۇغرانىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ ھېلىقى بىرنېمىلىرىنى كۆرۈپ چىقتىڭمۇ؟

— كۆرۈپ چىقتىم، — مۇھەممەتئىمىن كۈلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، تەجرىبىلىك رەھبەردەك تەمكىن قىياپەتتە يانچۇقىدىن بىر توپ ئاچقۇچنى چىقاردى. شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، بىر قىزىل تاشلىق خاتىرە دەپتەرنى ئالدى - دە، بۇرجىكى قاتلاپ قويۇلغان ۋارىقىنى ئېچىپ، ئاباققا تەڭلىدى. بۇ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەننى تەنقىد قىلىش باشلانغان چاغدا بۇغراجاننىڭ ئۆيىدىن بۇلاپ چىقىلغان خاتىرە دەپتەر ئىدى، — مە، ئوقۇپ باق!

ئاباق خاتىرە دەپتەرنى قولغا ئالدى ۋە سىپايىلىك بىلەن كۆزئەينىكىنى تاقاپ، تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر تاشلىدى:

«بىز كوممۇنىستلار ــ خۇداسىزلارمىز، ماتېرىيالىزمچىلارمىز. شۇڭا، ئەزەلدىن قانداقتۇر ئىلاھىي كۈچنىڭ كىشىلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە سالامەتلىك بەخش ئېتىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز!...... ئەپسۇسكى، يېقىندا: ‹چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز!›، ‹مەڭگۈ سالامەتلىك تىلەيمىز› دېگەن غەلىتە شوئار ئوتتۇرىغا چىقتى. كىمدىن تىلەيمىز؟ تەڭرىدىنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە، بىز خۇداسىزلاردىن ئەمەس، بەلكى مېتافىزىكلاردىن، ماتېرىيالىزمچىلاردىن ئەمەس، بەلكى ئىدېيالىزمچىلاردىن بولۇپ قالامدۇق؟!.......»

ــ ۋاي - ۋۇي...... قالتىس گەپقۇ بۇ! ــ ئاباقىنىڭ ۋۇجۇدىغا يامرىغان خۇشاللىق ئوتى كۆزلىرىدە ئەكس ئەتتى. ئۇ غالىبانە ھېجىيىپ ئولتۇرغان مۇھەممەتئىمىننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە سورىدى، ــ بۇنى قاچان تېپىپ چىقتىڭ؟

ــ ئابايا ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى.

ــ يەنە باشقا گەپ - سۆزلىرىمۇ بارمىكەن؟

ــ بارئىكەن، ئاۋۇ قاتلاقلىق ۋاراققا قارا.

ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكىنى ئۈچۈنمىكىن، ئاباقىنىڭ قوللىرى توختاۋسىز تىترەيتتى، يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ، دېمى سىقىلاتتى. ئۇ تىتىقلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى كېرەكلىك بەتنى تاپتى. يېرىمنى ئوقۇپ بولۇپلا، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە خاتىرە دەپتەرنى «ۋاققىدە» ياپتى - دە، ئورنىدىن سىلاپ تۇرۇپ:

ــ بۇ بىرنىمىنىڭ ھەر ۋارىقى بىر ئۆلۈم خېتى ئىكەنغۇ! ــ دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىننىڭ خۇشاللىقىمۇ ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايتتى......

ئىككىيلەن بىرەر سائەتچە باش قاتۇرۇپ، بۇغراجاننىڭ خاتىرە دەپتىرىدىكى ھېلىقى سۆزلەرنى ئەتىدىن قالدۇرماي ئەينەن

سۈرەتكە تارتىپ، بىرنەچچە نۇسخا چوگايتىش ۋە سىنكىغا ئېلىپ كۆپەيتىپ بىسىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا، پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىش؛ كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل ئۆگۈشسىزلىقلارغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، خاتىرە دەپتەرنى چىڭ ساقلاپ، ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە كېلىشتى ھەمدە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيەدە كوماندىر، مەلۇم دىۋىزىيە باسما زاۋۇتىغا باشلىق بولغان رامىزاننىڭ ئازادلىقتىن كېيىن بۇ زاۋۇتقا باشلىق بولۇش جەريانىدا، مىللىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مىللەتچىلىك ئۇرۇقىنى چاچقان ۋە چەت ئەلگە باغلانغان جىنايەتلىرىنى زور كۆچ بىلەن پاش قىلىپ، رامىزاننى تەلتۆكۈس سېستىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىمەكچى بولۇشتى.

— بىرەر ئادەمگە «مىللەتچى»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلدىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ ھەرقانچە ئاكتىپ، سەمىمي سادىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەنزۇلار ئۇنىڭغا ئۆلگۈدەك ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىرناقچىلىك ھوقۇقمۇ تۇتقۇزمايدۇ، — دەپ ئۆز سۆزىنى ئىزاھلىدى ئاباق، — شۇڭا بىز رامىزاندىن ئىبارەت مۇشۇ ئىرىك مۇردىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىشنى چىڭ تۇتىدىغان بولساق، ئاخىرقى ھېسابتا چوقۇم ئۇتۇپ چىقىمىز.

— شۇنداق قىلىپ يەن رۇيگە تەگمەمدۇق؟

— ئۇنى قانداق قىلىش ۋاڭ جوگتاۋلارنىڭ ئىشى، — دېدى ئاباق مۇھەممەتئىمىننىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — چۈنكى يەن رۇي يىقىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى ۋاڭ جوگتاۋ ئىگىلەيدۇ......

— ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىسەم بولاتتى، دەۋاتقىنىم يوق! —

مۇھەممەتئىمىن تېرىكتى، ــ ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ؟ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى تازا بىر ئۇچۇقدىۋالساق دەيمەن!

ــ بالىسەن - دە، بالا!...... ــ ئاباق مەسخىرىلىك ھىجايدى، ــ كىم ئۇنى ئۇچۇقدىمايمىز، دەپتۇ؟ ئۇچۇقدىغاندىمۇ، ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتى بۇرنىدىن تامغۇدەك ئۇچۇقدايمىز! ئەمما، شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۆز قولىمىز بىلەن ئەمەس، ۋاڭ جۇڭتاۋ قاتارلىق قارا قورساقلارنىڭ قولى بىلەن ئۇچۇقدايمىز. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتسام، يەن رۈي دېگەن نېمىنى ئۆزىنىڭ پىچىقىدا ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورۇيمىز. بۇنىڭ بەدىلىگە تېخى ئۇنىڭدىن «خو» ئالىمىز!...... قانداق، ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

مۇھەممەتئىمىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، تاماكا ئوراشقا باشلىدى، بۇ ئۇنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرگىنى ئىدى.

......

ئۇلار بۇغراجاننىڭ خاتىرە دەپتىرىدىكى ھېلىقى سۆزلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، چېكىت - پەشلىرىگىچە سىلىشتۇرۇپ بولۇپ، ئەسنەشكەن ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندا، تام سائىتى ئەتىگەن سائەت 3 كە جاڭ ئۇردى.

# تۆتىنچى باب

## بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا

1967 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، سەھەر.

بەش كۈندىن بۇيان، ئاسمان زادىلا قاپىقىنى ئاچمىدى. تېخى بۈگۈن كېچە ياغقان قېلىن قار ئەمدىلا يەر ئاستىدىن باش چىقارغان بۈغداي مايسىلىرىنى پۈتۈنلەي كۆمۈۋەتتى. تىنىمسىز ئۇشقىرتىۋاتقان شىۋىرغان يۈز ـ كۆزلەرنى چاياندەك چاقاتتى. ھەممە كىشى ئۆيلەرگە بېكىنىۋالغان. رىزىق ـ نېسىۋىسىز قالغان توپ ـ توپ ئاق قۇشقاچلار كونا خامان ئىزلىرى، سوقا ـ تۈگمەنلەرنىڭ ئۆگزىسى ۋە ئۆيلەرنىڭ تام تۈۋىدىكى مىگىراچ ئىسسىقلىق ـ تېزەك دۆۋىلىرىنى تۇمشۇقلىرى بىلەن تىتىقلىشاتتى. ساماندىلار، بالىخانىلار، ھەتتا تاسادىپىي ئىشىكى ئوچۇق قالغان ئۆيلەرگە قىلچە تارتىنماستىن ئۆزلىرىنى ئاتاتتى. سوغۇق ۋە ئاچلىق ھالىدىن كەتكۈزگەن پاختەكلەر جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ، ھويلا ۋە باغلاردىكى ئۆرۈك، ئۈجمە شاخلىرىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرۇشاتتى، قەيەرگىدۇر بويۇنداپ قويۇشاتتى. باھارنىڭ قىش بىلەن ئالماشقىنىدىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن تۇمشۇق قاغىلار مەيدىسىنى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى، ئېتىزلىقلاردىكى قارلارغا چاپلاپ، ئەتراپىنىكى ھەربىر شەپىگە خاتىرجەم قۇلاق سېلىشاتتى. ئاسماندا ياكى يېقىن ئەتراپتا بىرەر نەسلىدىشىنىڭ بىرەر تال سۆگەك، بىرەر

باش قونـاق كۆتۈرۈۋالغـانلىقىنى كـۆرۈپ قـالغۇدەك بولـسا، جـان ـ جەھلى بىلەن ئېتىلىپ، تاكى ئۇنى ئۆلجىسىدىن مەھرۇم قىلغۇچە قوغلىشاتتى. ئانـدىن بىـر ـ بىـرى بىـلەن جېدەللىـشىپ، ئـالەمنى مالەم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەنسىز قاقىلدىـشى تىرىـك جان ئەھلىـگە ۋەھىمە سالاتتى.

قايـسىدۇر ئۆيىنـىڭ بالىخانىـسىدىن ئالمـان ـ تالمـان ئۇچـۇپ چىققان بىر توپ ئاق قۇشقاچ كەنتىنـىڭ جەنۇبىـدىكى كـۆل بويـىدا يەكـكە ـ يېگـانە چوقچىيـىپ تۇرغـان كـاداڭ ئۈجمىنـىڭ يـۇمران شـاخلىرىغا قونۇشـتى. بىـر جـۈپ چېلەككە كۆلـدىن سـۇ ئۇسـۇپ، ئەمـدىلا كەيـىنگە يانغـان ئايـال ئاسـتا بېـشىنى كۆتـۈرۈپ، ئۇلارغـا غەلىتە بىر نەزەردە قاراپ قويـدى ـ دە، يـولىنى داۋام قىلـدى. ئـۇ پۈتــۈنلەي قــارا رەڭلىــك ئۇزــتىباش كىــيگەن بولــۇپ، نىمــكەش ئۆتۈكىمۇ، كۆڭلىكىمۇ، پـاختىلىق چاپىنىمۇ قـارا ئىـدى. ئېڭىكىنـى قوشۇپ مەھكەم چىگىۋالغان تور روملى تـوق زىغىـر رەڭ بولـسىمۇ، قويۇق مانانىدا قارا كۆرۈنەتتى. ئۇ كەنتىنىڭ ئوتتۇرىـسىدىن كېـسىپ ئۆتكەن كاتاڭ هـارۋا يولىغـا بۇرۇلۇشـىغا، تاشـسىز ئـاق جـۇۋا، ئـاق تۇماق كىيگەن، ساقال ـ بۇرۇتىغا قويۇق ئاق دارىغان؛ بىر قولىدا ئوتتۇرا سېۋەت تېـزەك، يەنە بىـر قولـدا چاققـانغىنە ياغـاچ كـۈرەك كۆتۈرۈۋالغان تەمبەلگىنە بىر ئادەم بىلەن دوقۇرۇشـۇپ قالـدى. شـۇ چاغ نېمە ئۈچۈندۇر ئايالنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ، چېلەكتىكى سـۇ داۋالغۇپ، كۆڭلىكىنىـڭ ئېتىكىنـى ۋە ئۆتۈكىنىـڭ باشـلىقىنى ھـۆل قىلىـۋەتتى، كـۆزلىرى ھېلىقـى ئادەمنىـڭ كـۆزلىرىگە تىكىلگىـنىچە قېتىپ قالغانىدى.

تونۇش چىراي، تونۇش كۆزلەر.

ئايال بىردىن قەدىمىنى توختىتىپ، چېلەكنى يەرگە قويدى ۋە:

— ئەسسالام، ئايۇپكـا،— دېـدى پەس، يىغلامـسىرىغاندەك تىترەك ئاۋازدا.

پېشقەدەم ياچىيكا شۇجىسى ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا تازا سىنچىلاپ بىر قاراپ چىقتى - دە:

— ۋاي، ئابىدەمغۇ بۇ! — دېگىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، — ئۇچرىشىپ قالغان يېرىمىزنى قاراڭ...... مەن تېخى سىزنى يوقلاپ چىقارمەن، دەپ نىيەت قىلىپ يۈرۈپتىمەن، ھەي.......

— رەھمەت ئايۇپكا! رەناخان ئاچام سىزنىڭ ئورنىڭىزدا كۆندە دېگۈدەك ھال - ئەھۋال سوراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— بۇ يەرگە كۆنۈپ قالغاندەك تۇرامسىز - يا......؟

— كۆنۈپ قالدىم.

ئابىدەم كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، تېخىمۇ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

— بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆنۈپ قالىسىز...... تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىڭىز ئەمەسمۇ؟! مەغپىرەتخان ئوبدان مەزلۇم، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغىنىڭىزمۇ ئوبدان بولدى. ھېچ بولمىسا، بۇغراجاننىڭ يوقلۇقى بىلىنمەيدۇ...... باللار تىنچ تۇرغاندۇ؟!

— تىنچ تۇردى.

— مەغپىرەتخان قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، خېلى ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ.

ئابىدەم كۆز چاناقلىرىدىن ئۆملەپ چىققان ياشنى روملىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى. ئايۇپ ئاكا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مۇنداق يىغلاڭغۇلۇق قىلىسىڭىز، يەنە ئالتە كۈندە ئۆزىڭىزنىمۇ، مەغپىرەتخانىنىمۇ كاردىن چىقىرىۋېتىسىز...... ياش ئادەم دېگەن بەردەمرەك بولىدىغان. سەۋر - تاقەت قىلسىڭىز، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ......

— ئوھوي...... مۇبارەك بولسۇن! ئاشىق - مەشۇقلار تازا بەلەن يەردە تېپىشىپسىلەرغۇ!...... — بۇ مەسخىرىلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ، ھەربىيچە جۇۋا، ھەربىيچە قۇلاقچا كىيىپ، قىزىل

يەك بەلگىسى تاقىغان ئىگىز بويلۇق بىر ئادەم ئۆلارنىڭ يېنىغا ئۆندى. ئۇ ئابدەمگە غەلىتە بىر نەزەردە تىكىلىپ، ئۆنىڭدىن سورىدى، — خاتالاشمىسام، ئۆزلىرى بىزنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنىمىز ئابدەم خېنىم بولىلىغۇ دەيمەن؟

— ......

ئابدەم لېۋىنى چىشلەپ ئۈنچىقمىدى. ھېلىقى ئادەم سوئالىنى داۋام قىلدى:

— تارتىنىۋاتاملا؟

— ......

— ......ۋوي...... قالتىس نېپىز خېنىم ئىكەنغۇ بۇ! مۇنداق نېپىزلىك قىلسىلا، بۇ يەردە بىر كۈنمۇ جان باقالمايلا جۇمۇ!...... قانداق، كۆنۈپ قالاي دەۋاتاملا؟

— ھىم ......

— يىغلاۋاتاملا؟ دېسەم ـ دېمىسەم، توي كۈنىمۇ مۇشۇنداق يىغلىغانلىغۇ دەيمەن...... ھېچقىسى يوق، ھەرھالدا كۆندۈرۈۋالىمىز خېنىم......

ئايۇپ ئاكا نارازى بولغان قىياپەتتە ئۈنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. ئۇ بۇنى سەزدى بولغاي، ئايۇپ ئاكىغا گۇركىرىدى:

— ھە، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— تېزەك تېرىۋاتىمەن، — ئايۇپ ئاكا قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— ئاران مۇشۇنى تەردىڭمۇ؟

— ئىككى سېۋەتنى ماخوغا ئاپىرىپ قويدۇم.

— يەنە ئىككى سېۋەت تېرىۋېتىپ دادۈيگە بار، ھە!

— ماقۇل.

ئۇ ئادەم ئابدەمگە يەنە نەچچە ئېغىز ياپتا گەپ قىلىپ قويۇپ، ئۇلاردىن ئايرىلدى. يىگىرمە قەدەمچە مېڭىپ، بىردىن كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ئايۇپ، ھەي ئايۇپ! مەيەرگە كەل! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئايۇپ ئاكا ئابدەمگە بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، ھېلىقى ئادەم تېخىمۇ سەت كاركىرىدى:

— ھەي بۇت! قۇلىقىڭ گاس بولۇپ قالدىمۇ؟ مەيەرگە كەل دەيمەن!......

ئايۇپ ئاكىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، ئابدەم بىلەن كۆز ئارقىلىق خوشلاشتى - دە، پىيما كىيگەن پۇتلىرىنى ئېغىر يۆتكەپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەتتى. ئابدەم ئايۇپ ئاكىنىڭ كەينىدىن تىكىلىپ، جۇۋىسىنىڭ ئارقا پېشىگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان جاھىل ھوقۇقدار ئايۇپ سامساق» دېگەن خەتلەرنى كۆرگەندە، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. بوينىغا ئون - يىگىرمە كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى قوغۇشۇن تاختايلار ئېسىلغان، بېشىغا ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسىنىڭ بوس تارتقۇسىنىڭ قالپىقى كىيگۈزۈلگەن يەن رۇي، رامىزان ئاكىلارنىڭ يېرىم ھوشسىز ھالغا كەلتۈرۈلگەن بۇغراجانغا يانمۇيان توختىتىپ قويۇلغان چاغدىكى ئېچىنىشلىق قىياپىتى تەكرار نامايان بولدى......

— بالام، يۈرىكىمنى ئاسقتۇرۇپ ئەجەب يوقاپ كەتتىڭىز! — دېدى رەيھاننى بەزلەش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان مەغپىرەتخان ئاچا ئابدەمنى بوسۇغىدا كۆرگەندە، — ئىشىككە چىقىپ، ئۆيگە كىرىپ، كۆڭلۈمگە كەچمىگەن ئوي قالمىدى.

ئابدەم چېلەكتىكى سۇنى پەگاھقا كۆمۈلگەن كۈپكە قۇيغاچ، ئايۇپ ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئوسمان دېگەن قۇلاق كەستى بوگۇن يەنە ئايۇپ شۇجىنى قىيىن-قىستاققا ئالىدىكەن - دە! — دېدى مەغپىرەتخان ئاچا بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ھۇ جۇۋاينىمەك كەتكۈر! بوينۇڭ ئۈزۈلۈپ ئۆلسەڭچۇ......

ئابــدەم قىيىنئانــسىنىڭ قولــدىن رەيھــاننى ئېلىۋېتــىپ سورىدى:

ــ ئانىكا، ئوسمان دېگەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

ــ نــېمە ئىــش قىلاتتــى. داداڭنىــڭ ھــازىرقى باشلىقى! ــ مەغپىرەتخــان ئاچــا «باشــلىقى» دېــگەن ســۆزنى مەســخىرىلىك تەلەپپۇزدا ئېيتتى،ــ سىزمۇ بىلىــسىز، كۆۋرۈك بېشىدىكى ھــېلىم ئــاخۇن جــۇۋازچى بــارغۇ، بــۇ شــۇمقۇش شــۇنىڭ ئــوغلى. شــۇنداق ئوبــدان ئادەمــدىنمۇ مۇشــۇنداق ناكەســلەر تۆرىلــدىكەن. ھــېلىم ئــاخۇن رەھمەتلىــك ھايــات چاغــدا بــۇ لــۈكچەك ئــۇنى قــاڭغىر-قاقشىتىپ، تاپقــان ـ تەرگىنىنــى قىمارغــا دەســمايە ســېلىپ، بىــر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىــدىن قــان ئــالاتتى. دادىــسىدىن قېلىــپ، تۈرمىنىمۇ كۆرۈپ چىققتى،ــ ئۇ سەل توختاپ قوشۇپ قويــدى، ــ ئىككــى ئايــدەك بولــدى، ئىــسنانچى[1] دەمــدۇ، خۇلبىــڭ[2] دەمــدۇ، بىلىگە قىزىل لاتا ئېسىۋالغان بىرنېمىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ يــۈرۈپ، دادۈي كادىرلىرىنىڭ بىرىگە بىرنېمىچى، يەنە بىــرىگە بىرنېمىچــى دەپ قارا چاپلاپ، ھەممىسىنى بىكارچى قىلىپ قويدى.

ئابــدەم قــاتتىق بىـــر ئۇلـــۇغ ـ كىچىــك تىنــدى ـ دە، ئېمىۋاتقــان رەيھاننىــڭ يــۇمران چــاچلىرىنى ئــاۋايلاپ ســىلىدى. مەغپىرەتخان ئاچا سۆزلىگەچ، كۇلۇڭغا تىزىلىــپ كەتــكەن قونــاق شېخىنىڭ چۇچۇلىسى بىلەن تېزەكلەرنى لاخشىگىردا تىزىپ، يېتىم ئوچاققــا تىــزدى ۋە ئىككــى قــولى بىــلەن زەڭگۈنــدىگە تايىنىــپ، ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان ئوتنى پۈۋلەشكە باشلىدى......

بۇ ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭغا سەندەل قويۇلغان بولۇپ، ئابدەملەر بــۇ يەرگە كۆچــۈپ كەلگەنــدىن بۇيــان، كۆنىــويى پــۈتلىرىنى

[1] ئىسنانچى ــ ئىسيانچى.
[2] خۇلبىڭ ــ خۇڭۋېيبىڭ (قىزىل قوغدىغۇچى).

سەندەلگە تىقىپ ئولتۇراتتى. سەندەلدە گەرچە پۇت ئىسسىق تۇرسىمۇ، بەلنىڭ يۇقىرىسىغا هامان سوغۇق تېگىپ تۇراتتى. شۇڭا، كەچكىچە پاختىلىق چاپاننى ئۇچىسىغا ئارتىپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. شەۋكەت بۇ غەلىتە ئادەتكە زادىلا كۆنەلمىگىنى ئۈچۈن، تۈنۈگۈن چوڭ ئانىسىدىن نېمىشقا مەش قويمايدىغانلىقىنى سورىدى. مەغپىرەتخان ئاچا ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— مەش دېگەنگە كۆمۈر بولمىسا بولمايدۇ، بىزنىڭ بۇ يەردە كۆمۈر يوق ئەمەسمۇ؟ خۇدايىم بۇيرۇسا، داداڭ قايسى كۈنى تۈرمىدىن چىقسا، شۇ كۈنى سىلەرگە مەش قويۇپ بېرەي جۇمۇ! — دېدى.

ئابدەم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا شەۋكەتكە ئالىيىپ قاراپ قويدى، مەغپىرەتخان ئاچا بۇنى سەزمىدى. ئەمما شەۋكەت خىجالەت بولغىنىدىن، ئىككىنچىلەپ ئورۇنسىز خەقىش قىلماسلىقتا ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە بەردى ۋە هەركۈنى ئىككى ۋاق چاي، بىر ۋاق ئاشقا ئوت يېقىلغاندا، ئوچاققا مەيدىسىنى قاقلاپ، ئوت يېقىلمىغاندا پۇتىنى سەندەلگە تىقىپ ئولتۇرۇشقا بەل باغلىدى.

بۈگۈن ئۇ هېچقانداق خەقىش قىلمىدى. هازىر ئانىسىغا يېقىن چاپلىشىپ، چوڭ ئانىسى بىلەن ئىككىيلەننىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى زېهىن قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ......

— مەغپىرەتخان! هوي، مەغپىرەتخان!

ئاۋاز بىلەن تەڭلا هويلا ئىشىكى قېقىلدى. مەغپىرەتخان ئاچا ئەمدىلا قولىغا ئالغان تارىشا گۈگۈتنى كۆتۈرگىنىچە، ئالدىراپ - تېنەپ تاشقىرىغا چاپتى.

— كېلىڭ، بالام نۇراخۇن، ئۆيگە كىرىڭ.

— ئۆيگىمۇ كىرەرمىز...... بەك هەددىڭىزدىن ئېشىپ كەتمەي، ئانچە - مۇنچە مەجلىس ئول - بولغىمۇ چىقىپ تۇرسىڭىز بولارمىكىن!

— چىقاي، بالام، چىقاي.

— ھېلىقى شەھەرلىك خېنىمىڭىز بۇ يەرگە كەلگىلى تۆت كۈن بولۇپ قالدى. مەستۇرە بولمىسا، ئۇ كىشىنىمۇ ئالغاچ چىقارسىز!......

— ئۇ بالا......

— ھە نېمە بولدى؟

— زۇكامداپ قاپتىكەن.

— زۇكامداپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ دەپ قويۇڭ: بۇ شەھەر ئەمەس، ئانچە - مۇنچە تالا - تۈزگە چىقىپ تۇرسا، كېسىلى ئاسانراق ساقىيىدۇ، بۇ چاغقىچە ھاردۇقىمۇ چىقىپ بولغاندۇ. ئىززىتىنى ساقلاپ، چىرايلىقچە مەجلىسكە چىقسۇن، بولمىسا......

— ماقۇل، ئۇنىمۇ ئېلىپ، ھازىرلا كەينىڭىزدىن باراي.

— ......

— ھۇ جۇۋاينىمەك كەتكۈر شۇمقۇش! «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دەپ، قىرىق ئۆيلۈك ئەزانىڭ روزانىسى نەدىكى بىر تاپتىن چىقان لۈكچەكنىڭ قولىغا قالغىنىنى قارىمامسىز! ھەي خۇدا، ھەي خۇدا......

مەغپىرەتخان ئاچا ئىشكتىن كىرىپلا چېچىلىپ كەتتى. ئۇ باياتىن ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەن ئادەمنىڭ يېڭىدىن بولۇۋالغان دادۇيجاڭ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرغىچە سۆزلەپ بەردى. ئاندىن خىجالەتمەن قىياپەتتە قوشۇپ قويدى:

— خۇدا جازاگنى بەرگۈر! سىزنىمۇ ئارامخۇدا ئولتۇرغۇزمايدىغان ئوخشايدۇ......

— ھېچقىسى يوق ئانىكا. بۇ كۈندە كىمگە ئارامچىلىق بار دەيلا! بالام شەۋكەت، سەن ئۇكاڭغا ھەمراھ بولغاچ، ئۆيگە قاراپ تۇرغىن جۇمۇ.

ئابدەم شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستىبېشىنى

تۇزەشتۇرۇشكە باشلىدى. شۇ تاپتا، ئۇ شۇنداق غەيۇر، شۇنداق قەھرلىك كۆرۈنەتتى، ھەرگىزمۇ ئىككى - ئۈچ سائەت ئىلگىرىكى قورقۇنچاق ھەم يىغلاڭغۇ ئابىدەمگە ئوخشمايتتى. كۆزىدە ياشتىن، چىرايىدا دىلىغۇللۇقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئاۋازى قىلچە تىترىمەيتتى.

مەغپىرەتخان ئاچا ئۇنىڭ چىرايىغا بىر پەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— بالىلارنى ئېلىۋالساق بولارمىكىن، بالام.

— توغۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئابىدەم، — رەيھان بۆشۈككە ئامراق. ئاكىسى قېشىدىن مىدىرلىمىسىلا، كەچكىچە ياتىدۇ.

مەغپىرەتخان ئاچا قايتا ئېغىز ئاچمىدى.

ئابىدەم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، رەيھاننىڭ يۆگەك، ئوۋۇدا، قولتارتقۇلىرىنى بىرقۇر تۇزەشتۇرۇپ قويدى. ئاندىن شەۋكەتكە يەنە بىر قېتىم تاپىلىدى:

— ئوبدان بالام، ئۇكاڭنى يىغلىتىپ قويما جۇمۇ!

— ماقۇل ئانا، — دېدى شەۋكەت بالىلارغا خاس بولمىغان بىر خىل تەلەپپۇزدا جاۋاب بېرىپ، — سەن مەجلىسكە چىقىۋەر، مەن ئۇكامنى يىغلاتماي باقىمەن.

ئابىدەم شەۋكەتكە چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن بىرپەس تىكىلىپ تۇردى - دە، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىدىن تۇتۇپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. مەغپىرەتخان ئاچا بىر شەۋكەتكە، بىر بۆشۈكتە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان رەيھانغا كۆزى قىيماسلىق بىلەن بىردەم تىكىلىپ تۇردى، كېيىن ئىتتىك بۇرۇلۇپ، ئابىدەمنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى......

ئىككى ئانا ئەمدىلا ھويلا ئىشىكىدىن چىقىشىغا، رەيھان «لۆممىدە» كۆزىنى ئاچتى ۋە شۇنداق قاتتىق يىغلاپ كەتتىكى، شەۋكەت بىر ھازاغىچە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، گاڭگىراپلا قالدى. كېيىن ئېسىنى يىغىپ، بۆشۈكنى تەۋرىتىشكە باشلىدى ۋە

بۆشۇكنىڭ توغرا ياغىچىغا ئېسىقلىق تۇرغان ئېمىزگۈنى رەيھاننىڭ ئاغزىغا تىقتى. بوغنۇقۇپ - بوغنۇقۇپ يىغلاۋاتقان رەيھان «شىپپىدە» پەسكويغا چۈشۈپ، ئېمىزگۈنى شوتىلدىتىپ شوراشقا باشلىدى. شەۋكەتمۇ يەڭگىل بىر تىنىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە مەغرۇر كۈلۈمسىرىدى.

كىم بىلسۇن، رەيھان كۈچىنىپ ئېمىزگۈنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېتىپ، يەنە يىغلاشقا باشلىدى. شەۋكەت ئېمىزگۈنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئۇنىڭ ئاغزىغا تىققان بولسىمۇ، رەيھان بەربىر تىلى بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى ۋە بايىقىدىنمۇ بەتتەررەك يىغلاشقا باشلىدى.

«قانداق قىلاي؟ ئانامنى قىچقىرىپ كىرەيمۇ؟ ئۇ زادى نەدە؟ ئانامنى تېپىپ كىرگۈچە رەيھان نېمە بولار؟......»

ئاھ!...... بۇ سوئاللار تېخى تۇرمۇشنىڭ ھېچ نەرسىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن شەۋكەتنىڭ كاللىسىدا ھەرە ئۇۋىسىدەك غوڭۇلدايتتى. سىڭلىسىنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چايان چاققاندەك ئېچىشتۇراتتى.

«ياق،— دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ،— ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتسەم بولمايدۇ. ئانىملار قايتىپ كىرگۈچە چىداي......»

شەۋكەت قەتئىي چىداش قارارىغا كەلدى. سىڭلىسى يىغلىسا، ئۇ بىر تەرەپتىن بۆشۈكنى يەڭگىل تەۋرىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئانىسىنى دوراپ: «تاتلىق ئۇكام، ئەنە قارا، ئانام كىردى...... ئانا، ئىتتىك بولغىنا!......» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۇنى بەزلەيتتى. پەس بولسا، ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئويناشقا بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى. قېرىشقاندەك، رەيھان ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئۇزۇنراق تۇتۇپ تۇرمايتتى ۋە ھايال ئۆتمەي يەنە قىرقىراپ يىغلاشقا باشلايتتى.

باش توخۇ چىللىدى. رەيھان تېخىچە يىغلىماقتا. شەۋكەتنىڭ

ئۈيقۇسى كەلگىنىدىن كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى. قوللىرى بۆشۈكنى ئاران - ئاران تەۋرىتەتتى...... مانا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسىنىڭ كېلىشكەن بەستى، مېھرىبان چىرايى پەيدا بولدى. ئۇ شەۋكەتنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ، مەڭزىگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيۈپ، شۇنداق ئامراقلىق بىلەن باغرىغا باستىكى، شەۋكەت خۇشاللىقىدىن دادىسىنىڭ پۇتلىرىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ئۇنى كۈچ بىلەن تارتىپ، دادىسىنىڭ باغرىدىن ئاجرىتىۋەتتى. يەنە ھېچ نەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان بىرنەچچە غەلىتە مەخلۇق دادىسىنىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىپ، دارقىرىتىپ سۆرەپ قاياققىدۇر ئېلىپ كېتىشكە ئۇرۇندى. دادىسى: «شەۋكەت، ئاناڭغا دەپ قوي: سىلەرنى ئوبدان باقسۇن...... مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمىسۇن!......» دېگەنىدى، شەۋكەت: «دادا......» دەپ ۋارقىرىغىنىچە، پۈتۈن قەھر - غەزىپىنى كىچىككىنە مۇشتۇمى ۋە ئاياغلىرىغا يىغىپ، دادىسىنى ئۆزىدىن ئايرىپ ئەكەتمەكچى بولۇۋاتقان ھېلىقى مەخلۇقلارغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى - يۇ، تۇنجى قەدىمىنى بېسىش بىلەنلا نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ، دۈم يىقىلدى ۋە قاتتىق بىر نەرسىگە قورسىقىچە ئارتىلىپ قالدى. ئۇ شۇنداق مىدىرلىشىغا، ئاستىدىكى نەرسىدىن چىرقىرىغان ئاۋاز چىقتى.

بۇ ئاۋاز رەيھانىنىڭ يىغىسى ئىدى.

— ئاپلا! — دېيىۋەتتى شەۋكەت كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ. چۈنكى، ھازىر ئۇ ئۇيقۇسىراپ ئولتۇرۇپ، رەيھانىنىڭ بۆشۈكىنى ئۆرۈۋەتكەن ھەم بۆشۈك ئۈستىگە مىنگىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدى، — بىچارە ئۇكام، بىر يېرىڭ ئاغرىپ كەتكەنمىدۇ......؟

شەۋكەت ئىتتىك بۆشۈك ئۈستىدىن تۇردى - دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن بۆشۈكنى يۆلەشكە تۇتۇندى.

ئالته ياشلىق بالىنىڭ بالا بۆلەكلىك بۆشۈكنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشى مۇمكىنمۇ؟! شەۋكەتنىڭ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتتى. ئۆي گۆردەك قاراڭغۇ، رەيھان جان - جەھلى بىلەن يىغلىماقتا. سىرتتا شىۋىرغان ھۆركىرىمەكتە. سىڭلىسىنىڭ بىر نەرسە بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن شەۋكەت ئاخىر سىڭلىسىغا قوشۇلۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى......

قانچە ۋاقىت يىغلىدىكىن، بىر چاغدا ئۆينىڭ ئىچى غۇۋا يورۇدى. ئۇ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلغانىدى، سەرەڭگە تۇتقان چوڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى بىلەن پەگاھتا تۇرۇپ، پۈتىدىكى قارنى قېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى - يۇ، پۈتۈن ئەزايى تىكەنلىشىپ، ئۈنى ئۆچۈپلا كەتتى. شەۋكەت ئانىسىدىن تاياق كۈتەتتى، ئەمما ئابىدەم يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى بۆشۈكنى يۆلەپ، رەيھاننى يېشىۋالدى. چوڭ ئانىسى مورا بېشىدىكى چىراغنى ياقتى. شەۋكەت ئەمدى ئېنىق كۆردىكى، ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى.

— ئىست باللىرىم! — ئابىدەم رەيھاننى باغرىغا تېڭىپ، ئاغزىغا ئەمچەك سالدى. شەۋكەتنى يېنىغا تارتىپ، مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى، — بىزغۇ مەيلى، سىلەرگە نېمە تارتقۇلۇق بۇ!؟

— قورۇپ كەتسۇن بۇ ئىنقىلاب! — مەغپىرەتخان ئاچا چىراغنىڭ پىلىكىنى ئۇگىلاۋېتىپ، غەزەپ بىلەن خىتاب قىلدى، — يا قېرىغا، يا ياشقا، يا نارەسىدە بالىغا ئارام يوق. جاھاندا خوۋلۇق، ئادەملەردە ئىنساب بولىدىغان بولسا مۇشۇنداق كۈنلەرگە قالارمىدۇق؟!...... خەيىر...... خۇدا، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانسەن!......

ئابىدەم قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالدى. رەيھان ھايال ئۆتمەي پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى.

مەغپىرەتخان ئاچا ئوچاقتا ئوت قالىدى. ئوتنىڭ يورۇقى بۇ كونا پاسوندىكى دېرىزىسىز ئۆينى ئەپچىللا يورۇتتى. مەغپىرەتخان

ئاچا چۆگـۈننى لىقلاپ، ئوچاققا قويـدى - دە، يەنە نەچـچە تـال قـۇرۇق ئوتـۇننى ئوچاققـا ئۇسـتىلەپ تىـزدى. ئانـدىن ئابـدەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۆشۈكنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى.

— ۋاي جېنىم بالام...... مۇشۇنچە سۇنىڭ ئىچىدە قانـداقمۇ ياتقانـسەن!...... — ئۇ رەيهاننىـڭ زاكـا - يـۆگەكلىرىگە بىـر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ھەمـمە نەرسـە جـاكتىن تۆكـۈلگەن سۈيدۈك بىـلەن بۇلغانغانـدى. مەغپىرەتخـان ئاچـا يەنە نېمىلەرنىـدۇر دېگىنىچە، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھرابتىن چاققانغىنا بوغچىنى ئېلىپ، كات ئۇستىگە قويۇپ يەشتى ۋە لازىملىق لاتا - پۇتىلارنى ئايرىۋالدى - دە، ئابدەمگە بۇرۇلۇپ:

— جىندەك توختاپ تۇرۇڭ. مەن بۇنى ئىسستاي...... — دېگىـنىچە ئوچـاق تـۈۋىگە كەلـدى. گويـا بىـر كىـم ئۆگىتىـپ قويغانـدەك، شـەۋكەتمۇ ئانىـسىنىڭ قولىـدىن بوشـىنىپ، چـوڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەكـېلە چـوڭ ئانـا، مەنمـۇ ئىسسىتىـشىپ بېـرەي، — دېگەنىدى، مەغپىرەتخان ئاچا:

— ئەقلىڭـدىن ئۆرگـۈلەي قـوزام! — دەپ ئۇنىـڭ بـاش - كۆزىنى سىلاپ كەتتى، — مە، كۆيدۈرۈپ قويماي، ئـاۋايلاپ قـاقلا جۇمۇ! ھە، مانا مۇشۇنداق......

ئابـدەم ئىككىـيلەنگە تىكىلگىـنىچە، چوڭقـۇر بىـر ئۇلـۇغ - كىچىـك تىنـدى - دە، ئـۆز - ئـۆزىگە پىچىرلىـدى: «بىرىنىـڭ كاساپىتى مىڭغا» دېگەندەك، مېنىڭ ئاشۇ چىچىم بولمىغان بولسا، بۇغراجانمۇ، باللارمۇ مۇشۇنچە خورلۇققا قالمـاس ئىدى. قېيىنئانـام بىچارە قېرىغان چېغىدا...... ھەي......»

## بەشىنچى باب

# سېتىۋېلىنغان جىنايەت

ياشاش ئارزۇسى ئادەمنى ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتكىمۇ كۆندۈرىدۇ. ئابىدەم بۇ يەرگە كۆنۈپ قالدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ئىكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، شەھەردىن قوغلانغىنىغا ھەسرەتمۇ چەكمىدى. پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن قېيىنئانىسىنى ئۇبدان رازى قىلىش، باللارنى ساق ـ سالامەت قاتارغا قوشۇش، ئۇلارغا دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشتى. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەندە قېيىنئانىسىدىن بىر ـ ئىككى سائەت بالدۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوچاققا ئوت قالاپ بىر قازان ئۇماچ ياكى يوبدان پىشۇراتتى. قازاننى يەرگە چۈشۈرۈپلا، ئوچاققا نەچچە زاغرا چاپلايتتى، ئاندىن ھەممەيلەننى ئويغىتىپ، قورسىقىنى تويغۇزاتتى. قازان ـ قومۇچلارنى يۇيۇپ، جاي ـ جايىغا قويياتتى ـ دە، كەتمەن بىلەن تاغارنى ئېلىپ، ئەتىگەنلىك «دولقۇن»غا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ ئىش ـ ئەمگەكتە ھېچكىمدىن قېلىشمايتتى، دادۈيجاڭنىڭ تىل ـ دەشناملىرىغىمۇ كۆنۈپ قالدى؛ قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن تۇغقاندەك ئېجىل ـ ئىناق ئىدى. تېخى، چېچەك ـ چوكان ئېچىلىپ، قۇرت ـ قۇمۇسقىلار ئىنلىرىدىن چىقىش بىلەن تەڭ، ئۆتۈكنى سېلىپ تاشلاپ، كونىبويى يالاڭئاياغ يۈرىدىغان، پىياز كۆكى رەڭلىك

نىمكەش رومىلىنى ئۈچ بۇرجەك قاتلاپ، بېلىنى ئەرلەردەك قىسىپ باغلىۋالىدىغان بولدى. بارا - بارا ئۇنىڭ رەڭگى قارىداپ، پۇت - قوللىرىدا ھۆررەك - ھۆررەك قاداقلار پەيدا بولدى. گەرچە چېچى بىرئاز ئۆسكەن بولسىمۇ، يەنىلا رومالنىڭ سىرتىغا چىقمايتتى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، مەڭزلىرىنىڭ گۆشى قېچىپ، تېرىسى سۆڭەككە تۇتىشىپ كەتكىنى، تېخىمۇ تەمكىن، تېخىمۇ كەم سۆز بولۇپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن بىچارىلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى تاپقىلى بولمايتتى. سۆتكە تويۇنمىغان رەيھان بارغانسېرى ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئابدەم ئۇنى ھەر قېتىم ئېمىتكەندە، شەۋكەت تۇغۇلغان چاغدىكى ئەھۋالنى، ئاتا بولغىنىغا خۇشاللانغىنىدىن يۈرىكى ئىچىگە پاتماي، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن بۇغراجاننى ئەسلەيتتى. ئۇ چاغدا، ئابدەملەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكى تولۇق ئىدى. ھازىر ئۇنى ئەڭ قىينايدىغىنى ئاشلىق نورمىسىنىڭ يېتىشمەسلىكى بولدى. كۆپىنچە پوتون - پوتون كۈنلەرنى بىر ۋاق تاماق بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇنى قېيىنئانىسىغا تۇيدۇرمايتتى...... «بېگىز قاپتا تۇرمايدۇ». تەجرىبىلىك ئانا ئاخىر ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى سېزىپ قېلىپ، بىرمۇنچە كايىدى. داداۋىنىڭ ئامبارچىسىغا يېلىنىپ، ئاشلىق قەرز ئالدى. قەرز ھامان قەرز - دە! بەرىبىر ئۇنى تۆلىمەي بولمايدۇ. قاچان، قانداق تۆلەيدۇ؟ ئۇلار بۇنىڭمۇ چارىسىنى تېپىشتى: ئورما يېتىپ كېلىش بىلەنلا سەككىز - ئون چارەك بۇغداي سېتىۋېلىشتى، قەرزنى تۆلەپ ئاشقىنىنى كاتقا قاچىلىۋېلىشتى. تېخى ئابدەم قېيىنئانىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي، كىيىم تىكىش ماشىنىسى بىلەن ئىككى پارچە ئىران نۇسخىلىق گىلەمنىمۇ سېتىپ، پۇلىغا يېگى رېزىنكە چاقلىق هارۋا ھەم ئېشەك سېتىۋالدى. مانا ئەمدى، قېيىنئانا بىلەن كېلىن نۆۋەتلىشىپ ھارۋا ھەيدەپ، قىغ - توپا توشۇيتتى، ئېرىق - ئۆستەڭ چاپاتتى،

زەيكەشتىن لاي تارتاتتى...... قىينئانا بىلەن كىيلىن ئۇتتۇرىسىدىكى بۇنداق ماسلىششىش، بۇنداق مېھرىبانلىق زور كۆپچىلىك ئاياللارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. ئىككى ئايالنىڭ بېشى بىر يەردە بولۇپ قالسا، ئابدەمنى غايىبانە ماختايتتى. ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، چىدام - غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى ھەم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى......

«ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن سۆز ھەقىقەتەن راست ئىكەن! شەۋكەت تېزلا ئەقىل تېپىپ، ئانىسىغا ئوبدانلا يېتۆك بولدى. ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن، ئابدەم ئۆينىڭ ئىككى تېمىغا ئىككى تال قوزۇقنى قاقتى - دە، بىر تال تانىنىڭ ئۇتتۇرىسىغا بۆشۈكنى باغلاپ، ئىككى ئۇچىنى قوزۇقلارغا چىگىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بۆشۈك ھەرقانچە قاتتىق تەۋرىتىلسىمۇ يىقىلىپ چۈشمەيدىغان بولدى.

— بالام، — دېدى ئابدەم قىينئانىسى بىر ئىش بىلەن ھويلىغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەۋكەتنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، — چوڭ ئاناڭنىڭ تېنى ساق ئەمەس. مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئەمگەك قىلىشىپ بەرمىسەم، چامنى تۆگىتىپ بولالماي دۆيجاڭدىن تەنقىد ئىشىتىدۇ. داداڭمۇ تۈرمىدىن بالدۇرراق چىقالمايدۇ، سەن ئۇكاڭغا ئوبدان قارا. چوڭ ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز ئەمگەككە ئوبدان قاتنىشىپ، داداڭنى تۈرمىدىن بالدۇرراق قايتۇرۇپ چىقايلى. ماقۇلمۇ؟

شەۋكەت بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ - يەتمەيلا ماقۇللۇق بىلدۈردى. چۈنكى، دادىسى تۈرمىدىن تېزرەك چىقىدىغانلا بولسا، شەۋكەت كۈنبويى ئاچ يۈرۈشكە، ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەييار ئىدى!

ئەتىيازنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنلۇق كۈنلىرى ئۆتۈپ، ئۇججە پىششىقى مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، رەيھانمۇ ئانچە - مۇنچە

بۆشۈكتىن قۇتۇلۇپ، هويلىدىكى ئۈجمىنىڭ سايىسىدە پىلتىڭلاپ ئوينايدىغان بولدى. شەۋكەت ئۆزى كىچىكىدە ئوينىغان (هازىر ئۇ چوڭ كىشى!) ئويۇنچۇقلارنى بىر - بىرلەپ ئۇنىڭغا كۆرسىتەتتى، قولىغا تۇتقۇزاتتى ۋە ئۇلارنىڭ نامىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇراتتى. رەيهان ۋىلىقلاپ كۈلگەندە، شەۋكەت ئۇنىڭ پىلتىكۈچەك ئۇزۇن، ئورۇق بارماقلىرى، يۇمران ئالىقانلىرىغا چوڭقۇر ئاكىلىق مېھرى بىلەن يېپىشلاپ - يېپىشلاپ سۆيەتتى. بىر تېرە، بىر سۆڭەك يۈزلىرىگە مەڭزىنى يېقىپ، ئۇنى تېخىمۇ كۈلدۈرەتتى، ھەتتا بەزىدە كۈلدۈرۈۋېرىپ، ئاخىر يىغلىتاتتى - دە، ئالداپ - سىلاپ، مىڭ تەسلىكتە پەس قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى: شەۋكەت ئۇنى خېلى ئۇزۇن كۈلدۈرگەندىن كېيىن، رەيهان كۈلكىسىنى باسالماي تېلىقىپ يىغلاپ كەتتى. شەۋكەت: «ئوبدان ئۇكام، تاتلىق ئۇكام، ئانام هازىر كېلىدۇ، قارا، ئەنە كەلدى!.......» دېگەندەك ئوخشاش سۆزلەرنى قايتا - قايتا تەكرارلاپ، ئۇنى بەزلەۋاتقىنىدا، دەرۋازا قاتتىق قېقىلىپ كەتتى (ئانىلىرى ئۆيدە بولمىغان چاغلاردا، شەۋكەت دەرۋازىنى زەنجىرلەپ ئولتۇراتتى). شەۋكەت ئادىتى بويىچە ئىشىك قاققۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولدى - دە، سورىدى:

— كىم؟

— ئىشىكنى ئاچ! — بىرئەر كىشى قوپال ئاۋازدا ۋارقىرىدى، — ئىتتىك بول!

شەۋكەت تېگىرقىغىنىدىن پۇت - قولى ماغدۇرسىزلىنىپ، ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

ئىشىك تېخىمۇ قاتتىق قېقىلدى، ئۇلىشىپلا تىللىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى:

— هوي شۇم، ئاچە ئىشىكنى!

— ئاناڭنى.......! ئۆلتۈرۈشنى ئۇنىڭ!
— ئانىسى شەقىقە بۇنىڭمۇ قۇلىقىنى پىشۇرۇپتىكەن - دە!
— نېمىگە قاراپ تۇرىمىز!...... پەيجاڭ، مەن تام بىلەن چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچايمۇ؟
— توختاڭلار، مەن ئۆزۈم ئاچاي......
گەپنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەستىن، ئادەم بويىدىن سەللا ئېگىز كېلىدىغان ھويلا تېمى ئۈستىدە يېپىيىڭى ھەربىيچە ئۈستىباش كىيگەن قارا چوقۇر، موكا يۈز، ياداڭغۇ بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ دادۈي خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ پەيجاڭى سۇلايمان ئىدى. سۇلايمان بىر شەۋكەتكە، بىر ھويلىغا نەزەر تاشلىغاچ «گۈپپىدە» يەرگە سەكرەپ، دەرۋازىنىڭ لوكىنى تارتىۋەتتى. دەرۋازا ئېچىلىش بىلەن تەڭ قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان بەش كىشى كىرىپ كەلدى. شەۋكەت دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يالىڭاچ قىلىۋېتىلگەن رەيھاننى باغرىغا باسقىنىچە، ئۇلارنىڭ تەق - تۇرقى ۋە ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كۆزەتمەكتە ئىدى......
سۇلايمان تەرىنى تۈرۈپ، شەۋكەتكە بىرپەس قادىلىپ قاراپ تۇردى ۋە بىرنېمە دەپ غودۇڭشىغىنىچە ھەمراھلىرىغا بۇرۇلۇپ، ئەمەلدارلارغا خاس تەلەپپۇزدا بۇيرۇق قىلدى:
— نېمىگە قاراپ تۇرىسلەر؟ ئارقامدىن مېڭىڭلار!
ئۇ شۇنداق دېدى - دە، تاپانچا تۇتقان قولىنىڭ يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرۈپ، گويا دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇمغا ئۆتكەن قەھرىماندەك جاسارەت بىلەن ئۆزىنى ئۆيگە ئاتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان غەيرەت بىلەن كەينىدىن ئەگەشتى.
ئۆي ئىچىدە بىردەم داۋام قىلغان ئۇپۇر - توپۇر، گۈلدۈر - كالاپلاردىن كېيىن، يەنە تىل - ھاقارەت باشلاندى:
— بۇ جادىلار كات، قازناقلىرىغىچە قۇلۇپلاپ تۇتىدىكەن - دە!

— ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك - دە!

— رازاق، بولە، ئاۋۋال كاتىنىڭ قۇلۇپىنى بىرنېمە قىل!

— هوي، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ مىلتىقنىڭ نورى ئېگىلىپ كېتىدۇ.

— ئېگىلمەيدۇ! بۇ جانىۋارنى قولۇمغا ئالغاندىن بۇيان، بىرەر يۈز قاغىتۇمشۇقنى مۇشۇنداق سوغۇردۇم...... مانا چىقتى!

— ئوھوي، پەۋەس بۇغداي ئىكەنغۇ بۇنىڭ ئىچى!

— قازناقتىن نېمە چىقار تېخى؟

— تەلىيىڭ بولسا، ئايشەمگۈلنىڭ تويلۇقىغا ئىشلەتكىلى شەھەرلىك خېنىمنىڭ سۆكە - مونچاق، ياقۇت، مەرۋايىتلىرى چىقىپ قالار!

— چاقچىقىڭنى قويساڭچۇ!

— بولدى، بولدى! — سۈلايمان گۈركىرىدى، — ئەزمەڭنى ئېزىپ، كونا خامانىنى سورۇۋەرمەي، قازناقنىڭ قۇلۇپىنى چېقىش!

— پەيجاڭ، ئۆتكەنكىدەك بىڭسىڭىزنى بىر كۆرسەتمەمسىز!

— شۇنداق قىلىڭە، پەيجاڭ!

— ئاماشا كۆرگۈڭلار كېلىۋاتامدۇ؟

— شۇنى دېسىڭىزچۇ!

— ماقۇل، قاراپ تۇرۇڭلار ئەمىسە.

«پاڭ، پاڭ، پاڭ......»

كەينى - كەينىدىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىلدى، ئوق ئاۋازىغا ئۇلىشىپلا، ئۆي ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئەمدى يىغىسى پەس بولغان رەيهان يەنە قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى.

سۈلايمان ئۈچ پاي ئوق بىلەن قازناقنىڭ قۇلۇپىنى ئېتىپ چۇشۇرگەنىدى.

خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان چاقچاق، كۈلكە، گۈلدۈر - كالاپتىن كېيىن، سۈلايمان، ئاندىن باشقىلار بىر - بىرلەپ

ئۆيدىن چىقىشتى.

سۇلايمان تاماكىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ، چىشلىرى ئارىسىدىن بۇيرۇق قىلدى:

— ناسىر، سابىر ئىككىڭلار ئوقتەك يۈگۈرۈپ، دادۇيىدىن ئوسمان جۇرىنىنى چاقىرىپ كېلىڭلار! ھە، راست، نۇر دېگەن بىرنېمىنى چاقىرتىشنى ئۇنتۇماڭلار. ئۇمۇ ئۆز دۇيىدىكى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن!......

— خوپ!

ناسىر بىلەن سابىر ئۆز باشلىقىغا ھەربىيچە سالام بېرىپ، بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

سۇلايمان قوللىرىنى بېلىدىكى كەڭ تاسما ئاستىدىن ئۆتكۈزگەن ھالدا بىردەم غادىيىپ تۇرۇپ ئەتراپقا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن نەزەر تاشلىدى - دە، ئۇچەيلەنگە:

— ئېغىل - قوتان، شاخ - شۇمبىلارنىڭ ئارىسىغا تۈزۈكرەك قاراپ چىقىڭلار! — دېدى.

ئادەملەرنىڭ بىرى ئۆگزىگە ياماشتى، ئىككىسى قايتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سۇلايمان ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، ئالچاڭلاپ ماڭغان پېتى شەۋكەتنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ چاغدا شەۋكەت شۇنداق قورقتىكى، سىڭلىسىنى مەيدىسىگە مەھكەم تاڭغىنىچە، ئۇنىڭغا ئالاقزەدىلىك بىلەن تىكىلدى. سۇلايمان شەۋكەتتىن نەچچە قەدەم نېرىراقتا توختاپ، پۇتلىرىنى ئاچا شەكلىدە كېرىپ، تاپانچا تۇتقان قولىنى شەۋكەتكە تەڭلەپ:

— ماۋۇ نېمە؟— دەپ سورىدى.

— تاپانچا،— دېدى شەۋكەت دۇدۇقلىماستىن.

— تاپانچىنى نېمە قىلىدۇ؟

— ئاتىدۇ.

— نېمنى ئاتىدۇ؟
— دۈشمەننى.
— ئاناڭنى ئاتسا بولامدۇ؟
— ياق! — دېدى شەۋكەت ئەندىكىپ، بۇ غەلىتە سوئال ئۇنى شۈركەندۈرۈۋەتكەندى، — ئانام يا دۈشمەن بولمىسا......
— ھا-ھا-ھا...... قالتىس ئەقىللىك بالا بولۇپسەن جۇمۇ! — سۇلايمان بىرھازا قاقاقلاپ كۈلدى. كۈلكە ئارىسىدا شەۋكەتنى بىرمۇنچە ماختىدى. ئاندىن، — بۇغداينى نەدىن ئالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.
— سېتىۋالدۇق.
— كىمدىن سېتىۋالدىڭلار؟
— چوڭ ئانام كىمدىن ئالدىكىن...... بىلمەيمەن.
— نېمىشقا بىلمەيسەن؟
— بۇغداي ساتىدىغانلار دائىم كېچىسى كېلىدىغان تۇرسا......
— بىرەرسىنىمۇ تونۇمامسەن؟
— بىرسىنى...... ھە......ھە...... ھېلىقى......
ئانىسىنىڭ قايتا - قايتا تاپىلىغان گەپلىرىنى ئېسىگە ئالغان شەۋكەت تىلىنىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قالغان جاۋابىنى يۇتۇۋەتتى ۋە ئۇكىسىغا قارىغان بولۇپ، سۇلايماندىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. سۇلايمان قىستاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن:
— ياق، تونۇمايمەن، — دېدى.
يالغان سۆزلەۋاتقىنى ئۇچۇق بولسا كېرەك، شەۋكەتنىڭ يۈزلىرىگە «لاپپىدە» قىزىللىق يۈگۈرۈپ، پۈتۈن ئەزايى تىكەنلىشىپ كەتتى. سۇلايماننىڭ چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ، تېخىمۇ قارىداپ كەتتى.
— يالغان سۆزلىمە! بولمىسا......

سۇلايمان تاپانچىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا نوقۇدى.

شەۋكەتنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى قەپەستىكى تۇمۇچۇقتەك قورقۇنچ، ۋەسۋەسە ئىلكىدە كۆكرەك قەپەسگە ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. دېمى سىقىلىپ، چاناقلىرىغا ياش قاپلاشتى. كۆتۈلمىگەندە ئۇنىڭ كۆڭلىگە غەلىتە بىر ئوي كەلدى - دە، سىڭلىسىنىڭ كاسىسىنى ئاستا چىمداپ قويدى. رەيھان شۇنداق ئەنسىز چىرقىراپ يىغلاپ كەتتىكى، خىيالەتتە تۇرغان سۇلايمان «دىڭگىدە» چۆچۈپ، ئىككى قەدەم كەينىگە داجىدى - دە، ئاغزىنى بۇزدى:

— ئاناڭنى...... شۇم! مېكىجىنىدەك سەت چىرقىرىغىنىنى بۇنىڭ!...... يىغلىما! ئاغزىڭغا بىرنى تېپىمەن ھېلى!......

شەۋكەت بىر تەرەپتىن، رەيھانىنىڭ يىغىسىنى پەس قىلىشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئالدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى چىمداپ يىغلىتىپ، سۇلايماننىڭ چېنىغا تېگىشكە باشلىدى.

— ھوي شۇم، كۆتۈر ماۋۇ بىر نېمەڭنى! دەرھال كۆزۈمدىن يوقال!

سۇلايمان پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى. شەۋكەتكە كېرىكىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ رەيھاننى كۆتۈرگىنىچە دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

ئۇزۇنغا قالماي، رەيھانىنىڭ يىغىسى بېسىلدى. شەۋكەت ئۇنى يەنە يىغلىتاي دەپ تۇرۇشىغا، ئوسمان مۇدىر، نۇر دۈيجاڭلار بىرمۇنچە كىشىنى كەينىگە سېلىپ، ھاسىرلاپ يېتىپ كېلىشتى.

ھويلىدا بىردەم تەنتەنە ۋە ئۆزئارا تاپا - تەنە قىلىشلار بولغاندىن كېيىن، ئوسمان مۇدىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دادۈي تەۋەسىدىكى گۇگشىي ئەزالىرى بۇ يەرگە يىغىپ كېلىندى. ئۆيدىكى ئاشلىق، بىسات، كىيىم - كېچەك، ھەتتا ياغلىق چاغلىق

نەرسىلەرمۇ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى، قاتار ـ قاتار تارتىلغان ئارغامچىلارغا ئارتىلىپ، كۆپچىلىككە سازايى قىلىندى.

مەغپىرەتخان ئاچا، ئابدەم ۋە داۋۇي، ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرىنىڭ ئايۇپ ئاكا قاتارلىق كونا ھوقۇقدارلىرىمۇ يالاپ ئېلىپ كېلىنىپ، ئەنە شۇ نەرسىلەرنىڭ يېنىغا تۇرغۇزۇلدى. ئاندىن ئوسمان مۇدىر شاگىخەي «يانۋار بورىنى»نىڭ قاراقۇمدىكى شانلىق غەلىبىسى ئۈستىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدى. داۋۇي ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىنىڭ نەچچە ئايدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈردى. كونا ھوقۇقدارلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى كورلۇقى ۋە سىنىپىي كۆرەشنىڭ نۆۋەتتىكى يۆنىلىشى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالدى. يادلىۋالغان نەچچە جۈملە گېزىت ئىبارىلىرىنىمۇ تەكرارلاشنى ئۇنتۇمىدى. ئاخىردا، ئابدەمنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ ۋارقىرىدى:

— بۇنچە كۆپ ئاشلىقنى نەدىن تاپتىڭ؟

— سېتىۋالدىم.

— كىمدىن سېتىۋالدىڭ؟

— ......

— كىمدىن سېتىۋالدىڭ دەۋاتىمەن!

— ......

ئابدەمنىڭ يۈزىگە كەينى - كەينىدىن نەچچە شاپىلاق تەگدى. غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان مەغپىرەتخان ئاچا ئوسماننىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ:

— ئۇنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ سېتىۋالغان ئادەم مەن. ھەر قانداق گېپىڭىز بولسا ماڭا دەڭ! — دېدى.

— ھىم...... — ئوسمان زەھەردەك ئاچچىق ھىجىيىپ، مەغپىرەتخان ئاچىغا يېپىشتى، — گەپ قىلە ئەمىسە! كىمدىن

سېتىۋالدىڭ؟

— بازاردىن سېتىۋالدىم.

— بازاردىن؟ بىر يەردە ئاناڭنىڭ بازىرى بارمىكەن؟!

— ئېسىمدە يوق، شۇنداق دەپ تاشلاپتىمەن...... خاپا بولماڭ، جۇرىن بالام. قاراڭغۇ بازاردىن ئېلىۋىدىم.

«كىمدىن ئالدىڭ» دېگەن سوئال نەچچە ئون قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، بەرىبىر بىرەر ئادەمنىڭمۇ ئىسمى ئاتالمىدى، غەزىپى ئۆرلەپ كەتكەن ئوسمان تاپانچىسىنى قېپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئىككى ئايالنىڭ كۆكرەك ۋە پېشانىلىرىگە نەچچە قېتىم نوقۇپمۇ باقتى.

ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە، سابىر مەغپىرەتخان ئاچىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى ـ دە، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ:

— مەندىن ئالغىنىڭچۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

كۆپچىلىك ئىچىدە كۇسۇرلاشلار باشلىنىپ كەتتى. ۋەزىيەتنىڭ مۇنداق بولۇپ كېتىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئوسمان ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى. بۇ يەرگە يىغىلغان ئىككى ـ ئۈچ يۈزدەك ئادەم دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، نەلەرگىدۇر تىكىلىشەتتى. ھاۋامۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدەك بۇرۇقتۇم ۋە تىنجىق ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئىچىدە «ئۇھ» تارتىشلىرىمۇ قۇلاققا ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىناتتى. بىراق، مەغپىرەتخان ئاچا بىر ئەقىل تاپقانىدى. ئۇ بىردىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ جاۋىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن! ئادەم قېرىغاندا، راستتىنلا ئۇنتۇغاق بولۇپ قالىدىكەن. سابىرئاخۇن يادىمغا سالمىسا، ھېچكىمنىمۇ يادىمغا ئالالمايدىكەنمەن......

مەغپىرەتخان ئاچا بەش ئادەمنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۇلاردىن سېتىۋالغان ئاشلىق بىلەن پۇلنىڭ سانىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ

ئىسمىنى ئاتىغانلارنىڭ ھەممىسى مىلتىق ئاسقان ياكى قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان «قىزىل» ئادەملەر بولۇپ، قارا تىزىملىكتىكى گۇمانلىق ئادەملەردىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى.

بۇ ھال ئوسمانىنى شۇنداق ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدىكى، ئۇ ئاچچىقىدا يەرنى قاتتىق بىر تەپتى - دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولدى:

— تۆت جان ئادەم شۇنچە جىق ئاشلىقنى نېمە قىلماقچىدىڭ؟

— نېمە قىلاتتىم جۇرىن بالام؟ ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئەتىيازدا نورمىمىز ئون تۆت جىڭغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇششاق باللار بىلەن بەكمۇ قىينىلىپ كەتتۇق. ھازىرغىچە ھەممە ئادەم ئىنقىلاب بىلەن بولۇپ كېتىپ، دېھقانچىلىق بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ، شۇڭا، ياخشى كۆنلەرنىڭ يامىنىغا ئاتاپ ئاز - تولا ئاشلىق غەملەپ قويغانىدىم. ئويلاپ بېقىڭە، ئىشلىمىسە، يەر دېگەندىن ھوسۇل چىقمايدۇ، ھوسۇل چىقمىغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز...... خۇدا ئۇ كۈنلەرنى كۆرسەتمىسۇن!

— ھۇ دەججال! ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بارماي ئاغزىڭنى يۇم!

مەغپىرەتخان ئاچا بىلەن ئابدەمگە يانداپ ئايۇپ ئاكا قاتارلىق ھوقۇقدارلار نەچچە سائەت تارتقۇشلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى «سىنىپىي كۈرەش تەربىيەسى كۆرگەزمىسى»گە قويۇش ئۈچۈن دادۇيگە ئېلىپ كېتىلدى. مەغپىرەتخان ئاچا بىلەن ئابدەمگە «چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتىن گۇمانلانغان ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، «بەش خىل ئۇنسۇر»لار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدىغان بولدى......

# ئالتىنچى باب

## يوقالغان جەسەت

ئىككى قىش، ئىككى ياز ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىنچى كۈزمۇ يېتىپ كەلدى. بۇغراجاندىن ھېچقانداق دېرەك يوق.

«ئۇنىڭ تەقدىرى نېمە بولغاندۇ؟»

ھېچكىمدىن ئېنىقلىق جاۋاب ئاڭلاشمىدى.

مەغپىرەتخان ئاچا كۈندىن ـ كۈنگە جۈدەپ كېتىۋاتاتتى. ئابىدەم ئىلگىرىكىدەكلا ئىشچان ۋە ئۈمىدۋار ئىدى. ئىككى يىلدىن بۇيانقى جېدەل ـ ماجىرا، ئۆزئارا قان تۆكۈشلەر تۈپەيلى، پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغان ئۆلۈم ـ يېتىملەر كىشىلەرنى ئۆز جېنىدىن باشقا نەرسىگە بىپەرۋا قارايدىغان، بەزى ئىشلارنى بىلىپ تۇرسىمۇ بىلمەسكە، كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان قىلىپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ، بەزىلەر ئابىدەملەرگە يوشۇرۇن ھېسداشلىق قىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. ئۆز باللىرىغا شەۋكەتنى بوزەك ئەتمەسلىك توغرۇلۇق نەسىھەت قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن شەۋكەتنىڭ ئاداشلىرى بارا ـ بارا كۆپىيىپ، ئۇنىڭ كۈنبويى ئۆيدىن چىقماي، ئىشىك تاقاپ ئولتۇرىدىغان ھالىتىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرگەنىدى. بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئابىدەمنى گۇگۇشىدىن چاقىرتىپ كەتكىنىچە، ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى بولمىدى، بۇ ھال مەغپىرەتخان ئاچىنى قاتتىق

بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن، چىرايى سولغۇن، كۆزلىرىدە مۆڭ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن ئۇ ياش قىرىپ كەتكەندەك، ۋىجىك بەستى تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

بوگۇن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، شەۋكەت قاچىلارغا ئاش ئۇسۇۋاتقان چوڭ ئانىسىنىڭ چۆمۈچ تۇتقان قولىنىڭ بۆلەكچىلا تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. موماي ئاشتىن ئىككى قوشۇقلا ئىچىپ، قازان - قومۇچنى يىغىشتۇردى - دە، شەۋكەتكە سىڭلىسىغا ئۇبدان قاراشنى تاپىلاپ، پەگاھقا تاشلاقلىق تۇرغان ئەسكى قاپنى مۈرىسىگە تاشلاپ، ئالدىراش ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كەچ كىردى. مەغپىرەتخان ئاچا تېخىچىلا يوق. رەيھان ئايدىڭدا ئويناپ - ئويناپ ھاردى بولغاي، ئۇچمە ئاستىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە سۇنايلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. شەۋكەت ئۇنىڭ يېنىدا بىردەم قاراپ ئولتۇردى - دە، ئۆزىنىڭمۇ ئۇيقۇسى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئۆيگە كىرىپ چىراغنى ياندۇرۇپ، ئىككىيلەنگە ئورۇن سالدى. ئاندىن رەيھاننى كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ ئورۇنغا ياتقۇزدى. ھويلا ۋە ئۆينىڭ لوكنى سېلىۋېتىپ، سىڭلىسىنىڭ يېنىدا يانپاشلىدى......

يەر ئاستىدىن چىققاندەك قاتتىق يىغا ئاۋازى شەۋكەتنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا، تۈگۈلۈكتىن ئەتىگەنكى شەپەقنىڭ قىزىللىقى ماراپ تۇراتتى. يېنىدا رەيھان پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. چوڭ ئانىسىنىڭ ئورنى بوش تۇراتتى. ئۆي ئىشكى داغدام ئوچۇق بولۇپ، يېقىنلا يەردە كىملەردۇر قاتتىق داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتاتتى. شەۋكەت ئاشۇ ئاۋازلار ئىچىدە چوڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، تەكىيەدىن بېشىنى

كۆتۈرۈپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى.
راست، راستتىنلا چوڭ ئانىسى قوشاق قوشۇپ يىغلاۋاتاتتى:

ئاھ، بالام! باغرىم بالام! شوخ كۆزلىرى خۇمار بالام!
مەن غېرىب ـ مىسكىن ئاناڭنىڭ بويىنىدا تۇمار بالام!
دەر ئىدىم: سۈتتىنمۇ ئاق، يوق جىسمىدە غۇبار بالام!
ياق! ئىشەنمەيدۇ بۇ قىسمەتكە ئاناڭ زىنھار بالام!

قىلدىمۇ بۇ كەڭرى ئالەم بىر ساڭا تارلىق بالام؟
بولدىمۇ جانىڭنى ئالماق تەڭرىدىن يارلىق، بالام؟
ياكى پۈتكەنمۇ پېشانەڭگە پەلەك خارلىق، بالام؟
داغى پەرزەنتلىك ئوتىدا ئۆرتىنىش ـ زارلىق، بالام؟

بىلمىدىم، بۇ ئىنقىلاب توپانىمىدۇ ياكى ۋابا؟
ئەيلىبان گۈلنى خازان، بۇلبۇلنى قىلدى بىناۋا.
بىھېساب قانلار تۆكۈلدى، كۆز يېشى دەريا گويا،
بۇ ئۆمۈردە نېمە خوۋلۇق؟ ئال جېنىمنى ئەي خۇدا!......

چوڭ ئانىسىنىڭ نالىسىگە ئانىسى جور بولماقتا ئىدى:

بىۋاپا، زالىم پەلەك قىلدى نىگارىمدىن جۇدا،[1]
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام، كەلمەيدۇ يارىمدىن نىدا.
بىلمىدىم چۈشمۇ، ئوڭمۇمۇ يارغا كەلگەن بۇ قازا؟!
قىسمىتىم شۇنداقمىدۇ ـ يا، تەلىيىم ـ بەختىم قارا؟!

بىمەھەل سۇنغاچ قاناتىم، قاتتى بۇ مىسكىن بېشىم،
بولدى كەڭ ئالەم ماڭا زىندان، زەھەر ئىچكەن ئېشىم.

---

[1] بۇ مىسرا «لياڭ سەنبەي بىلەن جۇيىڭتەي»دىن ئېلىندى. — ئاپتور.

«ئاھ!.......» دېسەم، ھىجران ئوتۇڭدا ئۆرتىنەر تاشۇ ئىچىم،
نە بىلەي زامىن بولارىن جانىڭە، پاخماق چىچىم!؟

بۇلبۇلى شەيدا ئىدىڭ سەن، ئەي مۇرەببىم - دىلرەبا!
سۆزلىرىڭ جانىم ئارامى، قەلبىمە مەلھەم - شىپا.
ياشىسام سەنسىز ئەگەر مەن جەننەتۇل مەئۋا ئارا،
يايرىماس بۇ خەستە كۆڭلۈم، ياخشىدۇر دوزاخ ماڭا!

شەۋكەتنىڭ مېڭىسىدىن كىرگەن بىر ئوت تاپىنىدىن چىققاندەك بولدى.

«ئۇلار نېمىشقا بۇنچە قاتتىق يىغلايدىكىنە؟.......»

شەۋكەت خىيالىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقىمۇ كۈيمەستىن، ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىندى - دە، تاشقىرىغا قاراپ ئۇچتى. ئەمما دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدىن پۇتىنى ئېلىپلا قېتىپ قالدى! بەش قەدەمچە نېرىدا ئۇلارنىڭ ئېشەك ھارۋىسى تۇراتتى. قىرىق - ئەللىكتەك ئادەم ھارۋىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدىۋالغانىدى. چوڭ ئانىسى بىلەن ئانىسى ھارۋىغا مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ زار- زار يىغلايتتى. نەچچە ئايال ئۇلارغا قوشۇلۇپ يىغلىغاچ ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنى ھارۋىدىن ئاجرىتىشقا تىرىشاتتى. لېكىن بۇ ئۇرۇنۇشلار ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيتتى.

ھارۋىنىڭ ئەتراپى بارغانسېرى قىستا - قىستاڭچىلىق بولماقتا ئىدى.

— مەغپىرەتخان، — مويسىپىتلەردىن بىرى توپنى يېرىپ، ھارۋىغا يېقىنلاپ كەلدى، — ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «بالاغا رىزا، قازاغا سەۋر» دېگەن. ئاللادىن كەلگەن قىسمەتكە سەۋر قىلماسلىق ئاللاغا ناشۈكۈرلۈك قىلغانلىق بولىدۇ...... قويىسىلا، يىغىنى توختاتسىلا!...... مېيىتنى ئۆيگە ئەكىرىپ، يەرلىكىدە قويۇشنىڭ

تەرەددۇتىنى قىلايلى.

— شۇنداق قىلايلى، مەغپىرەتخان!

— شۇنداق قىلايلى.

— ماۋۇ ئاياللار نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، مەغپىرەتخان بىلەن ئابىدەمنى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىڭلار.

— قېنى، كۈچى باررراق ئەرلەردىن ئىككى - ئۈچىڭلار كېلىڭلار. مېيىتنى ئۆيگە ئەكىرەيلى.

— توغرا، شۇجى دېگەندەك قىلايلى.

— ......

جەسەتنى يېقىندىلا «ئازاد» قىلىنىپ، دادۇي ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ئايۇپ ئاكا بىرىنچى بولۇپ كۆتۈردى. ئىككى يىگىت ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. جەسەت دەھلىزدىكى سۇپىغا قويۇلغاندا، ئەمدىلا نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلگەن شەۋكەت «دادا!......» دەپ چىرقىرىغىنىچە، ئۆزىنى جەسەت ئۈستىگە ئاتقاندى، ئايۇپ ئاكا ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئېلىپ ماڭدى.

— يىغلىما، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ، — يىغلىغانغا داداڭ تىرىلىپ قالامدۇ؟ ئۇبدان بالا دېگەن گەپ ئاڭلايدىغان جۇمۇ......

— ئايۇپكا، سىزمۇ بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ! — دېگەن قوپال ئاۋاز ئايۇپ ئاكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئەجەب ئوبدان ۋاقتىدا كەلدىڭىز، ئۇكام! — ئايۇپ ئاكا شەۋكەتنى يەرگە قويۇپ، قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇدىرى ئوسمانغا يېقىنلاشتى، — تېخى سىزنى چاقىرتىپ كېلەيمىكىن، دەپ تۇرغانىدىم.

— مېنى چاقىرتىپ كېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭىز؟

— بۇغراجاننى يەرلىكىدە قويۇش ئىشىنى بىرلىكتە

مەسلىھەتلەشسەك دېگەنىدىم.

— ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزەمدۇق؟

ئوسمان بۇ سۆزلەرنى شۇنداق قوپال، شۇنداق مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا ئېيتتىكى، ئايۇپ ئاكا ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كەتتى ۋە ئىتتىك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. بۇ كۆزلەردە ئاجايىپ مەغرۇرلۇق، مەنسىتمەسلىك شولىسى چاقناپ تۇراتتى، ئوسمان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىر نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش...... ھىم...... بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى......قېنى، مەسلىھەت كۆرسىتىڭ!

ئايۇپ ئاكا دەسلەپ بىرئاز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئېسىنى يىغىپ، ئوسمانغا چۈشەندۈردى.:

— دىكتاتۇرا ئورگانلىرىنىڭ جەسەتنى ئائىلىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغانلىقى ئۇنىڭ جىنايىتى تۈگىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەسەت پۇراشقا باشلاپتۇ. ئەگەر جەسەتنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋەتمەي، ئىككى ئايالغا تاشلىۋەتسەك......

— نېمە؟ مۇشۇ گەپ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقىۋاتامدۇ؟! — ئوسمان كۆزلىرىنى جامدەك چەكچەيتىپ، ئايۇپ ئاكىغا دوق قىلدى،— ھېلىغۇ جەسەت پۇراشقا باشلاپتۇ، پۈتۈنلەي سېسىپ كەتسىمۇ كۆمۈشكە بولمايدۇ! ھەي، ھەي، سىززە!...... كاللىڭىز قاچانمۇ يېڭىلىنار سىزنىڭ؟! بىلىپ قويۇڭ، جەسەتنى ئائىلىسىگە بېرىشتىن مەقسەت تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ئىبرەت قىلىش، بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز — جەسەتنى پۈتۈن دادۇيگە سازايى قىلىپ، ئەزالارنى بىر مەيدان سىنىپىي كۈرەش تەربىيەسىگە ئىگە قىلىش!......

ئوسمان ناھايىتى ئۇزۇن ۋەز ئېيتتى. ئايۇپ ئاكىمۇ ئۆز گېپىدە

چىلىڭ تۇردى، ئۇنى قايىل قىلالمىغان ئوسمان قان تولغان كۆزلىرىنى ئايۇپ ئاكىغا مىختەك قاداپ:
— بۈگۈن سىز ئۆزىڭىزنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى يەنە بىر قېتىم ناھايىتى تولۇق ئاشكارىلىدىڭىز. كۆپچىلىكمۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ زادى قانداق نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىۋالدى. بولدى، سىز بىلەن ئارتۇقچە تاكاللىشىشقا ۋاقتىم يوق! — دېگىنىچە ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى ۋە ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — سۇلايمان! ھوي سۇلايمان!......
— مانا مەن.
سۇلايمان ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆندى.
— دەرھال جەسەتنى ئېلىپ چىقىپ، ئاۋۇ ئازگالغا تاشلاڭلار! — ئوسمان ئۆزىدىن تۆت - بەش قەدەم نېرىدىكى ئوغۇت چىرىتىش ئازگىلىنى كۆرسەتتى.
بۇيرۇق دەرھال ئورۇنلاندى ۋە ھەممە ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىگە چاپارمەن ئەۋەتىلىپ، بۆشۈكتىكى، تۆشۈكتىكى تىرىك جان ئەۋلادى بۇ يەرگە يىغىپ كېلىنىپ، بۇغراجاننىڭ جەسىتى تاشلانغان ئازگال «سەيلە» قىلدۇرۇلدى......
ئوسمان بۇغراجان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يەرۇ ئاسماننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك نالە - پەريادى ئاستىدا، كۆپچىلىكنى «ئىبرەت ئالدۇرۇش» ، «سىنىپىي تەربىيەگە ئىگە قىلىش» ...... مەقسىتىگە تولۇق يەتكەندىن كېيىن، جەسەتنى شۇ يەرگىلا كۆمدۈرۈۋەتتى.

......

قىزىق ئىش، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ بۇغراجاننىڭ جەسىتى كىملەر تەرىپىدىندۇر ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئابدەم پۈتۈن بىر كۈن قىيىن -

قىستاققا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە چىقمىدى. ئوسمانىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە بولغاندا، ئابىدەمنى تاكى جەسەت تېپىلغۇچە تەنقىد قىلماقچىدى. بىراق، ئوغلىنىڭ جەسىتى خورلانغان ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن پۈت - قولى مىدىرلىماس، تىلى گەپكە كەلمەس بولۇپ قالغان مەغپىرەتخان ئاچىنىڭ ئۆلۈم قۇچىقىدا ياتقانلىقى ئۇنى پەيلىدىن ياندۇردى. لېكىن ئۇ پۈتۈن دادۋيىدىكى دىكتاتۇرا دۈيى ۋە ئاكتىپلارنى ئازغىنا كەم بىر ئاي ئىشقا سېلىپ، ھەممە ئائىلە، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپمۇ جەسەتنى تاپالمىدى.

«جەسەت نەگە كەتكەندۇ؟»

«ئۇ كىمگە، نېمىگە لازىم بولۇپ قالغاندۇ؟»

گويا بىر قىيىن تېپىشماقتەك ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ھەممە يەرنى ئايلىنىپ يۈرگەن بۇ سوئاللارغا ھېچكىممۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى......



# يەتتىنچى باب

## سۇرلۇك ئادەم

يەنە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئازاب - كۈلپەتلىك يىللاردىن ئۈچى ئۆتۈپ كەتتى. مەغپىرەتخان ئاچىنىڭ پانىي دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، باقىي ئالەمگە — خاتىرجەم، تىنچ - ئاسايىشلىق دۇنياغا سەپەر قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. ئابدەملەرنىڭ بىردىنبىر قولغا چىققۇدەك مۈلكى— رېزىنكە چاقلىق هارۋا بىلەن ئېشەكنىڭ پۇلىمۇ ئۇنىڭ ئۆمرىنى بىر كۈنمۇ ئۇزارتالمىدى.

بىراق، ھەممە بولغۇلۇق ئابدەمگە بولدى: ئۇ يىغلىدى، قاقشىدى، ھىجران ئوتىدا يۈرىكى ئۆرتىنىپ، نەچچە قېتىم هوشىدىن كېتىپ، نەچچە قېتىم هوشىغا كەلدى. ئاق كۆڭۈل قوشنا ئايالىلارنىڭ تەسەللىسى، شەۋكەت بىلەن رەيھانىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۇنى كۆز يېشىنى سۈرتۈشكە، سەۋر - تاقەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ يۈرىكىگە «تاش سېلىۋېلىپ»، لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى - دە، ئۆزىنى يېڭباشتىن تۇرمۇشنىڭ قىيانلىق دەرياسىغا ئاتتى...... ئەمدى ئۇ تېخىمۇ كەم سۆزلەن، تېخىمۇ ئىشچان بولۇپ كەتتى. دۈمباك نەگە بۇيرۇسا، ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۇچاتتى؛ قانداق ئىش تاپشۇرسا، گۈلنى گۈلگە كەلتۈرەتتى. چىلىلىنىڭ جۇت - شىۋىرغانلىرى، سەرەتاننىڭ پېژغىرىم ئىسسىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن هېچنېمە ئەمەس ئىدى. ئۇ

ئىشلەيتتى، ئىشلەيتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەيتتى. ئىشلىگەنسېرى ئالەمنىڭ هەممە خۇشلۇق - خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى خىيلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك سېزەتتى. ئابدەم ئۆزىدىن بۆلەك هېچقانداق يۆلەنچۈكى بولمىغان ئىككى نارەسىدىنى رىزىق-نېسىۋىسىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، بارلىق كۈچى، ئەقىل - ئىدراكى، ئىسسىق تەرىنى كەتمەنگە، ئورغاققا، قاپ - تاغارغا سەرپ قىلماقتا ئىدى!

تومۇز. ئورمىچىلارنىڭ بېشى ئۈستىدىلا هارۋىنىڭ چاقىدەك ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش ئەتراپنى تونۇردەك قىزىتماقتا. شامالدىن ئەسەرمۇ يوق. ئابدەم ئايرىم بىر ئېتىزدا تەرلەپ - تەپچىرەپ ئورما ئورۇماقتا. ئۇ ئاق خەسە كۆڭلەك ئۈستىدىن قېيىنئانىسىنىڭ قارا كاجى كەمزۇلىنى كىيىپ، بېلىنى كونا روملىدا مەھكەم باغلاپ، زىغىر رەڭ تور رومال بىلەن يۈزى ۋە ئېڭىكىنى قوشۇپ تېڭىۋالغىنى ئۈچۈن، بۇرنى بىلەن كۆزلىرىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ بۇغداي پايىسىنى مەھكەم قاماپ تۇتۇپ، يوغان ئورغاقنى زەرب بىلەن ئۇرغىنىچە شۇنداق شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيتتىكى، ئادەتتە ئەرلەرمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. ئاياللار بولسا كۇسۇلدىشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە سۆزلىشەتتى:

— جېنىغا باقماي، نېمانچە كۈچەيدىغاندۇ؟

— كۈچىمىسە، دۈيجاڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىلى تۇرار هېلى......

— تىللىغۇسى كەلسە، ئۇ نائەهلى هەر باب بىلەن تىللاۋېرىدۇ!

— شۇنى دەڭە، رەناخان، ئابدەم بۇ يەرگە كەلگەنىنىڭ مابەينىدە، ئېرى بىلەن قېيىنئانىسىدىن ئايرىلدى. ئوغلىمۇ گۆرنىڭ ئاغزىدىن ياندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بارلىق ئەسىل - ۋەسلىدىن ئايرىلىپ، بىر پارچە ئەسكى كىگىز بىلەنلا قالدى. بۆلەك خوتۇن

بولىدىغان بولسا......

— توغرا ئېيتتىڭىز. دېمىسىمۇ، بىچارە بەكمۇ شۇدى بار ئايال ئىكەن. شۇنچە دەرد - ئەلەمگە چىداپ، يەنە ئۆزە يورۇۋاتىدۇ.

— خەۋىرىڭلار بارمىكىن؟ ئۆيىدە يەيدىغان نەرسە قالمىغىنىغا ئۈچ كۈن بوپتۇ، بۈگۈن ئەتىگەن قىزى نانىنىڭ خەقىشىنى قىلىپ يىغلىغانىدى، بىچارە ئۇنى پەس قىلالماي ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتتى. ئاخىر مىڭ بالالىقتا بۈگۈنچە ئۈجمە يەپ تۇرۇشقا كۆندۈردى.

— بۇ گەپچە، ئۆزىمۇ ناشتىسىز ئىكەن - دە؟

— ئۇنى ئۇقمىدىم. بالىنىڭ دادىسى هويلىدا هارۋا قېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۆيگە كىرىپ: «خوتۇن، بولۇڭلار، نېنىڭلىدىن بەش - ئالتىنى ئېلىپ، ئابدەمگە ئاچىقىپ بېرىڭلار» دېدى، مەن هەيران بولۇپ: «نېمىشقا؟» دەپ سورىسام، هويلىدا ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئىچىم ئاغرىغىنىدىن، ئۆيدە بار نانىنىڭ هەممىسىنى بەش جىڭ كەلگۈدەك ئۇن بىلەن قوشۇپ داستىخانغا ئوراپ ئاچىقىپ بەردىم. بىچارە خوتۇن بوينۇمغا ئېسىلىپ، شۇنداق قاتتىق يىغلاپ كەتتىكى، ئۆيۈمگە قانداق قايتىپ چىققانلىقىمنىمۇ بىلمەي قالدىم.

— ئەجەب ئوبدان قىپسىز، مۆھتىرەمخان! بالدۇرراق ئۇققان بولسام، مەنمۇ قاراپ تۇرمايدىكەنمەن.

— هېلىمۇ كەچ ئەمەس، «كۆپ تۆكۈرسە كۆل تولار» دېگەن گەپ بار، هەربىرىمىز تۆت - بەش جىڭدىن ئاشلىق ياردەم قىلساق يازلىق دارامەت تەقسىماتىغىچە كۈنەكەپ تۇرار.

......

ئانىسىنىڭ ئوتتۇز قەدەمچە كەينىدە تىمىسقىلاپ باغ باغلاۋاتقان شەۋكەت بۇ ئاق كۆڭۈل ئايالLARنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىدا، كۆڭلىدە: «ئۇلارنىڭ يىغىنلاردا ئانامنى ‹ئاقچى - كۆكچى› دەپ تىللاپ

قويۇشـلىرى نـۇر دۆيجاڭنىـڭ تـىل - تايىقـىدىن قورققـانلىقتىن ئىـكەن.......» دەپ ئويلىـدى. رەيھـان جىگـدىنىڭ سايىـسىدە ئۇخلاۋاتاتتى.

— ئاۋۇ كېلىۋاتقانلار كىم؟

ئـايۇپ ئاكىنىـڭ خوتـۇنى رەناخاننىـڭ ئەنـسىز ئـاۋازى كۆپچىلىكنى سۆزىنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئەللىـك قەدەمـچە نېرىـدىكى هـارۋا يولىـدا ئىككـى كىـشى كېلىۋاتـاتتى. ئـۇلار يېقىـنلاپ كەلگەنـدە، مۆھتىرەمخـان ئۇلارنىـڭ بىرىنى تونۇدى:

— بىرى سۇلايمان پەيجاڭغۇ.

— يەنە بىرىچۇ؟

— كىم بولاتتى، سۇلايمانغا ئوخشاش قۇلاق كەستىدۇ؟

— ئۇچىسىدا ساقچى كىيىمى تۇرامدۇ نېمە؟

— يەنە بىر كىمنى قولغا ئالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئو-ۋۇش...... نـېمە ئـىش قىلـسا قىلمامـدۇ! ئـىشىمىزنى قىلايلىيا!......

ئاياللار گېپىنى توختىتىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

سۇلايمان بىلەن كېلىۋاتقان كىشى ئوتتۇرا بوي بولۇپ، ئورۇق بولغاچقـا، كىيىمـى ئـۆزىگە ئـانچە ياراشـمىغانىدى. تـۈگمىلىرىنى ياقىـسىغىچە ئېتىـشى، گەۋدىـسىنى تىـك تۇتـۇپ مېڭىـشى، چېلىققـانلىكى نەرسـىگە دىققەت بىـلەن سەپسېلىـشىدىن ئۇنىـڭ خېلىلا پىشقان، تەجرىبىلىك ساقچى ئىكەنلىكىنـى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى.

ئىككىـيلەن ئابـىدەم ئورمـا ئورۇۋاتقـان يەرگە يېقىـنلاپ كەلگەنـدە، ھېلىقـى سـاقچى ئۇشـتۇمتۇت توختـاپ، سـۇلايماندىن سورىدى:

— بۇ ئايال نېمىشقا باشقىلارغا قوشۇلماي، ئۆزى يـالغۇز ئورمـا

ئوردۇ؟

— ماۋۇ خوتۇننى دەمسىز؟— سۇلايمان بېشى بىلەن ئابىدەمنى ئىشارەت قىلدى،— بەش خىل ئۇنسۇر. شۇڭا ئۇنى ئەزالارغا قاتمايمىز.

— ھە، مۇنداق دەڭ...... قايسى خىلدىكى ئۇنسۇر؟

— بۇزۇق ئۇنسۇر، ئۇنىڭ ئېرىنى سىزمۇ بىلىسىز، ھېلىقى ۋارىس بەگنىڭ خىزمەتكارى سىدىق ئاكىنىڭ ئوغلى بۇغرا بارغۇ......

سۇلايمان بۇغراجان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. سۆزىنىڭ ئاخىردا:

— بۇ خوتۇن ھازىر سىدىقكاملارغا ۋارىس پومدىن مېۋە تەگكەن ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ،— دەپ قوشۇپ قويدى.

ساقچى قايتا سوئالمۇ سورىمىدى، چىرايىدا بىرەر ئۆزگىرىشمۇ بولمىدى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر ھارۋا يولىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان بىر يېرىم مېتىر كەڭلىكتىكى ئۆستەڭدىن چەبدەسلىك بىلەن سەكرەپ ئۆتتى، سۇلايمان ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر سورىماقچى بولدى-يۇ، سوراشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ساقچى نەچچە قەدەم ئۇزاپ كەتكەندى. سۇلايمانمۇ ئۆستەڭدىن ئاتلىدى.

ئىككىيلەن ئەمدى ئابىدەم ئورما ئورۇۋاتقان بۇغدايلىقتا ئىدى.

ساقچى ئابىدەمنىڭ يېنىدا نەچچە سېكۇنتلا توختاپ ئۇنىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە بىرقۇر سەپسېلىپ چىقتى. ئابىدەمنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن غىل - پاللا ئۇچراشقاندا، ۋۇجۇدىنى سۇر بېسىپ، ھەممە يېرىدىن «شۇررىدە» تەر قۇيۇلدى. ئورغاق تۇتقان قولىمۇ كالۋالىشىپ، ئورغىنى مۆلچەرلىگەن يەرگە تەگمەي، پۇتىنى كېسىۋالغىلى تاس قالدى، لېكىن چاندۇرمىدى. شۇ ئەسنادا سۇلايمان كېلىپ، ئابىدەمگە دوق قىلدى:

— پاكىز ئور جومۇ! قارا ماۋۇ ئېگىزنىڭ ئېگىزلىكىنى، بىر غېرىچ كېلىدۇ...... مۇنداق ئوردىغان بولساڭ، ھازىرلا ئەزالارنى

يىغىپ تەنقىد قىلىمىزا...... نۇر دېگەن بىرنېمە مۇشۇنداق نازارەت قىلالمدىغاندۇ؟!

سۇلايمان يەنە نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىغىلى تۇرغانىدى، ساقچىنىڭ تەرى تۇرۇلۇپ، بىر سۇلايمانغا، بىر ئابدەمگە غەلىتە بىر نەزەردە تىكىلدى - دە، ئىتتىك بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. سۇلايمان شاپاشلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچتى.

«ئەي، كەرىمى كەڭ، قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا،— دەپ خىتاب قىلدى ئابدەم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇلارغا تىكىلگىنىچە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، باشقا ئورمىچىلارمۇ ئىشلىرىنى توختىتىپ، ئابدەمنىڭ بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان يېگى كۆلپەتنى قىياسەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشماقتا ئىدى،— ئىككى يېتىم نارەسىدىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، مەن غېرىب - مىسكىن قۇلۇڭنى قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلىغايسەن......»



# سەككىزىنچى باب

## سىرلىق كېچىلەر

باش كۈز.

كۈز پەسلى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ سېخى، ئەڭ مەمۇرچىلىق، مەنىگە ئەڭ باي پەسلى. ئادەتتە كۈز كېچىسى تولىمۇ گۈزەل بولىدۇ، بۇ كېچىلەر مەيىن غۇر - غۇر شامىلى بىلەن يوپۇرماقلارنى ... ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ھەر تۈپ دەرەخنىڭ دالدىسى ۋە كىچىككىنە خالىي جايمۇ ئاشىق - مەشۇقلار ئۈچۈن شاھىنشاھلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن سەلتەنەتلىك قەسىرلىرى، باغىئىرەملىرىدىن گۈزەل ۋە ئەلا بىلىنىدۇ. ئۇلار مۇشۇ گۈزەللىك ئىچىدە بىر - بىرىگە يېقىن ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە چىن يۈرەك سۆزلىرىنى بىر - بىرىگە بايان قىلىشىدۇ. يۈرەكلىرى ھاياجاندىن ئەنسىز تېپچەكلەپ، ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانىدۇ، قانلىرى تومۇرىدا ئۇرغۇپ، چىرايلىرىغا قىزىللىق تەپچىيدۇ. ئىنتىلىش ۋە قورۇنۇش ئىچىدە، بىر - بىرىنىڭ يۇمران، غۇبارسىز لەۋلىرىدىن ۋىسال شارابى ئىچىشىدۇ. بىر - بىرى بىلەن مەڭگۈلۈك ھالال جۈپ بولۇشنى ئەھدۇپەيمان قىلىشىدۇ......

بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن دەل بۈگۈنكىدەك گۈزەل ئايدىڭ كۈز كېچىسى ئابدەم مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئۆستەڭ

بويىدىكى باراقسان سۆگەتلەر ئاستىدا تۇنجى قېتىم بۇغراجان بىلەن يوشۇرۇن ئۇچراشقان؛ سۈپسۈزۈك ئاسمان دېڭىزىدا ئالتۇن قولۋاقتەك لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن ھىلال ئاي بىلەن سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ گۇۋاھچىلىقىدا، بۇغراجاننىڭ كۆڭۈل ئىزھارىغا ھەم يۈزى تۆۋەن سەھرا قىزلىرىغا خاس تارتىنچاقلىق، ھەم چەكسىز ھاياجان، ئۈمىد، خۇشاللىق ئىچىدە مايىللىق بىلدۈرگەنىدى.

بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن دەل بۈگۈنكىدەك گۈزەل ئايدىڭ كۈز كېچىسى ئابىدەم بىلەن بۇغراجان خۇشال - خۇرام بىر ياستۇققا باش قويۇپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەنىدى!

بۇنىڭدىن ئون بىر يىل بۇرۇن دەل بۈگۈنكىدەك گۈزەل ئايدىڭ كۈز كېچىسى، ئابىدەم ئەڭ ئازابلىق، ياق! ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ ئۇلۇغ بىر كېچىنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ۋەسۋەسە، دېلىغۇللۇق، تولۇپ تاشقان ئارزۇ - ئۈمىد بىلەن كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئائىلىسىنى، جۈملىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بىر يېڭى ھايات ئىگىسى بىلەن تولدۇردى. بۇ يېڭى ھايات ئىگىسى شەۋكەت ئىدى. «ئاتا» بولغىنىغا خۇشاللانغىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان بۇغراجان ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى.

رەيھانمۇ كۈز كېچىسى ئالەمگە كۆز ئاچتى. بۇ بۇغراجان قولغا ئېلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى بولغان ئىش ئىدى. بۇ چاغدا، بۇغراجانمۇ، مەغپىرەتخان ئاچىمۇ ئابىدەمنىڭ قېشىدا يوق ئىدى، ئۇ، رەيھاننى باغرىغا تېڭىپ، پۈتۈن كېچىنى كۆز يېشى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، زادى قايسى بىر كېچىنى ياش تۆكمەي ئۆتكۈزگىنىنى تەڭرىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ!

بۈگۈنمۇ كۈز كېچىسى. تۈن يېرىمدىن ئاشقان. تۈگۈلۈكتىن چۈشكەن ئاي شولىسى ئۆينىڭ چاپاننىڭ پېشچىلىك يېرىنى

يورۇتـۇپ تۇرۇپتـۇ. شـەۋكەت بىـلەن رەيھـان شـېرىن ئۇيقـۇدا. ئابىدەمنىڭ ياش بىلەن تولغان كۆزلىرى تۈگۈلۈككە تىكىلگەن. ئۇ يەر - بۇيەرگە چېچىلىپ كەتكەن يۇلتۇزلار گويا ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقانـدەك تىنىمسىز كۆلۈمسىرەيتتى. بىلىـنەر - بىلىـنمەس چىقىۋاتقان مەيىن شامال بەرگىدىن ئايرىلغان بىـر تـال يوپۇرماقنى تۈگۈلۈكتىن ئۆيگە تاشلىدى. ئابىـدەم ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قـاتتىق بىـر ئۇلـۇغ - كىچىـك تىنـدى - دە، ئاسـتا بىـر يېنىغا ئۆرۈلدى. شەۋكەت نېمىلەرنىـدۇر دەپ جۆيلىدى. رەيھان ئابىـدەمگە تېخىمـۇ مەھكەم چاپلاشتى. ئابىدەم ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنـى سىلاشـقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئـادەم ئـۇرۇپ - سوقۇشـتىكى رەھىمسىزلىكى بىلەن پۈتۈن قاراقۇم تەۋەسىدە «سۇلايمان چوماق» دەپ نـام ئالغـان سـۇلايماننىڭ كۆرۈمسىز ئەپتـى نامايـان بولـدى. «ئۇنىـڭ گەپلىـرى راسـتمىدۇ؟— دېـدى ئابىـدەم ئىچىـدە پىچىرلاپ،— تېخى ئايۇپكامنى شېپى كەلتۈرۈۋاتقىنىنى...... يا ئۇ بىر باھانە تېپىپ، ئايۇپكامنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچىمۇ؟»

ئابىدەم خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ھازىر ئابىدەمـدە ھەرقانـداق بىـرەر ئـوي - پىكىرنـى بىـر باشـقا ئېلىـپ چىقالىغۇدەك مادارمۇ، ھوش - كاللىمۇ يوق ئىدى. بىرى، تۈنۈگۈن ئاخشام، ئوسمان «بۇزۇق ئۇنـسۇر ئابىـدەم بىـلەن ئېغىـز - بـۇرۇن يالاشـقان» رەناخـان قاتـارلىق ئـون نەچـچە ئايـالنى تەنقىـدلەش يىغىنـى ئـاچتى؛ يەنە بىـرى، بۇنىڭـدىن بىـر سـائەتچە ئىلگىـرى، سـۇلايمان ئۇشـتۇمتۇت ئابىـدەمنىڭ بوسۇغىـسىدا پەيـدا بولـۇپ، ئۇنىڭغا ئاجايىـپ خەيرخـاھلىق كۆرسـەتتى. كۆنىبويى شـال ئـورۇپ «ئۇھ» دېگۈدەك ھالى قالمىغان ئابىدىم باشقا «ئۇنسۇر»لار قاتارى بىر كىشىلىك قوشۇمچە چامنى① تۈگىتىپ ئۆيگە يېتىپ كەلگەنـدە،

---

① چام — نورما، ۋەزىپە.

ئاللىقاچان ئەلىياتقۇ بولۇپ قالغانىدى. رەيھان بىلەن شەۋكەت كۈندىكى ئادىتى بويىچە «پىلەك ئۈزىتىپ، سويما سىلىپ» تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئابىدەم ئۇلارنىڭ يوتقان - كۆرپىسىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئوبدان چۈمكەپ قويىدى - دە، ئەتە ئەتىگەنلىك ئۇماچنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا تۇتۇندى: ئىككى باش چامغۇر ئادالاپ يۇدى، توغرىدى. ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئالدى، قازانغا سۇ قۇيۇپ ئوچاققا ئاستى، بىر قۇچاق شاخ - شۇمبىمۇ ھازىرلاپ قويدى. ئاندىن جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ شەۋكەتنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى يامىدى. ھەممە ئىشتىن بىكار بولۇپ، ئەمدىلا چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىرىشكە، ئۆگزىدىن «غىرىس - غىرىس» قىلغان ئاۋاز كەلدى.

«مۇشۇكمىدۇ.......!»

ئابىدەمنىڭ خىيالى تېخى ئۈزۈلمەستىن، ئاۋاز بارغانسىرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ كىمنىڭدۇر ئاستا، شۇنداقلا يەڭگىل باسقان ئاياغ تىۋىشى ئىدى. «دىكتاتۇرا دۆيى يەنە كەپتۇ - دە!» دېدى ئابىدەم ئىچىدە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سوغ بېسىپ، كۆڭلىنى ئەنسىزلىك چۇلغىدى، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك، تىنىقىنى سىرتقا چىقىرىشقىمۇ قورقى يەتمىدى. كېيىن، بىردىن ئېسىنى يىغىپ، يېنىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يىگى پىشكەللىككە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكىنى غىل - پاللا كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى - دە، يۈرىكى تاشتەك قاتتى. كۆڭلىدە قورقۇش، غەم - ئەندىشە دېگەن نەرسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدىن بۇيان، دەسلەپ «قىزىل قوغدىغۇچى»لار، كېيىنچە «دىكتاتۇرا دۆيى»نىڭ ئەزالىرى پات - پات كېچىلىرى ئۇلارنىڭ ئۆگزىسىدە پايلاقچىلىق قىلاتتى - دە، نەچچە ئېغىز تىللاپ قويۇپ چىقىپ كېتىشەتتى. بۇنداق ئىشلار تەكرارلىنىۋەرگەنسېرى، ئابىدەمگە تىلمۇ، تاياقمۇ ئۆتمەيدىغان

بولۇپ قالغانىدى.

ئىشىك تىرىقلىدى. قىزىق ئىش، بۇ قېتىمقى تىرىقلاش ئىلگىرىكى قانچە ـ قانچە قېتىملىق ھەيۋەتلىك تاراقلاشلارغا زادى ئوخشىمايتتى.

ئابدەم ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ـ دە:

ــ كىم؟ــ دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

ــ مەن، ئىشىكنى ئېچىڭ، ئابدەم! ــ پەس ئاۋازدا مۇراجىئەت قىلدى تونۇش ياكى تونۇش ئەمەسلىكىنى ئاۋازىدىن بىلىپ بولمايدىغان بىر كىشى.

ئابدەم بىردەم شۈك تۇرغاندىن كېيىن، ياندۇرۇپ سورىدى:

ــ كىم؟ نېمە دەيسىز؟

ــ مەن سۇلايمان......

بۇ ئىسمنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئابدەمنىڭ تېنى «جۇغغىدە» قىلىپ، چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلىدى. ئۇ ئالدىراش كىيىنىپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ مورا بېشىدىكى جىنچىراغنى ياقتى ۋە ئۇنى كۆتۈرگىنىچە دەھلىزگە چىقىپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئاچتى ـ يۇ، ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىدىن ياغاچتەك قېتىپلا قالدى. بىر كۆزى يەلكىسىگە مىلتىق ئېسىۋالغان سۇلايماندا، يەنە بىر كۆزى ئۇدۇلدىكى تامغا يۆلەكلىك تۇرغان ئۆتكۈر كەكىدە ئىدى!

«بۇ لۈكچەك...... ــ بۇ ئۆيگە دائىم ھەمشىرىكلىرى بىلەن بىللە كېلىدىغان سۇلايماننىڭ بوگۇن ئۆزى يالغۇز كەلگىنىدىن غەلىتە مەنە چىقىرىپ ئۈلگۈرگەن ئابدەم كۆڭلىدە ئۇنى بىرمۇنچە قارغىدى ۋە ئۆزىگە كەسكىن خىتاب قىلدى،ــ سەن زېدى پەس لۈكچەككە بوزەك بولغان جىنىمنى!»

ئابدەم ئەنە شۇنداق خىياللار قۇچىقىدا ئۆزۈۋاتقاندا، سۇلايمان ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى

بولغانــدەك، غەلــتە كۆلۈمــسىرىگىنىچە پــۈتلىرىنى بوســۇغىدىن ئىچكىرىگە ئالغانــدى، ئابــدەمنىڭ ۋۇجــۇدى تىپىمــۇ شــۈركۈنۈپ، ئىككــى قەدەم كەيــنىگە داجىــدى، ئــوت بولــۇپ يانغــان كــۆزلىرى ســۇلايماننىڭ ھەربىــر ھەرىكىتىنــى ئىنتــايىن ھوشــيارلىق بىــلەن كۆزەتمەكتە ئىدى.

سۇلايمان ئىشىكنى مەھكەم يېپىپ، ئىشىككە يۆلەنگىنىچە:

ـــ ئابــدەم...... ـــ دېــدى - يــۇ، گېلىغــا بىرنەرســە قاپلىشىپ قالغانــدەك ئــۈنى ئىچىــگە چۈشۈپ كەتتــى. چىرايــدىكى كۈلكە ئورنىنى چۈشىنىپ بولمايدىغان بىرنەرسە ئىگىلىدى. ئۇنــىڭ تۇرقى شــۇنداق بىچارە، شــۇنداق چۈشكۈن ئىــدىكى، ئابــدەم بــۇ يەرگە كەلگەنــدىن بۇيــان ھەركــۈنى نەچچە ۋاق كــۆرۈپ تۇرغــان، رەڭگىروينىــڭ كۆرۈمســىزلىكىدىنلا ئەمەس، ھەددىــدىن زىيــادە رەھىمسىزلىكى بىلەن ھەممە كىشىنى سەسكەندۈرگەن سۇلايمانغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئورما كۈنلىرىنىڭ بىرىــدە، سۇلايمان ھېلىقى ساقچى بىــلەن بىللە ئابــدەم ئورما ئورۇۋاتقان ئېتىزلىققا كېلىــپ كەتكەنـــدىن ئېتىبــارەن ئۇنىڭغــا بۇرۇنقىـــدەك قــاتتىق زۇلــۇم سالمايدىغان، ھەتتــا ئــۆزىنى ئۇنىڭــدىن يىــراق تۇتىــدىغان بولــۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈنــدۇر «دىكتاتۇرا دۇيى»مۇ كېچىلىرى ئابدەمنىڭ ئــۆيىگە باســتۇرۇپ كىرىــپ، خالىغــانچە پاراكەنــدە قىلمايــدىغان بولدى.

ئېھتىمــال، بۇمــۇ ســۇلايماننىڭ مەلــۇم غەرەز بىــلەن قىلغــان ئىشىدۇ؟

ھەرقــانچە بىــزەڭ، ھەرقــانچە تــاش يــۈرەك ئەركىشىمۇ بىــرەر ئايال توغرۇلۇق چوت سوقتىمۇ، بولدى، ئۇ ئاشــۇ ئايالنىــڭ ئالدىــدا پىــلە قۇرۇتىــدەك يۇمشاپ، تولىمــۇ بىچــارە قىيــاپەتكە كىرىۋالىــدۇ، ھەتتــا ئۇنىــڭ مەيلىنــى تــارتىش ئۈچــۈن قولىــدىن كېلىــدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ، قولىــدىن كەلمەيــدىغان ئىشلارنىمۇ

قىلىپ بىرىشكە ۋەدە قىلىدۇ، ۋەدىسى ئىشقا ئاشمىغان چاغلاردا ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىدۇ، يېلىنىدۇ - يالۋۇرىدۇ، ئاندىن......

ئېھتىمال، ھازىر سۇلايمان گەپنى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئازار بەرمەيدىغان بولغانلىقىدىن باشلاپ، «ئىشقىڭىزدا كۆيىدۇم - پىشتىم.......» دېگەن جۈملىلەر بىلەن تۈگىتەر. ئۇمۇ ئاقمىسا، مىلتىقنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تەڭلەپ......

ياق، سۇلايمان بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمىدى.

— ئابىدەم، — دېدى ئۇ، بىرھازا جىملىقتىن كېيىن ئۆزگە يات تىترەك ئاۋازدا، — ئۆتكەن ھەپتە داۋىيدە بۇنىڭدىن كېيىن سىنىپىي كۈرەشنى قانداق تۇتۇش توغرۇلۇق يىغىن ئاچقاندۇق.......

سۇلايماننىڭ ئېيتىشىچە، يىغىندا ئوسمان بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېلىپ، يېقىندىن بۇيان بەزى داۋىي، ئىشلەپچىقىرىش دۈيى كادىرلىرى كۆزلۈك يىغىم - تېرىم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ تارىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقى، نەتىجىدە ئابىدەم قاتارلىق سىنىپىي دۈشمەنلەرگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار، ھەتتا ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇلارغا ياردەم قولىنى سوزغۇچىلارنىڭ كۆنىدىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقى ئۈستىدە بىرھازا توختالغان، ئاندىن يات ئارىدا «بەش خىل ئۇنسۇر»لار بىلەن گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى يېگىباشتىن رەتكە تۇرغۇزۇپ، نۆۋەت بىلەن «ئۆگىنىش كۇرسى»غا كىرگۈزۈش، «كۇرس» ئاخىرلاشقاندا، ئەر - ئايال دەپ ئايرىماستىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۇ قۇرۇلۇش ئورنىغا ئاپىرىپ، تاكى كېلەر يىل ئەتىيازغىچە قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئىشلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاخىردا، ئوسماننىڭ تەشەببۇسى يىغىننىڭ قارارى سۈپىتىدە ماقۇللانغان.......

سۇلايماننىڭ كېچىلىك چارلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ،

ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسىتى، بىرىنچىدىن ئابدەمنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇش؛ ئىككىنچىدىن ئۇنى بۇ يەردىن كېتىشكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئىكەن.

ئابدەم ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟! ئۇ يا ئاغزىنى، يا كۆزىنى مىت قىلمىدى. ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغىنى تۇرغاندى.

— مەن بۇ يەرگە ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلگەنىدىم، — دېدى سۇلايمان ئاخىر جىملىقنى بۇزۇپ، — كۆڭلىڭىزگە كىرىپ چىقسام، ماڭا ئىشەنمەيۋاتقان ئوخشايسىز. مەيلى، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن خاپا بولمايمەن. چۈنكى مەن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە، ئادەم ئۇرۇپ - تىللاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قارا يۈرەك لۈكچەك...... — ئۇ سەل توختاپ قوشۇپ قويدى، — بۇ ئىشتا مەن ئايۇپكامنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغان. ماڭا ئىشەنمىسىڭىز، ئۇنىڭدىن سوراپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ......

سۇلايمان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئابدەمگە تېزرەك بىر قارارغا كېلىشنى تاپىلىدى - دە، قانداق ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق ئۇشتۇمتۇت غايىب بولدى.

ئابدەم قاتتىق بىر «ئۇھ» تارتىۋېلىپ، ئىشكنى «جالاققىدە» يېپىتى - دە، زەنجىرلىدى. چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىردى. كۆزىنى شۇنداق يۇمۇشىغا، سۇلايماننىڭ باياتىنقى گەپلىرى قۇلىقىدا تەكرار جاراڭلاشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ، سۇلايمان دەپ كەلگەن گەپلەرنىڭ راستلىقىدىن ئابدەم قىلچە گۇمانلانمايتتى. ئوسماننىڭ بىر جۈملە سۆزى پۈتۈن دادۇي ئۈچۈن بىر قانۇن ئىدى. مەيلى ئۇلۇك قىلسۇن، مەيلى تەتۈر قىلسۇن، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق جاننىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى.

كىمدىكىم ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن يا ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتى بۇرنىدىن تامغۇدەك تىل-تاياق ئاستىغا ئېلىناتتى، يا يىللاپ - يىللاپ سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدىن كېلەلمەيتتى. باشقىلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئايۇپ ئاكىنىلا ئالساق، ئۇ بۇغراجاننىڭ جەستىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە ئوسمان بىلەن تاكاللىشىپ قالغىنى ئۈچۈن، «سۇ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ» دېگەن نام بىلەن تاغقا ئەۋەتىلگەنىدى، تاكى بۈگۈنگىچە قايتىپ كېلەلمىدى. ئەمما، ھەر خىل يوللار بىلەن ئابىدەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. سۈلايمانچۇ؟ ئۇ ئوسماننىڭ ئەڭ سادىق چاپارمەنلىرىدىن ئىدى.

ئەمىسە، ئۇنىڭ قانداق بولۇپ ئابىدەمگە «شەپقەت» قىلغۇسى كېلىپ قالدى؟ قانداق بولۇپ ئايۇپ ئاكىنى بۇنداق چوڭ تەۋەككۈلچىلىكنىڭ تەشەببۇسچىسى سۈپىتىدە تىلغا ئالدى؟ توغرا، بۇنىڭدىن يەتتە - سەككىز ئاي ئىلگىرى، ئايۇپ ئاكا بىر ئىشنى باھانە قىلىپ سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدىن كېلىپ، كېسەل ياتقان شەۋكەتنى يوقلىدى. ئۇ ئۇزۇن قىش كېچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شەۋكەت بىلەن رەيھان خۇددى بۈگۈنكىدەك تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن چاغ ئىدى. ئىككىيلەن ئۇزۇن مۇڭداشتى. ئابىدەم يۈرىكىدە يىغىلىپ قالغان ھەسرەت - پىغانلىرىنى پۇخادىن چىققۇدەك تۆكۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش نىيىتى بارلىقىنىمۇ ئېيتتى. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئايۇپ ئاكا بىئارام بولۇۋاتقاندەك قىمىرلاپ قويۇپ، ئابىدەمگە سىناق نەزىرىدە تىكىلگىنىچە سورىدى:

— قېچىپ نەگە بارماقچىسىز؟

— ......

ئابىدەم نەگە بېرىشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مۇشۇ دوزاختىن چىقسىلا كېتىۋالسا، بىپايان ئالەمنىڭ قەيەرىگىلا

بارمىسۇن، بىر چىشلەم نان تېپىپ يېگىلى بولاتتى. ئابىدەم شەھەر كوچىلىرىدا چۆچۈرىدەك ئۇششاق بالىلىرىنىڭ بىرىنى يېتىلەپ، بىرىنى كۆتۈرۈپ، بىرىنى كەينىگە سېلىپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن ئاياللارنى خېلى كۆپ ئۇچراتقان. كىشىلەر ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى، شەپقەت قولىنى سۇناتتى. ھېچكىممۇ ئازار بەرمەيتتى. بۇ يەردىچۇ؟ ئوسمان قاتارلىق نەچچە كىشى ئابىدەمگە بىردەممۇ ئارامچىلىق بەرمەيتتى. كۆپىنچە، ئۈچ ۋاق تاماق ئورنىغا تىل - دەشنەم يەيتتى. ئابىدەملا ئەمەس، ئەقەللىيسى، ئابىدەمگە ياردەملىشىپ تاغار يۈدكۈزۈپ قويغان، ئېغىرىنى يېنىك، يىرىقىنى يېقىن قىلىشىپ بەرگەن ياكى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇ يەر - بۇ يەردە تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان كىشىلەرمۇ ئوسماندىن تېگىشلىك «نېسۋە»سىنى يېمەي قالمايتتى. ئابىدەم ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغانلار قانچە كۆپەيگەنسېرى شۇنچە ئوڭايسىزلىناتتى. ئۆزى بىر ياندا قېلىپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلارغا ئازار بېرىلسە، ئابىدەم ئۆزىنى ئەيىبلىك سانايتتى. ئۇلار ئۇچۇن ياش تۆكەتتى، مۇڭلىناتتى...... ئابىدەم ئويلىنا، ئويلىنا، ئاخىر، ئۇلارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ بۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇش يولىنى تاپتى، يەنى بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئەمما، بۇ نىيىتىنى ئايۇپ ئاكىدىن سىر تۇتۇشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

ئابىدەم يەرگە قارىغىنىچە ئۇنچىقمىدى.

— سىڭلىم، — دېدى ئايۇپ ئاكا ئاتىلارچە مېھرىبان، شۇنداقلا تەلەپچان ئاۋازدا، — ھازىر قاراملىق قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئويلىنىپ بېقىڭە، مۇشۇنداق قىشتا ئىككى بالىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يەردىن كەتسىڭىز، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىسىز؟ — ئۇ نېمىندۇر ئېسىگە ئالماقچى بولغاندەك، بىرپەس جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. يارىشىملىق ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن

تاردى ۋە گەپنىڭ تېمىسىنى بىراقلا باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى، — مەن تىڭتىڭلاپ كۆردۈم...... ئوسماننىڭ سىز بىلەن بۇنچە بەك ئېيتىشىشى ئۇنىڭ سىلەرنىڭ زاۋۇتتىكى بەزى ھەمشىرىكلىرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ، — ئابدەم «ئوسماننىڭ زاۋۇتتىكى ھەمشىرىكى كىمدۇ؟......» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، — ھېلىمۇ شۇنچە يىل چىدىدىڭىز، يەنە بىر مەزگىل چىداڭ، «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بەختىڭىز بولسا، ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ قالار. ئەگەر مۇشۇنداقلا كېتىۋەرسە، مەن سىزنى ئۆز قولۇم بىلەن ئىشەنچلىك بىر يەرگە يولغا سېلىپ قويىمەن......

مانا شۇنىڭدىن بۇيان، ئايۇپ ئاكا سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدىن بىرەر قېتىممۇ كەلمىگەن تۇرسا، سۇلايمان قانداق قىلىپ ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالدى!

«يالغان! — دېدى ئابدەم ئىچىدە كەسكىن خىتاب قىلىپ، — بۇ لۈكچەك مېنى ئالداپ، ئايۇپكامنى قىلتاققا چۈشۈرمەكچى......»

......

ئابدەم «ماقۇل» ياكى «ياق» دېگەن جاۋابنى بەرمەستىن، ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ جەرياندا، سۇلايمان ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلمىگەن بولسىمۇ، ھەر خىل باھانىلەر بىلەن بەش قېتىم ئۇنىڭغا روبورو بولدى. لېكىن ئۇ نېمىلا دېمىسۇن، ئابدەم زادىلا ئۈنچىقمىدى. چىرايىنىمۇ ئاچمىدى. ئاخىرقى بىر قېتىمدا: «مەن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن...... ئەگەر يەنە بۇ گەپنى ئاغزىڭىزدىن چىقىرىدىغان بولسىڭىز، ئوسمان مۇدىرغا دەيمەن!......» دەپ پوپوزا قىلدى - دە، «شارتتىدە» بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئەمما ھايال ئۆتمەي، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان رەناخان ئۇنىڭ قولىقىغا ئاستا پىچىرلاپ: «سۇلايمان ئوبدان بالا، سىز ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ»

دېيىشىگە، يىراقتىن كىم بىلەندۇر گەپلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇسماننىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ سۆزنى توختىتىپ ئابدەمدىن يىراقلاشتى.

رەناخان بىلەن ئايۇپ ئاكا ئابدەملەرنىڭ باشپاناھى ئىدى! ئابدەم رەناخاننىڭ گېپىگە ئىشەنمىسە، كىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىدۇ؟!

ئەمدى ئابدەم سۇلايماننى بىھۇدە قارغاپ يۈرگىنىگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ، كۆڭلى بۇزۇلدى.

قاپقاراڭغۇ كېچە، سىرتتا ئىزغىرىن شامال، يىراقتىن نەغمە - ناۋا ئاۋازى كەلمەكتە. بۇ نەغمە - ناۋا ئۇسماننىڭ ھويلىسىدا بولۇۋاتىدۇ، يېقىندىلا ئۈچ بالىنىڭ ئانىسىنى مەجبۇرى ئەمرىدىن چىقىرىۋەتكەن ئۇسمان بۈگۈن ئون سەككىز ياشلىق بىر قىزنى نىكاھىغا ئالماقچى، ھازىر پۈتۈن دادۇينىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ھويلىسىغا يىغىلىپ كەيپ - ساپا سۈرۈشمەكتە، ئەكسىچە ئەتە سۇ قۇرۇلۇش ئورنىغا ماڭىدىغان «ئۇنسۇر»لارنىڭ ئۆيلىرىدە يىغا - زار...... ئابدەممۇ شۇلارنىڭ بىرى، باللار تاتلىق ئۇيقۇدا. ئابدەم جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا سەپەر ئەنجاملىرىنى تەييارلىماقتا: ئۇ چوڭراق بىر سومكىغا كىيىم - كېچەك، كىچىكرەكىگە ئون نەچچە زاغرىنى قاچىلاپ سېيرتمىسىنى ئەتتى - دە، كىيىم - كېچەكى بىلەنلا ياتقان شەۋكەتنى ئويغاتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، گويا چوڭ كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك جىددىي تەلەپپۇزدا بارلىق كۆڭۈل سىرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتتى. شەۋكەت ئۇنىڭ گەپلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، تاپشۇرۇقلىرىنى چوقۇم ئوبدان ئىشلەشكە ۋەدە بەردى.

— بالام، — دېدى ئابدەم ئۇنىڭغا تاپىلايدىغان گەپلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، — سەن ماڭغاچ تۇرغىن. مەن ئۇكاڭنى

ئېلىپ ھازىرلا كەينىگدىن يېتىمەن.

شەۋكەت كىچىك سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇن - تىنسىز ئۆيدىن چىقىپ، كەنتنىڭ ئايىغىدىكى جىگدىلىككە كىردى - دە، ئانىسىنى كۈتۈشكە باشلىدى، ھەر تال يوپۇرماقنىڭ شىلدىرلىشى، ھەربىر شەپە ئۇنىڭغا قانداقتۇر بالايىئاپەتتىن دېرەك بېرەتتى. يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ، پۇت - قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. شەۋكەت پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان قورقۇنچ ۋە ئەندىشىنى بېسىشقا تىرىشىپ، ئانىسى كېلىدىغان يولدىن كۆز ئۈزمەيتتى.

ئۇزۇن كۈتۈشكە توغرا كەلمىدى: ھارۋا يولىدا قاپقارا بىرنەرسىنىڭ ئالدىراش كېلىۋاتقىنى كۆرۈندى، شەۋكەت ئۇنىڭ رەيھانىنى يۇدۇپ، سومكىنى كۆتۈرۈۋالغان ئانىسى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتى. ئابىدەم تازا يېقىنلاپ كەلگەندە، شەۋكەت ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تال چالما تاشلىدى، ئابىدەم دەرھال توختاپ، ئەتراپقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈۋالدى - دە، تېز - تېز چامداپ جىگدىلىككە كىرىپ كەلدى ۋە شەۋكەتكە كەينىدىن مېڭىشنى ئىشارەت قىلىپ، جىگدىلىكنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يول ئالدى، شەۋكەت مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئاۋۋال غەربكە، ئاندىن جەنۇبقا، ئاخىرىدا شەرقكە قاراپ يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، ھەممە يېرى خوخا - يانتاقلار بىلەن قاپلانغان قەبرىستانلىققا يېتىپ كېلىشتى.

ئۇلار مەغپىرەتخان ئاچىنىڭ قەبرىسى يېنىغا كېلىپ توختىدى، دەل شۇ چاغدا، تاپانچا تۇتقان بىر ئادەم يەر ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا ئۇلارنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ قالدى. شەۋكەت قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئەمما، ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرھال ئۆزىنى تۇتتى.

— تازا ئوبدان ۋاقتىدا كەپسىز، — دېدى ھېلىقى كىشى

ئۇلارغا تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، — تاڭ سۈزۈلگۈچە دەريادىن بىمالال ئۆتۈۋالغىلى بولىدۇ.

شەۋكەت ئەمدى ئۇنىڭ سۇلايمان ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

سۇلايمان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ماۋۇ گۈگۈشى بىلەن ناھىيەنىڭ تونۇشتۇرۇش خەتلىرى، — سۇلايمان قانداقتۇر قەغەزلەرنى ئابدەمگە تۇتقۇزدى، — ئۇزىڭىزلا چاندۇرۇپ قويمىسىڭىز، شەھەرگە تىنچ - ئامان كىرىۋالالايسىز، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇدۇللا ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ، قالغان ئىشنى ئۇ ئۆزى توغرىلايدۇ.

— ماقۇل، — دېدى ئابدەم يىغلامسىراپ، — رەھمەت سىزگە.

— «رەھمەت» دېگۈدەك نېمە ئىش قىلدىم؟ — دېدى سۇلايمان بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ، — ھەر ئېھتىمالغا قارشى ماۋۇ پۇلنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى يولداشلار دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

— قايسى يولداشلار؟ — ئابدەم ھەيران بولۇپ سورىدى.

— قايسى يولداشلار بولاتتى؟ بىزنىڭ يولداشلار. بۇ چاغقىچە سىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ماڭا ئوخشاش ئەسكى دەپ قارالغان ئادەملەر.

ئابدەم ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي، خىرىلداپ يىغلاپ كەتتى، شەۋكەت پۈتۈن زېھنى بىلەن سۇلايمانغا تىكىلدى. بىراق، ئۇنىڭ ئاپئاق شاپاق دوپپىسى ۋە قولىدىكى تاپانچىسىدىن بۆلەك ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى.

سۇلايمان ئاسمانغا بىر قارىدى - دە، كۆچەپ ئىككى قېتىم يۆتەلدى. مەغرىپتىكى ئاچچىنىڭ قەبرىسىدىن تۆت قەبرە نېرىدا ئىككى كىشى پەيدا بولدى. شەۋكەت قورققىنىدىن ئابدەمگە چاپلاشتى. سۇلايمان: «قورقما، ئۆز ئاكىلىرىڭ» دەپ قويدى -

دە، ئابدەم بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىلارنى ئېلىپ، ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ يېنىغا كەتتى ۋە ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. ئۇلاردىن بىرى قەبرىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، شەھەرگە بارىدىغان يولغا چىقىپ كەتتى. ئىككىنچىسى تۇرغان جايىدىن قىمىرلىمىدى. سۇلايمان ئابدەملەرنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، كەسكىن بۇيرۇق قىلدى:

ــ نېمىشقا يىغلايسىز؟ بولدى! دەرھال ماڭايلى.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئابدەمنىڭ قولىدىن رەيھاننى ئېلىپ، چوڭ ـ چوڭ چامداپ يۈرۈپ كەتتى. ئابدەم بىلەن شەۋكەت ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئابدەم كېتىۋېتىپ پات ـ پات كەينىگە بۇرۇلۇپ، قەبرىستانلىقتا يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ نەزەر تاشلايتتى. كۆڭلىدە: «خوش، ئانا! خوش، تۇغقانلار!...... خوش، بۇغراجان!......» دەيتتى. شەۋكەت ئەتراپقا قورقۇمسىراپ قارىغىنىچە، ئانىسىدىن بىر قەدەممۇ كېيىن قالمايتتى. قۇلىقىدا ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى تەكرار جاراڭلايتتى......

# توققۇزىنچى باب

## تونۇش كۆزلەر

چاشگاھ ۋاقتى.

ئارقا كوچىلارنى ئارىلاپ، ئادەملەر غۇژۇلدىغان چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا چىققىنىدا، ئابىدەم ئۇشتۇمتۇت توختاپ، دەرھال يۈزىنى ياپتى - دە، قولىدىكى سومكىنى تام تۈۋىدە قويۇپ، ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالدى ۋە:

— شەۋكەت، بول بالام، — دېدى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقالماي ھاڭۋېقىپ تۇرغان شەۋكەتكە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ. ئابىدەم رەيھاننى تىزلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى رومىلى بىلەن دالدا قىلىۋالغانىدى، — ئاۋۇلار ئۆتۈپ كەتكۈچە كوچىنىڭ ئىچكىرىسىگە يوشۇرۇنۇپ تۇر.

شەۋكەت ئەمدى ئېسىنى يىغدى: ئۆزلىرىدىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا مىلتىق، ئاپتوماتلار بىلەن قوراللانغان تۆت نەپەر دېھقان كېلىۋاتاتتى. بۇ تونۇش ئادەملەرنى كۆرگەن شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى. ئۇ ئانىسىغا نەچچە سېكۇنت تىكىلىپ تۇردى - دە، پۈتۈن كۈچىنى پۇتلىرىغا يىغىپ، كوچىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئابىدەم قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا تۇرغان بالا - قازاغا تەۋەككۈل قىلغان ھالدا، رەيھاننى كۆكسىگە مەھكەم تېڭىپ

ئولتۇرۇۋەردى، كۆزلىرى بولسا، «دىكتاتۇرا دۆيى» نىڭ ئەزالىرىغا مىختەك قادالغانىدى.

ۋاقىت دېگەن شۇنداقمۇ ئاستا ئۆتەمدىغاندۇ؟! ئابدەم ئۇلارنىڭ پۈتنىڭ ھەربىر يۆتكىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن سانايتتى: «بىر قەدەم...... ئىككى قەدەم...... ئاھ!...... ئۇلار نېمانچە ئاستا ماڭىدىغاندۇ؟! يىگىرمە قەدەم......ئۇھ!......»

ئۇلار ئابدەمنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قارىسى كۆزدىن يوقالغاندىلا، ئابدەم يەڭگىل تىن ئېلىپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن كۆكسىدىن رەيھاننى ئاجراتتى ۋە يۈزىنى ئېچىۋەتتى.

«شەۋكەت نەدە يۈرىدىغاندۇ؟»

ئابدەم مۇشۇ خىيال بىلەن شەۋكەت كەتكەن تەرەپكە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغىنىدا، قولىدا بىر باغ چامغۇر، بىر باغ يۇمغاقسۈت كۆتۈرگەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى ۋە نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ، ئابدەمگە بىر سېكۇنتچە تىكىلدى - يۇ، چىرايى «لاپپىدە» قىزىرىپ، يولىنى يېڭىباشتىن داۋام قىلدى. بۇ چاغدا ئابدەمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈكۈلدەپ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئايال گويا ئابدەمنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەندەك تۇيۇقسىز توختاپ، كەينىگە بۇرۇلدى. ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرىگە ھەيرانلىق، ئۈمىد، سېغىنىش ئىلكىدە نەچچە سېكۇنت تىكىلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئايال كەينىگە يېنىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئابدەملەرگە يېقىنلاپ كەلدى ۋە:

— ئۇكام، ئېتىڭىز نېمە؟— دەپ پەس ئاۋازدا سورىدى.

— ئابدەم.

— ئابدەم؟!— ئايالنىڭ ئاۋازى تىترەپ، كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە چاقناپ كەتتى،— سىز......سىز......ھېلىقى......

ئايال كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئالدى.
ئابدەمنىڭ ھالىتىمۇ ئۇنىڭدىن پەرقلەنمەيتتى.
— سىلى...... ئۆزلىرى، سانىخان ئاچامغۇ؟!......
ئىككىيلەنىنىڭ كۆزلىرىدىن تەڭلا ياش كەتتى. ئىككىيلەن تەڭلا بىر - بىرىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىشىپ، بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاشتى، رەيھان ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلەتتى.
ئاخىر ئۇلار ئاجرىلىشتى، سانىخان ئاچىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى رەيھانغا تىكىلدى:
— بۇ قىز......؟
ئابدەمنىڭ كۆزلىرىدىن نەچچە تامچە ياش كەينى - كەينىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، مەڭزىگە كېلىپ توختىدى، ئۇ گويا خۇدىنى يوقاتقاندەك، سانىخان ئاچىغا بىرھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، خىرتىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ:
— سىلى ئانا بولۇپ تۇغدۇرغان ئاشۇ رەيھان...... — دېيەلىدى.
— ۋاي جېنىم قوزام، يوغانلا بولۇپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ!...... بېرى كەلگىنە، سېنى تازا بىر كۆرۈۋالاي.
سانىخان ئاچا شۇنداق دېگىنىچە رەيھاننى دەس كۆتۈرۈپ يەردىن ئالدى، باش - كۆزىنى سىلاپ، چېكىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئاندىن نېمىندۇر ئېسىگە ئالغاندەك قوشۇمىسىنى تۈردى - دە:
— شەۋكەت كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سالدى.
— شەۋكەت؟ — ئابدەم بىرئاز مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن جاۋاب بەردى، — بار، ئۇ بالا مۇشۇ كوچىنىڭ ئىچىدە بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ.
— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا بۇ يەردە تۇرىمىز؟ يۈرۈڭلار،

بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ مۇڭدىشايلى.

ئابدەم قىمىرلىمىدى يا ئۈنچىقمىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نىمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھال سانىخان ئاچىنىڭ ئەقىللىك كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ قىسقىغىنا خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئابدەمدىن سورىدى:

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ بىر كىمنىڭكىگە بېرىشقا ئالدىراۋاتامتىڭىز - يا؟

— ياق، — دېدى ئابدەم ئېسىنى يىغىپ، — مەن ئىزدەيدىغان كىشىنىڭ ئۆيىنىمۇ بىلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، قارىغاندا قاراقۇمدىن ھازىرلا كەلگەندەك قىلىسىز، ھازىر شەھەر بەكمۇ ئەنسىز. بۇ يەردە تۇرۇپ، ئۇزۇنراق گەپلىشىشمۇ ئەپسىز، ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بىردەم مۇڭدىشايلى، ئاندىن كۆرۈشمەكچى بولغان كىشىڭىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قوياي.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، سومكىنى قولىغا ئالدى. ئابدەم ئارتۇقچە تالىشىپ ئولتۇرماي ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئۇلار تار كوچىنىڭ ئاخىرىغا چىقىشتى. شەۋكەتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئۇلار بىرەر سائەتچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، شەۋكەت بەرىبىر تېپىلمىدى. ئاخىر ئابدەم ئاۋۋال سانىخان ئاچىنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋېلىپ، ئاندىن چىقىپ شەۋكەتنى ئىزدەيدىغان بولدى......

ئابدەم قاراڭغۇ چۆشكەندە قايتىپ كەلدى. يېرىم كۈن ۋاقتى ھېلى ئىشىككە چىقىپ، ھېلى ئۆيگە كىرىپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكەن سانىخان ئاچا ئۇنىڭ ئالدىغا چىققاندا يەنىلا شەۋكەتنى كۆرمىدى. چۆشكە ئاتاپ ئېتىلگەن تاماق كەچتە يېيىلگەن بولسىمۇ بەرىبىر ھېچكىمگە تېتىمىدى، گەپمۇ گەپكە قولاشمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىككىيلەن بىر تاغدىن،

بىر باغدىن سۆز ئېچىپ، خېلى ئۇزۇن مۇڭدىشىشتى. سانىخان ئاچىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئابدەم تەقدىرگە يەنە بىر قېتىم تەن بەردى. چۈنكى ئابدەملەر يېزىغا قوغلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، رامىزان ئاكىنىڭ كونا - يېڭى جىنايەتلىرى رەتلىنىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا يوللانغان بولسىمۇ، ئۇنى قولغا ئېلىشمىدى، ئەكسىچە «دىكتاتۇرا دۆيى»گە تاپشۇردى. ئولتۇرۇشلۇق ئۆيى يېڭى باشلىق مۇھەممەتئىمىن تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، بىر ئېغىزلىق كۆتىلەك ئۆيگە قوغلاندى، شۇنداقتىمۇ، ھەپتىدە بىر كۈن ئۆيدە قونۇشقا رۇخسەت قىلىناتتى. بالا - چاقىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن چەك - چېگرا ئاجرىتىشقا مەجبۇرلاندى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپ، تاشيول ئاسراش باش ئۆچاستىكىسىدا كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كۆيىۇ ئوغلى بالا - چاقىسى بىلەن تاغ ئارىسىدىكى بىر داۋبەنگە چۈشۈرۈۋېتىلدى، سانىخان ئاچىغا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كىرمەي ئامال بولمىدى، ھازىر رامىزان ئاكا زاۋۇتنىڭ دېھانچىلىق مەيدانىدا نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىۋاتاتتى.

— قانداق قىلاتتىم؟ — دېدى سانىخان ئاچا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كەنجى قىزىم بىلەن مۇشۇ ئۆيىنى بېقىپ ئولتۇردۇم. «ماقۇل» دېسىڭىز، ماڭا ھەمراھ بولۇپ قېشىمدا نەچچە كۈن تۇرۇڭ، ئاڭغۇچە، شەۋكەتنىمۇ تاپىمىز، رەسمىيەتلىرىڭىزنىمۇ ھەل قىلىمىز...... ماقۇلمۇ؟

— ......

— نېمانداق گەپ قىلمايسىز؟ ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز - يا؟!

— نېمىشقا ئىشەنمەيدىكەنمەن؟ مىڭ مەرتەم ئىشىنىمەن! سىلىگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بىرەرمەنمىكىن، دەپ......

— مەن باياتىن دېدىمغۇ، كومىتېت جۇرنىمىز بەك ئوبدان ئادەم، ئۇنىڭ قولىقىغا، شۇنداقلا پىچىرلاپ قويسام، ھەممە ئىشنى

ئۆزى توغرىلايدۇ، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، جۇمۇ؟
— ماقۇل.
ئابىدەم گەپ ئارىسىدا، بەزىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىسمىنى «ئامىنەم»گە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.......
ئۇلار ئەمدىلا يوتقانغا كىرىپ تۇرۇشىغا ئىشىك قېقىلدى، سانىخان ئاچا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئابىدەمگە بۇرۇلۇپ:
— قوزغالماي يېتىۋېرىڭ، ئۆي تەكشۈرىدىغانلار يەنە كەلگەن ئوخشايدۇ، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.
ئۇزۇن ئۆتمەي، ھويلىدا نەچچە كىشىنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى ۋە ئېغىر بېسىلغان ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولدى. ئارقىدىن ساقال - بۇرۇتىغا ئاق سانجىلغان، ساقچى كىيىمى كىيگەن ئوروقلىنا بىر كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىلىكىگە «جيۇچادۈي»[1] دېگەن قىزىل بەلگە تاقىغان تۆت نەپەر قوراللىق ئادەم ئۆيگە كىردى، قولىدا تاپانچا تۇتۇۋالغان بىر جيۇچادۈي[2] باشقىلارنى پەگاھتا قالدۇرۇپ، ئابىدەمنىڭ قېشىغا دېۋەيلەپ كەلدى - دە، رەيھسان بىلەن ئىككىيلەنگە راسا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ئاندىن بۇرۇلۇپ، ئەمەلدارلارغا خاس سىپايىلىك بىلەن سانىخان ئاچىدىن سورىدى:
— بۇ خوتۇن نېمىڭىز؟
— ھامامىنىڭ قىزى بىلەن بالىسى.
— ھىم...... نەدىن كەلدى؟
— سەھرادىن.
— سەھرادىن؟ سەھرادا ھامىمىڭىز بارلىقىنى ئېيتمىغانىدىڭىزغۇ؟

[1] جيۇچادۈي — تەرتىپ ساقلاش ئەترىتى.
[2] تەرتىپ ساقلاش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى دېمەكچى.

— نېمىشقا ئېيتماي؟ سىز بىلمىگەن بىلەن، جۇرنى ئۇنى نەچچە قېتىم كۆرگەن. سوجاڭنىڭمۇ خەۋىرى بار.

سانىخان ئاچا گېپىنى توگىتىپلا، ئابدەملەرنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى مۇدىرغا سۇندى. مۇدىر ئۇنى چالا - پۇچۇق كۆرۈپلا ساقچىخانا باشلىقىغا تەڭلىدى، ساقچىخانا باشلىقى قەغەزگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ:

— كىمكىن دەپتىمەن، ئامىنەمكەنغۇ، قاچان كەلدى؟ — دەپ سورىدى.

— قاراڭغۇ چۈشەرگە يېقىن كەپتىكەن، ئۇلارنى ياتقۇزۇۋېتىپلا كومىتېتقا خەۋەر قىلاي دەپ تۇرسام، ھەربىرلىرى كېلىپ قېلىشلا.

تاپانچىلىق يىگىت ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، مۇدىرنىڭ قولىدىكى تونۇشتۇرۇشنى قوپاللىق بىلەن يۇلۇپ ئالدى ۋە ئۇنى تەكرار - تەكرار ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، نېمىدىندۇر گۇمانلانغاندەك ئابدەمگە يېنىشلاپ بىر تىكىلدى - دە، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سورىدى:

— تونۇشتۇرۇشتا ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلىپتۇ، يەنە بىرەيلەن قېنى؟

ئابدەم ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەپ بولغۇچە، سانىخان ئاچا جاۋاب بەردى:

— راھىلەمنىڭ ئۆيىگە خەۋەر يەتكۈزگىلى كەتتى.

— راھىلەم دېگەن كىم؟

— مېنىڭ قىزىم. ئۈچىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان چوڭ قىزىم.

تاپانچىلىق يىگىت تونۇشتۇرۇشنى سانىخان ئاچىغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىڭىزگە بىر كىم كەلسە، ۋاقتىدا بىزگە خەۋەر قىلىپ قويۇڭ - ھە! بولمىسا، نېمىڭىز بولۇشى،

تونۇشتۇرۇشى بار - يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، يىغىۋېلىش پونكىتىغا ئاپىرىپ بېرىمىز!

— خاپا بولماڭ بالام! بۈگۈن راستىنلا مەندىن سەۋەنلىك ئۆتتى. بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم سىز بۇيرۇغاندەك قىلىمەن.

......

ئۆي تەكشۈرگۈچىلەر كەينىگە يېنىشتى، ھەممىنىڭ كەينىدە ماڭغان ساقچىخانا باشلىقى بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت توختىدى - دە، ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، بېلىنىڭ تۆۋىنىنى يوتقانغا يۆگەپ ئولتۇرغان ئابدەمگە تىكىلدى. ئابدەمنىڭ غەمكىن كۆزلىرى ئۇنىڭ تونۇش، شۇنداقلا چىراغ نۇرىدا ئوت چاقناۋاتقاندەك كۆرۈنگەن ئۆتكۈر، چوڭ - چوڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ۋۇجۇدىنى بىر ئىللىق سېزىم قاپلاپ، يۈرىكى خۇشال تېپچەكلەپ كەتتى......

ساقچىخانا باشلىقى كەينىگە بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى.



# ئونىنچى باب

## سەرسانلىق

شەۋكەت شۇ يۇگۇرگەن پېتى ئىككىنچى، ئۈچىنچى كوچىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ پۇت - قولىنىڭ ماغدۇرى كەتكەندىلا يۈگۈرۈشتىن توختىدى.

«نەگە كېلىپ قالدىم؟ ئانام نەدىدۇر؟»

شەۋكەت ئۆزىگە مۇشۇ سوئالنى قويغان چاغدا، ئۇ ئاللىقاچان ئېزىقىپ كەتكەنىدى.

ئانىسى قايسى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا قالغان؟ ئۆزى قەيەرگە كېلىپ قالدى؟ شەۋكەت بۇلارنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى، باياتىن ماڭغان كوچىلارنى تەخمىنەن قىياس قىلىپ، بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە مېڭىپ، كۆڭلىنى كەچ قىلدى. قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ، كېچىنى قەيەردە، قانداق ئۆتكۈزۈش كويىغا چۈشتى. ئۇ بۈگۈن ئانىسى بىلەن شەھەرگە كىرگەندە ماڭغان يولنى غىل - پال ئەسكە ئالدى - دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى قەيەرگە تاشلىسا، شۇ يەر ئۇنىڭ ماكانى ئىدى. شەۋكەت تۈت ئەتراپىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئۆسكەن

قەلەمچە تېرەك ئورمانلىقنى تاللىدى ـ دە، مەۋھۇم خىياللار ئىچىدە كۆزىنى يۇمدى.

ئەتىسى پۈتۈن بىر كۈن يەنىلا ئانىسىنى ئىزدەش بىلەن ئۆتتى، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. كەچ كىرگەندە، ئۇ يەنە ئاخشام قونغان جايىنى تاپتى. بىپايان ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي، ئۇخلىدا يېتىپ خىيال سۈرۈپ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئانىسىنىڭ تېپىلمىغانلىقى بىر غەم، قورساقنىڭ ئاچلىقى يەنە بىر غەم بولۇپ، شەۋكەتنى ھالىدىن كەتكۈزۈشكە باشلىدى.

«كىم بىر چىشلەم نان بېرەر؟»

مۇشۇ ئوي بىلەن، شەۋكەت بىر كۈننى ئاچ قورساق ئۆتكۈزدى. بىر كىمگە قول سوزۇپ، بىرەر پۇڭ پۇل، بىرەر چىشلەم نان تىلەپ، توختىماي غولدۇرلاۋاتقان قورسىقىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۇنىڭغا نومۇس تۇيۇلدى، شۇڭا ئۇ شىمىنىڭ تاسمىسىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆزىگە غەيرەت بېغىشلىدى ـ دە، كوچا ئايلىنىشنى داۋام قىلدى. ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە، كۆزىگە ناندىن بۆلەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

«نېمە قىلىش كېرەك؟»

ئۇ مۇشۇ خىيالنىڭ ئىسكەنجىسىدە يۈرگەندە، ئىككى باغلام جىگدە شېخىنى ئاران سۆرەپ كېلىۋاتقان بىر موماي دەل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، شاخنى يەرگە قويدى ـ دە، «ئۇھ» دەپ سوزۇپ بىر تىنىپ، قوللىرى بىلەن كۆكسىنى تۇتتى. ئۇ ھەربىر تىنغاندا، بىر تالمۇ چىشى قالمىغان ئاغزى بىر ئېچىلىپ، بىر يۇمۇلاتتى.

بۇ چاغدا شەۋكەت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

ــ ئانا، ئوتۇنلىرىنى مەن سۆرىشىپ بېرەيمۇ؟ ــ دېۋەتتى.

خۇددى مۇشۇنداق قىلىدىغان بىر كىمنى تاپالماي، ئىككى كۆزى تۆت بولۇپ كېتىۋاتقان موماي ئاسماندىن خىزىر چۈشكەندەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ قۇلاقلىرىغا بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئالدىدا تۇرغان ۋىجىككىنە بالىغا سىناق نەزىرىدە بىرپەس تىكىلىپ تۇردى ـ دە:

ـــ شۇنداق قىلغىن، خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلار، شۇنداق قىلغىن! ئۆيۈممۇ يىراق ئەمەس، ئاپىرىشىپ بەرسەڭ پۇل بېرىمەن، ـــ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەۋكەتنىڭ ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى. ئۇ شاخنى بىر ئۇچىدىن تۇتۇپ تازا كۈچەپ تارتقانىدى، جايىدىن قىمىرلىتالمىدى.

ـــ توختا، بالام، توختا، ـــ دېدى موماي شەۋكەتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ـــ بۇ جىنىڭ بىلەن ئىككىسنى قانداق سۆرىيەلەيسەن؟ بىرىنى سەن سۆرە، بىرىنى مەن سۆرەي......

موماي ئاغزى بېسىقماي سۆزلىگەچ، شاخنى بىر ـ بىرىدىن ئاجراتتى. ئاندىن چوڭىنى موماي، كىچىكىنى شەۋكەت سۆرەپ ئۆيگە كېلىشتى. شاخنى تونۇرنىڭ يېنىغا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، موماي يانچۇقلىرىنى خېلى ئۇزاق تىتتىلاپ بىر پۇڭ، ئىككى پۇڭلۇق تەڭگىدىن سەككىز ـ ئونىنى شەۋكەتكە ئۇزاتتى:

ـــ مە، بۇنىڭغا شاپتۇل ئېلىپ يە.

شەۋكەت قولىنى ئۇزاتتى. بىراق، موماي پۇلنى ئۇنىڭ ئالىقىنىغا تۆكەي دەۋاتقاندا، شەۋكەتنىڭ قولى دەرھال قايتىپ چۈشتى ـ دە:

ـــ ئانا، ماڭا پۇل بەرمەي، نان بەرسىلە، ـــ دېدى.

شەۋكەتنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىش بىلەن تەڭ، چىرايى «لاپپىدە» قىزىرىپ كۆزلىرىنى مومايدىن ئېلىپ قاچتى، موماي ھەيران بولغىنىدىن شەۋكەتنىڭ باش ـ ئايىغىغا تازا سىنچىلاپ

قاراپ چىقتى ـ دە، ئۇنىڭ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى، توپا ئۆرلەپ كەتكەن يۈزلىرىگە نېمىشقا دىققەت قىلمىغانلىقىغا ئىچىدە ئۆزىگە كايىدى. خېلىدىن كېيىن، ئانىلارغا خاس يۇمشاق ئاۋازدا دېدى:

ــ مە بۇنىمۇ ئال، نانمۇ بېرەي.

موماي سۆزىنى تۈگىتىپلا، ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي سىڭىپ پىشقان بىر زاغرا نان بىلەن بىر چىنە قېنىق دەملەنگەن چاينى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ــ بېرى كەل بالام، ــ دېدى موماي پېشايۋاننىڭ سۇپىسىنى ئىشارەت قىلىپ، ــ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، قورسىقىڭنى تويغۇزۇۋال.

شەۋكەت گويا بىرى بويىنىدىن باغلاپ سۆرىگەندەك، موماي كۆرسەتكەن جايغا ئولتۇردى ۋە قورۇنۇپراق ناننى چىلاشقا باشلىدى، موماي ئۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، قەيەرلىك ئىكەنلىكى......نى سوراشتۇرۇشقا باشلىدى. شەۋكەتمۇ ئانىسى تاپىلىغانلارنى مەھكەم ئېسىدە تۇتقان ھالدا، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا لايىقىدا جاۋاب بەردى. ئاخىرىدا، كوچىدا كېتىۋېتىپ ئانىسىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى.

ــ ۋاي ئىست! ــ دېدى موماي ئىچ ئاغرىتىپ، ــ شۇ تاپتا ئاناڭ بىچارە نېمە كۈن كۆرۈۋاتىدىغاندۇ؟ شەھەردە ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭلار يوقمىدى؟

ــ ياق.

ــ ئۇنداق بولسا، ئاناڭ تېپىلغۇچە بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرغىن.

شەۋكەت يا «ماقۇل»، يا «ياق» دەپ جاۋاب بەرمىدى. بۇنى ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ ئىپادىسى، دەپ ئويلىغان موماي ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ــ كۆڭلۈڭدە «بۇ قېرى ئانامنى قانداق تاپىدىكىن؟......»

دەۋاتامسەن؟ ھازىر مەن يالغۇز بولغان بىلەن، كەچقۇرۇن بالىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىدىغان بولسا، ئۆيدە ئولتۇرىدىغان يەرمۇ قالمايدۇ!...... تېخى سەن بىلەن تەڭ نەۋرەممۇ بار دېگىنە! ئىچىڭ پۇشسا ئۇنىڭ بىلەن ئوينايسەن، بالىلىرىم ئىككى - ئۈچ كۈندىلا ئاناڭنى نەدىن بولسا تېپىپ بېرىدۇ. قانداق، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، — دېدى شەۋكەت بىرھازا جىملىقتىن كېيىن.

گەپ بىلەن ئولتۇرۇپ، شەۋكەت چاينى ئىچىپ بولغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى، كۆڭلىمۇ بىرئاز ئارام تېپىپ، ئۈستىخانلىرى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى، بىر چاغدا، موماي نېمىنىدۇر ئىسگە ئالغاندەك قوشۇمىسىنى تۈردى - دە:

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى موماي ئۆينىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىشقا تەييارلىنىپ، — سەن بىلمەيسەن، ئۆيدە بىركىم قونسا، كومتېتقا[①] خەۋەر قىلىپ قويمىسا بولمايدۇ. سەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇر، مەن كومتېتقا چىقىپلا كىرەي، — ئۇ شۇنداق دېدى-يۇ، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى تۇتقىنىچە بىرپەس شۈك تۇرۇپ، بىردىن گېپىنى ئۆزگەرتتى، — يۈر، سېنىمۇ ئالغاچ باراي. سېنىڭ كىچىك بالا ئىكەنلىكىڭنى كۆرسە، ئاسانراق ماقۇل كېلەر. تېخى ئاناڭنى تېپىۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

موماي گېپىنى تۈگىتىپلا رومىلىنى تۈزەشتۈرۈپ تالا تەرەپكە ماڭدى. شەۋكەت ئۇنىڭغا ئەگەشتى. كېتىۋېتىپ ئانىسىنىڭ بەزى گەپلىرى شەۋكەتنىڭ يادىغا كەلدى - دە، قەدەملىرى بارغانسېرى ئاستىلاشقا باشلىدى. بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، شەۋكەت توختاپ ئەتراپقا ئالاق - جالاق كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. موماي يولنى داۋام قىلماقتا ئىدى. يان تەرەپتىكى

[①] موماي «ئاھالە كومتېتى» دېگەن سۆزنى شۇنداق ئاتايتتى.

كوچىدىن بالا كۆتۈرگەن بىر ئايال چىقىپ موماي كېتىۋاتقان تەرەپكە قايرىلدى. شەۋكەت بىر ئەقىل تاپقاندەك بولدى - دە، ئايال چىققان كوچىغا ئوقتەك ئېتىلدى. ئۇ شۇنداق تېز يۈگۈردىكى، ئۇ يان - بۇ يان ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئاتايىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قوياتتى. بۇ شەۋكەتنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالاتتى. شۇڭا ئۇ نەچچە قەدەم يۈگۈرۈپ، بىر قېتىم كەينىگە قارايتتى. يۈگۈرگەنسېرى تەرلەيتتى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ بارغانسېرى تېز يۈگۈرەيتتى، قۇلىقىدا بولسا «كومتېت» دېگەن سۆز توختاۋسىز جاراڭلايتتى.



# ئون بىرىنچى باب

## قورققان يەردە جىن بار

جيۇچادۇينىڭ ئىككى كۈندە بىر قېتىم يېرىم كېچىدە ئىشلىك قېقىپ، ھەممەيلەننىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىشى، شەۋكەتنىڭ تېخىچە تېپىلماي كۆڭۈلنى بىئارام قىلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئابدەملەرنىڭ كۈنى «سەھرايى قىيامەت» تىكىدىن خېلى ياخشى ئىدى: ئابدەم ئۆينىڭ سودا - سېتىقلىرىنى قىلغاچ، كوچا چۆرگۈلەيتتى. يۈزى يېپىقلىق بولغىنى ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا ياخشى پەرق ئېتەلمەي، كىملەرنىدۇر شەۋكەتكە ئوخشىتىپ، يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك خۇشاللىنىپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئېتىلىپ باراتتى - دە، بىردىن كۆڭلى لەت يەپ، پۇت - قولىدىن ماغدۇر كېتەتتى. ئۇ سولىشىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، سانىخان ئاچا نەچچە ئېغىز تەسەللى - خاتىر ئېيتاتتى - دە، شەۋكەتنىڭ خەۋىرىنى تىڭتىڭلاش ئۈچۈن ئاھالە كومىتېت مۇدىرى رەھىم سايىتنىڭ ياكى ساقچىخانا باشلىقى رەھمەتجاننىڭ قېشىغا ئۇچاتتى. بۇ ئىش ھەر كۈنى دېگۈدەك تەكرارلىناتتى......

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. كۈزنىڭ ئاپتىپى كونا نۇسخىدىكى بۇ چاققانغىنە ھويلىنى سېخىيلىق بىلەن ئىللىتماقتا. رەيھان بىلەن ئانار پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ، ۋاراقلىرى تىتما - كاتاك بولۇپ كەتكەن باللار كىتابىدىكى رەسىملەرنى كۆرۈشۈۋاتاتتى.

ئۇلارغا تىكىلگىنىچە تۇۋرۇككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئابىدەم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا يانداپ قويۇلغان كۇپنىڭ تۇۋىدە تۇرغان ئاپتۇۋىغا سۇ توشقۇزدى. باللارنى يېنىغا چاقىرىپ ئاۋۋال ئانارنىڭ چېچىنى تارىدى، ئاندىن رەيھاننىڭ ئەمدىلا گەجگىسىگە چۈشكەن چاچلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، ئىشتىياق بىلەن تاراشقا باشلىدى. ئانار رەيھاننىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى كىتابنى ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ ۋاراقلاپ، رەسىملىرىنى رەيھانغا كۆرسىتىۋاتاتتى. رەيھان ھەربىر رەسىمگە ئۆزى بىلگەنچە تەبىر بېرىپ، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى.

ــ ئابىدەم، نېمە بولدىڭىز ئۇكام؟

خىيالەتتە ئولتۇرغان ئابىدەم ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇلىدا تۇرغان سانىخان ئاچىنى كۆردى ـ دە، يۈزلىرى «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى ۋە چىم ـ چىم گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ياش يۇقى كۆزلىرىنىڭ جىيىكىنى سۈرتكەچ ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇپىدىن پەسكە چۈشتى.

ــ ئەجەب ئىتتىك قايتىپ كەپلىغۇ! ــ دېدى ئابىدەم گويا سانىخان ئاچىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىمىغاندەك.

ــ قايتىپ كەلمەي نېمە ئىش قىلاي؟! بازارغا بىر باغلام ئوتۇن، بىر باش پىياز چاغلىق نەرسە كىرگۈزمەپتۇ. بىر سائەتتەك ئۆچرەتتە تۇرۇپ، گۇزەردىكى كۆكتات ماگىزىنىدىن مىڭ باللىقتا ئىككى تال ئوتياش ئېلىپلا كەينىمگە ياندىم. ئۇھ، يۇرىكىم...... ــ سانىخان ئاچا قولىدىكى ئوتياشنى كۇپنىڭ تۇۋىگە قويۇۋېتىپ سورىدى، ــ باللار خاپا قىلغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ ياق، خاپا قىلمىدى.

ــ خاپا قىلمىدۇق، ئانا! ــ ئانار بىلەن رەيھان تەڭلا چۇرۇلدىدى.

سانىخان ئاچا ئابىدەمگە بىر پەس تىكىلىپ، ياندۇرۇپ

سورىدى:
— ئەمسە نېمىشقا كۆزىڭىز ياش يۇقى؟
— ئۆزۈمچە كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ......
— ئۇكام، — دېدى سانىخان ئاچا تەمكىن، ئەمما جىددىي تەلەپپۇزدا، — مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم كۆزىڭىزنى ياش يۇقى كۆرۈپ قالدىم. ئۆتكەن قېتىمدىغۇ بىلمىگەن كىشى بولۇپ يۈزىڭىزگە سالمىغانىدىم. بۈگۈن......

ئۇنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە، ئابىدەم بۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇرۇۋەرسە، سانىخان ئاچىغا بىرەر پىشكەللىك تېپىپ بېرىشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن:

— يا بىر نان، يا بىر سىقىم دان كۆتۈرۈپ كىرمەي، ئۇن نەچچە كۈن تۇرۇپتۇق، يەنە تۇرۇۋەرسەك...... — دەپ دۇدۇقلىدى.

— قويۇڭ ئۇنداق گەپنى! — سانىخان ئاچىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئابىدەملەر شەھەرگە كىرگەن تۇنجى كۈنى ئۇچراتقان ھېلىقى دىلى يۇمشاق، مۇلايىم ئايالغا ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ئاۋازىمۇ ئىنتايىن سۇرلۇك ئىدى. ئابىدەم كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ، ئىتتىك يەرگە قارىدى، — مەن سىزگە باشتىلا دېدىمغۇ: نەچچە يىل قوشنىدارچىلىق قىلىپ، ئاچا - سىڭىلدەك چىرايلىق ئۆتتۇق. كاج پەلەك ئالتە يىل ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە قۇۋۇناشتۇردى. ئەمدى دائىم بىللە بولىمىز! — ئۇ سەل توختاپ قىسقىغىنا خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى، — رەھىم ئاخۇن بىلەن رەھمەتجاننىڭ كىچە - كۈندۈز سىزنىڭ غېمىڭىزدە ئىكەنلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، «توشقان تېرىسىمۇ ئۈچ كۈن چىدايدۇ» دېگەندەك، ئۇلارنىمۇ تەگلىكتە قويماي، مىنىمۇ ساراسىمىگە سالماي، نەچچە كۈن سەۋر قىلغانغا نېمە بولۇپ

كېتىسىز؟ نانىنىڭ، دانىنىڭ گېپىنى قىلىسىز تېخى! خاتىرجەم بولۇڭ، جېنىم تېنىمدە ئامان بولسا بارغۇ، سىزدەك ئادەمدىن نەچچىنى بېقىپ كېتەلەيمەن!...... ئەسلىي بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقارماي دېگەنىدىم، دېمەي بولمىدى، باياتىن رەھمەت سوجاڭ بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شەۋكەتنى ھەممە يەردىن ئىزدەپتۇ. ئىلىغا يول خېتى ھەل قىلىش ئۇچۇنمۇ مېڭىۋېتىپتۇ. قازان ئوچاق بېشىغا يېقىن كېلىپ قالغاندا، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ: «كېتىمەن، كېتىمەن» لا دېگىنىڭىز نېمىسى؟ چىداڭ، ھېچ بولمىسا يەنە بىر ھەپتە چىداڭ، ئۇكام! راست، بالا - چاقىنىڭ پىراقىغا چىدىماق تەس، لېكىن بولغۇلۇق بولغاندا، چىدىماي نېمە ئىلاج!......

سانىخان ئاچا ئۇزۇنغىچە ئېزىپ - ئېچىلىپ سۆزلىدى. ئابدەممۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاڭلىدى، ئاخىردا:

— ماقۇل، چىداي، — دېدى قايىل بولغان ھالدا، — شەۋكەتمۇ تېپىلىپ قالار. مېنىڭ بىغەرەزلىكىمنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا......

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئابدەم ئادىتى بويىچە يۈزىنى رومال بىلەن يېپىپ، يەنە كوچىغا چىقتى. ھەممە يەر مىغ - مىغ ئادەم. ئابدەم ئارقا كوچا، رەستىلەرنى ئارىلاپ، شەھەر مەركىزىگە بېرىپ قالدى. بەزى رومال ئاستىدىن، بەزى يۈزىنى قىيا ئېچىپ، ئالدىدىن ئۆتكەن ھەربىر بالىغا يېنىشلاپ - يېنىشلاپ تىكىلەتتى، ھەتتا بەزى بالىلارنىڭ كەينىدىن خېلى يەرلەرگىچە ئەگىشىپ كېتىپ قالاتتى. ئالدانغانلىقىنى سەزگەندە كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا كەينىگە ياناتتى ياكى ئىككىنچى بىر كوچىغا بۇرۇلاتتى. تاسادىپىي تونۇش - بىلىشلەرنى كۆرۈپ قالغاندا پۈت - قولى لەسسىدە بوشىشىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى. لېكىن ھايال ئۆتمەي ئېسىنى يىغىپ، يولىنى خاتىرجەم داۋام قىلاتتى. مانا،

هــازىرمۇ شــۇنداق بولــدى: بــوي - تــۇرقى، ئۇستىبېــشى شەۋكەتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر ئوغۇل بالىنى يىراقتىن كۆردى - دە، قەدەملىرىنــى چــوڭ - چــوڭ ئېلىــپ، ئــۇنى كــۆزلەپ ماڭــدى. ئۇزۇن ئــۆتمەي بــالىغىمۇ يېتىــشۋالدى. رومىلىنىــڭ بىــر بــۇرجىكىنى قايرىپ، ئۇنىڭغا بىر قارىدى - يۇ، تاغدەك ئۈمىدلەر بىلەن تولغان كۆڭلى لەسسىدە بوشىشىپ، قەدىمىمۇ توختاپ قالدى. شۇ چاغدا، كــۆزلىرى بىــر بىنانىــڭ ئاســتىنقى قەۋىتىنىــڭ ئىــشىكى بېــشىغا ئېسىقلىق تۇرغان «قىزىل بايراق رەسىمخانىسى» دېگەن ۋىۋىــسكىغا چۈشــتى. هاۋانىــڭ خــېلىلا ئىســسىقلىقىغا قارىمــاي، ۋۇجــۇدى شــۈركۈنۈپ، پــۇتلىرى بىلــنەر - بىلــنمەس تىترەشــكە باشــلىدى. يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەنــدەك قــاتتىق گۈپۈلــدەپ، نەپــسى سىقىلغىنىدىن كــۆز ئالــدىنى قــاراڭغۇلۇق باســتى. ئاشــۇ قــاراڭغۇلۇق ئىچىــدە بۇغراجانىنــڭ كېلىــشكەن قەددى، ياشــلىق نــۇرى چاقنــاپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى نامايان بولــدى، قۇلىقىــدا ئۇنىــڭ يــۈرەككە هۇزۇر بېغىشلىغۇچى يېقىملىــق ئــاۋازى...... بۇنىڭــدىن ئــالتە يىــل بۇرۇن، دەل مۇشــۇ يەردە يــۈز بەرگەن پــاجىئە ئابىــدەمنىڭ كۆڭــۈل ئېكرانىدا غىل - پــاللا چاقنىــدى - دە، پۈتــۈن ئەزايــى چىلىــق - چىلىق تەرگە چۆمدى. ئۇ دەرهال بۇ يەردىن كەتمەكچــى بولــدى - يۇ، پۇتلىرى ئۆزىگە بويسۇنمىدى. كۆزلىرىنى ۋىۋىسكىدىن ئالماقچى بولــدى - يــۇ، قــارىچۇقلىرى مىدىرلىمــىدى، هەتتــا رومىلىنىــڭ بىــر چېتىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قولىمۇ قېتىپ قالغانــدى......

— هوي، ئابىدەمغۇ بۇ! — تونۇش ئــاۋاز ئابىــدەمنى ئېــسىگە كەلتۈردى. كۆزلىرى تونۇش كۆزلەرگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى، — ئۈچرىــشىپ قالغــان يېرىمىزنــى قــاراڭ!...... سالامەت تۇردىڭىزمــۇ؟ باللار تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق.

بــۇ ســۆز ئابىــدەمنىڭ ئاغزىــدىن چىقىــش بىلەنــلا، قولىمــۇ

ماگلىيدىن قايتىپ چۈشتى. ئەمدى ئۇ ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سالغان هالدا مۇغەممىرانە ھىجىيىپ تۇرغان مۇھەممەتئىمىنگە رومال ئاستىدىن قورقۇمسىراپ تىكىلمەكتە، ھەرقانداق ھېس - تۇيغۇدىن مەھرۇم بولغان يۈرىكى خاتىرجەم سوقماقتا ئىدى.

مۇھەممەتئىمىن سوئالىنى داۋام قىلدى. ئابدەممۇ قىسقا - قىسقا جاۋاب بەردى:

— شەھەرگە قاچان كەلدىڭىز؟

— باياتىن.

— باياتىن؟ ئۇنداق ئەمەستۇ!

— ئۇنداق ئەمەسلىكىنى قانداق بىلىسىز؟

— بىلىمەن - دە، ئەلۋەتتە! سىزنى قاراقۇمدىن كەتكىلى ئىككى ھەپتە بولدى، دېيىشىدىغۇ؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— ئىزدەپ كەلگەنلەرچۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇ دېگىنىمۇ توغرا...... شەھەرگە تېخى باياتىن كەلدىم.

— مۇنداق دەڭ،...... نەچچە كۈنىڭزى باشقا يەرلەردە يۈرۈپتىكەنسىز - دە؟

— ھەئە.

— ۋاي بىچارىيەي...... نەلەردە يەرگەنسىز؟ باللار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇلارمۇ بار.

— نەگە چۈشمەكچىسىز؟

— نەگە چۈشەتتىم، خۇدايىم نەنى بۇيرۇغان بولسا شۇ يەرگە چۈشەرمەن......

— بۇ گەپچىزە، كىمنىڭكىگە چۈشۈشنىمۇ ئويلاشماپسىز - دە؟

— توغرا دېدىڭىز. ھېچ نەرسىنى ئويلىمىدىم. ھازىر بىر

نەرسىنى ئويلىغۇدەك ھوش - كاللامۇ يوق......

— ئويلىماي بولمايدۇ، ئابدەم! — مۇھەممەتئىمىن ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، — ھازىر ۋەزىيەت شۇنداق، ئويلىماي باسقان بىر قەدەم سىزنى تېخىمۇ ئېغىر كۆڭۈلسىزلىككە گىرىپتار قىلىدۇ......

— مەيلى، — ئابدەم ئۇنىڭ سۆزىنى كەسكىن بۆلدى، — «ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ» دەپ، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن!

— ئۇنداق دېمەڭ، ئابدەم، ئۇنداق دېمەڭ! — مۇھەممەتئىمىن بىر يېرى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، ئاۋازىمۇ ئەنسىز ئىدى، — نەچچە يىلنىڭ، نەچچە قېتىم يوقلاپ كېلەي دەپ نىيەت قىلسام، زادى مۇمكىنچىلىك بولمىدى. كەلگەن - بارغانلاردىن ئەھۋالىڭىزنى سوراپ تۇردۇم. خېلى جاپا تارتىپسىز، ئىچىم ئاغرىدى. ھەي ...... سەھرايى قىيامەت...... — ئۇ قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالدى، — قايتىپ كەلگىنىڭىزمۇ ئوبدان بوپتۇ، ئەمما...... — ئۇ نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر مەھەل جىم بولۇپ كەتتى. كېيىن پەس ئاۋازدا دېدى، — مۇنداق قىلايلى، ھامامىنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ چېتىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېشىدا ھەمراھ بولغۇدەك بىر كىممۇ يوق، بىرنەچچە ۋاقىت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرسىڭىز، كېيىنچە بىر ئىش قىلىمامدۇق......

ئابدەم بىرھازا ئۈنچىقمىدى. كېيىن:

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى.

— ئاۋارە بولىدىغان نېمىسى بار؟ سىزنى ئاپىرىپ قويىمەن شۇ......

— رەھمەت، «تىرىككە ئۆي، ئۆلۈككە گۆر تېپىلىپتۇ» دەپ، ھامىمىزنىڭكىدىن بۆلەك بىر كىمنىڭ ئۆيىمۇ چىقىپ قالار!

ئابدەم گېپىنى تولۇقتى ـ دە، شارتتىدە بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولدى. مۇھەممەتئىمىن ئىتتىك ئالدىغا ئۆتۈپ، يولىنى توستى.

ــ ئابدەم، مۇنداق قاراملىق قىلماڭ! ــ دېدى ئۇ ئۇنىڭغا رومال ئۇستىدىن مىختەك قادىلىپ، ــ ئۆزىڭىزگە ئىچىڭىز ئاغرىمىسىمۇ، باللارغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! قورسىقىڭىزغا كىرىپ چىقسام، مېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى بىئەدەپلىكىمدىن ھازىرغىچە ئاغرىنىۋېتىپسىز...... ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ھەر نېمە قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ...... ئۇنداق قىلماي ماڭا گۇناھىمنى يۇيۇش پۇرسىتى بېرىڭ. مەن چوقۇم......

ئۇنىڭ گەپلىرى ئابدەمنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمەيتتى. چۈنكى ئۇ مۇنداق بىر ۋەقەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى:

*رەيھان تۆت ئايلىق بولغان كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى ئەلياتقۇغا يېقىن، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە مۇھەممەتئىمىن كىرىپ كەلدى. رەيھاننى ئېمىتىپ ئولتۇرغان ئابدەم ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆكسىنى كۆڭلىكى ئىچىگە يوشۇردى ـ دە، مۇھەممەتئىمىننى كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى. مۇھەممەتئىمىن كۆلۈمسىرىگىنىچە ئابدەمگە يېقىنلاشتى.*

*ــ ئەكېلىڭە، يېڭى مېھماننى بىر كۆرۈپ باقاي، ــ دېدى ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ، ــ ئابدەم رەيھاننى ئۇنىڭغا بەردى، ــ ۋاھ...... خۇددى ئۆزىڭىزنى تۇغۇپسىزغۇ...... قاراڭ بۇنىڭ چىرايلىقلىقىنى! بەئەينى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي!......*

*مۇھەممەتئىمىن سۆزلىگەچ كۆرپىگە كاسىسىنى قويدى. دېلىغۇللۇق ئىچىدە قالغان ئابدەم قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى.*

*ــ نېمانداق ئۆرە تۇرۇۋالىسىز، ــ مۇھەممەتئىمىن مىيىقىدا*

كۆلۈپ، ئابدەمنىڭ باش - ئايىغىغا سەپسىلىپ چىقتى، — يا مېنىڭ يوقلاپ كىرگىنىمگە ئاچچىقىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟

— ياق، نېمىشقا ئاچچىقىم كېلىدۇ، — ئابدەم ئۆزىنى ئوڭلاپ، شەۋكەت ئۇخلاۋاتقان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى، — نەچچە ۋاقىتتىنگىزى روشەنگۇل قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ، ھال - ئەھۋال سوراپ تۇردى. ئەمدى ئۆزىڭىز يوقلاپ كىرىپسىز.......

ئابدەم گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. كۆز چاناقلىرى نەملىشىپ، قانداقتۇر بىرنەرسە كېكىردىكىنى بوغماقتا ئىدى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — مۇھەممەتئىمىن تەسەللى ئاھاڭىدا سۆزلەيتتى، — ھەي...... جاھاننىڭ خاپىلىق كۆتۈرگۈچىلىكى بارمۇ؟ ئويلاپ بېقىڭە، بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت ئاي ئىلگىرى بۇغراجان كىم، مەن كىم ئىدىم؟ زاۋۇتنى بىر قولىدا چۆرگىلەن يەن رۇي بىلەن رامىزانلار نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ؟ سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا...... پەلەكنىڭ چاقى دەم ئوڭ، دەم تەتۈر ئايلىنىدىكەن...... تەقدىرگە تەن بەرمەي نېمە چارە! — مۇھەممەتئىمىن سوزۇپ بىر ئۇھ تارتىپ، ئابدەمگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى، — راستىمنى ئېيتسام، جاھاننىڭ مۇنداق ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كېتىشىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بەزىدە سىزنى تالا - تۈزدە كۆرۈپ قالسام، ئۆزۈمنى گويا بۇغراجاننى قولغا ئالدۇرۇۋەتكەن، نارەسىدە باللىرىڭىزنى ئاتىسىز قىلىپ قويغان گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ، دىدارىڭىزغىمۇ قارىيالمايمەن. كىم بىلىدۇ، سىز بۇنى ئۇقماي، مېنى ئىچىڭىزدە تىللاپ يۈرەمسىز تېخى......

— نېمىشقا ئۇقماي مەي جۇرىن! — ئابدەم چىن يۈرەك سۆزىنى تۆكۈۋەتتى، — باللىنىڭ دادىسى قولغا ئېلىنغان كۈندىن بۇيان ماڭا ئاز ياخشىلىق قىلدىڭىزمۇ؟! مەنمۇ ئاق سۈت ئەمگەن ئادەم باللىسى...... سىز بىلەن روشەنگۇلنىڭ بىزگە قىلغان

ياخشىلىقىنى مەن ياندۇرالمىسام، خۇدايىمدىن يانار......

بۇغراجان تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئابدەمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقى زاۋۇتتىكى بىر مۇنچە ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا مۇھەممەتئىمىنگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. بۇ خەۋەر روشەنگۈلنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇ دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ ئابدەمنى يوقلىدى. شەۋكەتنى ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپ، ئۆز بالىلىرى قاتارىدا خەۋەر ئالدى. ئابدەم دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئەتىسى رەيھاننىڭ تۇغۇتىغا ئولتۇردى. روشەنگۈل سانىخان ئاچا بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ئانا بولدى. نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ئاش - تامىقىدىن خەۋەر ئالدى. كىر - قاتلىرىنى يۇدى. مۇھەممەتئىمىنمۇ ئوغرىلىقچە يوقلاپ تۇردى، ياخشى مەسلىھەتلىرى بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈردى. بۇ ھال ئابدەمنى بەكمۇ خىجالەتچىلىكتە قويدى. چۈنكى، ئۇ روشەنگۈل بىلەن ئاچا - سىڭىلدەك ئىناق ئۆتكەن قوشنىلار بولسىمۇ، مۇھەممەتئىمىننى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. بۇغراجانمۇ ئۇنىڭغا خۇشسىز ئىدى. ئۇنى «لولا»، «بەتنىيەت» دەپ زادىلا باردى - كەلدى قىلمايتتى. بۈگۈنگە كەلگەندە، ئاشۇ «لولا»، «بەتنىيەت» ئادەم ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئابدەمنىڭ ئىلگىرىكى قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ، بۇ كۈنلەردە ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى ئويلاپ، — بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە، نى - نى يېقىن ئادەملىرىمىز ئەسقاتماي، ئىلگىرى دىدارىغا قاراشقىمۇ سەسكىنىدىغان ئادەمنىڭ ئەسقاتقىنىنى..... ئۇ چاغدا ئەقلىمىز نەگە كەتكەن بولغىيدى؟!»

ئابدەم رەھمەت ئۈستىگە رەھمەت ئېيتىۋاتقاندا، مۇھەممەتئىمىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ئۇنداق دېمەڭ، ئابدەم! — دېدى ئۇ، — تېخى

كۆڭلىمىزدىكىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ قىلالمىدۇق......

— رەھمەت، مەي جۇرىن...... خۇدا بىر جىنىڭىزغا مىڭ جان بەرسۇن!......

— رەھمەتنى بۇغراجان تۇرمىدىن چىققاندا دېيىشىمىز تېخى! — دېدى مۇھەممەتئىمىن ھىجىيىپ ۋە كېچىلەپ بۇ ئۆيگە كىرىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەندۈردى، — بۇغراجان تۇتۇپ كېتىلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، يەن رۇي، رامىزان قاتارلىق ھوقۇقدارلار ئۇنىڭ ماتاشىنى توختىتىۋېتىشنى قارار قىلغانىكەن. بىز ھوقۇق تارتىۋېلىپلا بۇ قارارنى بىكار قىلغانىدۇق. بىراق، بۇغراجان ئەمدى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپ كەتتى. ھەرقانچە قىلسامۇ، بەزىلەرنى ئۇنىڭ ماتاشىنى داۋاملىق بېرىپ تۇرۇشقا كۆندۈرەلمىدىم، — مۇھەممەتئىمىن قۇچىقىدا ئۇخلاۋاتقان رەيھانىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ، چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، — ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، بۇغراجانغا ئارتىلغان جىنايەت ئادەتتىكى جىنايەت ئەمەس. مەن داۋاملىق ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ، بەزىلەر بىلەن تىركىشىۋېرەي دېسەم، بۇغراجانىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنىنىڭ مېنىڭ بېشىمغىمۇ چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقتۇم......

— ئۇنداق دېمەڭ، مۇھەممەتئىمىن مۇدىر! — ئابىدەم ئاسقىپ كەتتى، چىرايىدىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — قادىر ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلار! تېخىمۇ كۆكلەپ كېتەرسىز!......

— دېگىنىڭىزدەك بولار، — مۇھەممەتئىمىن يىغلامسىراۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى، — ئەسلىدە روشەننى قېشىڭىزغا كىرگۈزۈپ، بۇ گەپلەرنى دېگۈزمەكچىدىم، بىراق خوتۇن كىشى ئەمەسمۇ؟ ئەقىلسىزلىك قىلىپ بىر كىمگە تىنىپ تاشلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىدا ئۆزۈملا كىردىم.

— رەھمەت......

— گىپىمنى قىسقارتسام، بۇغراجاننىڭ مائاشى مۇشۇ ئايدىن باشلاپ توختىتىلدى.

— ھە؟!

— «تاز كەلسە شۇم خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ» دېگەندەك، ئۆزۈممۇ ئالدىڭىزدا ناھايىتى خىجىل. دېمەي دېسەم......

— نېمشقا خىجىل بولىسىز؟ سىز دېمىسىڭىز، ھامان باشقا بىرى دەيدۇ...... بىكار ئاۋارە بولۇپسىز......

— ئاۋارە بولۇش دېگەن نېمىكەن ئۇ! مېنىڭچە بولسىغۇ...... خەير ...... — مۇھەممەتئىمىن يەنە بىر قېتىم ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ قويدى، — باللار بىلەن تازا قىينىلىدىغان بولدىڭىز - دە!

— قانداق قىلاتتىم؟ كەچ قويغان خۇدايىم ئاچ قويماس......

— بۇغراجاننىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى مەغپىرەتخان ئاچام ئۇقمىغاندۇ؟

— ياق، ئۇ بىچارىنى پاراكەندە قىلماي، دەپ ئۇقتۇرمىدىم.

— ئوبدان قىپسىز، — مۇھەممەتئىمىن بىر پەس شۈك بولۇپ كەتكەندىن كېيىن سورىدى، — قولىڭىزدا ئاز - تولا بىر نەرسە بارمۇ - يا......؟

— ئۆتكەن ئايدىن ئېشىنغان ئازراق پۇل تۇرىدۇ.

— ئۇنچىلىك بولسا خۇداغا شۈكۈر. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن پۇل - پۇچەكتىن قىسىلىپ قالسىڭىز، تارتىنماي ماڭا دەۋېرىڭ.

— رەھمەت......

— ھە، راست، بىر گەپنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، — مۇھەممەتئىمىن ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ قويۇپ، ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتتى، — مەن بۇگۈنكى يىغىندا ئۆتكەندە ئۆي ئاختۇرغانلار ئاچىقىپ كەتكەن ئامانەت پۇل چېكىنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىشنى

ئېيتقانىدىم، بەزىلەر قوشۇلمايۋاتىدۇ. بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئېلىپ بېرىمەن.

— رەھمەت......

بۇ شەپقەتتىن ئابىدەمنىڭ يۈرىكى ئېرىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. مۇھەممەتئىمىن نەچچە ئېغىز تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتتى-دە، قويۇن يانچۇقىدىن ئەللىك يۈەن پۇلنى ئېلىپ، شىرە ئۈستىگە قويدى.

— بۇنى دەردىڭىزگە دەرمان قىلىپ تۇرۇڭ. كېيىنچە مەن يەنە خەۋەر ئالىمەن.

— مەي جۇربىن، بۇ......

— بۇنى بۇغراجان تۈرمىدىن چىققاندا ھېسابلىشىمىز. خاتىرجەم ئىشلىتىۋېرىڭ.

— ھازىر ماڭا پۇل لازىم ئەمەستى.

— لازىم بولمىسا، چىرايلىق ساقلاپ قويۇڭ. ئۇشۇق دۆلەت باشنى يارمايدىغۇ!

— شۇنداق بولسىمۇ......

كۆتۈلمىگەندە، رەيھان «ۋاررىدە» يىغلاپ كەتتى، ئابىدەمنىڭ يۈرىكى چايان چاققاندەك ئېچىشىپ، گېپى ئۈزۈلدى. گويا خۇدرۇي ئادەمدەك ئېتىلىپ كېلىپ، مۇھەممەتئىمىننىڭ قولىدىكى رەيھانغا يېپىشتى، شۇ چاغدا مۇھەممەتئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن جۇمۇ! — دېگىنىچە ئىشىك تەرەپكە ماڭدى......

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ، مۇھەممەتئىمىن ئابىدەمنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

— قارىڭ بۇ خەتنى ...... — دېدى ئۇ ئابىدەمنى دىۋانغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن. ئۇنىڭ چىرايىدا ياغلىق بىلەن

تېگىلغانىدى، ــ مىجەزىم يوقلۇقنى بىلىپ تۇرۇپ مەشكە ئوت قالاپمۇ قويماپتۇ!...... تازا توڭدىڭىزغۇ دەيمەن؟

ــ ياق، توڭمىدىم، ــ ئابىدەم ئالدىراش جاۋاب بەردى.

ــ ئۇنداق بولسا ياخشى، ــ مۇھەممەتئىمىن بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى، ــ سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتسام، سۆيۈنچىسىگە نېمە بېرىسىز؟

«خۇش خەۋەر» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ئابىدەمنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ، كۆز ئالدىدا بۇغراجاننىڭ كېلىشكەن سىماسى نامايان بولدى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇغەمبىرانە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. ھەتتا چىرايىدا كۈلكە ئەگىدى (ئېھتىمال، بۇ ئۇنىڭ بۇغراجان تۇتۇپ كېتىلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىشى بولسا كېرەك). بىراق نېمە ئۈچۈندۇر تىلى گەپكە كەلمەيتتى.

ــ ......

ــ مېنى بەك چوڭ نەرسە تەمە قىلىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىز-يا؟

ئابىدەم نېمىدۇر بىرنەرسە گېلىنى بوغقاندەك، تىلىنىڭ ئۇچىدىلا:

ــ ياق...... ــ دېيەلىدى.

ئەمدى ئۇ ھە دەپ تىرناقلىرىنى تاتىلايتتى.

مۇھەممەتئىمىن سوراشنى داۋام قىلدى:

ــ ئەمىسە، نېمە بېرىسىز؟

ــ ......

جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟

ــ ......

— گەپ قىلسىڭە، ئابدەم!

ئابدەم بېشىنى كۆتۈردى. ئىككى جۈپ كۆز ئۇچراشتى، بىر جۈپىدە خۇپسەنلىك، يەنە بىر جۈپىدە ھەيرانلىق، مەۋھۇملۇق، ئىسەنگىرەش ۋە ئاجىزلىق......

— نېمە بەرسەم بولاركىن؟......

مۇھەممەتئىمىن غەلىتە ھىجايغىنىچە ئورنىدىن تۇردى، ئەتراپقا ئالاق - جالاق بىر قارىۋېتىپ، چوڭ - چوڭ چامداپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى - دە، ئىشىكنى «جالاققىدە» يېپىۋەتتى. ئىنگلىز قۇلۇپى «شاراققىدە» ئېتىلىپ قالدى. ئابدەم بۇنى سەزمىدى بولغاي، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە، قانداقتۇر شېرىن خىياللار دېڭىزىدا ئۈزگىنى ئۈزگەندى. مۇھەممەتئىمىن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ:

— ماۋۇ نېمە؟ — دېگەندىلا، ئابدەم ئېسىنى يىغدى.

مۇھەممەتئىمىننىڭ قولىدا تۇرغىنى ئۆي ئاختۇرغانلار ئاچقىپ كەتكەن بانكا ئامانەت چېكى ئىدى.

— قانداق، گېپىم راستمىكەن؟ — مۇھەممەتئىمىن كىچىك بالىغا «دام، دام» قىلغاندەك، چەكنى ئابدەمنىڭ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ، يەنە كەينىگە داجىدى، — ئەمدىغۇ سۆيۈنچىسىنى بېرەرسىز!

— مىڭ مەرتەم بەرمەمدىغان! — ئابدەم كەسكىن ئېيتتى، — سىزدىن ئاشقىنى بىزنىڭ......

— ھا، ھا، ھا!...... — مۇھەممەتئىمىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇنداق دەڭ...... ئۇنداق ئاسان ئىش يوق...... مېنىڭ بۇنى قولغا كىرگۈزگۈچە قانچىلىك ئاۋارە بولغىنىمنى بىلەمسىزغۇ؟ ئەگەر ئۆتكەندە مېنى خارلىغان گۇناھىڭىزنى تىلىمەيدىغان بولسىڭىز.....

بـۇ گەپلەردىـــن هــېچ نەرســـنى چۈشـــنەلمىگەن ئابـــدەم ئىختىيارسىز هالدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى ۋە بۇ كــۆزلەردىن ئــۆز ســوئالىغا جــاۋاب تاپقانــدەك بولــدى: بۇنىڭــدىن سەككىز يىل ئىلگىرى، مۇھەممەتئىمىن «كۆيدۇم ـ ئۆلدۇم» دەپ، ئۇنىــڭ كەيــنىگە كىــرىپلا ئالــدى. ئابــدەم پىسەنتمۇ قىلمىدى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئابدەمگە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئەگەر ئــۇ داۋاملـــق رەھــىمســىزلىك قىلىــدىغــان بولــسا، ئۆزىنـــى ئۆلتۈرۈۋالــدىغانلىقىنى جار سالدى. بـۇ چاغــدا ئابــدەم شۇنداق قــورقتىكى، نەچچە كــۈنگىچە گېپىــدىن تامــاق ئۆتمىدى. كـۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. نەچچە قېتىم خەتنــى بۇغىراجانغا ياكــى تەشكىلگە تاپــشۇرۇپ، ئۇنىــڭ رەسۋاســىنى چىقىرىــۋەتمەكچى بولــدى. ئەمما مۇشــۇ...... «ئەممـــا» ئــۇنى پەيلىـــدىن يانــدۇردى، چـــۈنكى مۇھەممەتئىمىن ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى ئىدى. روشەنگۈل ئۇنىڭغا بەك ئامراق، شۇنداقلا ئېغىر بوي ئىدى. ئەگەر خەت ئاشكارىلىنىپ كېتىدىغان بولسا، هەممىدىن ئــاۋۋال روشــەنگۈل ئــۆزىنى يوقىتىــپ قوياتتى، يامىنىغا كەلــسە، ئــۈچ نارەســىدە يېتىم بــولاتتى. ئابــدەم ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئــاخىرى دەردىنــى ئىچىــگە يۇتــۇپ، هەممە ئەيىبنى ئۆزىنىڭ هەددىدىن زىيادە چىرايلىقلىقىغا قويدى ۋە مۇھەممەتئىمىننى كوچىدا توسۇۋېلىپ، ئۇنى ئــادەم بالىــسىغا خــاس ئەخلاق، ۋىجدان بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلــدى ھەمــدە: «ئەگەر يەنە بىزەڭلىك قىلىۋېرىدىغان بولسىڭىز، خەتنى روشەنگۈلگە ياكــى رەهــبەرلىككە تاپــشۇرۇپ بېرىـــپ، زاۋۇتتـــا يــۈزىڭىزنى كۆتــۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋېتىمەن......» دەپ پوپوزا قىلدى. مۇھەممەتئىمىن قاتتىق بىر ئۆلــۈغ ـ كىچىــك تىنــدى ـ دە، كېتىــپ قالــدى...... ئابدەم نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈردى. بىراق ئۇ ئۆلۈپمۇ ئالمىدى، قايتا بىزەڭلىكمۇ قىلمىدى. مانــا ئەمــدى كېلىپ......

«ياق، ئۇنداق ئەمەستۇ؟»
ئابدەم ئۇنداق بولماسلىقنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق......
ئاخىر بولىدىغان ئىش بولدى:
— ئىسىڭىزدە باردۇ؟ مېنىڭ ھېلىقى بىر پارچە خېتىم......
— مۇھەممەتئىمىننىڭ چىرايىدىكى كۈلكە بىردىن ئۆچۈپ، كۆزلىرى ئايانچلىق چاقنىدى، — ھەي...... سەككىز يىلنىڭ ئۇ يىراقلىقىدىمۇ، مەن سىزنىڭ كۆيۈپ كۈل بولدۇم، ئەمما سىز...... — ئۇ چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، — ئويلاپ بېقىڭە، سىزگە كۆيگىنىم گۇناھمۇ؟ بەلكى ئاگلىغان بولغىيتتىڭىز، زىلەيخا ئىپرى تۇرۇقلۇق يۈسۈپنىڭ يىراقىدا قىرىق يىل كۆيۈپتىكەن...... ئەگەر ئىشەنسىڭىز، مەنمۇ سىزگە ئۆلگۈچە كۆيىمەن! — مۇھەممەتئىمىن زوڭ ئولتۇرۇپ، ئابدەمنىڭ تىزلىرىنى تۇتتى. ئابدەم لاغىلداپ تىترەپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالغىنىچە، ياغاچتەك قېتىپلا قالغانىدى، — ئۇرسىڭىزمۇ، تىللىسىڭىزمۇ ئالدىڭىزدا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتىمەن...... ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، جېنىم ئابدەم!......
مۇھەممەتئىمىننىڭ قوللىرى بارغانسېرى يۇقىرىلىغىلى تۇردى. كۆزلىرى گويا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمنىڭكىدەك غەلىتە چاقنايتتى. ئەلپازىدىن يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتسە، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئابدەمگە تاشلىنىدىغاندەك كۆرۈنەتتى......
ئابدەمنىڭ كۆز ئالدىدا بۇغراجاننىڭ مىڭلاپ يىگىتكە بەرگۈسىز كېلىشكەن قەددى، مېھرىبان كۆزلىرى نامايان بولدى. قۇلىقىدا بولسا ئۇنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى:
«بىز مۇشۇنداق ئەر - خوتۇنمىدۇق؟ مەندىن ئايرىلغىنىڭغا تۆت ئايمۇ بولماستىن، كىمگە ئۆزۈڭنى ئاياغ ئاستى قىلدۇرماقچىسەن؟ سەندە ۋىجدان، نومۇس دېگەن نەرسە بارمۇ زادى؟!»

ئابدەمنىڭ قۇلىقى «ۋىڭگىدە» قىلىپ، ۋۇجۇدى ئوت بولۇپياندى. يۈرىكىنى چىرمىۋالغان ھەسرەت، خورلۇق، نومۇس يالقۇنى كۆزلىرىدىن ياش بولۇپ ئېتىلىپ چىقتى.

— نومۇس قىلىڭ! — دېدى ئۇ ئۆزىگە يات ئاجايىپ جاراڭلىق ئاۋازدا، — قانداق نومۇسسىز ئادەمسىز؟!

— مەن نومۇسسىز! مەن ۋىجدانسىز! سىزگە كۆيگەن گۇناھىم ئۈچۈن نېمىدەپ تىللىسىڭىز ئاغرىنمايمەن!

مۇھەممەتئىمىن ئاغزى بېسىقماي ۋالاقلىغىنىچە، قوللىرىنى ئابدەمنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە ئۇزىتىپ پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئۇنىڭغا تاشلىنىشقا تەمشەلدى.

بۇنداق كۈچ قەيەردىن كەلدىكىنتاڭ، ئابدەم ئۇنى بىر ئىتتىرگەنىدى، «پالاققىدە» ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئابدەم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى، كۆڭلىكى دىۋانىنىڭ مىخىغا ئىلىنىپ قېلىپ، بىر يېنىغا مەگدەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ بولغۇچە، مۇھەممەتئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى - دە، يەلكىسىنى ئىشىككە تىرەپ:

— قېچىپ چىقىپ كېتىپ، مېنى داغدا قويىمەن دەمسىز؟ خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، ھېچ يەرگە چىقىپ كېتەلمەيسىز! سىزگە راست گېپىمنى ئېيتسام، بۇگۈن مەن پەقەت سىزنى دەپلا شەھەر بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىنغا بارمىدىم. سىزنىمۇ ئۇ يەردىكى خورلۇقتىن ساقلاپ قالدىم...... ھازىر زاۋۇتتا سىز بىلەن مەندىن بۆلەك ھېچكىم يوق......

مۇھەممەتئىمىن سۆزلەۋېتىپ، تۇيۇقسىز بېشىدىن قۇلاقچىسىنى يۇلۇپ ئالدى.

— سىز مېنى راستىنىلا كېسەل ئىكەن دەپ قېلىۋاتامسىز؟ مۇشۇنداق قىلمىغان بولسام بۇ پۇرسەتنى قولغا

كىرگۈزەلەمتىم......

ئۇ ئاياللارنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىدىغان «جىنىم، خېنىم......» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەردىن بىر تاغار قىلىپ، ئابدەم تەرەپكە ماڭدى. ئابدەم چاققانلىق بىلەن مەشنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. ئەمدى ئۇ مۇھەممەتئىمىن قوغلىسا قاچاتتى. توختىسا توختايتتى. ئىككى جۈپ كۆز تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا بولسا، بىر جۈپىدە پۈتمەس - تۈگىمەس نەپرەت ۋە پۇشايمان، يەنە بىر جۈپىدە ھايۋانىي نەپسىنىڭ تەقەززاسىدىن ھەممىنى ئۇنتۇغان ئادەمسىياق مەخلۇقتا خاس شەھۋەتپەرەسلىك يالقۇنى چاقنايتتى...... ھەر ئىككىلىسى ھاسىرايتتى، ھۆمۈدەيتتى، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىشكە تەييار ئىدى. مۇھەممەتئىمىن: «بۇ خوتۇن بىردەم ناز قىلىپ، ئاخىر ئال پۇلۇڭنى، دەيدۇ» دەپ ئويلىسا، ئابدەم: «بۇ ھايۋاننىڭ ماڭا ياخشىلىق قىلىشتىن مەقسىتى مېنى بۇغراجاننىڭ يۈزىگە ئاياغ قويدۇرۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش شەرمەندە - رەسۋا قىلماقچىكەن - دە؟!...... ئۇخلاپ چۈشىمۇ! جېنىم تېنىمدە ئامان بولىدىكەن، بۇ ئىپلاسقا بوزەك بولمايمەن!» دەپ ئويلايتتى. بىر تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، ئادەم چاقىرماقچى بولاتتى - يۇ، بۇ ئىشتىن قىلچە نەپ چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتاتتى......

ھەر ئىككىيلەن ھالىدىن كەتتى، مۇھەممەتئىمىن توختىغانىدى، ئابدەممۇ توختىدى. ئىككىيلەننى مەش ئايرىپ تۇراتتى.

— قىز بالىمۇ مۇنچە ناز قىلماس...... جىنىم ئابدەم ئۇنداق قىلماي......

— ھۇ ئىپلاس...... ئالە بۇ بىر نېمەڭنى!...... — ئابدەم يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ ئېلىپ،

مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالدىغا غەزەپ بىلەن ئاتتى، — مىنى كىم چاغلاۋاتىسەن؟ خىيال ئەيلىمىگىنكى، ھايات تۇرۇپ سەندەك ھايۋانغا يەم بولمايمەن!

مۇھەممەتئىمىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، ئابدەمگە مولۇندەك تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى، تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك، زادىلا زۇۋان سۈرمەيتتى.

ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېسىنى يىغدى:

— ھىم...... شۇنداقمۇ؟...... ئابدە خېنىم، نەرخلىرىنى بەك قىممەت قىلىۋەتكەنلىرىگە كېيىن پۇشايمان قىلارلىمىكىن؟

— تۇفى!

ئابدەم ئۇنىڭ يۈزىگە شالاققىدە تۈكۈردى. مۇھەممەتئىمىن يۈزىدىكى تۈكۈرۈكنى ئېرتىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، ئۇلجىنى كۆرگەن يىرتقۇچتەك ھۆرپىيىپ، «ھو...... جالاپ......!» دېگىنىچە ئابدەمگە ئېتىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن نەچچە مىنۇت بۇرۇنقى «ئىشىق ئوتىدا كاۋاپ بولغان»، ئەمما مەشۇقى لەۋزىنى ئىلىك ئالمىغانلىقتىن، دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ يېقىملىق سۆزلەرنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىپ، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن ھەددى - ھېسابسىز ھاقارەتلەرنى «مۇكاپات» ئالسىمۇ چىۋىقىغا ئالمىغان «ئاشىق» — مۇھەممەتئىمىنگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە سەت گەپلەر بىلەن ئابدەمنى تىللايتتى. ئاق قىلىمەن، كۆك قىلىمەن...... دەپ پوپوزا قىلاتتى. ئۇ تازا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئابدەم مەشىنىڭ ئۈستىدىكى شىلىم بار داسنى ئۇنىڭغا ئاتتى. پۈتۈن ئەزايى شىلىم بىلەن بۇلغانغان مۇھەممەتئىمىن كىرىپسلوغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئابدەم پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئىشىككە ئېتىلدى......

ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئابدەمنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئەسلىدە ئۇ، مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆز ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. بىراق، مۇھەممەتئىمىن ئۇنداق قىلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ كۆزىگىمۇ كۆرۈنمىدى. روشەنگۈلمۇ ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا يوقلاپ، قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ تۇردى. بۇ ھال ئابدەمنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئەمدى ئۇنىڭ دائىم ئويلايدىغىنى ئۆيىدىن كۆچۈپ كېتىپ، مۇھەممەتئىمىندىن يىراقراق تۇرۇش ئىدى.

بىراق نەگە بارىدۇ؟ ئۇ نەگە بېرىشنى بىلمەيتتى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنى ئۆيىدىن قوغلاشتى.

كىم؟ مۇھەممەتئىمىنمۇ؟ ياق ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى. بۇنىڭغا مۇھەممەتئىمىننىڭ ماۋۇ خېتى ئىسپات بولالايتتى:

«جېنىم ئابدەم:

ئېھتىمال، سىز مېنى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن قوغلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتىدىغانسىز؟ ياق! زىنھار ياق! تىنكەندەك يالغۇز، ياپراقتەك ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن، ئوت - پىراقىدا نەچچە يىللاپ كۆيگەن بىر ناتىۋان مەزلۇمدىن ئۆچ ئېلىش ھەرگىزمۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس!

دۇرۇس، ئۆتكەندە مەن ۋىسالىڭىز دەردىدە ئوت بولۇپ يانغان قەلبىمنى سىزگە ئاشكارا ئىزھار قىلىپ، ئاشۇ دەردىمگە داۋا تىلىگىنىمدە، سىز مېنى كەملەرگىدۇر ئوخشىتىپ، ناھايىتى سەت تىللىدىڭىز. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماستىن، تىلىڭىزغا تىل قايتۇردۇم ۋە تولىمۇ بەتقىلىقلىق قىلدىم، سىز قېشىمدىن چىقىپ كېتىش بىلەنلا، ئۆزۈمنى بولۇشىغا تىللىدىم. خىجالەت بولغىنىمدىن، شۇنىڭدىن بۇيان دىدارىڭىزغىمۇ قارىيالمايمەن......

جېنىم ئابدەم! سىزنى ئۆيىدىن قوغلاش توغرىسىدىكى گەپ

خىلى بۇرۇنلا بولغانىدى. مەن ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باققان بولساممۇ، سىزنى بۇ قىسمەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدىم (مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، بۇنىڭغا خۇدايىم گۇۋاھ!) ئەمدى قولۇمدىن كېلىدىغىنى ـــ سىزگە مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەت تىلەش، شۇنداقلا سىزگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىمنى تاكى كىرپىكىمگە توپا قونغۇچە ساقلاش!

كېيىن قايتا دىدار كۆرۈشەمىزمۇ، كۆرۈشەلمەيمىزمۇ، بۇنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ. شۇڭا سىزدىن ئۆتۈنۈمەنكى، ئۆتكەنكى ئەدەپسىزلىكىمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. ئەگەر شۇنداق قىلالىسىڭىز، سىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىمغا قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشقا ھەرقاچان تەييارمەن!

قانداق چاغدا بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە، تارتىنماستىن مېنى ئىزدەڭ! سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيۈپ:

بىچارە قۇلىڭىز.....

1967 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى»

ئابدەم بۇ خەتنى ئۆيدىن كۆچۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇق ئوقۇتۇرۇلۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە تاپشۇرۇۋالغان. خەت شۇ كېچىسى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ، ھېلىقى ئامانەت چېكىمۇ بار ئىدى.

ئابدەم خەتنى ئالدىراش ئوقۇپ چىقتى ـ دە، پارچە ـ پارچە قىلىپ مەشكە سېلىۋەتتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئۇنى ساقلاپ قويمىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

نېمە ئۈچۈن؟

بۇنى ئابدەم بىلمەيتتى. مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ خەتنى يېزىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىنى بىلمەيتتى.....

— ئۆتكەن ئىشلارنى يادىمغا سېلىپ يۈرىكىمنى ئەزمەڭ! — دېدى ئابىدەم ئاخىر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆزىنى كەسكىن بۆلۈپ، — ماڭا بەكلا شەپقەت قىلغۇڭىز كېلىپ كەتكەن بولسا، مېنى بۇ يەردىن كەتكىلى قويۇڭ!

مۇھەممەتئىمىن بۇ گەپلەرگە پىسەنتمۇ قىلمىدى. ئەكسىچە تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئابىدەم ئاخىر بىرئاز يۇمشىغاندەك قىلىپ، يۈزىنى قىيا ئېچىپ پىسىڭىدە بىر كۈلدى - دە:

— ماقۇل، ھاممىڭىزنىڭكىگە بارسامىمۇ باراي، — دېدى.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى! — مۇھەممەتئىمىن خۇشاللىقتا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى، — يۈرۈڭ، بەزىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغۇچە بۇ يەردىن كېتەيلى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا مېڭىشقا تەمشەلگەنىدى، ئابىدەم:

— توختاڭ، باللارنى ئېلىۋالاي، — دېدى.

— ۋاي، راست، قاراڭ بۇ ئەقلىمنى! ئۇلار نەدە؟

— ئاۋۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا. سىز جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ. مەن دىككىدە بېرىپ ئەكېلەي.

ئابىدەم ئۇنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن، ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ئۆي تەرەپكە ئەمەس، بەلكى ئەگرى - بۈگرى ئارقا كوچىلارنى ئارىلاپ، شەھەرنىڭ يەنە بىر چېتىگە قاراپ يول ئالدى. لېكىن ئۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ سايىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقىنىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى.

## ئون ئىككىنچى باب

## ۋىجدان بۇيرۇقى

رەھمەتجان كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى، بوسۇغىدا يەلكىسىگە ئاپتومات ئاسقان سۇلايمان تۇراتتى.

— ھە، كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ سىپايىلىك بىلەن، — يەنە نېمە گەپ؟

— نېمە گەپ بولاتتى، يەنە شۇ قاچاقلارنى قوغلاپ يۈرىمىز.

— تېخى ئۈچ - تۆت كۈننىڭ ئالدىدا يەتتە - سەككىز كىشىنى تۇتۇپ كەتكەن ئىكەنسىلەرغۇ؟ بىرەرىنى قاچۇرۇپ قويمىغانسىلەر؟

— بىزنىڭ قولىمىزدىن قېچىپ كەتكىلى بېشى ئونمىكەن ئۇ خەقنىڭ؟! — سۇلايمان كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە سۆزلەۋېتىپ، بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى. رەھمەتجان ئۇنىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشەندى - دە:

— كېلىڭ، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — دېدى ۋە سائىتىگە قاراپ قويدى، سائەت چۈشتىن كېيىنكى ئۈچ بولغانىدى.

ئىشخانىدا بىر شىرە، ئۈچلا ئورۇندۇق بولۇپ، ئىككىسىدە نوپۇس ئىشى بىلەن كەلگەن ئىككى كىشى ئولتۇراتتى. رەھمەتجان سۇلايمان بىلەن خۇشياقمىغاندەك قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ھېلىقى ئىككىيلەن

سوجاڭنىڭ ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرۈپ خېلى ئوڭايسىزلاندى. شۇنداقلا، ئاپتومات ئېسىۋالغان بۇ سەھرالىق تومپاينىڭ بۇ يەردىن پات ئارىدا چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋېلىپ:

— بۇياق زۆرۈر ئىش بىلەن كەلگەن ئوخشايدۇ، بىز ئەتە كەلسەكمىكىن؟ — دېيىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ماقۇل، — دېدى رەھمەتجان كېسىپ.

ئىككىيلەن چىقىپ كېتىشتى.

— ھە، گەپ قىلىڭە، — دېدى رەھمەتجان ئىشىكنى مەھكەم ياپقاندىن كېيىن، — بۆرىدىن قورقۇپ، توشقان ئوۋلاپ يۈرەمسىز؟

— سىز بىلەن بىز قاچان بۆرىدىن قورققان؟ — سۇلايمان مەغرۇرانە كۈلۈمسىرىدى، — توشقاننى ئۇۋۇسىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، بۆرىگە ئۆزىنىڭ ئىككى كۈچۈكىنى تاشلاپ بېرىپ، بۇ يەرگە كېلىشىم دەڭە!

— قالتىسقۇ! — رەھمەتجان خۇشاللانغىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — قېنى، سۆزلىڭە؟ نېمە ئىشلارنى قىلدىڭلار؟

سۇلايمان ئايۇپ ئاكىنىڭ سالامىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

*ئايۇپ ئاكىنىڭ پۇتىغا تاش چۈشۈپ كېتىپ زەخىملەنگەنلىكتىن، سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيدە يېتىپ داۋالىنىۋاتقىنىغا ئون ئۈچ كۈن بولغانىدى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن سۇلايمان ئۇنىڭ پېشايۋاندا يالغۇز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراش سۆزلەپ كەتتى:*

*— بولمىدى، چاتاق بولدى، ئايۇپكا......*

*— نېمە بولدى؟ ئۆزۈڭنى تۇختىتىپراق سۆزلىسەڭچۇ. ئولتۇرە،*

ئولتۇرۇپ سۆزلە.

ئايۇپ ئاكا مىيىپ پۇتىنى ئاۋايلاپ يىغىپ، ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى - دە، سۇلايمانغا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى. سۇلايمان ئولتۇردى. ئەمما تىخىچە ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ قويۇپ، دۇدۇقلاپ سۆزلەيتتى:

— شىبىر.... شىبىر لېيەنجاڭ ئابدەمنى تۇتۇپ كەپتۇ.....

— ھە؟...... — ئايۇپ ئاكىنىڭ كۆزلىرى غەزەپلىك چاقناپ، ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — قاچان؟ قاچان تۇتۇپ كەپتۇ؟

— باياتىن.

— شەۋكەت بىلەن رەيھانچۇ؟

— ئابدەم ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ.

— قالتىس ئايال - دە، بۇ ئابدەم! ئابدەم ھازىر نەدە؟

— ماخونىڭ يەم - بوغۇز قويىدىغان ئۆيىدە سولاقلىق.

— ھىم......

— باياتىن دادۇيدە يىغىن ئاچتۇق. ئەتىدىن باشلاپ ئۇنى دادۇي بويىچە تەنقىد قىلماقچى. ئاندىن ئۆستەڭ چىپىشقا ئەۋەتمەكچى.

— ھىم......

ئايۇپ ئاكا بىرھازا جىمىپ كەتتى. سۇلايمان ئىچى تىت - تىت بولغان ھالدا ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي، ئۇنىڭ بىرەر ئەقىل كۆرسىتىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى.

ئايۇپ ئاكا يەنە بىر قېتىم ئېغىر تىنىۋېلىپ، مۇنداق دېدى:

— ئوسمانىڭ پەيلىچە بولسا، بۇ قېتىم ئابدەمنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ. بولۇپمۇ باللارنى تېپىش باھانىسى بىلەن ئۇنى قاتتىق ئازابلىشى مۇمكىن......

— توغرا ئېيتتىڭىز، — سۇلايمان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، —

باياتىنقى يىغىندا ئۇ: «ئابىدەك بالىلىرىنى نەگە يوشۇرغانلىقىنى ئىقرار قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ جېنى مىنىڭ قولۇمدا چىقىدۇ!...... ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ شەھەردە يۆلەنچۈكى بار ئوخشايدۇ. شۇڭا، بۇ ئالۋاستىنىڭ ئىشلىرىنى تەلتۆكۈس ئېنىقلاپ چىقىش - چىقالماسلىق يالغۇز دادۇيىمىزدە سىنىپىي كۈرەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش - بارالماسلىق مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، شەھەرنىڭ سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ ئىش.......» دەپ بىرمۇنچە كاپىشىدى.

— ھىم...... ئۇنداق بولسا، ئابىدەمنى ئۇنىڭ قولىغا تېخىمۇ تاشلاپ بەرگىلى بولمايدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق دەيمەن.

— مىنىڭچە، مۇنداق قىلساق، — دېدى ئايۇپ ئاكا ۋەزمىن ئاۋازدا، — ئەمدى بىر ئامال قىلىپ، ئابىدەمنى ئوسمانىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، شەھەرگە ئەمەس، باشقا بىر يەرگە يولغا سېلىۋېتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دېسەڭ، ئابىدەمنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن سانىخانىنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى ئاللىقاچان خەۋەر تاپتى. قايتىپ بارسا، ئۇنىڭ نەگە بارغانلىقى سۈرۈشتە قىلىنماي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا، سانىخانلارمۇ گۇمان ئاستىدا قالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، نەگە يولغا سالىمىز؟ ئۇدۇللا ئىلىغىمۇ؟

— ياق. ئۆتكەندە بىز تۆگىگە مىنىپ تۇرۇپ، تۆگە ئىزدىگەندەك ئىش قىپتۇق. ھازىر ئويلانسام، ئەڭ ياخشىسى، نامان ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتكىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ.

— شۇنچە چوڭ شەھەردە ئامان قالالمىغان ئادەم ئۇ يەرگە قانداق ياتىدۇ؟

— ئۇكام، ئويلاپ باق: بىز ئابىدەمنى نەگىلا يوشۇرمايلى،

ئوسمان بەرىبىر شەھەردىن ئىزدەيدۇ، يۇلغۇنلۇقتىن ئىزدەش ئۇنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ. بۇ بىر. ئىككىنچىدىن، يولغۇنلۇق ھەپتىلەپ ـ ئايلاپ ئادەم ئايىغى تەگمەيدىغان باياۋان. نامان ئاكا پاناھ بولۇشقا رازى بولسىلا، ئابدەم ئۇ يەرگە قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ كېتىدۇ.

سۇلايمان قايىل بولغان ھالدا ئايۇپ ئاكىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى.

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن كېچىلا شۇ يەرگە ئاپىرىۋېتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى.

— بۈگۈن ئاپىرىۋەتسەگىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئالدى بىلەن نامان ئاكىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باققىنىڭ تۈزۈكمىكىن؟

— ئەمىسە ھازىرلا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كېلەي.

— مەيلى، بارساڭ بارغىن، قالغان ئىشلارنى ئەتە مەسلىھەتلىشەرمىز.

— ماقۇل.

— ......

سۇلايمان ھويلا ئىشىكىدىن چىققاندا، ئۇلاغقا ئوت ئېلىپ قايتقان رەناخان بىلەن دوقۇرۇشتى.

× × ×

ئۈچ كۈندىن بۇيانقى تاياق، تىل ـ دەشنەم دەستىدىن ئۇستىخانلىرى چېقىۋېتىلگەندەك قاتتىق ئاغرىۋاتقان ئابدەم شادىلىرى ئارىسىدىن قۇشقاچمۇ كىرەلمىگۈدەك قىلىپ ياسالغان تۈگلۈكتىن قاپقارىغۇ ئاسمانغا تىكىلگىنىچە، مەگزىنى بويلاپ توختاۋسىز ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى پات ـ پات كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، كېپەك، كۈنجۈرە قاچىلانغان قاپ ـ تاغارلار

ئۈستىدە تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇپ: «شەۋكەت، نەلەردە يۈرىدىغانسەن، جىنىم بالام؟ — دەيتتى ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ، — ئۇكاڭغىنغۇ سانىخان ئاچام ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرار، ساڭا تەس بولدى - دە!......»

تاشقىرىدا كىملەرنىڭدۇر پەس ئاۋازدا سۆزلەشكەن ئۈنى ئابىدەمنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئامبارنىڭ قۇلۇپى شاراقلاپ ئېچىلدى. ئابىدەم ئىشىككە تىكىلدى. ئۇ ئەمدى كېچىلىك سوراققا ئېلىپ چىقىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

ئىشىك ئېچىلدى، مىلتىق تۇتقان بىر كىشى بېشىنى ئىچكىرىگە تىقىپ، پەس ئاۋازدا:

— ئابىدەم، ئويغاقمۇ سىز؟ — دىدى.

ئابىدەم، بوسۇغىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى پەرق ئېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئاۋازىدىن ئۇنىڭ سابىر ئىكەنلىكىنى تونۇدى ۋە يەڭگىل نەپەس ئېلىپ:

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى.

سابىر ئەتراپقا ئالاق - جالاق بىر نەزەر تاشلىۋېتىپ، ئۈن - تىنسىز ئىچكىرىگە كىرىپ، كۆزنەكلىرى يوق پاكارغىنا دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كەلدى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە دېرىزە قاپقىقىنىڭ قۇلۇپىنى قايرىپ چىقاردى. دېرىزە ۋە قاپقاقنى ئاستا ئېچىپ، سىرتقا غىل - پال كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، يەنە يېپىپ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئەترابقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، ئابىدەمنى قېشىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلدى. ئابىدەم ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. سابىر پىچىرلاپ ئۈنى - بۇنى تاپىلىدى. ئاندىن:

— چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چۈشەندىم.

— ئۇنداق بولسا، قالغان گەپنى كېيىن ئۇقارسىز.

ئىشلىك قۇلۇپلاندى.

ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە. ئابدەمنىڭ ھەم ئۈمىد، ھەم ئەندىشە بىلەن تولغان يۈرىكى ناغرا چالغاندەك گۈپۈلدەيتتى، قۇلىقى ئىشىكتە ئىدى.

نەچچە كىشىنىڭ ئۇنلۇك سۆزلەشكەن ئاۋازى بارغانسىرى يېقىنلاپ كەلدى:

— يائاللا...... ئاغىنىلەر، قورسىقىمىزنى ئۆلگۈدەك ئاچقۇزۇۋەتتىڭلار! خوتۇنۇڭلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇۋەرگىچە، بالدۇرراق كەلسەڭلار بولماسمىدى؟

— ھەممىسى ھېلىقى سۇلايمان دېگەن تەخسەكەش غالچىنىڭ كاساپىتى!

— ئۇ نېمە قىلدى؟

— نېمە قىلاتتى، ئوسمان جۇرىنىنىڭ ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتىدىغان بولۇپ قاپتىكەن، بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلايماننىڭ غوجا ئاكىسىغا خىزمەت كۆرسەتكۈسى كەلدى بولغاي، نەچچىمىزنى تۇتۇۋېلىپ ئۆگزىگە لاي سالغىلى سالدى.

— ئۆزىمۇ ئىشلىگەندۇ؟

— ئىشلىمەي قالامدۇ...... كەچكىچە ئازگالدىن چىقماي لاي ئەتتى دەڭلا! قاراڭغۇ چۈشۈپ، كۆز باغلىنىپ كەتسىمۇ، ئادەمنى قويۇۋەتمىگىنىچۇ تېخى!......

— ئەمىسە، ئوسمان مۇدىرنى بىر خۇش قىلىۋېتىپتۇ - دە!

— قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇزۇنغا قالماي، ئوسمان جۇرىن شىرىپنىڭ لىيەنجاڭلىقنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىدۇ!

— ئۇنى تېخى ياچىيكا ھەيئەتلىكىگە ئۆستۈرىدىغانىنىڭ گېپىمۇ بار.

— بۇ گەپچە، سىلەرمۇ قۇرۇق قالمايدىكەنسىلەر - دە!

— بىزگە بىرنەرسە تېگىپ قالغۇدەك بولسا، ھەممىسىنى

سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرەمىز!...... «ئەتىكى قويۇقنىڭ بوگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دەپ، بىر قازان ئۇماچ ئەتكۈزۈپ بەرگەن بولسا كىمنىڭ دەردى...... ئۆيگە بارساق، خوتۇنلىرىمىزنىڭ تاپىنىنى دېمەمسىلەر تېخى! ساقلا، ساقلا، ئەتكەن ئاشلىرى مۇلغۇي بولۇپ كېتىپتۇ.

— ھا، ھا، ھا!...... ئۇنداق بولسا، بىز شۈكۈر قىلساق بولغۇدەك.

— شۇنى دەڭلا!

— ئەمىسە، ماۋۇ جانىۋارلارنى قولىقىدىن تۇتۇپ، ساناپ ئۆتكۈزۈۋالامسىلەر؟

— بولدى، كېتىۋېرىڭلار.

— ياق، رەسمىيەت چالا ئۆتىلىپ قالسا، ئەتە دەشنام يەرمىز؟!

— بۇمۇ بىر ئارتۇقچە ئاۋارىگەرچىلىك بولدى -دە، ئادەمگە!

— ......

ئىشىك ئېچىلىپ، قولچىرىغىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى ئابىدەمىنىڭ كۆزىگە چۈشتى. ئۇ سوزۇپ بىر ئىنجىقلاپ، يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىۋالدى.

— ئابىدەك، ھاياتمۇ سەن؟

— ھىم...... بۇ شەقىقە ئۇنچە ئاسان ئۆلمەيدۇ! ئەگەر بۇنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىنى باشقا خوتۇن كىشى كۆرىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ئاللىقاچان روھىمۇ قالمايتتى.

ئىشىك قۇلۇپلاندى. تىللاش داۋام قىلماقتا ئىدى:

— بۇنىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنىدىن چىڭ ئىكەن دەڭلار......

ئۇزۇن ئۆتمەي، سادىرنىڭ ئاۋازى چىقتى:

— مەنسۇر، تاماكاڭ بارمۇ؟

— بار.

— ئەكېلە، بىر چېكىم بەرگىنە.
— سادىر، يۇرگىنە ئاداش. تاماكاڭنى يولدا ماڭغاچ چېكەرسەن.
بۇ سابىرنىڭ ئابدەمگە بەرگەن بەلگىسى ئىدى.
ئابدەم ئورنىدىن تۇردى - دە، دېرىزىدىن چىقىپ، قاپقاقنى ياپتى......
ئىككى كىشى مىنگەشكەن ۋېلىسىپىت ئېكىنزارلار، ئورمانلىقلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، يانتاق، قامغاق قاپلىغان چۆلنى توغرىسىغا كېسىپ، غەربكە — يۇلغۇنلۇق تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئۇچماقتا. ئۇلار ئابدەم بىلەن سۇلايمان ئىدى.
ئابدەمنىڭ كۆزىدە ياش، سۇلايمان پىدالنى شۇنداق كۈچەپ تېپەتتىكى، كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا ئۇنىڭ ھاسىراپ - ھۆمۈدەشلىرى ئابدەمنىڭ قۇلىقىغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
«نەگە بارىدىغاندۇق؟»
ئابدەم بۇ سوئالنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى.
يۇلتۇزلار يۈزىنى بۇلۇتلار توسۇپ، ئەتىراپ تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە چۆمدى. تۇنجى بولۇپ ئويغانغان تورغاي ئۈۋىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئاسماندا مۇئەللەق توختاپ، ئىشتىياق بىلەن سايراشقا باشلىدى. كۆز يېتىم يەردە بىر نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. سۇلايمان ئىتتىك ۋېلىسىپىتنى تورمۇزلىدى - دە، يەرگە چۈشتى. خىجالەتتە ئولتۇرغان ئابدەم يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. لېكىن، دەرھال ئېسىنى يىغىپ يەرگە دەسسىۋالدى.
— ئابدەم، — دېدى سۇلايمان ئەنسىز ئاۋازدا، — ئالدىمىزدىن بىر كىم كېلىۋاتىدۇ. بىردەم يوشۇرۇنۇپ تۇرايلى.
سۇلايمان شۇنداق دېدى - دە، ۋېلىسىپىتنى يولنىڭ چېتىگە تارتتى. ئىككىيلەن چوقچىيىپ تۇرغان قۇم - شور دۆۋىلىرىدىن

بىرىنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇندى. ئابدەم دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تىنىقىنىمۇ سىرتقا چىقارمايتتى. سۇلايمان پۈتۈن زېھنى بىلەن ھېلىقى كۆلەڭگىنى كۆزەتمەكتە ئىدى.

مانا، ئات تۇيىقىنىڭ بىر خىل دۈكۈرلىگەن ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. ئۇزۇنغا قالماي، ئايپاق ئاتقا مىنگەن بىر ئادەم ئۆلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاتلىق بەش قەدەمچە يىراقلاشقاندا، سۇلايمان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

ـــ دادىكا! ـــ دەپ ئۈنلۈك تىۋۋلىغىنىچە يۈگۈرۈپ يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چىقتى.

ئاتلىق دەرھال ئېتىنى توختاتتى ـ دە، بېشىنى كەينىگە بۇراپ:

ـــ بالام، سۇلايمان ئاخۇنمۇسىز؟ ـــ دېدى.

ـــ دادىكا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىلا؟

ـــ شۇنچە كۈتسەك كەلمىدىڭىز. بىرەر پېشكەللىك بولدىمىكىن، دەپ ئالدىڭىزغا كەلگەنىدىم. تىنچلىقمۇ؟

ـــ تىنچلىق.

سۇلايمان ئاتلىق ئادەم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە نېمە ئۈچۈن كېچىككەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى قىسقىچە چۈشەندۈردى. ئاندىن ئابدەمنى چاقىرىپ تونۇشتۇردى.

ـــ كېلىڭ قىزىم، ـــ دېدى ئاتلىق ئاتىلارچە مېھرىبان ئاۋازدا، ـــ كەينىمگە مىنگىشىڭ. ئەمدى سىزگە ئوسمان تۇرماق، ئۇنىڭدىن يوغىنىراقىنىڭمۇ قولى يەتمەيدۇ. ھەي...... بۇ پەلەكنى!......

ئابدەم قورۇنۇپراق ئاتقا يېقىنلاشتى. سۇلايمان ئۇنى پۈتىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى. بۇ چاغدا ئاتلىق:

ـــ بالام، سىزچۇ؟ ـــ دېدى سۇلايمانغا بۇرۇلۇپ، ـــ كېچىچە تازا چارچىغانسىز، بىزنىڭكىدە قانغۇدەك بىر ئۇخلىۋېلىپ، كەچقۇرۇن قايتىپ كەتمەمسىز؟

— مەن قايناي، — دېدى سۇلايمان ۋېلسىپىتنى يۆلەۋېتىپ، — مەن ئابدەممنى ئىزدەشكە باشلامچىلىق قىلمىسام بولمايدۇ!......

سۇلايمان «باشلامچىلىق» دېگەن سۆزنى كىنايە ئارىلاش ئېيتتى. ئاتلىق كۈلۈپ قويۇپ:

— ماقۇل، شۇنداق قىلىڭ، تاپالىسىڭىز، ماڭىمۇ خەۋەر بېرىۋېتەرسىز! — دېدى.

— جەزمەن خەۋەر بېرىمەن!

— ......

— خوش، بالام!

— خوش، دادىكا!

ئاتلىق تېزى بىلەن ئاتنى دېۋىتتى. ئات تاراسلاپ يورغىلاپ، بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى......

ئابدەمنىڭ قاچقانلىقى سىزىلگەندىن كېيىن، ئوسمان پۈتۈن داۋۇينى بېشىغا كىيدى. سۇلايمان شەھەردىكى «يىغىۋېلىش پونكىتى»غا خەۋەر قىلىش باھانىسى بىلەن بۇ ياققا ئۆتتى......

— قالتىس بەلەن ئىش قىپسىلەر، يولداشلار!......

رەھمەتجان ھاياجان بىلەن سۆزلەۋېتىپ، ئۇيقۇ باسقىنىدىن سۇلايماننىڭ كۆزلىرىنىڭ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى - دە، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

— يۈرۈڭ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ، بىردەم كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىڭ، قالغان ئىشلار توغرۇلۇق كېيىنچە مۇڭدىشارمىز.

— سەل ئۆگدەك باسقاندەك قىلىۋاتىدۇ، بېشىمنى سوغۇق سۇدا يۇيۇۋەتسەملا يەڭگىللەپ قالىمەن.

— چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ، ھازىر سىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىڭىز ئۇخلاش، ئۇيقۇغا قانغاندىن كېيىن، سىزگە يەنە يېڭى ۋەزىپە بار.

رەھمەتجان ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. سۇلايمانمۇ نائىلاج ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆيگە چىقىپ ھايال ئۆتمەي، كارىۋاتقا يانپاشلاپ ئۇخلاپ قالدى. رەھمەتجان ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى بىلەن بىردەم تىكىلىپ تۇردى - دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلىدى. ئىشخانا تەرەپكە كېتىۋېتىپ ماۋۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى:

*بۇ يىل يازنىڭ بىركۈنى، رەھمەتجان جىنايى ئىشلار دېلوسىغا چېتىشلىق بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن قاراقۇمغا كەلدى. ئۇنىڭ بىرىنچى ئۇچراشقان تونۇش ئادىمى سۇلايمان بولدى. ئۇ سۇلايماندىن ئابدۇمنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، يۈرىكى شۇنداق قاتتىق ئازابلاندىكى، دەسلەپ ئابدۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تەسەللى - خاتىرجەملىك بېرىشنى ئويلىدى. كېيىن دەرھال بۇ پىكرىدىن ياندى - دە، ئابدۇمدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا يىراقلاشتى. دادۇيگە كېلىپ ئوسمان بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، تېخىمۇ كەيپى ئۇچتى. ئۇچىنچى قېتىم كەلگىنىدە، ئابدۇمنى پۈتۈن دادۇي بويىچە تەنقىد قىلىنىۋاتقان ھالەتتە كۆردى، ئۇنى ئەڭ ئاكتىپ «تەنقىد» قىلىۋاتقانلار ئوسمان بىلەن سۇلايمان ئىدى......*

*رەھمەتجان شۇ كېچىسى سۇلايماننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. لېكىن، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى.*

*— ئۇكام، — دېدى ئۇ سۇلايماننى ئاستا نوقۇپ، — ئۇخلىدىڭىزمۇ؟*

*— ياق، — ئەمدىلا كۆزى ئىلىنىشقان سۇلايمان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، رەھمەتجانغا تىكىلدى، — قانداق دەيسىز؟*

— سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم.

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟ — سۇلايمان سەگەكلىشىپ، قولىنى سەرەڭگىگە ئۇزاتتى.

— چىراغنى ياقماڭ، مۇشۇنداق يېتىپ مۇڭدىشايلى، — رەھمەتجان سۇلايماننىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، — مۇشۇنداق چىرايلىق ئايدىڭدا چىراغ يېقىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟!...... ھېلىقى ئابدەم دېگەن ئايال توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭە.

— ئابدەم توغرۇلۇق؟ ئۇنىڭ نېمىسىگە قىزىقىۋاتىسىز؟

— ساقچىلارنىڭ ھەر خىل ئۇنسۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ قويغىنىنىڭ زىيىنى يوققۇ؟

سۇلايمان سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ رەھمەتجانغا تۇيدۇرماي، پۇتلىرىنى ئاستا يىغدى ـ دە، جەينىكى بىلەن تەكىيەگە يۆلىنىپ، بىرئاز ئۆرە بولدى. ئاندىن ئابدەم توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلىدى. ئاخىردا:

— بۇ خوتۇن قارىماققا ناھايىتى ياۋاشتەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆتۈپ كەتكەن شەددات ئىكەن. نېمە ئۈچۈن دېسىڭىز، پۈتۈن داۋۇيدىكى ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ بولدى. بايا تىن كۆردىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەنقىد قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن ئادەملەر، ھەتتا ئايۇپ دېگەن ھوقۇقدارمۇ ئۇنىڭ شالتىقىغا تېيىلىپ، ئىككى يىلنىڭ ئىزى سۇ قۇرۇلۇشىدىن كېلەلمەيۋاتىدۇ..... — دەپ قوشۇپ قويدى.

— مۇنداق دەڭ...... ئوسمانچۇ؟

— ئوسمان جۇرنىنى دەمسىز؟

— ھەئە.

— قالتىس ئادەم ئۇ! — سۇلايمان مەغرۇرانە سۆزلەپ كەتتى، — پۈتۈن داۋۇينى بىر قولىدا چۆرۈۋاتىدۇ دەڭە! گۇڭشېمۇ، ناھىيەمۇ

داۋاملىق ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر ـ ئىككى يىل بوشاشماي شۇنداق ئىشلەيدىغان بولسا، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ قېلىشىدا گەپ يوق.

ــ ئۇ قاچاندىن بېرى كادىر؟

ــ ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن بۇيان.

ــ بۇرۇن نېمە ئىش قىلاتتى؟

ــ دېھقان، دېھقان ئىدى. دېھقان بولغاندىمۇ، باغقا بۇيرۇسا تاغقا، تاغقا بۇيرۇسا باغقا چاپىدىغان، ئىش خۇشياقماس ھۇرۇن ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» شۇنداق باشلىنىۋىدى، ھەممە كارامىتىنى بىراقلا كۆرسەتتى دېگە ئۇ!

ــ سىز ئۇنىڭدا بىراقلا مۇشۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشتىكى سەۋەبنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

ــ سەۋەب......؟ سەۋەبنى...... ياق، ئويلاپ كۆرمەپتىمەن......

بۇ غەلىتە سوئالدىن ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالغان سۇلايماننىڭ ئۈنى ئۆچۈپلا كەتتى. رەھمەتجان بىردىن كەسكىن تەلەپپۇزدا سۆزلەپ كەتتى:

ــ مانا، مۇشۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ، يولداش سۇلايمان! ــ رەھمەتجان «يولداش» دېگەن سۆزنى ئەتەي جاراڭلىق ئاۋازدا ئېيتتى، ــ نەچچە بالىغا ئاتا بولغان چېغىڭىزدا، ياخشى ـ يامانني پەرق ئەتمەي، ئۇچرىغانلىكى بىرىگە قالايمىقان ئەگىشىپ، ئادەم ئۇرۇش، ئادەم تىللاشنى ئۆزىڭىزگە كەسىپ قىلىۋالسىڭىز قانداق بولغىنى؟!

رەھمەتجان چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ جىم بولۇپ قالدى. سۇلايمان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە رەھمەتجانغا ھەيرانلىق بىلەن بىرھازا تىكىلىپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ راستىمنى ئېيتسام ...... گېپىڭىزنىڭ تېگىنى چۈشىنەلـ

سىمىدىم......

— چۈشىنەلمىدىم؟ — سۇلايماننىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ گاڭگىراپ قالغانلىقىنى سەزگەن رەھمەتجان تەلەپپۇزىنى سەل ئۆزگەرتتى، — توغرا، بەلكى گېپىمنى راستتىنلا چۈشىنەلمىگەندۇرسىز. قۇلاق سالغۇڭىز كەلسە، بەزى نەرسىلەرنى چۈشۈندۇرۇپ قويۇشۇم مۇمكىن.

— نېمىشقا قۇلاق سالمايدىكەنمەن! سۆزلەڭ. سىز بىلىملىك ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزاقتىن بۇيان قانۇن بىلەن ھەپىلىشىپ كېلىۋاتىسىز. مەن قارا قورساققا ياردەم قىلىڭ!......

رەھمەتجان نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، سىياسەتتىكى تۇراقسىزلىق، خەلقنىڭ رايى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۇستىدە ئالدىرىماي، قايىل قىلارلىق قىلىپ خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى.

— ئويلاپ بېقىڭ، — دېدى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — ئايۇپكام كىم، ئوسمان كىم؟ يىراقنى قويۇپ تۇرۇپ، ئايۇپكام دادۇيگە رەھبەرلىك قىلغان چاغلاردا، دادۇيگىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئەزالارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى قانداق ئىدى؟ ھازىرچۇ؟ مۇشۇ ئىككى مەسىلىنى ئويلاپ كۆرسىڭىزلا ھەممىنى چۈشىنىۋالالايسىز.

خېلى داۋام قىلغان جىملىقتىن كېيىن سۇلايمان چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— راستىمنى ئېيتسام، كاللامدىن ئۆتمەيدىغان ئىشلار ناھايىتى جىق. مەسىلەن، ئايۇپكامدىن ھوقۇق تارتىۋېلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن، قاراقۇمدا گويا ۋارىس بەگ تىرىلگەندەك بولدى. مەن دەسلەپ بەزى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭغا قارشى تەرەپتە تۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇقىرىمۇ، گۇڭشېمۇ ھوقۇق تارتىۋېلىشنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە «تەسلىم» بولماي بولمىدى. لېۋىمىزنى چىشلەپ، ئۇنىڭ

بـۆيرۇغىنىنى قىلىـپ مۇشـۇ يەرگە كەلـدۇق. ئەممـا، ھەي......
يۇرىكىم قان دەڭە، قان!......ئېيتىپ بېقىڭە: راديودا، گېزىتتە،
يۇقىرىنىڭ بارلىق ھۆججەتلىرىدە ئاشۇ بىـر نېمىلەرنىـڭ قىلغان -
ئەتكەنلىـــرى «تــــوغرا» دەپ ماختىلىۋاتىـــدۇ. مۇشـــۇنداق
كېتىۋېرىدىغان بولسا......

سۇلايمان گېپىنىڭ قۇيرۇقىنى يۇتـۇۋەتتى. رەھمەتجان ئۇنـىڭ
نېمىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۇرئەت قىلالمايۋاتقـانلىقىنى دەرھـال
چۈشەندى ۋە:

— مۇشـۇنداق كېتىۋېرىـدىغان بولـسا، كوممۇنىزمغـا ئەمەس،
فاشىزمغا كېتىپ قالىمىز، دېمەكچىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى.

«قاپاقچە بېشى بـار ئادەمنىـڭ ئوشـۇقچە مېڭىـسى بولىـدۇ».
سـۇلايمان ئەسلىدە شـۇنداق دېمەكچىـدى، لـېكىن سـۆزلەۋېتىپ،
ئۆزىنى بۇ پىشقان رازۋېدچىككە ئالدانغاندەك ھېس قىلدى - دە:

— يــاق، ئــۇ...... ئۇنـــداق دېمەكچـــى ئەمەس، — دەپ
دۇدۇقلىدى.

ئىككىنچى، ئۈچىنچى كېچىسمۇ رەھمەتجان سۇلايمانىڭكىدە
قونىدى. رەھمەتجان قانچە كۆپ چۈشەندۇرگەنسېرى، سۇلايماننىڭ
شۇنچە جاھىللىقى تۇتتى.

— مېنى تولا قېچىقلاۋەرمەڭ، — دېدى ئۇ ئاخىر بىراقلا بۆرە
تېرىـسىنى كىيىــپ، — ھەرقـانچە ئـاۋارە بولـسىڭىزمۇ، بەرىبىـر
مەنـدىن سـىزگە ھېچنـېمە چىقمايـدۇ! ئەڭ ياخشىـسى، قىلتـاقنى
مەندىن باشقىراق بىرىگە قۇرسىڭىز بولارمىكىن!......

رەھمەتجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مۇنداق دەڭ...... سىزگە قىلتـاق قـۇرۇۋېتىپتىمەن - دە؟
ھا، ھا، ھا!...... يولداش، سىز مېنى شۇنداق قـارا يـۈرەك ئـادەم
دەپ ئويلامسىز؟

— ئەمىسە نېمىشقا ئاغزىمنى تاتىلاۋېرىسىز؟

سۇلايماننىڭ ئەلپازى بوزۇلغانىدى. ئۇ قەپەستىكى يولۋاستەك تىپىرلاپ، پۇتلىرىنى دەم سوزۇپ، دەم يىغاتتى، پۇشۇلدايتتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. رەھمەتجان ئەمدى گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەي، كۆڭلىدىكىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تۆكۈۋەتتى:

— يولداش سۇلايمان، — دېدى ئۇ، — مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، مەن سىزنىڭ ئەڭ سادىق دوستلىرىڭىزنىڭ بىرى. سىزگە بىرىدىغان دوستانە مەسلىھەتىم: ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت يارىتىشنى ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلغان كوممۇنىستلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇماڭ!...... شۇنى بىلىڭكى، ھازىر يۇقىرىدىمۇ، تۆۋەندىمۇ بەزى قارا نىيەت ئادەملەر جەمئىيەتتىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىۋاتىدۇ. يامانغا يانتاياق بولۇپ، ياخشىلاردىن ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ، زەربە بېرىۋاتىدۇ...... ئويلاپ بېقىڭە، پارتىيەمىز بۇنىڭغا مەڭگۈ يول قويۇۋېرەمدۇ؟ ياق، ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ! ھامان بىر كۈنى بۇ قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىپ، قارا نىيەتلەر، سۇيىقەستچىلەردىن تەلتۆكۈس ھېساب ئالىدۇ. ئەنە شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە، خەلق ئالدىدا، پارتىيە ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماي دېسىڭىز، ھازىردىن باشلاپ كاللىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ، ھەرقانداق بىر ئىشقا قول تىقىشتىن بۇرۇن، ئۆزىڭىزگە: «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويۇشقا ئادەتلىنىڭ......

گەپ ئارىسىدا، رەھمەتجان قانۇنىنىڭ ھېچقانداق بىر ماددىسىدا بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر ئېغىز خاتا گەپ قىلىپ قويغىنى، بىرەر قەدەم يولنى خاتا مېڭىپ قويغىنى ئۈچۈنلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق بەلگىلىمە يوقلۇقى، بىراق ئادەم ئېتىش ھوقۇقى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لەرگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، نۇرغۇن ئادەمنىڭ

ناھەق ئېتىۋېتىلگەنلىكى، مەركەز بۇ ئەھۋالنى سەزگەندىن كېيىن، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ئادەم ئېتىش ھوقۇقىنى يەرلىك ئورگانلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئەزەلدىن مۇنداق چوڭ ئىشلار ئۇستىدە زادىلا باش قاتۇرۇپ باقمىغان سۇلايمان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى. بۇغراجاننىڭ ئۆلۈمگە نىسبەتەن كۆڭلىدە يوغان بىر سوئال ئالامىتى پەيدا بولدى. رەھمەتجان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق تۈگەتتى:

— ماقۇل، بۇغراجاننىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھەق - ناھەقلىكى توغرۇلۇق ھازىرچە بىرنەرسە دېمەي تۇرايلى..... ئابدەمدە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىدا نېمە گۇناھ؟ ئويلاڭ، يولداش سۇلايمان! سىياسەتنىڭ ياكى قانۇننىڭ قايسى ماددا، قايسى تارمىقىدا، بىرەر كىشى گۇناھ ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر گۇناھكار بولىدۇ دەيدىغان بەلگىلىمە بار؟!...... ئەگەر مېنى: «پارتىيە ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئەكسىيەتچى ئىكەن» دەپ قارىسىڭىز، ئەتىلا ئۇستۇمدىن ماتېرىيال يېزىپ، تەشكىلگە تاپشۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ!

— .......

ئۇلار ئۇخلاپ قېلىشتى. ئەتىسى رەھمەتجان يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن سۇلايمان ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ:

— مەن كېچىچە ئويلاندىم. چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن، ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىپ، كوممۇنىستلىق بۇرچۇمنى ئاقلايمەن! — دېدى.

سۇلايمان دېگىنىنى قىلدى: دەسلەپ ئۆزىنىڭ «دىكتاتورا دۆبى» دېگەن ھوقۇقىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئابدەم قاتارلىق «ئۇنسۇر» لارغا قارىتىلغان نازارەتنى بوشاشتۇردى. ھەر

خىل يوللار بىلەن ئۆلارنى بىھۇدە ئازاب چېكىشتىن ساقلاپ قالدى. كېيىن سابىر، ناسىر قاتارلىق ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان يىگىتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئوسمان، شىرىپ قاتارلىقلارغا قارشى يوشۇرۇن كۆرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. چوگراق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولسا، رەھمەتجان بىلەن ئايۇپ ئاكىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالدى ۋە نەتىجىسىنى دوكلات قىلىپ تۇردى. يېقىندىكى بىر ئىشنى ئالساق، ئۇ ئابدەمنى ئۆزىنىڭ ئىلىدىكى تاغىسىنىڭ قېشىغا يولغا سېلىۋېتىشنى تەكلىپ قىلغانىدى، ئايۇپ ئاكا قوللىدى. رەھمەتجان «يول خېتى» ھەل قىلىپ بەردى. ئىش بۇزۇلۇشقا يۈزلەنگەندە، ئۇ يەنە ئايۇپ ئاكىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئابدەمنى قېيىنئانىسى نامان ئاكىنىڭ مۇھاپىزىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ھازىر ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ئەھۋالنى رەھمەتجانغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئىدى......



# ئون ئۈچىنچى باب

## ئابدەمنىڭ ئۆلۈمى

«شەھەر ئاھالىسىنى تارقاقلاشتۇرۇش» نامى بىلەن يېزىغا سۈرگۈن قىلىنغان بىر ئائىلىلىك كىشىنىڭ بىر تاغار قارغىشىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى خۇن بولۇپ كەتكەن رەھىم سايىت بىرمۇنچە چىرايلىق گەپ بىلەن ئۇلارنى يەنە بىر ـ ئىككى كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇشقا تەسەللىكتە كۆندۈردى ـ دە، ئۇدۇل ساقچىخانىغا يول ئالدى.

بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم قارغىش ئاڭلىشى دەمسىز؟ ياق، زادى نەچچىنچى قېتىملىقى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. گەپنى يېقىنىراقتىن باشلىساق، ئاشۇ قېتىملىق «تارقاقلاشتۇرۇش» تا، ئۇنىڭ تەۋەسىدىن ئەللىك ئۈچ ئائىلە، ئىككى يۈز يەتمىش يەتتە نوپۇس كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانىدىن ئايرىلىپ، يېزىغا ھەيدەلگەنىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز بېشىغا چۈشكەن مۇشۇ قىسمەتنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭدىن كۆردى. كۆپلىرى يولغا چىقىش ئالدىدا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ، نەزىرگە كەلگەن جامائەت ئالدىدا قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قارغىدى. بەزىلىرى چۆچۈرىدەك نارەسىدە باللىرىنى يېتىلەپ ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا دېۋەيلەپ كېلىپ يىغلىدى، قاقشىدى، تۆكۈردى، ھەتتا ئۇرماقچى بولۇپ ئالدىغا ئېتىلدى. رەھىم سايىت

ئۇن ـ تىنىسىز سۈكۈت قىلىپ، بۇ قارغىشلار، تىل ـ ھاقارەتلەرنى ئىچىگە سىڭدۈرەتتى. ئەمما ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتمەستىن، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بارلىق روزغارىدىن ئايرىلىپ، بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. يىلىندى ـ يالۋۇردى، تىللىدى، قارغىدى. چىلىنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق كۆزلىرىدە، يىلىڭ ـ يالىڭاچ باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، كۈنلەپ ـ ھەپتىلەپ يېتىۋالدى...... ئۇلارنىڭ قىسمەنلىرى يېزىنىڭ جاپاسىغا كۆنەلمەي قايتىپ كەلگەنلەر بولۇپ، زور كۆپچىلىكى بەزى نامرات دادۈي، گۇڭشىلار تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئامالسىز قېلىپ قايتۇرۇۋەتكەن كىشىلەر ئىدى.

ئەمدى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇۋېلىشقىمۇ، چىرايلىق ـ ياغلىما گەپلەر بىلەن ئالداپ، ئۇلارنىڭ دوپپىسىغا جىنگىدە سېلىشقىمۇ بولمايتتى. بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتۇش كېرەك ئىدى. ئۇلارمۇ ئادەم ـ دە! ئادەم ئىكەن، ئالدى بىلەن بېشى پاتقۇدەك ئۆي ـ ماكانى بولۇشى كېرەككۇ؟!

ئۆي ـ ماكان؟ ئۇلارنىڭ نەچچىنچى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئولتۇرۇپ كەلگەن ئۆي ـ ماكانلىرى ئاللىقاچان يېڭى خوجايىنلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

بۇ «زات» لارنى ئىنسابقا كەلتۈرۈپ، ئۆيىدىن كۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئاسماندىكى يۇلتۇزغا تاش ئاتقانغا ئوخشاش ئەخمەقلىق ئىدى!

رەھىم سايىتنىڭ بېشى قاتتى. كوچا باشقارمىسى، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ قېشىغا پايپاسلاپ بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئۇلار: «بۇ ھەقتە يۇقىرىنىڭ ھۆججىتى يوق......» دەپلا گەپنى تۈگەتتى.

يۇقىرى ـ تۆۋەن پالاقلاپ، كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. «ماكانسىز» لارنىڭ

نـاله ـ زارى، قارغــشلىرى تىپخىمـۇ كـۆپەيگىلى تـۇردى. ئۈسـتى ـ ئۈستىلەپ كەلگەن روھىي ئازاب رەھىم سايىتنى يىقىتتى. ئۇ ئـورۇن تۇتـۇپ يېتىـپ قالـدى، جانىنـىڭ چىقمىقـى تەس ئـىكەن، ئـۇ يەنە ئورنىدىن تۇردى. «ماكانسىز»لارنىڭ «نەشتەر»لىرى ئۇنىڭغا يەنە سانجىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى تەۋەككۇل قىلىـپ رەھمەتجاننىـڭ تومۇرىنى تۇتـۇپ باقماقچى، ئۇمـۇ ئاقمىسا، يېشىنىڭ چوڭىيىـپ قالغانلىقىنـــى باھانـــە قىلىـــپ «مەنـــسەپتىن چۈشـــمەكچى» بولدى.

ــ بالـدۇرراق كەلـسىڭىزچۇ، ــ دېـدى رەھمەتجـان ئۇنىـڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ــ بۇ چاغقۇچە سەككىز ـ ئون ئائىلىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولىدىكەنمىز.

رەھىم سايىت قۇلىقىغا ئىشەنمەي، رەھمەتجاننىـڭ كـۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. ئۇ كـۆزلەردە ئىشەنچ ۋە سەمىمىيلىك چاقناپ تۇراتتى.

رەھىم سايىت ئۇنى سىناپ بېقىش نىيىتىدە سورىدى:

ــ ھېلىمۇ نەچچە ئائىلىنى بىر ئىش قىلغىلى بولماسمۇ؟

ــ بولـدۇ، ــ رەھمەتجـان كېـسىپلا ئېيتتـى، ــ لـېكىن، گەپ ئـۆزىڭىزدە. بىـر چـاغلاردا كېلىـپ، ئەدىپىڭىزنـى يېيىـشتىن قورقمىسىڭىز، بىرقـانچە ئـائىلە ئەمەس، ھەممـە «ماكانـسىز»لارنـى ماكانلىق قىلغىلى بولىدۇ.

ــ چاقچاق قىلىۋاتامسىز ـ يا......؟

ــ باشـقا ئىـشلارغا چاقچـاق ئارىلاشـتۇرغىلى بـولار، لـېكىن بىرمۇنچە ئادەمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇنـداق چـوڭ ئىـشقا چاقچاقلاشقاق بولماس......

ــ ئۇنداق بولسا، مەسلىھەت كۆرسـىتىڭ، ــ رەھـىم سـايىت رەھمەتجانغـا يېپيـشىپلا ئالـدى، ــ ئەگەر ئاشـۇ بىچـارىلەردىن نەچچىسىنى ئۆي ـ ماكانلىق قىلىپ قويالىسام، ھېلىغۇ ئەدىپىمنى

يەيدىكەنمەن، ئۆمۈر بويى تۇرمىدە يېتىپ سېسىپ كەتسەممۇ، ھەتتا بىر پاي ئوق بىلەن جېنىمنى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ پەرۋايىم پەلەك!......

— ياخشى! ياخشى!...... — رەھمەتجان ھاياجانلانغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشخانا ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭدى، — ئەمىسە، ئالدى بىلەن ئەسلىدە شەخسىي ئۆيى بار، گۇڭشى، داداۋىيىلەر ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ قايتۇرۇۋەتكەن؛ قولىدا ئاشۇ ئورۇنلار يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇش خېتى بار، ئۆششاق بالىلىق ئائىلىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇڭ. ئاندىن......

— نەگە ئورۇنلاشتۇرىمەن؟ — ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنلىگەن رەھىم سايىت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — بىزنىڭ كومىتېتتا توخۇ پاتقۇدەك بىكار كاتەكمۇ يوق تۇرسا......

— ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئۆيلىرىچۇ؟

— باياتىن دېدىمغۇ، ھەممىسىنى باشقىلار ئىگىلىۋالغان......

— مېنىڭ دەۋاتقىنىممۇ ئاشۇ ئۆيلەر...... سىز بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېڭى غوجايىنلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ھەر ئائىلىدىن بىرەر ئېغىز ئۆينى بىكارلىتىپ، ئەسلىي ئۆي ئىگىلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭ، يېڭى غوجايىنلار گېپىڭىزنى يېمىسە، مەن شەپكەمنى دەسمايە سالسامۇ بولىدۇ، ئۇ «دەسمايە سالسام» دېگەن سۆزنى غەلىتە تەلەپپۇزدا ئېيتتى، — ئەڭ ياخشىسى، ئەقىل- ھوشى جايىدا، ئاغزى چىڭراقلاردىن بىر - ئىككىسىنىڭ قولىقىنى تولغاپ ئۇلارنى ئەسلىدىكى ئۆيىگە كىرىپ......

رەھىم سايىت ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى دەرھال چۈشەندى......

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر نەپەر «ماكانسىز»نىڭ قۇلىقىنى «تولغاپ» قويغانىدى، نەچچە كۈن ئىچىدە ئون نەچچە ئائىلىلىك «ماكانسىز» لاقا - لۇقىلىرىنى ئېشەك ھارۋىلىرىغا

بىسىپ، ئىسسىنچاق - سىلىنچاقلىرىنى كۆتۈرگەن، يىتىلگەن ھالدا ئۆز ئۆيلىرىنىڭ پىشايۋان، قاراڭغۇ دالان ۋە دەھلىزلىرىگە ماكانلاشتى، بۇنداق «ئۆكتەملىك»تىن بىزار بولغان «غوجايىن»لار ساغداقلىرىنى ئىبسىپ ۋارقىراشتى - جارقىراشتى، دوق قىلىشتى، بۇ ھەيۋىلىرى كار قىلمىغاندىن كېيىن، ئۆپكىدەك ئىسلىپ، تۆمۈردەك كۆكىرىشىپ رەھىم سايىتقا «ماكانسىز»لار ئۈستىدىن ئەرز ئىيتقىلى كېلىشتى، ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ ئەمەسمۇ؟ رەھىم سايىت چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇردى. گۇڭشى، دادۇيلەرنىڭ ئىسپات خەتلىرى ۋە ئادىمىگەرچىلىكنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى بىرەر ئىغىزدىن ئۆينى ۋاقتىنچە «ماكانسىز»لارغا بىكارلاپ بىرىشكە كۆندۈردى. ئۇنىڭ گېپى ئۆتمىگەنلەرنى رەھمەتجان ئەيۋەشكە كەلتۈردى، «چۈمۈلە تەشكەن كامارغا بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيى پاتىدۇ» دىگەندەك، كىچىككىنە كاۋاك چىقىش بىلەنلا، «ماكانسىز»لار كەينى - كەينىدىن ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىشتى، بۇگۈن رەھىم سايىتنى تىللاپ - قارغىغانلارمۇ ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ھىچقانداق رەسمىيەتسىزلا قايتىپ كېلىشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېگى بىلەن ئۆي - جايى يوق كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشنى رەھمەتجاننىڭ سەمىگە سىلىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمىسا، ئۆزى يالغۇز ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدەم تۇتۇپ چىقىپ كېتىلگەن ئۈچ كۈندىن بۇيان، ئۇنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ھىچقانداق خەۋەر بولمىدى، بۇ ھەقتە رەھمەتجان بىلەن مۇڭدىششىمۇ زۆرۈر ئىدى......

خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان رەھىم سايىت شەھەرنىڭ مەركىزى كوچىلىرىدىن بىرىگە كەلگەندە، سېمونت يولنى بىر ئالغان ئادەم توپىغا دۇچ كەلدى. ئۇ بۇ غۇلغۇلىنى يانداپ ئۆتۈپ، ئۆز يولىنى داۋام قىلماقچى بولدى - يۇ، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر

قەدىمىنى توختىتىپ، ئۆزىگە يېقىنراق تۇرغان بىر يىگىتتىن سورىدى:

— ئۇكام نېمە بوپتۇ؟

— بىر خوتۇن كىشىنى ماشىنا بېسىۋېتىپتۇ.

— تىرىكمىكەنيا......؟

— تىرىك بولامدۇ؟ يانجىلىپ كەتكەن شاپتۇلدەك، يەر بىلەن بىر تۈگقان بولۇپ كېتىپتۇ! قارىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ!......

— قانداق گەپ ئاڭلىمايدىغان بىر نېمىلەر بۇ؟ يېنىشە ئارقاڭغا!

ساقچىلار بىلەن «جيۇچادۇي» ئەزىمەتلىرىنىڭ قوپال ۋارقىراشلىرى ۋە تىللاشلىرى، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن قىلغان ھەيۋىلىرى جەسەتنى چۆرىدىۋېلىشقان كىشىلەر توپىنى كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەنە شۇ چاغدا، رەھىم سايىت ئۆزىنىڭ توپ ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقى، ھەتتا ئۆلۈكتىن ئىككى - ئۈچ قەدەملا نېرىدا تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى قانداقتۇر بىر ئايالنىڭ جەسىتى بولماستىن، بەلكى ھەممە يېرى قىپقىزىل قان بىلەن بويالغان ئەسكى كۆڭلەك، تامبال ۋە مۆرىسىدىن ئۈزۈلگەن بىر دانە قول ئىدى. رەھىم سايىت جەسەتكە يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ تىكىلدى - يۇ، پۇت - قولىنىڭ مادارى كەتكەندەك، تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى.

× × ×

— بىر يەرگە چۈشلۈك زىياپەتكە كېتىۋاتامسىز نېمە، رەھىم ئاكا؟ ھېلى قارا، مانا قارا، دەپ شۇنچە يېراقتىن سەپسېلىپ كەلسەم، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپمۇ قويمايسىز. نەگە بۇنچە

ئالدىراش؟ــ بۇ تونۇش ئاۋاز رەھىم سايىتنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىدىن بىر قەدەملا نېرىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان رەھمەتجاننى كۆرگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر ھودۇقۇپ كەتتى. يا ئۇنىڭ چاقچاق ئارىلاش سوئالىغا جاۋاب بېرىشنى، يا ئۇنىڭدىن ئادەتتىكىچە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشنى بىلەلمەي، دېلىغۇللۇق ئىچىدە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

ــ بەك خاپا كۆرۈنىسىزغۇ؟ ــ رەھمەتجان ھەيرانلىق ئارىلاش سورىدى، ــ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندۇ؟

رەھىم سايىت دۇدۇقلىدى:

ــ ئا...... ئابىدەم......

ــ ئابىدەم نېمە بولدى؟

ــ ماشىنا بېسىۋېتىپتۇ.

ــ نېمە؟ ــ رەھمەتجان ئەندىكىپ كەتتى، ــ كىم شۇنداق دەيدۇ؟

ــ مەن كۆردۈم.

ــ قاچان، قەيەردە كۆردىڭىز؟

ــ باياتىن، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا.

ــ ئاپلا، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى!...... ھازىر نەدە؟

ــ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئېلىپ كېتىشتى.

ــ جاراھىتى ئېغىر ئەمەستۇ؟

ــ ئۆلۈپتۇ......

ــ ھە؟!......

رەھمەتجاننىڭ چىرايى پاختىدەك ئاقىرىپ، چېكىسىدىن پۇررىدە تەر قۇيۇلدى، كۆز ئالدىغا پىژغىرىم ئاپتاپتا تەرلەپ - تەپچىرەپ ئورما ئورۇۋاتقان ئابىدەم، مۈكچىيىپ باغ باغلاۋاتقان شەۋكەت، توپىغا مىلىنىپ ئۇخلاۋاتقان رەيھان كەلدى. ئاندىن

بوغراجاننىڭ ئىتىلىشى......

ئاھ، رەھىمسىز دۇنيا! سەندە ئادالەت، ھەقىقەت دېگەن نەرسە بارمىدۇ زادى؟ بولسا، ئۇ زادى نەدە؟ كىملەرنىڭ قولىدا؟...... ياخشىلار قان يىغلاپ، يامانلار يۇرت سورايدىغان بۇ كۈنلەر يەنە قاچانغىچە داۋاملىشار؟ بەس! بەس!! بەس!!!

رەھمەتجان رەھىم سايىتقا غەلىتە بىر نەزەردە تىكىلدى ـ دە، سورىدى:

— سىز نەگە ماڭغانىدىڭىز؟

— سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېتىۋاتاتتىم.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئۈيگە قايتىپ دەم ئېلىڭ، مەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە بېرىپ، ئابدەمنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ كېلەي. كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق كەچقۇرۇن مەسلىھەتلىشەيلى.

— ئۆيگە بارسامۇ بەرىبىر ئارام ئالالمايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، سىز بىلەن بىللە باراي.

رەھمەتجان ئۇنىڭغا بىرپەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ماقۇل، يۈرۈڭ ئەمىسە، — دېدى ـ دە، مېڭىپ كەتتى.

رەھىم سايىت ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېتىۋېتىپ گەپ ئاچتى:

— ئابدەمنىڭمۇ ئەمدى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ، باللارنىڭ ئىشىنى قانداق قىلساق بولار؟

— قانداق قىلاتتۇق، رەيھاننى بىزنىڭ ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلىمەن، شەۋكەتنى نەدىن بولسا ئىزدەپ تاپىمىز. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

— مۇنداق قىلساق بولماسمىكىن؟

— نېمىشقا دەيسىز؟

— ئەتىگەن ئىشقا كېتىۋېتىپ، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىدىكى راشىدىن بىلەن

ئۇچرىـــشىپ قالغانـــدىم، ئۇنـــڭ ئېيتىـــشىچە، ئابدۇســـاتتار ئىككىمىزنىڭ ئۇستىدىن بۇ بۆلۈمگە شىكايەت قىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، كەينىمىزگە ئادەم سېلىنغان ۋە يوشۇرۇن تەكشۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ.

رەھمەتجان ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەشنىڭ تېگىدە بىر خىل ئىشەنچ ۋە ھەرقانداق خەۋپنى مەنسىتمەسلىك ئالامىتى يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى.

— راشىدىننىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي راست، — دېدى ئۇ كېيىن، — بۇ ئىشلاردىن مەن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان، ئەمما سىزنى بىئارام قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇقتۇرمىغانىدىم. خاتىرجەم بولۇڭ، پارتىيەگە، پارتىيەنىڭ ئىشلىرىغا سادىق ئادەملەر يالغۇز سىز بىلەن مەنلا ئەمەس، يۇقىرىدىمۇ، تۆۋەندىمۇ پاك ۋىجدانلىق يولداشلار نۇرغۇن، ئۇلار ئاللىقاچان سىز بىلەن مېنىڭ غېمىمىزنى يەپ قويغان. ھېچكىممۇ بىزنىڭ بىر تال مويىمىزغا چېقىلالمايدۇ.

— بالدۇرراق شۇنداق دېسىڭىزچۇ ئۇكا! — رەھىم سايىت گويا يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىل تىن ئالدى، — مەن بىكاردىن - بىكار شۇنچە ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن.

— ھەرھالدا سەگەكرەك بولغاننىڭ زىيىنى يوق، سىزگە بىر نەرسىنى ئېيتىپ قوياي: ئابدۇساتتار جيۇچادۈيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن بۇيان، نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلدى. يالغۇز ئۆي ئاقتۇرۇش باھانىسى بىلەن، شەخسەن ئۆزى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان نەرسىلىرى يىگىرمە مىڭ يۈەنلىكتىن ئاشىدۇ. ئۇ مۇشۇ جىنايەتلىرىنىڭ سۈرۈشتە قىلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، دەرھال تىغ ئۇچىنى ئاتالمىش «قارا نوپۇس»لار، «ماكانسىز»لارغا خەيرخاھلىق قىلغان

كىشىلەرگە قارىتىش يولى بىلەن جىنايى جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغان، ھازىر ئۇنىڭ دېلوسى ئىچكى جەھەتتىن بېكىتىلىپ بولدى، پات ئارىدا قولغا ئېلىنىدۇ.

— ئاغزىڭىزغا ناۋات، ئۇكا! ئەگەر بۇ لۈكچەك راستتىنلا ئەدىپىنى يەيدىغان بولسا، پۈتۈن شەھەر خەلقى ناھايىتى زور بىر ئاپەتتىن قوتۇلغاندەك خۇشال بولىدۇ.

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، — دېدى رەھمەتجان چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن، ئىككىيلەن يولنى داۋام قىلدى، — لېكىن ھازىرچە بۇ گەپنى ھېچكىمگە تىنماڭ. چۈنكى كۈرەش يەنىلا ناھايىتى كەسكىن. ۋەزىيەت پۈتۈنلەي بىزگە پايدىلىق تەرەپكە بۇرالغانغا قەدەر ھەربىر قەدىمىمىزنى ھېسابلاپ باسماي، ھەربىر ئېغىز سۆزىمىزنى قايتا - قايتا ئويلاپ قىلماي بولمايدۇ......

ئىككىيلەن مۇڭداشقاچ، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قېلىشتى.

× × ×

ئاللىقاچان يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتتى، رەھمەتجان تېخىچە ئويغاق، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئابىدەمنىڭ تېگى نىل رەڭ، ئاق شاپتۇل چېچەكلىرى گۈللۈك كۆڭلىكى، كۆل رەڭ خادانى پىلاتىسى ۋە قاداقلىنىپ كەتكەن يىگانە قولى...... «ئىنقىلاب» تۆپىلى ئۇرۇپ - سوقۇلغان، تۈرمىلەرگە تاشلانغان سان - ساناقسىز بىگۇناھ كىشىلەر؛ سان - ساناقسىز يېتىم - يېسىرلار......نىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتى، مۇڭ - زارى ۋە كۆز ياشلىرى...... نامايان بولدى.

سىرتتا توختاۋسىز چىقىۋاتقان بوران دەم گۈركىرەپ، دەم ئۇششىقىرىتىپ، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزماقتا، رەھمەتجان تورۇسقا

تىكىلگىنىچە خىيال دېڭىزىدا ئۈزمەكتە، ئۇنى ھەممىدىن بەك بىئارام قىلىۋاتقىنى ئابىدەم بىلەن شەۋكەت، رەيھانلارنىڭ ئىشى ئىدى.

رەھمەتجان شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن قايتىپ كېلىپلا سۇلايمان بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشمەكچى بولغانىدى. پوچتىخانىدىن دەسلەپ: «گوڭشى رادىيو ئۈزېلىنىڭ كەچلىك ئاڭلىتىشى توختىغۇچە كۈتۈپ تۇرۇڭ» دېگەن جاۋابنى؛ كېيىن: «سىم يولى بۇزۇلۇپ قاپتۇ» دېگەن جاۋابنى ئالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ بارلىق پىلانلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەندەك، كۆڭلى تېخىمۇ پاراكەندە بولۇشقا باشلىدى، بۇ ھال تېخىچە بېسىلغىنى يوق. «قانداقلا بولمىسۇن، سۇلايمان بىلەن بىر ئۇچرىشىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، — ئەگەر ۋېلىسىپىت بىلەن ئۇچسامچۇ؟......»

خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ يوتقاندىن چىقتى ـ دە، چىراغنى يېقىپ، كىيىنىشكە باشلىدى......

ئون تۆتىنچى باب

## غەلىتە ئوخشاشلىق

1978 ـ يىلى باھار كۈنلىرىنىڭ بىر يەكشەنبىسى، چۈش ۋاقتى.

ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى سەل ـ پەل ئولتۇرۇشقان، ئۈستىدىكى پاكىز چۈشۈرۈلگەن يوغان بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن قارىمۇتۇق كىشىنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، ئۆزىگە يانمۇ يان تۇرغىنىنى كۆرگەندە، ئۇۋۋا ئىزدەپ يۈرگەن يوغان تاجلىق، ئاپئاق مېكىيانىنى كاتەككە ھەيدەۋاتقان جيەن قىبي ھاممىنىڭ ئاقپىشماق يۈزى «ۋىللىدە» قىزاردى ـ دە:

— رامىزان چاڭجاڭغۇ بۇ! قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ كېلىڭ، ئۆيگە كىرىڭ! — دېدى.

— لاۋيەن بارمۇ؟

— بار.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— بىرەيلەن بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرىدۇ، — جيەن قىبي ئىچكىرىگە قاراپ توۋلىدى، — لاۋيەن، رامىزان چاڭجاڭ كەپتۇ!

رامىزان ئاكا ئۆيگە كىردى.

— ئوھوي...... سىزمىدىڭىز؟ كېلىڭ، چاڭجاڭ، — يەن شۈجى خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىغا

ئېتىلدى. ئىككى جۈپ قول بىر - بىرىنى مەھكەم سىقتى. يەن شۈجىنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى ئۇيغۇر يىگىت ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، رامىزان ئاكىغا جاي بوشاتتى.

— سۆھبىتىڭلارنىڭ بېلىگە تەپتىممۇ نېمە؟ — دېدى رامىزان ئاكا كۈلۈپ ۋە يەن شۈجىنىڭ دولىسىغا قاقتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈزىنى قويۇق قورۇقلار قاپلاپ، قاچانلاردىدۇر تۆكۈلۈپ كەتكەن نەچچە تال ئۈتتۇر چىشى ئورنىدىكى بوشلۇق «مانا مەن» دەپلا كۆزگە تاشلاندى. ئاۋازى ياشلارنىڭكىدەك جاراڭلىق ئىدى.

— ياق، سۆھبىتىمىز ئەمدى قىزىيدىغان بولدى دەڭە! — يەن شۈجى رامىزان ئاكىنىڭ ئوڭ قولىنى مەھكەم تۇتقىنىچە، ھېلىقى يىگىتنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى، — تونۇشۇپ قويۇڭ: ۋىلايەتلىك كۆمۈر كانىدىكى بىر قەدىناس دوستۇمنىڭ ئوغلى، ئىسمى ھامىت، دادىسى ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ يىل باللار پاراۋانلىق مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز سىنىپىنى پۈتكۈزىدۇ.

ھامىت رامىزان ئاكا بىلەن قول ئېلىشتى. يەن شۈجى ئەمدى مېھمانىنى تونۇشتۇردى:

— زاۋۇتىمىزنىڭ باشلىقى يولداش رامىزان.

يىگىت بۇ ئىسمنى ئاڭلىغاندا، كۆزلىرى غەلىتە چاقناپ، رامىزان ئاكىنىڭ كۈچلۈك ئالقىنىدىكى قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى، كۈلۈمسىرەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، كۈلۈمسىرىيەلمىدى. ئەكسىچە رامىزان ئاكىمۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ باش - ئايىغىغا يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سەپسالغىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ھامىتتا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ ئۆزگىرىش يەن شۈجىنىڭ ئەقىللىك كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

— كېلىڭ، ئورۇندۇققا كېلىڭ، — ئۇ رامىزان ئاكىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئاستا ئۆزى تەرەپكە تارتتى، — ئولتۇرۇپ

پاراگلىشايلى.

رامىزان ئاكا ئولتۇردى. جيەن فېي هاما ئۇنىڭغا چاي سۇنۇۋېتىپ سورىدى:

— سانىخان تىنچلىقتۇ؟

— تىنچلىق، — رامىزان ئاكا ئورۇندۇقتىن سەل قوزغىلىپ، يەنە ئولتۇردى، — سىزگە سالام ئېيتتى.

— سالامەت بولسۇن. چاغاندا كۆرۈشكەنچە، ئۇنى زادىلا كۆرمىدىم. بىر بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي، دەپ كۆڭلۈمگە پۈكىمەنۇ، نېمە ئۈچۈندۇر زادى ئىشىكتىن چىقالمايمەن.

— ئۇمۇ كۆندە نەچچە قېتىم گېپىڭىزنى قىلىدۇ، ئەمما ئۆيدىن چىقالماي، ئالدىڭىزدا بەك خىجىل.

— ئادەمنى خىجىل قىلمىسىڭىزچۇ! ئارىلىق يىراق بولغاندىكىن، ئادەم دېگەن ۋاقتىدا بىر - بىرىنى ئىزدىشەلمەيدىكەن. هەي...... ئەمدى زاۋۇتقا كۆچۈپ چىقارسىلەر؟

— كۆچۈپ چىقساققۇ بولاتتى. ئۆي يوقتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆيۈ ئوغلىمىز بىلەن قىزىمىز تېخىچە كېلەلمەيۋاتىدۇ.

— نېمىشقا شۇ چاغقۇچە كېلىپ بولالمايدۇ؟

— ئۇلار ئىشلەۋاتقان ئورۇن ئىنقىلاب جەريانىدا بەكمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىكەن، رەھبەرلىك كۆيۈ ئوغلىمىزنى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى قىلىپ، قالايمىقانچىلىق تۈزەلگەندىن كېيىن قايتۇرۇپ كەلمەكچى بوپتۇ.

— ئۇنچىلىك بولسا ياخشى ئىكەن.

جيەن فېي هاما سۆزلەۋېتىپ، هامىتنىڭ تېخىچە ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى:

— هامىت، نېمانداق ئۆرە تۇرىسىز؟ ئولتۇرۇڭ، بالام.

— مەن قايتاي، — هامىت ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، —

كىچىكىپ قالسام، ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەيمەن.

جېمن قىپ ھاما ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى يەنە بىردەم ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلغانىدى، يەن شۇجى رامىزان ئاكىغا تۇيدۇرماستىن، خوتۇنىغا كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە:

— ماقۇل، ماڭسا - ماڭسۇن. يەنە ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەي پىيادە قېلىپ يۈرمىسۇن، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

يەن شۇجى ھامىتنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى. ئىككىيلەن چاي ئوتلىغاچ، ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۈستىدە مۇڭدىشىشتى. بارا - بارا سۆھبەتنىڭ كەيپىياتى سۇسلىشىپ كەتتى، بولۇپمۇ رامىزان ئاكىنىڭ روھى تۆۋەن بولۇپ، ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇزمەي تاماكا چېكەتتى، بەزىدە بىر سوئالنى نەچچە قېتىم ياندۇرملاپ سورايتتى ياكى خېلى بۇرۇنلا سۆزلەپ بولغان بىر گەپنى يەنە تەكرارلايتتى. بۇنىڭدىن يەن شۇجى ھەيران ئىدى.

گەپ بوغراجان توغرۇلۇق يېزىلغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر ئۈستىگە كۆچكەندە، يەن شۇجى ناھايىتى قىزغىن سۆزلەپ كەتتى:

— ئاممىنىڭ قوزغالغىنى بەكمۇ ئوبدان بولدى، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن، — ئاما قوزغىلىدىغان، رەھبەرلىك ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولسا، بۇغراجان چوقۇم تەلتۆكۈس ئاقلىنىدۇ.

رامىزان ئاكا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە يەن شۇجىغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ:

— سىز ئاشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشىنىمەن.

— مۇنداق دەڭ......، — رامىزان ئاكا سوزۇپ بىر نەپەس ئالدى. چىرايى يەنىلا جىددىي، ئاۋازى بىلىنەر - بىلىنمەس

تىترەيتتى، ــ ئۇنداق بولسا، ئىككىمىزنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش ئىكەن.

ــ ئەلۋەتتە ئوخشاش بولىدۇ ـ دە! يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان قاچان، قايسى ئىشتا كۆزقارىشىمىز ئوخشاش بولمىغان؟

ئىككىيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. كۈلكە سەل بېسىققاندا:

ــ لاۋيەن، ــ دېدى رامىزان ئاكا دىلىغۇللۇق ئارىلاش تەلەپپۇزدا، ــ ھازىر نېمىشقا سىزنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىمنى بىلەمسىز؟

يەن شۇجى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ـ دە، ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

ــ ياق، بەلكى زۆرۈر بىر ئىش بىلەن كەلگەنسىز.

ــ ھەئە، ھەقىقەتەن بەكمۇ زۆرۈر بىر ئىش بىلەن كەلدىم.

ــ ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ، قېنى دەپ بېقىڭە؟

ــ ئىش مۇنداق، ــ رامىزان ئاكا تاماكىسىنى كەينى ـ كەينىدىن قاتتىق ـ قاتتىق شورىۋالدى. يەن شۇجى ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە ئىدى، ــ باياتىن بۇغراجان توغرۇلۇق خېلى كۆپ سۆزلەشتۇق. ئەمدى ئۇنىڭ قىزى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ باقساق قانداق؟

ــ قايسى قىزى توغرۇلۇق؟

يەن شۇجىنىڭ ئىستاكاننى مەھكەم سىقىملىۋالغان قوللىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى. رامىزان ئاكا ئۇنىڭ سوئالىغا قىسقىلا جاۋاب بەردى:

ــ قايسى قىزى بولاتتى، رەيھانچۇ!

ــ رەيھان؟ بۇغراجان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۇغۇلغان قىزمۇ؟

ــ ھەئە، شۇ.

ــ ئۇ بارمىكەن؟

— بار، نېمىشقا بولمايدىكەن!
— راست گەپ قىلىۋاتامسىز؟
— مەن قاچان يالغان سۆزلىگەن؟!
— ئۇنداق بولسا، ئۇ هازىر نەدە؟
— ئويلاپ تېپىڭچۇ؟ سىزنىڭچە نەدىدۇ؟
— مېنىڭچە...... — يەن شۇجى بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككىلا چامداپ رامىزان ئاكىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — سىزنىڭ ئۆيدە ئوخشىمامدۇ؟!
— تاپتىڭىز. ئۇ راستتىنلا بىزنىڭ ئۆيدە.
— هە، نېمە دەۋاتىسىز؟ بۇ زادى قانداق گەپ؟ ئوچۇقراق سۆزلىگە!
يەن شۇجىنىڭ ئورۇق قوللىرى ئاللىقاچان رامىزان ئاكىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە تاشلانغان، كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالغانىدى.
رامىزان ئاكا ئابىدەم بىلەن رەيهان توغرىسىدىكى ئەهۋالنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. خۇشاللىق بىلەن مۇسىبەت تۇيغۇسى ئارىلىشىپ كەتكەن يەن شۇجى قوللىرىنى رامىزان ئاكىنىڭ مۈرىسىدىن ئالدى - دە، پۇتلىرىنى ئېغىر يۆتكەپ، جايىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە كەيپى ئۇچقان هالدا سورىدى:
— سىز بۇ گەپنى نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدىلا دېمىدىڭىز؟
رامىزان ئاكا بىرهازا جىمىپ كەتتى. كېيىن گۇناهلىق ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى قەيەرگىدۇر تىكىپ، پەس ئاۋازدا دېدى:
— ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئۇ كۈنلەردە شۇنداق چوڭ گەپنى سىزگە قانداقمۇ ئاغزىمدىن چىقىرالايمەن؟!
— توغرا، هەي...... ئۇ كۈنلەر......
هەر ئىككىلەن تەڭلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى. شۇتاپ ئۇلار

خىيالغا كەتكەندى:

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، يەن رۈي مۇشۇ زاۋۇتقا ھەربىي ۋەكىل بولۇپ كەلگەندە، مىللىي ئارمىيەدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان رامىزان بۇ زاۋۇتقا باشلىق بولدى. ئىككىيلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، زاۋۇتنى يىلدىن ـ يىلغا گۈللەندۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئىككىيلەننىڭ تەقدىرى ئوخشاش بولدى: يەن رۈي «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان، بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەننى سادىقلىق بىلەن يۈرگۈزۈپ، ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي ئاكتىپلىقىنى باسقان جىنايىتى»دىن ھېساب بەرسە، رامىزان «مىللىي ئارمىيەگە قاتنىشىپ، بىگۇناھ خەنزۇلارنى ئۆلتۈرگەن جىنايىتى»دىن ھېساب بەردى. يەن رۈي ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن زاۋۇت ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ رامىزاننى ئازاد قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا تىركىشىشى نەتىجىسىدە، رامىزان «ئازاد» قىلىنىپ، زاۋۇتنىڭ ماتېرىيال سېتىۋالغۇچىسى قىلىپ تەيىنلەندى. ئەمما، مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق يېڭى ھوقۇقدارلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن، ئۇنىڭ تارىخىدىن خۇلاسە چىقىرىلمىدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ئەمدى ئازاد ئىدى! زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى بەجانىدىل ئورۇنلايتتى. 1975 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە، رامىزان ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ، ناھايىتى ئېغىر يارىلاندى. ئۇرۇمچىدە جىددىي قۇتقۇزۇش ئۇنۇم بەرمىگەندىن كېيىن، شاڭخەيگە يۆتكەپ كېتىلدى. تاكى سەللىمازا ساقىيىپ، ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگۈچە بولغان يەتتە ئاي ئىچىدە، يەن شۇجى ئۇنى ئىككى قېتىم يوقلاپ كەلدى، ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. شۇنداقلا ئايروپىلاندىن يەرگە چۈشكەندە، بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى، ئۇنىڭغا

ھەمراھ بولۇپ ئۆيگە كەلدى. زاۋۇتتا بولغان ھەربىر يېڭى ئۆزگىرىشنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى:

— بۇ ئىنقىلاب ھەممە ئادەمنى بىرقۇر سىناپ كۆردى، ھەممە ئادەمنى ئازدۇر - كۆپتۇر چېنىقتۇردى، — دېدى يەن شۇجى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئەمما، ئالدىمىزدا يەنە نۇرغۇن ئېغىر سىناقلار باردەك قىلىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — رامىزان ئاكا قاۋۇل گەۋدىسىنى سەل مىدىرلىتىپ، جەينەكلىرى بىلەن شىرەگە تايىنىدى، — سىزنىڭچە، ئىشلىمىزنىڭ تەلتۆكۈس يۈرۈشۈپ كېتىشى ئۈچۈن، يەنە خېلى ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كېلەرمۇ؟

— شۇنداق، — يەن رۇي ئېغىر تىنىدى، — يولداش دېڭ شىياۋپىڭ مەركەزنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن بۇيان، سىياسەتتە، بولۇپمۇ كادىرلار سىياسىتىدە ناھايىتى زور بۇرۇلۇش بولغانلىقى سىزگە مەلۇم. بىراق، يېقىندا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنىدىن كېيىن ئىشلار يېڭىباشتىن ئوڭتەي - توڭتەڭ بولۇپ كەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىياسەتتە يەنە بىر قېتىم زور ئۆزگىرىش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. قىسقىسى، زور كۆپچىلىك كونا كادىرلار «تەخت»تىن چۈشۈپ، ھەممە ھوقۇقنى «يېڭى شەيئى»لەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدىغان گەپ ئوخشايدۇ......

— ئۇنداقتا، سىز......

— ھازىر ماڭا چېقىلمىدى. بىراق، ئۆزلىرىنى «ئېقىمغا قارشى تۇرغۇچىلار» دېۋالغان بەزى كىشىلەر ئۇ يەر - بۇ يەردە كۇسۇلدىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ. يېقىندا مەلۇم ئادەملەر مېنى تەختتىن چۈشسۇن، دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپتىكەن. بىرمۇنچە ئىشچى يولداشلار ئۇنىڭ ئۈستىگە: «لۈكچەكلەر ھوقۇق تۇتىدىغان چاغ كەلمەسكە كەتتى. ھوقۇق

مەستانىلىرى لىن بىياۋنىڭ قىبىشغا بارسۇن!.......» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. ئىشەنچىم كامىلكى، ئەمدى ئاما ھېچكىمنىڭ ئۆتكەنكىدەك قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشى، ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىپ، يامان ئادەملەرنىڭ جاھاننى بېشىغا كىيىشى ئۈچۈن كەتمەن چاپمايدۇ!...... — يەن رۇي سەل توختاپ قوشۇپ قويدى، — مۆلچەرىمچە، زاۋۇتىمىزنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق پىلانىنىڭ قاندىاق بولۇشى سىزنىڭ ئۆز رولىڭىزنى جارى قىلىش - قىلالماسلىقىڭىزغا باغلىق بولۇپ قالدى.

— بۇ......؟

— بۇ مۇنداق گەپ: «ئۆتكەندە، ئىنقىلابىي كومىتېت سىزنىڭ ئىشىڭىزنى قايتا مۇزاكىرە قىلغانىدى. سىز بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ياردەملىشىپ، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تۇتىسىز.

رامىزان ئاكىنىڭ رەڭگى بىر ئۆڭدى - يۇ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدىغان تالاش - تارتىشلار، ئاخىرىدا بىر - بىرىگە قايىل بولۇشۇپ، ئەلىياتقۇدا ئىشخانىدىن چىقىدىغان سەپداش پەيدا بولىدى. يەن رۇي شۇنچە كۆپ دەرد - ئەلەم چەككەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا زاۋۇتنىڭ غېمىنى يەۋاتسا، ئۇنىڭ كەينىگە قارايدىغان نېمىسى بار؟!

— ماقۇل، تەشكىل ماڭا ئىشىنىدىغانلا بولسا، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ كۆرەي، — دېدى ئۇ.

— ياخشى، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولىدى. بىرلىكتە تىرىشىدىغانلا بولساق، زاۋۇتنىمۇ ئوڭشاپ كېتەلەيمىز، ئەتۇر قويۇنلارغىمۇ تاقابىل تۇرالايمىز......

ئۇلار دېگىنىنى قىلىشتى. ئەمما تەقدىرمۇ ئۆز ئويۇنىنى ئويناۋەردى: مەركەزنىڭ 1976 - يىلى 7 - ئاپرېلدا «تيەنئەنمېن

ۋەقەسى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان ئىككى بۇيرۇقى[1] جاھاننى بېڭىباشتىن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى: يەن رۇي «ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئىنقىلابنى باسقان»، «دېڭ شياۋپىڭنىڭ قارا يولىۋرۇقلىرىنى گۆھەر بىلىپ، زاۋۇتتا پايدىنى قوماندان قىلىش، ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش...... شاملىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتكەن جىنايىتى»دىن ھېساب بېرىشكە قىستىلىپ، خىزمەتتىن توختىتىلدى. ئۇنىڭ «ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى» بىلەن «يېڭى شەيئى»لەرنى «بېسىشتا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغان» رامىزان ئاكا سېخقا چۈشۈرۈلۈپ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنىشقا باشلىدى. بۇ كۈنلەردە، قارىماققا ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. ئۆيگە كىرىپ چالا - پۇچۇق غىزالىنىپلا، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلايتتى - دە، سائەتلەپ - سائەتلەپ تورۇسقا تىكىلىپ، جىمجىت يېتىپ كېتەتتى. خىزمەت ئۈستىدە بولسا كۈنبويى قاپىقىنى سېلىپ، ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەيتتى، ھېچكىمگە ئارىلاشمايتتى. ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى باش چۆكۈرۈپ قىلاتتى. پات - پات ئۇچۇقدىلىپمۇ تۇراتتى. تېخى بەزىلەر تەرىپىدىن «دۆت»، «ساراڭ» دەپ ئاشكارا مەسخىرە قىلىناتتى. سانىخان ئاچا ئۇنىڭ راستىنلا ئەقلىدىن ئېزىپ، ساراڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. قولىدىن كېلىشىچە كۆڭلىنى ئاياپتتى. ئارتۇقچە گەپ - سۆز سورىمايتتى. بەك زۆرۈر ئىش - كۈشى بولمىسا، ئۇ يېتىپ - قوپىدىغان ئۆيگە پۇتىنىمۇ تىقمايتتى. رامىزان ئاكىغا كېرىكى جىمجىتلىق ئىدى. ئۇ مۇشۇ

---

[1] ئىككى بۇيرۇق — مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭنى پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلاش؛ خۇا گوفېڭنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1 - مۇئاۋىن رەئىسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەش توغرىسىدىكى ئىككى بۇيرۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — ئاپتور.

جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەللىك يىللىق ھاياتىدا بىسىپ ئۆتكەن ھەربىر قەدىمىنى تەكرار ـ تەكرار ئەسلەيتتى، ئۇنىڭدىن يەكۈن چىقىراتتى. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، سىياسىي مۇھىت، ئۇزۇن يىللىق كۈرەشلەر جەريانىدا سىناقتىن ئۆتكەن سەپداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى تەقدىرى ئۇستىدە باش قاتۇراتتى. ئۇستىدىكى خاتا يەكۈننىڭ چوقۇم ئاغدۇرۇلىدىغانلىقى، ئۆز ئەقىدىسى، ئۆز غايىسىنىڭ ھامان بىركۈنى رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنەتتى. شۇڭا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تىرىشىپ ئۆگىنەتتى، زاۋۇتنىڭ يېرىم پالەچلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى ـ يېڭى پىلانلىرىنى تۈزەيتتى......

«تۆت كىشلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن، رامىزان ئاكا شۇنداق تېتىكلىشىپ كەتتىكى، گويا ياشلىقى قايتىپ كەلگەندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئىش ئۇستىدىكى غەيرىتى، پىلانچانلىقى باشقىلار ئۇ ياقتا تۇرسۇن، يەن شۇجىنىمۇ ھەيران قالدۇردى. بىر چاغلاردا ئۇنى «سارالڭ»، «دۆت» دېيىشكەنلەر ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇشتى. رامىزان ئاكا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان، چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆكسۈمەيۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى يەنىلا بىئارام ئىدى. كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىيالمايتتى، ئويلىناتتى، رەيھاننىڭ ئىشىنى قاچان، قانداق ئاشكارىلاش ئۇستىدە باش قاتۇراتتى، لېكىن ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەيتتى. ئۇ شۇنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتىكى، تىرىكچىلىك ئىشىنى پارتىيە تەشكىلىدىن سىر تۇتۇش ـــ پارتىيەگە سادىق بولمىغانلىق، دىكتاتۇرا ئورگانلىرىنى ئالداش ـــ تېخىمۇ كەچۈرگۈسىز خاتالىق، ھەتتا جىنايەت. ئەينى ۋاقىتتا، رەيھاننى «ئۆلۈپ كەتكەن بىر نەۋرە سىڭلىمنىڭ قىزى» دېگەن نام بىلەن نوپۇسقا ئالدۇرۇشى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئاشۇنداق بىر ئىش بولسىمۇ، شۇ

چاغدىكى رىئاللىق ئالدىدا، رامىزان ئاكا تۇرماق، كىچىككىنە ۋىجدانى، كىچىككىنە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بار ھەرقانداق كىشى بۇنداق «جىنايەت»كە باتۇرلۇق بىلەن قول تىقالمايدۇ. رامىزان ئاكا شۇنداق قىلدى. بۇ ئىشىدىن ھەم خۇشاللىنىپ، ھەم ئەندىشە قىلىپ، نەچچە - نەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۇرتىكى توختاپ، كۆندىلىك تۇرمۇشىمۇ ئۆز قېلىپىغا چۈشتى...... ئەمما، ھازىر ۋەزىيەتمۇ، ئادەملەرمۇ بۇنىڭدىن بەش - ئالتە يىل ئىلگىرىكىگە، ھەتتا بەش - ئالتە كۈننىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشىمايتتى. ھەممە نەرسە يېڭىلىنىۋاتاتتى. ھەممە ئادەم بۇ يېڭى باھاردىن يېڭى ھۇزۇر ئېلىۋاتاتتى. رامىزان ئاكىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە! شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇ يەنە شۇنىڭغىمۇ ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن نەزەر سالماقتا ئىدىكى، بۇرۇن ھوقۇق تۇتقان «لۇشيەن ئىگى ئۈستۈن، سىنىپى كۈرەش نۇقتىئىنەزىرى كۈچلۈك» كىشىلەر ھېلىمۇ ئوخشاشلا ھوقۇق تۇتۇۋاتاتتى. سىياسەتتىكى يەرنى ئاسمان، ئاسماننى يەر قىلىۋەتكەن مۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشتىن گۇمانلىنىۋاتاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن، خاتا، ناھەق دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشى دېگەندەك ياخشى ئىشلىنىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى يەنە بىر مەزگىل كۆزەتكەننىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق ئىدى...... رامىزان ئاكا ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، مۇۋاپىق پەيتنى كۈتۈپ بىر يېرىم يىلنى ئۆتكۈزدى. بۇ بىر يېرىم يىلدا، ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ باردى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلدى. ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەينى - كەينىدىن زاۋۇت پارتكومىغا تەلەپنامىلەر يېزىپ، بۇغراجاننىڭ دېلوسىنى يېڭىباشتىن قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. پارتكومىمۇ ئۇدا ئىككى

*كـۆن يـېغىن ئۆتكـۈزۈپ، بۇغراجاننىـڭ مەسىلـىسىنى مەخـسۇس مـۇزاكىرە قىلـدى ۋە تۇنۇگـۈن ئـۇنى ئـاقلاش توغرىـسىدا دوكـلات يېزىـپ، يۇقىرىغـا يوللـىدى. تېخـى ئۇنىـڭ بـالا ـ چـاقىلىرىنى ئىزدەپ تېپىش توغرىسىدىمۇ پىكىـر ـ تەلەپـلەر قويۇلۇۋاتـاتتى. بـۇ هـال رامىـزان ئـاكىنى داۋاملىـق ئېھتىياتچـانلىق قىلـدىم دەپ، «پارتىيەدىن سىر يوشۇرماسلىق»قا ئۈندىدى. شـۇنداقتىمۇ، ئـالدى بىـلەن يەن شـۇجىغا ئەھـۋالنى ئېيتىـپ، ئۇنىـڭ مەسـلىھەتىنى ئېلىشنى زۆرۈر تاپقانىدى.*

ئـۇ تاماكىـسىنى قـاتتىق ـ قـاتتىق شـورىۋېلىپ، يەن شـۇجىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

يەن شـۇجىنىڭ چىرايىـدا يـا ئـاغرىنىش، يـا هېـسداشلىق ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى.

رامىزان ئاكا ئېغىر نەپەس ئالدى ۋە:

ـــ يول‍ـــداش لاۋيەن، مېنـــى كەچـــۈرۈڭ! مەن رەيهـــان مەسىلىـسىدە، سـىزدىن سـىر يوشـۇرۇپ، بەكـمـۇ ئـالا كۆڭۈللـۈك قىلدىم. بۇنى ئويلىسام......

ـــ «ئـالا كۆڭۈللـۈك قىلـدىم» دېـدىڭىزمۇ؟ ـــ يەن شـۇجى ئورۇندۇقتىن سەل قوزغىلـىپ، رامـزان ئاكىنىـڭ كـۆزلىرىگە غەلىتە نەزەردە تىكىلدى، ـــ كـۆرۈڭ مـاۋۇ گەپنىـڭ قىزىقلىقىنـى! مېنىـڭ سىزگە قانچىلىك «ئالا كۆڭۈللۈك» قىلغانلىقىمنى ئۇقسىڭىز، قانچە خاپا بولۇپ كېتەرسىز؟

ـــ نېمە؟ سىز......

ـــ سـىز ناهـايىتى تـوغرا قىپـسىز. شـۇڭا ئـۇ بـالىنى مۇشـۇ كـۈنگىچە ئـۆز تەربىيىڭىـزدە سـاقلاپ كېلەلەپـسىز. بۇنىـڭ ئۈچـۈن ئۆزىڭىزدىن پەخىرلەنسىڭىز بولىدۇ.

يەن شۇجى رامزان ئاكىغا سىناق نەزىرىدە بىرپەس تىكىلىپ

تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— باياتىنقى يىگىتنى تونۇدىڭىزمۇ؟

رامىزان ئاكا ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— ياق، تونۇمىدىم.

— ئۇنىداق بولسا، مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي: ئۇ ئاشۇ رەيھاننىڭ ئاكىسى بولىدۇ.

رامىزان ئاكا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك ياندۇرۇپ سورىدى:

— رەيھاننىڭ ئاكىسى...... ؟ شەۋكەتمۇ؟

— ھەئە!......

— بۇ......؟

ھاياجانلانغانلىقىدىن پۇتلىرى ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپ كەتكەن رامىزان ئاكا سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەن شۇجىنى باغرىغا باسماقچى بولغان بولسىمۇ، پۇت - قولىنىڭ ماغدۇرى كەتكەنىدەك، لەسسىدە ئورۇنىدۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. قولىدىكى تاماكا ئاللىقاچان يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاياغلىرى ئاستىدا تۈتەۋاتاتتى.



# ئون بەشىنچى باب

## كۈتۈلمىگەن پېشكەللىك

كۈتۈلمىگەن ئىشلار، كۆپىنچە كۈتۈلمىگەن پەيتتە يۈز بېرىدۇ. بۇ ۋەقەمۇ كۈتۈلمىگەن بىر پەيتتە يۈز بەرگەنىدى:

ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا كۈنبويىي داۋام قىلغان يىغىندىن ئەمدىلا قايتقان يەن رۈي قەدەمدە بىر «ئۇھ» تارتىپ پىيادىلەر يولىدا كېتىپ باراتتى. كاللىسى ھەرە ئۇۋىسىدەك غوڭۇلدايتتى. بەزىدە يولدا ئۇچراشقان تونۇش - بىلىشلەرنىمۇ كۆرمەي قالاتتى......

كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق ئۇرۇلدىكى، يەن رۈي ئۆزىنى تۇتالماستىن «داراڭگىدا» يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئىسىنى يىغىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەندە، ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى ئورۇققىنا بىر ئۇيغۇر بالىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. بالا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنى شۇنداق يۆتكىۋىدى، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. يەن رۈينىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ، پۈتۈن ئەزايى بوشىشىپلا كەتتى. ئۇ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان يانپېشىنى ئۇۋۇلىغىنىچە تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى - دە، بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزايدى ۋە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا، ئۇنىڭ ئىسمى، ئولتۇراق جايى، قەيىرى ئاغرىۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنى سورىدى. بالا بۇ سوئاللارنىڭ بىرەرسىگىمۇ جاۋاب

بەرمىدى. بۇ ھال يەن رۈينى تېخىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ بىر كۆزى چېقىلىپ كەتكەن كۆزئەينەكنى تۇتۇپ تۇرغان ئوڭ قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسىرى، بىردىن، ئىككىدىن يىغىلغان كىشىلەر توپى ئۇلارنى زىچ ئورىۋالدى.

تىت - تىت بولغىنىدىن چىرايى بىر ئاقىرىپ، بىر قارىداپ كەتكەن يەن رۈينى تەر باستى، ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيتتى.

ئەتراپتا تۇرغانلار غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:

— بۇ بالا گاچا ئوخشىمامدۇ؟

— راست، گاچا ئوخشايدۇ. بولمىسا نېمىشقا يا يىغلىمايدۇ، يا گەپ قىلمايدۇ؟

— بىر يېرى خېلى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن بولسا كېرەك. قاراڭلار، بىچارە تۆگۈلۈپلا كېتىپتۇ.

—دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقسا بولامدىكىن؟

—ھەي يولداش، قاراپ تۇرۇۋەرمەي، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ بېقىڭ!

— ......

بۇلا ئەمەس، ھەتتا بالىنىڭ قانداق بولۇپ يىقىلىپ چۈشكەنلىكى توغرۇلۇقمۇ سوئال - جاۋابلار بولدى. ۋەقەنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگەنلەر: بۇ بوۋاي پىيادىلەر يولىدا ئاستا كېتىپ بارسا، بالىنىڭ يان كوچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ كەتكەنلىكى، نەتىجىدە ھەر ئىككىيلەننىڭ تەڭلا يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشتى. كېيىن كەلگەنلەر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئەيىبنىڭ چوڭ بىشىنى بالىغا ئارتىشتى. بويى ئېگىز، ئۆمۈر بويى تويغۇدەك تائام يېمىگەندەك ئورۇق، قاتاڭغۇر يۈزلۈك، كۆزلىرى نېمە ئۈچۈندۇر يىغلامسىراۋاتقاندەك نەمخۇش، خادانى ئۈستىبېشى كونا ھەم نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكىنىگە

قارىماي پاكىز يۇيۇلغان، تۇگمىلىرى رەتلىك ئېتىلگەن بۇ خەنزۇ بوۋايغا كەلگەن بۇ پېشكەللىككە چىن كۆڭلىدىن ئېچىنىشتى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى ئۆز يولىغا كېتىۋېرىشكە دەۋەت قىلسا، يەنە بەزىلەر ئەھۋالنى ساقچىغا ياكى «جيۇچادۇي»گە خەۋەر قىلىپ قويۇشقا دالالەت قىلىشتى.

«ساقچى»، «جيۇچادۇي» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، بالىنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى. ئۇ ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىۋالدى - دە، بىرلا يۇلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەر توپىنى يېرىپ، ئۆزىنى تاشقىرىغا ئاتماقچى بولدى. ئەمما، بىرىنچى قەدەمنى بېسىش بىلەنلا، بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق يىقىلىپ چۈشتى. يەن رۇي ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى يۆلىدى:

— يولداشلار، — دېدى ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، — بىرىڭلار ياردەم قىلىپ، ھارۋا چاقىرىپ بەرسەڭلەرچۇ؟ بۇ بالىنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقسام.

— ئوبدان دېدىڭىز. شۇنداق قىلىڭ.

— ئەنە، ئاۋۇ قول ھارۋىسىنى چاقىرمايلىمۇ.

— ھەي ھارۋا! مەيەرگە......

ھەش - پەش دېگۈچە بالا ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇلدى. يەن رۇي بىر پۇتىنى سۆرىگىنىچە ھارۋىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، دوختۇرخانىغا يول ئالدى......

ئەلياتقۇ. ئايسىز كېچە. گاچا بالىنى ھاپاشلىۋالغان يەن رۇي ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئىشىكتىن كىرگەندە، شىرە ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈلگەن ئىستاكانغا قوندۇرۇلغان شامنىڭ خىرە يورۇقىدا لاتا خەينىڭ چەمنى سىيرىۋاتقان خوتۇنى جيەن فېي ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلاپ، ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى - يۇ، ئەندىككىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— لاۋيەن نېمە ئىش بۇ؟ — دېدى ئۇ بىر قولىدا چەمنى، يەنە بىر قولىدا بىگىزنى تۇتقىنىچە بوۋاي تەرەپكە ئېتىلىپ، — كىمنى ھاپاش قىلىۋالدىڭىز؟

— بىر ئۇيغۇر بالىنى.

— كىمنىڭ بالىسىكەن؟ ئۇنى نېمىشقا ئېلىپ كەلدىڭىز؟

— كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدىم. گاچا ئىكەن، — يەن رۇي سۆزلىگەچ، بالىنى قېلىن كۆرپە ئۈستىگە ئاپئاق كىرلىك يېپىلغان كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى، — جيەن فېي، بىرئاز ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بەرگىن، ماۋۇ بالىنىڭ پۇتىنى يۇيۇۋېتەيلى.

— ماقۇل، — يەنە نېمىنىدۇر سورىماقچى بولۇۋاتقان جيەن فېي قولىدىكى چەم بىلەن بىگىزنى شىرە ئۈستىگە قويدى - دە، ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى ۋە كېتىۋېتىپ غودۇڭشىدى، — قارىماسىز، قېرىشقاندەك توك كەتكىنىنى!

— ھەي...... ھەممە يەردە ھۆكۈمەتسىزلىك. قانداق قىلاتتۇق؟ بۇ ئىشلارمۇ تۈزۈلۈپ كېتەر!......

يەن رۇي تەردە دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن چاپىنىنى سالدى. بالىنىڭ سىرتقى كىيىملىرىنى ئاۋايلاپ سالدۇردى. جيەن فېي ئۇتتۇرا داس ئىلمان سۇ ئېلىپ كەلدى. يەن رۇي داسقا قولىنى ئۇزىتىپ:

— مەن ئۇنىڭ باش - كۆزىنى يۇغىچە، سەن كىچىككىنە يەيدىغان بىرنەرسە تەييارلا، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتەك قىلىدۇ، — دېدى.

— سىزگە ئېلىپ قويغان تاماقنى ئىسسىتىپ چىقايمۇ؟

يەن رۇي بىرمەھەل جىم بولۇپ كەتتى. كېيىن:

— قايسى قازاندا ئەتكەن؟ — دەپ سورىدى.

— چوڭ قازاندا.

— بولمايدۇ. بۇ بالىغا ئۇنى يېگۈزسەك بولمايدۇ.

— ئەمىسە......؟
— مىللىي يولداشلارغا تاماق ئېتىدىغان كىچىك قازان بارغۇ......
جيەن فېي بالىغا تاماق ئېتىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. يەن رۋي زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئاۋۋال بالىنىڭ يۈزىنى، ئاندىن توڭرا بېسىپ كەتكەن پۇتلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، لۆڭگە بىلەن سۈرتتى. ئۇنى ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە كاۋا چېچىكى تاۋار يوتقاننى ياپتى.
— پۇتۇڭ بەك ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئۇ بالىنىڭ ياش مونچاقلىرى لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە، — كېچىچە چىداپ تۇرغىن. ئەتە ئەتىگەندىلا يەنە دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن. ئاتا - ئاناڭنىمۇ تېپىپ بېرىمەن.
بالا لام - جىم دېمەستىن، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى.
— ئاش پىشتى، — جيەن فېي ئىككى قولىدا ئىككى چىنە ئۇگرە كۆتۈرۈپ كىردى.
— هاماڭ ساڭا ئاش ئېتىپ كىرىپتۇ، قورسىقىڭنى ئوبدان تويغۇزۇپ بىر ئۇخلىساڭ پۇتۇڭنىڭ ئاغرىقىمۇ ساقىيىپ قالىدۇ، ماقۇلمۇ؟
بالا يەنىلا ئۈنچىقمىدى.
يەن رۋي ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن جيەن فېينىڭ قولىدىكى چىنىدىن بىرنى ئېلىپ بالىغا ئۇزاتتى. بالا قاچىنى قولىغا ئېلىپ، بىرىنچى قوشۇق ئاشنى يۇتقىنىدا چىرايى «لاپپىدە» قىزىرىپ، قوشۇق تۇتقان قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. لېكىن، بۇ هال ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. بالا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا چىنىنى بىكارلاپ قويدى. يەن رۋي ئۇنىڭ قولىدىن بوشىغان چىنىنى ئېلىپ، ئىككىنچى چىنە

ئاشنى ئۇزاتقاندا، بالا بېشىنى كەسكىن لىڭشىتتى. يەن رۇي:
— ئىچمەمسەن؟ قورسىقىڭ توپۇپتۇ-دە؟ ماقۇل، يېتىپ ئۇخلا، — دەپ چىنىنى كارىۋاتقا يانداش شىرە ئۈستىگە قويدى ۋە بالىنى ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ، يوتقان بىلەن ئوبدان چۈمكىدى. شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قاتتىق چارچىغانلىقىنى، قورسىقى ئاچقىنىدىن ئۆرە تۇرغۇدەك مادارى قالمىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ گويا تۈگمەن تېشىنى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالدى. ئاندىن ھېلىقى سۇيۇقئاشنى قولىغا ئالدى ۋە بىر قوشۇق ئوتلاپلا، بىرنەرسە يادىغا يەتكەندەك ئەتراپقا بىر قارىۋالدى - دە، خوتۇنىدىن سورىدى:
— باللار كۆرۈنمەيدىغۇ؟
— ئۇخلاۋاتىدۇ، ھازىر يېتىشتى.
— ھە......
يەن رۇي كۆڭلى تارتمىغان ھالدا ئاشنى ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇ گاچا بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بالا دەردىدە تارتىۋاتقان سەرسانچىلىقى كېلىۋېلىپ، گېلىنى سىقاتتى......
يەن رۇي ناھايىتى تەسلىكتە قاچىنى بىكارلىدى. تېخىچە ھەيرانلىق ئىلكىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، بالىنىڭ ئايىغىغا ئولتۇرغان جيەن فېي ئۇنىڭدىن:
— يەنە ئازراق نەرسە يەمسىز؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:
— بولدى، يېمەيمەن. ماۋۇ بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇۋەتكىن. ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا پاكىزرەك تاپشۇرۇپ بېرەيلى، — دېدى ۋە ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

*...... يەن رۇي بالىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەندە، دوختۇرلار ئاللىقاچان ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى، نۆۋەتچى دوختۇرمۇ كۆرۈنمەيتتى. يەن رۇي ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن*

*سورۇشتۇرۇپ يۈرۈپ، بىر تونۇش تاشقى كېسەل دوختۇرىنىڭ ئۆيىنى تاپتى. دوختۇر ئۇنىڭغا دوختۇرخانىدىكى چۇۋالچاقلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك خاھىشىنىڭ ئېغىرلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە شىكايەت قىلغاچ، بالىنىڭ پۇتىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ لىپىكى چاك كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ۋە قەيەردىندۇر يوت، داكا قاتارلىقلارنى تېپىپ كىرىپ، بالىنىڭ پۇتىنى تاڭدى. ئاندىن ئەتە ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە قىلدى. يەن رۇي بالىنى ھاپاش قىلىپ تاشقىرىغا چىققاندا، كىرا ھارۋىسىنى ئالدىراپ كېلىۋاتقان ماگدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى......*

— دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇزۇن كۈتكەن بولساقمۇ، — دېدى يەن رۇي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھارۋا تۇرماق، ئېشەكمۇ ئۇچرىمىدى. شۇنداق قىلىپ......

جيەن فېي قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. يەن رۇيمۇ گېپىنى توختاتتى.

بىرمەھەل داۋام قىلغان جىملىقتىن كېيىن، جيەن فېي سورىدى:

— ساقچىغا خەۋەر قىلىپ قويغانسىز؟

— ياق، خەۋەر قىلالمىدىم.

— نېمىشقا خەۋەر قىلمىغانسىز؟

— تېلېفون بېرىمەن دەپ بىر سائەتكە يېقىن ھەپىلەشكەن بولسامۇ يا ساقچىخانىدىن، يا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن ھېچكىم تېلېفوننى ئالمىدى. «ئەتە بىر ئىش قىلارمىز» دېگەن ئوي بىلەن ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدىم.

# ئون ئالتىنچى باب

## گاچىغا تىل چىقتى

يەن رۈي تېلېفوندا رىن دوختۇر بىلەن سۆزلىشىپ قايتىپ كىردى- دە، بالىغا قاراپ دېدى:

— بالاڭزا، ساڭا ياتاق ئۇقۇشۇپ قويدۇم. سەل تۇرۇپ سېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن، ئاندىن ساقچىغا خەۋەر قىلىپ، ئاتا-ئاناڭنى تاپىمىز، ماقۇلمۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بالىنىڭ چىرايى دەرھال ئۆڭدى. كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ:

— يەن شۇجى، ئۇنداق قىلماڭ! ساقچىغا ئېيتماڭ! — دېۋەتتى.

— هە! — يەن رۈي هاڭ - تاڭ بولغىنىدىن، قېتىپلا قالدى. قۇلاقلىرىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي، بۇ بالىنىڭ راستتىنلا گەپ قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىزدەشكە باشلىدى: بۇ كۆزلەر شۇنداق مەسۇم، شۇنداق ئايانچلىق ئىدىكى، يەن رۈينىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ هاياجانلىق ئاۋازدا سورىدى، — نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟!

بالا دۇدۇقلىدى:

— يەن شۇجى ئاكا، مەن......

— سەن......؟

شۇ چاغدا، جيەن فېي ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. يەن رۇي ئىنىسىنىڭ ئۇنىڭغا بۇرۇلدى ـ دە:

ــ جيەن فېي، بۇ بالا گاچا ئەمەسكەن، ــ دېدى.

ــ نېمە؟ گاچا ئەمەسكەن؟ ــ گاڭگىراپ كەتكەن جيەن فېي قولىدىكى دەسمالنى تۇتاملىغىنىچە ئېرىگە يېقىنلاشتى، ــ ئۇنىڭ گاچا ئەمەسلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟

ــ ئۇ گەپ قىلدى.

ــ نېمە دېدى؟

يەن رۇي بالىنىڭ باياتىن دېگەن گەپلىرىنى تەكرارلىدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ نېمىلەرنى دېيىشۋاتقانلىقىنى ئۇقالمايۋاتقان بالا بېشىنى تام تەرەپكە قىڭغايتقىنىچە تۇگۇلۇۋالغانىدى. غەمكىن كۆزلىرىدىن توختاۋسىز ئېقىۋاتقان ياش تامچىلىرى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ قارلىغاچنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن ئاپئاق ياستۇقنى نەمدىمەكتە ئىدى.

جيەن فېي ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سورىدى:

ــ بالاڭزا، ئېتىڭ نېمە؟

بالا ئۇنىڭغا لۆممىدە تىكىلدى ـ دە، پەس، يىغلامسىرىغان ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

ــ شەۋكەت.

ــ ئۆيۈڭ نەدە؟

ــ يېزىدا.

ــ شەھەرگە نېمىشقا كىردىڭ؟

ــ ئانام بىلەن كىرگەن.

ــ قاچان كىرگەن؟

ــ ئون بەش كۈن بولدى.

ــ ئاناڭ هازىر نەدە؟

— بىلمەيمەن.
— نېمىشقا بىلمەيسەن؟

شەۋكەت ئۈنچىقمىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى مەنىلىك ئۇچراشتى. قىسقىغىنا جىمجىتلىقتىن كېيىن، جيەن فېي جەينەكلىرى بىلەن كارىۋاتقا تايىنىپ، ئىللىق تەبەسسۇم قىلغىنىچە، شەۋكەتكە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، سوئالنى داۋام قىلدى:

— داداڭچۇ؟
— ئۆلۈپ كەتكەن.
— قاچان ئۆلۈپ كەتكەن؟
— ئۈچ يىل بولدى.
— داداڭ نېمە ئىش قىلاتتى؟
— باسما زاۋۇتتا ئىشلەيتتى.

جيەن فېينىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئورنىنى ھەيرانلىق ئىگىلىدى. كېلىشكەن ھۆسنىگە بىمەھەل چۈشكەن چوڭقۇر قورۇقلار قاپقارا، خۇنى قاچقان كۆزلىرى ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئۆمۈچۈك تورى ھاسىل قىلدى. ئۇ قانداقتۇر مەۋھۇم ھېسسىيات ئىچىدە ئېرىگە قارىغاندى، ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش ئۆزگىرىشنى كۆردى.

جيەن فېي ئېرىنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن ئۆز ھېسسىياتىنى زورىغا بېسىپ، شەۋكەتتىن سورىدى:

— داداڭنىڭ ئېتى نېمە؟
— بۇغراجان.
— ئاناڭنىڭچۇ؟
— ئابىدەم.

......

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەنگە ئۆزلىرىنى پۈتۈن بىر كېچە بىسەرەمجان قىلغان بۇ «گاچا» بالىنىڭ سىرى ئاشكارىلاندى.

تېخـــى ئېچىلمىغـــان بەزى ســـىرلارغا شـــەۋكەتنىڭ ئـــۆزى جـــاۋاب بەرسۇن:

شـــەۋكەت يەن رۇيـــگە ســـوقۇلۇپ كەتـــكەن چاغـــدا ئىنتـــايىن قورقۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ پۈتـۈن كـۆچىنى ئىشقا سېلىپ، قېچىپ قۇتۇلۇش كويىغا چۈشكەنىدى. بىراق، پۈتىنىڭ قاتتىق ئاغرىقى ئۇنى بۇ مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى. بەزىلەرنىڭ «بۇ بالا گاچـا ئوخشىمامدۇ؟» دېـگەن سـۆزى ئۇنى «گاچـا» قىلىپ قويدى...... يەن رۇينىڭ ئۆيىدە ياتقان بۇ كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق ئازابلىق، شۇنداق بىسەرەمجانلىق كېچە بولدىكى، پۈتـۈن كېچە زادىلا كۆز يۇممىدى. كىرپىكى ئىلىنسا، ھەر رەڭ ـ سەر رەڭ چۈشلەرنى كۆرەتتى. تېخى تاڭ سۈزۈلمەستىن، بۇ ناتونۇش ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋېلىشتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى ئۇنىڭ كارىۋىتى ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ھېلى ئۇنى سورىسا، ھېلى بۇنى سورايتتى. لېكىن، شەۋكەت «گاچا» بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا زادىلا جاۋاب بەرمەيتتى. ئۆزى ئۇچەيلەننىڭ ئىسمىنى بىلىۋالدى: ئەنە، ئاۋۇ ھەممىسىدىن چوڭ قىزنىڭ ئىسمى ئايىڭ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ئوغۇلنىڭ ئىسمى ئاماۋ، ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى ئاخۇ.

نېمىدېگەن تونۇش ئىسىملار ـ ھە؟

شـــەۋكەت كۆزىنىـــڭ قۇيرۇقىـــدا ئۇلارغـــا دىققـــەت بىـــلەن سەپسېلىشقا باشلىدى: ئەمدى شەۋكەتكە ئۇلارنىڭ چىرايىلا ئەمەس، ئاۋازىمۇ تونۇشتەك، ھەتتا ناھايىتى تونۇشتەك بىلىندى!

شەۋكەت ئۇلارنى قاچان، قەيەردە كۆرگەن؟

شەۋكەت بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمايتتى.

ئەتىگەنلىك تاماق يېيىلدى: باشقىلار قوناق جىگمومىسىغا خام سەي ئارىلاشتۇرۇپ يېگەن بولسا، شەۋكەت قورۇلغان تۇخۇم

بىلەن گىردە يېدى، قەنت چاي ئىچتى. بۇ ئۇنىڭ دادىسىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان يېگەن تۇنجى قېتىملىق ئېسىل تاماقى ئىدى.

تاماقتىن كېيىن، ئايىلىك خىزمەتكە، ئاماۋ بىلەن ئاخۇ پوپكىلىرىنى ئېسىشىپ مەكتەپكە مېڭىشتى. ئۇلار ئىشىكتىن چىقىشىغا، بىر ئۇيغۇر كىشى مىلەگزىنى قايرىپ:

— يەن شۇجى، سىزگە دوختۇرخانىدىن تېلېفون كەپتۇ، — دېدى.

— مانا، هازىر چىقاي، — دېدى يەن شۇجى بىردىن جىددىيلىشىپ ۋە ئالدىراش ئىشىككە ماڭدى.

«يەن شۇجى......؟»

شەۋكەتنىڭ كاللىسىدا غەلىتە بىر سوراق پەيدا بولدى:

«ئۇ شۇمىكىنا؟»

شەۋكەت دەسلەپ قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ تاماق شىرەسىنى دەسمال بىلەن سۈرتۈۋاتقان جيەن فېيگە، ئاندىن ئۇدۇلىدىكى تامغا ئېسىلغان ئەينەكلىك جازىدىكى سۈرەتلەرگە تىكىلدى: بىرى هەربىي كىيىم كىيگەن بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سۈرىتى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى سۈرەتتە ئايىلىك، ئاماۋ، ئاخۇلار شەۋكەتنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۈلۈمسىرىشىپ: «قارا سېنى! بىزنى تونۇمايۋاتامسەن؟ بىز......» دەۋەتقاندەك قىلاتتى.

شەۋكەت كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، سۈرەتكە قايتا - قايتا تىكىلگەندىن كېيىن، نەزىرىنى جيەن فېيگە بۇرىدى: «توغرا، شۇ! جيەن فېي هاممام شۇ!»

شەۋكەت «جيەن فېي هامما!» دەپ تۈۋلاشقا ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا، جيەن فېي هامما تاماق شىرەسىنى دەس كۆتۈرۈپ، ئىچكىرى ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلىشىپلا، تاشقىرىدىن يەن شۇجى كىرىپ كەلدى - دە، شەۋكەتكە ھېلىقى گەپلەرنى قىلدى. ئەمدى

شەۋكەتكە «ساقايماي» بولمىدى......

ئاھ، بۇ كۆزنى! ئالدىنقىدا ياتقىنى ئاشۇ كۆيلۈۋاتقان ئوتتەك كەپسىز، ئەمما قۇلىقى يۇمشاق، تىلى تاتلىق شەۋكەت ئەمەسمۇ؟! تۇغۇلغىنىدىن تاكى بۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا كۆندە دېگۈدەك ئاخۇ بىلەن بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن شەۋكەت ئەمەسمۇ؟! ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپ، ئۇ يەنە ئۆيۈڭدە پەيدا بولسا......

يەن رۇي بىلەن جيەن فېي شەۋكەتنى گەپكە سالغاچ، ئەنە شۇلارنى ئويلىماقتا، ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى.



# ئون يەتتىنچى باب

## باشپاناھ

جيەن فېي ھاممىنىڭ پۈتۈن كۆڭلى شەۋكەتنى بېقىش بىلەن ئۆتتى، شەۋكەتتىن ئۇلارنىڭ يېزىدىكى ھاياتى توغرۇلۇق نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى. شەۋكەت ئانىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە، بەزى نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى، يەنە بەزىلىرىنى يوشۇردى. جيەن فېي ئىچ ئاغرىتقىنىدىن شەۋكەتكە تۇيدۇرماستىن يىغلاپمۇ ئالدى. ئۇ، شەۋكەتنى قانچە كۆپ گەپكە سالسا، كۆڭلى شۇنچە بۇزۇلۇپ، بۇغراجان بىلەن ئابىدەمنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى بولمايتتى، ئۆزىنى گويا ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغاندەك، دەرد - ئەلەمنى بىللە تارتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ، شەۋكەتنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق بىر ۋەقەنى ئېسىگە ئالدى:

*1960 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرى. كېچە. سىرتتا تاغاردىن توزغاق تۆكۈلگەندەك قار ياغماقتا. بىر ئۆيقۇدىن كېيىن، جيەن فېينىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى. ئىككى بالىسى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مەشنىڭ ئوتىمۇ ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغانىدى. ئۇ بالىلىرىغا بىردەم قاراپ ئولتۇردى - دە، يېڭىباشتىن ياستۇققا بېشىنى قويدى،*

چىراغنىمۇ ئۆچۈردى. كىم بىلسۇن، شۇ چاغدا قورسىقى شۇنداق قاتتىق تولغاپ ئاغرىپ كەتتىكى، «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. پۈتۈن ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ، ئىچ كىيىم، يوتقان ـ كۆرپىلەر هازىرلا سۇغا چىلاپ ئالغاندەك هۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ، تاڭ ئېتىشىنى كۈتمەكچى بولدى. بىراق هايال ئۆتمەي، ئىچىدىن خۇن كەتتى. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى، هارۋىكەشنى ئويغىتىپ دوختۇرخانىغا بېرىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئەمما پۇتلىرىنى ئىككى قەدەم يۆتكىشىگە بىرنەرسە قورسىقىنى شۇنداق قاتتىق مۇجۇدىكى، «ۋاي!» دەپ تولغىنىپچە قورسىقىنى چاڭگاللاپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغاچ، مەشنىڭ ئالدىدا تۇرغان كەكىنى قولىغا ئېلىپ، قوشنا تامنى ـــ بۇغراجاننىڭ تېمىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. باللارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئويغىنىپ، قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈشۈپ، ئانىسىنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى. ئەنە شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلدى.

ـــ ئايىڭ، ئىشىكنى ئاچ! ـــ دېدى جيەن فېي ۋە ئۇيقۇسى تۇتقاندەك، لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى......

جيەن فېي هوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى بالنىستىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە كۆردى. كارىۋات يېنىدا لاۋيەن تۇراتتى. ئۇ ئېرىگە بىرپەس تىكىلىپ تۇردى ـ دە، ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقان كىرپىكلىرىنى يەنە جۇپلىدى. جيەن فېي ئىككىنچى قېتىم هوشىغا كەلگەندە، يەنىلا بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنى لاۋيەن بولدى. بۇ يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن چاغ بولۇپ، لاۋيەننىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن پۇرۇلۇپ كەتكەنىدى.

ـــ قانداقراق تۇرىسەن؟ ـــ دېدى لاۋيەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ.

ـــ قاچان كەلدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى جيەن فېي ئېرىنىڭ

سوئالنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ.
— تۈنۈگۈن كەلدىم.
— ......

جېيەن فىبي ئاغرىق ئازابىدىن ئوبدانلا قۇتۇلغانىدى. ئۇ لاۋيەندىن ماۋۋۇلارنى ئۇقتى:

ئەمدىلا بىر ئايلىق بولغان شەۋكەتنى ئېمىتىۋاتقان ئابىدەم تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان بۇغراجاننى قاتتىق نوقۇدى. چۆچۈپ كەتكەن بۇغراجان كۆزىنى ئېچىپ، ئابىدەمدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىدى ۋە شۇ ئەسنادا ئۆزىمۇ لاۋ يەنىنىڭ ئۆيىدىن چىققان قىيا - چىيا بىلەن تامدىن كەلگەن «گۈپ - گۈپ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى - دە، چالا - بۇلا كىيىنىپ، سىرتقا چاپتى...... ئۇ ئۆيگە كىرگەندە، جېيەن فىبي يەردە ھوشسىز ياتاتتى. بۇغراجان دەرھال ئۇنى كۆتۈرۈپ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ھارۋىكەشنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى. بىراق، ھارۋىكەش كېچىچە ھاراق ئىچىپ، ئېغىر مەست بولۇپ كەتكەنىدى. بۇغراجان ئوقتەك كېينىگە يېنىپ ئۆيگە كەلدى - دە، ئابىدەمگە جېيەن فىبىنىڭ بالىلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ھەم باشقا قولۇم - قوشنىلارغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ قويۇشنى تاپىلاپ، جېيەن فىبىنى كۆتۈرگىنىچە دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى. دوختۇرلار تەكشۈرۈپ، جېيەن فىبىگە بالىياتقۇ سىرتىدا ھامىلىدار بولغان دەپ دىياگنوز قويدى. شۇ تاپ ئۇ ئېغىر شوك ھالەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات قېلىش ئېھتىمالى يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇغراجان ۋە كەينىدىنلا يېتىپ كەلگەن رامىزان ئاكىنىڭ قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە، دوختۇرلار جېيەن فىبىنى ئوپېراتسىيە قىلىش قارارىغا كەلدى. بىراق، ئوپېراتسىيەدىن بۇرۇن بىمارغا يېتەرلىك قان سېلىش زۆرۈر بولغاچقا، پۈتۈن دوختۇرخانا سەپەرۋەرلىككە كەلدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپلا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېتىپ كەلگەن

*باسما ئىشچىلىرىمۇ ئۆز قېنى بىلەن جىيەن فېينىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ، لابوراتورىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تىزىلىشتى. بۇغراجاننىڭ تۆت يۈز گىرام قېنى بىرىنچى بولۇپ جىيەن فېينىڭ تومۇرىدا ئېقىشقا باشلىدى.*

*قان دېمەك — جان دېمەك.*

*مۇشۇ تۆت يۈز گىرام قان دوختۇرلارنى ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى! دەل پەيتىدە كۆرسىتىلگەن قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىق، جىددىي ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قىلىنغان ئىككى سائەتلىك جەڭ جىيەن فېينى ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدىن ساق - سالامەت چۈشۈردى. شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدە، بۇ خەۋەر بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن يېزىغا كەتكەن يەن رۇيگە تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى. يەن رۇي ئىككىنچى كۈنى، يەنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆيى ۋە بالىلىرىدىن ئابدەم خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ مىقداردا قان تەقدىم قىلغان بۇغراجان جىيەن فېيگە قوشنا ياتاقتا كۈتۈلۈۋاتاتتى......*

بۇ ۋەقەنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئازغىنا كەم ئون ئىككى يىل بولدى. بۇغراجاننىڭ جىسمىمۇ ئاللىقاچان تۇپىغا ئايلىنىپ كەتتى. لېكىن، جىيەن فېي ھاما ئۇنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇغىنى يوق...... مانا ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى دەل ئاشۇ بۇغراجاننىڭ ئوغلى. بۇ بالىغا ھازىر ئاتا - ئانا مېھرى كېرەك!

جىيەن فېينىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قېنى تۇرسا، ئۇ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئاتا لەززىتى بېرەلمەيدىكەن؟!

«قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەيتتى جىيەن فېي ھاما ئىچىدە ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ، — ساقچىغا خەۋەر قىلساق،

چوقــۇم ئۇلارغــا ئەھــۋالنى ئېيتــساق بولــدۇ، بولمــسا ئابــدەم شەۋكەتنىڭ دەردىدە تۇگىشىپلا كېتىدۇ......»

كەچ كىـردى. بـالىلارنى يـاتقۇزۇپ بولغانـدىن كېيىن، ئەر - خوتـۇن ئىككىـيلەن شـەۋكەتنىڭ ئىـشى ئۈستىدە ئويلىغـانلىرىنى ئورتاقلاشتى:

— لاۋيەن، — دېــدى جــيەن فېــي هامــا پۇشــۇلداپ ئۇخلاۋاتقـان شـەۋكەتكە كۆزىنىـڭ قۇيرۇقـدا قـاراپ قويـۇپ پەس ئـاۋازدا، — قـاراپ باقـسام، شـەۋكەتنىڭ پـۇتى بەكـلا ئىشـشىپ كېتىپتۇ. قانداق قىلساق بولار؟

— مەنمۇ ئەتىگەنىنىڭزى شۇنى ئويلىدىم، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىــپ ماڭــساق، قوشــنىلارنىڭ كــۆزى چۈشـۈپ قالــدۇ. خەيــر، ئۇنىڭغىمۇ بىــر ئىــلاج قىلارمىــز، ھەممىــدىن يـامىنى شــەۋكەت دوختۇرخانــدا ياتقـان مەزگىلــدە، كېـسەللەر يـاكى دوختـۇرلاردىن بىرەرسى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرمەي قالمايدۇ. ئۇ چاغدا......

يەن شـۇجى جىـم بولـۇپ قالـدى. جـيەن فېـي هامـا گەپ قىستۇردى:

— يەنە «گاچا» بولۇۋالسىچۇ؟

— ھەي......كىچىــك بالــدەك گەپ قىلمىغىنــا! — يەن شــۇجى ئــاۋازىنى ســەل كۆتــۈردى، غەمكىــن كــۆزلىرى غەلــتە چاقنىدى، — شەۋكەت ھەرقانچە ئەقىللىك بولغان بىلەنمۇ يا ئۈچ كۈن، يا ھەپتە «گاچا» بولۇۋالالايـدۇ. ھـېچ بولمـسا، كېچىلـرى جۆيلـۈپ گەپ قىلىــپ تاشـلايدۇ...... مەن ئەتە ئەتىگەنــدە رېــن دوختۇرغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنى كەچقـۇرۇن بىـرنىڭكىگە كېلىـشكە تەكلىــپ قىــلاي، ئانــدىن ئۇنىڭغــا ئەھــۋالنى ئېيتىــپ، ئۇنىــڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىمىزمۇق؟

— ئۇ ئادەم بۇ سىرنى بىرسىگە ئېيتىپ تاشلىماسمۇ؟

— ئېيتمايدۇ. ئۇنى بىلىسەنغۇ؟ ئەگەر ئۇ مېنى دوختۇرخانــدا

ياتقۇزۇۋالمىغان بولسا، ئۇرۇپ زەخمىلەندۈرۈلگەن بىلىمنى ساقلايتتۇيلىش تۆگۈل، «كۆرەش - پىسپەن»دە ئۆلۈپ كەتمەسمىدىم؟!

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما شەۋكەتنىڭ دادىسىنىڭ ئىشى سىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ - دە. ئەگەر رېن دوختۇر ھەممە ئەھۋالنى ئۇقسا......

— قورقما. ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىگى بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئالايلۇق، ئىلگىرى ھە دېسە مۇشت - كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلار ھازىر يىغىنلاردا ئاۋازلىقراق سۆزلەشتىنمۇ ئۆزىنى تارتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ لىن بياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن، كىشىلەر بۇ باش - ئايىغى چىقمايدىغان ئىنقىلابنىڭ ئاقىۋىتىدىن گۇمانسىرايدىغان، زېرىكىدىغان بولۇپ قالدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ھەممە كىشىدىن گۇمانلىنىش، ھەممە كىشىدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىش توغرا ئەمەس.

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى. ئەگەر رېن دوختۇر ماقۇل كۆرسە، ئۆيدە داۋالىتساق ياخشىراق بولارمىكىن؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.

— ......

ئۇلار خاتا مۆلچەرلىمىگەنىكەن، رېن دوختۇر شەۋكەتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئوخشاشلا ئېچىندى. چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى، ئەستايىدىل داۋالىدى. شەۋكەتنىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ، ماڭالىغۇدەك بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇ تالا - تۈزگە چىقمايتتى. ئايىڭ، ئاخۇ، ئاماۋلارنىڭ ئالدىدا يەنىلا «گاچا» ئىدى. ئۇلارمۇ شەۋكەتنىڭ بۇ ئۆيدە بارلىقىنى ھېچكىمگە تىنمايتتى.

«لېكىن، بۇنداق ھالەتنى قاچانغىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولار؟»

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى

مۇشۇ ئىدى.

نۇرغۇن مەسلىھەتلەردىن كېيىن، ئۇلار شەۋكەتنى بالىچىلاپ باقماقچى بولۇشتى، ھەتتا ئىش چىنىپ قالغۇدەك بولسا تۇرمىگە بېرىشقىمۇ تەييارلىنىشتى. ئەمما، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە ئۇلارنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

— لاۋيەن، — دېدى بىركۈنى ئىشتىن كىرگەن ئېرىنى ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال قارشى ئالغان جيەن فېي ھاما، — شەۋكەتنى باللار پاراۋانلىق مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرساق بولماسمۇ؟

— بولىدۇ...... بولىدۇ! — يەن شۇجى خوتۇنىغا ھاياجانلىق كۆزدە باقتى، ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەيتتى، — قانداق قىلىپ بۇ چارە ئېسىڭگە كېلىپ قالدى؟

— باياتىن توخۇلارغا دان بېرىۋاتسام، نىجات ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان يېتىم بالا ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ، شەۋكەتنىمۇ شۇ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتسەك بولار، دېگەن يەرگە كەلدىم.

— يارايسەن! ئوبدان ئويلاپسەن. شۇنداق قىلايلى.

......

گەپنى قىلماق ئوڭاي بولغىنى بىلەن، ئىش ئۇنداق ئوڭايغا توختىمىدى. يەن شۇجى ئىشەنچلىك بىر كىشى ئارقىلىق، باللار پاراۋانلىق مەكتىپىنىڭ بالا قوبۇل قىلىش تۈزۈملىرىنى ئۇقۇشۇپ كۆرگەندە، بۇ مەكتەپكە شەھەردە نوپۇسى بار يېتىم باللار قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ چاغدا، يەن شۇجى ئەينى يىللاردا بىر ئاكوپتا بىللە جەڭ قىلغان سەپدىشى، ھازىرقى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرىنى ئەسكە ئالدى-دە، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن شەۋكەتنى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق مەلۇم كۆمۈركان ئىشچىسىنىڭ يېتىم ئوغلى دېگەن نام بىلەن بۇ مەكتەپكە

ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئىسمىنى ھامىتقا ئۆزگەرتتى. شەۋكەتمۇ ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ھېچكىمگە سىر بەرمىدى. پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى سەرپ قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇزۇنغا قالمايلا مەكتەپنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىككى ھەپتىدە ياكى ئايدا بىر قېتىم بۇ ئۆيگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ تۇراتتى. يەن رۇي ھەر قېتىم ئۇنى بوسۇغىسىدا كۆرگەندە، گويا ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ كەتكەن پەرزەنتى بىلەن ئۇچراشقان ئاتىدەك خۇشاللىنىپ، شەۋكەتنىڭ ساغلام، كۈچكە تولغان قوللىرىنى ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن بىرھازا سىقاتتى، يەلكىسىگە قاقاتتى، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە باشقىلار توغرۇلۇق ئارقا - ئارقىدىن سوئال سورايتتى ھەم خۇشاللىق، ھەم خىجالەتچىلىك ئىلكىگە چۆمگەن شەۋكەت شەلپەردەك قىزىرىپ، بۇ مېھرىبان كىشلەرنىڭ ھەربىر سوئالىغا بەزىدە دۇدۇقلاپ، بەزىدە تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرەتتى. شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى، خىزمەت ئەھۋالىنى سورايتتى. سوئال - جاۋاب تازا قىزىۋاتقاندا، جيەن فېي ھامما نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك قوشۇمىسىنى تۈرەتتى - دە:

— لاۋيەن، — دەيتتى ئېرىگە قىيا بۇرۇلۇپ، — ئىككىڭلار بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن شەۋكەتكە كىچىككىنە بىرنەرسە تەييارلاي.

— قورسىقىم توق، — شەۋكەت كۆپىنچە تۈزۈت قىلاتتى، — مەن ھازىرلا تاماق يەپ كەلدىم.

— ئەجەبمۇ تارتىنچاق - دە، سىز! — جيەن فېي ھامما ئۆز گېپىدە چىڭ تۇراتتى، — ئەتىگەنلىكنى مەكتەپتە يېگەن بولسىڭىز، چۈشلۈكنى بىزنىڭكىدە يەرسىز! راست گەپ قىلىڭ،

نېمە ئېتىپ بېرەي؟

— ......

بويىۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن شەۋكەت ئۈنچىقماستىن يەرگە قارىۋالاتتى. مۇنداق چاغلاردا، يەن شۇجى ئارىغا چۈشەتتى:

— ئۇيغۇرلاردا: «سوراپ بەرگۈچە ئۇرۇپ بەر» دېگەن ماقال بار، ئۇنى خىجالەت قىلىۋەرگۈچە، ئەڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنىڭغا ئېيتىدىغان تاماقنى بىرنى ئەتسەڭ بولمىدىمۇ!...... قانداق دېدىم، ھە ھامىت؟

شەۋكەت تېخىمۇ قىزىرىپ كېتەتتى.

— ئەمىسە، جۇۋاۋا ئېتىپ بېرەي!

يېشى، ئەقلى چوڭايغانسېرى، شەۋكەتنىڭ بۇ ئائىلىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى كۈنسېرى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. كۆڭلىدە دائىم تېزرەك بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىنى قايتۇرۇشقا ئالدىرايتتى. ئەمما، قېرىشقاندەك، ئايلار، يىللار بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بەربىر ئارمان پېتىچە قالماقتا ئىدى. خا ئانىسى، خا سىڭلىسىدىن ھېچقانداق دېرەك يوق ئىدى. ئۇلارنى ھەربىر ئەسكە ئالغىنىدا، ئىختىيارسىز ھالدا يەن شۇجىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇچقۇسى كېلەتتى. بىراق، جيەن فېي ھامىنغا تېپىپ بېرىدىغان ئارتۇقچە ئاۋارىگەرچىلىكنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئون قېتىم كەلگۈسى كەلسە، ئاران بىر قېتىم كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن دائىم: «قاراڭ، سىزنى! شۇنچىمۇ يوقاپ كەتكەن بارمۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى، كەپسىز......» دېگەنگە ئوخشاش تاپا ـ تەنىلەرنى ئاڭلايتتى. نېمە ئامال؟ مەيلى، ئۇلار تاپا ـ تەنىسىنى قىلىۋەرسۇن! بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى شەۋكەت نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى پات ـ پات يوقلاپ كەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ! ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە قايىل بولىدۇ! ئۇ چاغدا......

مۇشۇ ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈككەن شەۋكەت بۈگۈن ئۇلارنى يەنە يوقلاپ كەلدى. «تاپا ـ تەنە»مۇ ئاڭلىدى. زاۋۇتنىڭ ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىدىكى يۈكسىلىشلەردىن خەۋەردار بولدى. دادىسىنىڭ دېلوسى توغرۇلۇق يەن شۇجىنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم خۇشاللىنارلىق بېشارەتمۇ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھەرقانداق چاغدىكىدىن خۇشال، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

— قورسىقىڭلار تازا ئېچىپ كەتتى، ھە؟

جيەن فېي ھامىنىڭ كىرىپ كېلىشى ئىككىيلەننىڭ پارىڭىنى بۆلۈۋەتتى. يەن شۇجى ئۇنىڭ قولىدىكى تەخسىلەرنى ئېلىپ، بىرىنى شەۋكەتنىڭ ئالدىغا، ئىككىنچىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— شەۋكەت، تارتىنماي يېقىڭ جۇمۇ، — دېدى جيەن فېي ھاما ئاچچىقسۇ، لازا سېلىنغان قاچىلارنى شىرەگە قويۇۋېتىپ، — تارتىنچاقلىق قىلىدىغان بولسىڭىز، مېنىڭ ئەتكەن تامىقىمنى ياراتمايۋاتىدۇ، دەپ رەنجىيمەن! — ئۇ يەن شۇجىغا بۇرۇلۇپ جېكىلىدى، — لاۋيەن، بېشىڭىزنى ئىچىڭىزگە تىقىپ ئۆزىڭىز بىلەنلا بولماي، شەۋكەتكە كۆپرەك بىرنەرسە يېگۈزۈڭ ـ ھە!

— خاتىرجەم بول، تەخسىدىكى جۇۋاۋانى تۈگىتىپ يېمىسۇنچۇ، ئاشقىنىنى يانچۇقىغا قاچىلاپ قويىمەن!......

يەن شۇجىنىڭ بۇ چاقچىقى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن كۈلۈشكەندىن كېيىن، جيەن فېي ھاما يەنە بىر قېتىم شەۋكەتنى كۆپرەك تاماق يېيىشكە دەۋەت قىلىپ، ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ، يېڭىباشتىن پاراڭغا چۈشكەندە، رامىزان ئاكا كىرىپ كەلدى. شەۋكەت رامىزان ئاكىنى دەرھال تونۇپ، بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىرىدى. يەن شۇجىمۇ بۇنى

سېزىپ، شەۋكەتنى ئارتۇقچە تۇتمىدى.

× × ×

يەن شۇجى سۆزىنى تۈگىتىپ، يەڭگىل بىر نەپەس ئالدى ـ دە، رامىزان ئاكىغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ:

ــ قانداق، ئەمدى كىمنىڭ «ئالا كۆڭۈل»لۈك قىلغانلىقىغا قايىل بولغانسىز؟ ــ دەپ كۈلۈمسىرىدى.

ــ ھا، ھا، ھا!......

رامىزان ئاكا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. يەن شۇجىنىڭ كۈلكىسمۇ ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئىككىيلەن كۈلە ـ كۈلە، ئاخىرى بارماقلىرى بىلەن بىر ـ بىرىنى جۆنەشتى ۋە نەچچە ئېغىزدىن «ئەيىبلەش سۆزلىرى»نى قىلىشتى. لېكىن، ھېچكىممۇ قارشى تەرەپنىڭ «ئەيىبلىشى»گە قايىل بولمايتتى.

ئەنە شۇ چاغدا جيەن فېي ھامما كىرىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى ئۇن ئىككى يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق خۇشال ھالەتتە كۆرۈۋاتقىنى ئۈچۈن، بۇ خۇشاللىقنىڭ سىرىنى كوچىلاپ سورىدى، يەن شۇجى باياتىن ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ ـ سۆزلەرنى ناھايىتى قىسقا، بەكمۇ قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. جيەن فېي ھامما بىردەم كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن، رامىزان ئاكىدىن سورىدى:

ــ رەيھان چوڭ بولۇپ كەتكەندۇ؟

ــ كۆرسىڭىز ھەيران قالىسىز، ــ رامىزان ئاكا چاقچاق ئارىلاش جاۋاب بەردى، ــ شۇنداق چىرايلىق بالا بولدىكى، بەئەينى ئانىدەمنىڭ ئۆزى! بۇ يىل ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدۇ.

ــ ئانىدەمچۇ؟

ــ ئانىدەم......

رامىزان ئاكا جەم بولدى. يۈرىكىدىكى مۇسىبەت ئوتلىرى چىرايىغا تەپچىپ چىقتى. جيەن فېي ھاممىنىڭ سەزگۈر يۈرىكى دەرھال بىرنەرسىنى تۇيدى. كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقتى. يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن، ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلىنىپ، بېشىنى قوللىرى ئۈستىگە قويدى.

رامىزان ئاكىمۇ، يەن شۇجىمۇ بىر تالدىن تاماكا چېكىشتى. ئۇلار چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى.

— جيەن فېي، — دېدى يەن شۇجى خېلىدىن كېيىن تەسەللى ئاھاڭىدا، — بولدى، يىغلىماڭلار، ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىساق ھەممىزنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. ھەرنېمە بولسا، رەيھان سالامەت ئىكەن. مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكۈر قىلايلى، خۇش بولايلى! مۇنداق خۇشال پەيتتە كۆز يېشى قىلىش ياخشى ئەمەس!......

جيەن فېي ھاما يىغىسىنى توختاتتى. يۈرىكىدە رەيھاننى كۆزى بىلەن بىر كۆرۈش ئىستىكى ياناقتا ئىدى. ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ:

— مەن بۈگۈنلا ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەي، — دېدى.

— مەنمۇ بۇ يەرگە مۇشۇ مەقسەت بىلەن كەلگەنىدىم. بىزنى كۈتۈۋېرىپ، بالىلارنىڭ ئانىسىنىڭ كۆزى تېشىلىپ كەتتىغۇ دەيمەن. يۈرۈڭلار، ھازىرلا ماڭايلى.

رامىزان ئاكا شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## ۋىسال

كۈن غەربكە قايرىلغانىدى.
شىۋىغىل ياتقۇزۇلغان، ئىككى چېتى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان سەرخىل سۆۋادان تېرەكلەر بىلەن بېزەلگەن سەھرا يولىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ساقچى ئاپتوموبىلى ئىچىدە ياڭرىغان جاراڭلىق كۈلكە، يېقىملىق چاقچاق ئاۋازلىرى، پادىچى بالىلارنىڭ شوخ ناخشىلىرى، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ ئۆيگە قايتىشقا ئالدىراپ مەرەشلىرى، يېلىنى ئىششىپ كەتكەن ئىنەكلەرنىڭ موزايلىرىنى سېغىنىپ مۆرەشلىرى قوشۇلۇپ، ئالتۇن كۈزنىڭ كەچقۇرۇنلۇق گۈزەل مەنزىرىسىگە تېخىمۇ گۈزەللىك قوشماقتا ئىدى.
مانا، ئاپتوموبىلنىڭ لىق - لىق ئورۇندۇقلىرىدا يەن شۇجى، رامىزان ئاكا، رەھىم سايىت، رەھىمەتجان، ئايۇپ ئاكىلار چاقچاقلىشىپ، ئانا - بالىلار توغرۇلۇق گەپلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.
«ئانا - بالىلار؟ قايسى ئانا - بالىلار توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتقاندۇ؟» ئەلۋەتتە ئابدەم ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى — رەيھان بىلەن شەۋكەت توغرۇلۇق - دە!
قاراڭ، ئەنە، چېكە چاچلىرى ۋاقىتسىز ئاقارغان، ئالمىدەك يۈزلىرى قورۇقلار بىلەن قاپلانغان، چىرايى قارىداپ كەتكەن بولسىمۇ، تېنى مەزمۇت، كۆزلىرىدە ھاياتنى سۆيۈش، كەلگۈسىگە

تەلپۈنـۈش، ئۈمىـد ۋە ئىـشەنچ نـۇرلىرى چاقناۋاتقـان ئابىـدەم، خۇددى بۇغراجانغا ئوخشاش، قـاۋۇل، بىجىـرىم كەلـگەن شەۋكەت ۋە كـۆزلىرى بـۇلاقتەك ئوينـاق، قـاش - كىرپىكلىـرى تۆكۈلـۈپ تۇرىدىغان، يىپىشنىڭ كىچىكلىكىـگە قارىمـاي، بوسـتان چـاچلىرى بـىلىگە چۈشـكەن، ئالمىـدەك يۇملاق، مانتىـدەك ئاپئـاق يۈزلىرى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئوماق رەيهان هەممەيلەنىنىڭ دىقـقەت مەركىزىـدە ئولتۇرۇپتـۇ. ئـۇلار دەم كۈلۈشـۈپ، دەم يىغلىشىپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلغانـدىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشمەكتە.

دۇرۇس، هۆرمەتلىـك كىتابخـان! سـىز بۇنىڭـدىن ئـالتە يىـل بۇرۇن ئابىدەمنى ماشىنا بىسۋەتكەنلىكىنى بىلگەنىـدىڭىز. بىراق، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ «تىرىلىپ» قالغانلىقىنى بىلمەيسىز!

ئاشـۇ بورانلىـق كېچىـدە ۋېلىـسىپىت بىـلەن يولغـا چىققـان رەهمەتجان قاراقۇمغا كەلگەندە، ئاللىقاچان تاڭ سـۈزۈلگەنىدى. ئـۇ سۇلايمان بىلەن ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا ئۇچراشتى.

— هـوي، رەهــمەت سـوجاڭغۇ بـۇ! — دېـۋەتتى ئېرىقنىـڭ مۇزدەك سۈيىدە يۈز - كۆزىنى يۇيۇۋاتقان سۇلايمان يەردىن ئۈنـۈپ چىققانـدەكلا پەيدا بولۇپ قالغان رەهمەتجاننى كۆرگەنـدە ۋە بىـرى كەينىـدىن ئىتتەرگەنـدەك چـاچراپ ئورنىـدىن تـۇرۇپ كەتتـى، — قاچان كەلگەنتىڭىز؟

— هازىر كېلىشىم.

سۇلايمان قوللىرىنى قولتۇقىغا ئېرتىپ، رەهمەتجاننىڭ قولىنى سىقتى. رەهمەتجاننىڭ چىرايى بەكمۇ جىـددىي ۋە هـارغىن ئىـدى. سۇلايمان تەكرار سوئال سوراشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۇنىڭ قولىدىن ۋېلىسىپىتنى ئالدى - دە، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

رەهمەتجـان هېچقانــداق تەكەللۇپــسىزلا هويلىغــا كىــردى. سۇلايمانىنىڭ خوتۇنى مايسەم پېشايۋاندىكى يازلىق ئوچـاق ئالدىـدا

يوبدان كېسىۋاتاتتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، رەھمەتجان بىلەن سالاملاشتى. رەھمەتجانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭدىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى. سۇلايمان ۋېلىسىپىتنى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا يېقىنىراق يەرگە توختاتتى - دە، رەھمەتجاننى مېھمانخانا ئۆيگە باشلىدى.

رەھمەتجان كۆرپە ئۈستىگە ئەپلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۇلايمان سورىدى:

— زۆرۈر بىر ئىش بىلەن چىققان ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە.

— كېچىلەپ يول مېڭىپ ئاۋارە بولغۇچە تېلېفوندا بىر ئېغىز: «دەرھال كىرىڭ» دەپ قويغان بولسىڭىز......

— ھەي...... نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز! سىز كىردىڭىز نېمە بولدى، مەن چىقتىم نېمە بولدى؟

سۇلايمان بىرنەرسە دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، رەھمەتجان بىراقلا مەقسەتكە كۆچتى:

— ئابدەمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— خەۋىرىم بار، قانداق دەيسىز؟

— تۈنۈگۈنكى ئەھۋالىدىنچۇ؟

سۇلايمان قىسقىلا خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، كېسىپلا ئېيتتى:

— ياق، تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالغۇچە بولمىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، بۈگۈن مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقىلى چىقتىم. ناشتا قىلىپلا، مېنى يۇلغۇنلۇققا باشلاپ بېرىڭ.

— ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش نېمىشقا شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟

— بۇنى كېيىن دەپ بېرىمەن. دەرھال ناشتا قىلىڭ - دە،

يولغا تەييارلىنىڭ!

رەھمەتجاننىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك، ئاۋازىدىكى كەسكىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىن قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنىڭ پۇرىقىنى سەزگەن سۇلايمان يەنە كوچىلاپ سوراۋېرىشنى ئەپ كۆرمىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كىرىپ داستىخان سالدى. ئاندىن چامغۇر سېلىنغان بىر چىنە يوبدانىنى رەھمەتجاننىڭ ئالدىغا قويدى.

ــ «بىساتىڭدا نېمە بولسا، دوستۇڭغا شۇنى بەر» دەپ، تەييىرىنى ئەكىردىم. قېنى نان پىشقۇچە بىر ـ ئىككى قوشۇق ئوتلىغاچ تۇرۇڭ، كېلىشىڭىزنى ئۇققان بولسام......

ــ نېمە دەۋاتىسىز؟ «يوبدان، يوبدان، كەمبەغەلگە ئوبدان» دېگەن گەپنى ئاڭلىماپتىكەنسىز ـ دە! بولۇڭ، ئۆزىڭىزگىمۇ ئېلىپ كىرىڭ. ئىتتىكرەك قورساقنى تويغۇزۇپ، يولغا چىقايلى.

سۇلايمان كۆلۈمسىرىگەن پېتى ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ۋە يەگەھتىلا توختاپ، خوتۇنى بوسۇغىدا تۇرۇپ سۇنغان ئاشنى قولىغا ئالدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى قاچىدىن يوبدان ئىچىلىپ بولدى. ئوچاقتىكى قايماقلىق پېتىر قاتلىمىسىدىن دىماقلارنى غىدىقلىغۇچى مەززىلىك پۇراق چىقىشقا باشلىغاندا، رەھمەتجان ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

ــ ئەمىسە ماڭامدۇق؟ ــ دېدى.

ــ توختاڭ، ــ سۇلايمانمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قادىغاللاپ كەلدى، ــ مۇنداق قىلايلى، سىز كىچىككىنە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ. يۇلغۇنلۇققا مەنلا بېرىپ كېلەي.

ــ مېنىڭمۇ نامان ئاكام بىلەن سەيدىخان ئاچاملارنى بىر

كۆرگۈم بار ئىدى. مۇشۇ پۇرسەتتە سىز بىلەن بىللە بېرىپ كېلەي.
— ھەرقانچە كۆرگۈڭىز بولسىمۇ، بۇ قېتىم بارماڭ. كېيىن مەن سىزنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ، ئوبدان سەيلە قىلدۇرۇپ كېلىمەن.
رەھمەتجان ھەرقانچە ۋەج كۆرسەتسىمۇ، سۇلايمان بەربىر ئىلىك ئالمىدى. چۈنكى، كېچىچە يول يۈرۈپ يىلىكى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك بولغان بۇ ئادەمنى يەنە ئوتتۇز نەچچە كىلومېتىر يول ماڭدۇرۇشقا سۇلايماننىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئەمما، بۇ ھېسسىياتنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. شۇڭا گەپنى ئەگىتىپ يۈرۈپ، رەھمەتجاننى قايىل قىلماقچى بولاتتى. ئاخىر ئۇ كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېدى:
— بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، سىز ماڭا مېھمان. كونىلار: «مېھمان قويىنىڭ قوزىسى» دەيدۇ. شۇڭا ئالدىمدا قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بولۇپ، نېمە دېسەم «ماقۇل» دەيسىز. بۇ بىر گېپىم. ئىككىنچى گېپىم: سىزنىڭ سوجاڭلىقىڭىز شەھەردە قالدى. ھازىر ماڭا ھاجەتمەنسىز. شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ گېپىمگە بويسۇنىسىز. بۈنىڭغا ئۇنىمىسىڭىز، يۇلغۇنلۇققا بارامسىز، توغراقلىققا بارامسىز، يول ئوچۇق!
— ھا، ھا، ھا! — رەھمەتجاننىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ، چىن يۈرىكىدىن قاقاقلاپ كۈلدى، — ماقۇل، يولداش پەيجاڭ، بۇيرۇقىڭىزغا قەتئىي بويسۇناي!......
— ئەمىسە ھاجىتىڭىزنى ئېيتىڭ؟
— ئابىدەم ھازىر قەيەردە؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ مۇشۇ ئىككى سوئالغا جاۋاب تېپىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ.
— خوپ، بۇيرۇقىڭىز دەرھال ئورۇنلىنىدۇ! — سۇلايمان شەيتانلىق قىلىپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ تىك تۇرۇپ، ھەربىيلەرچە سالام بەردى، — ئەمما بىر شەرتىم بار......
— بولىدۇ، شەرتىڭىزنى ئېيتىڭ.

— هازىردىن باشلاپ، تاكى مەن قايتىپ كەلگۈچە مىدىرلىماي ئۇخلايسىز.

— بۇيرۇقىڭىزنى يۈزدەيۈز ئورۇنلايمەن!

رەھمەتجانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سۇلايماننىڭ باياتىن قىلغان چاقچىقىنى تەكرارلىدى، ئاندىن كۆرپىگە يانپاشلىدى. سۇلايمان ئۇنىڭ بېشىغا تەكىيە قويۇپ بېرىپ هويلىغا چىقتى ۋە ئوچاقتىن نان قومۇرۇۋاتقان خوتۇنىغا جېكىلىدى:

— ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا، هويلىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىۋەت. مەن كەچلىك تاماقتىچە پەيدا بولىمەن......

دېگەندەك، ئەزالار كەچلىك تاماققا ماڭغاندا، سۇلايمانمۇ ئۆيگە كەلدى. رەھمەتجان ئۇنى هويلىدا قارشى ئالدى.

— كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ سۆيۈنۈپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — قانداق، ئابدەم نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟

سۇلايمان ئالدىراشتىن ۋېلسىپىتنىڭ تىزگىنىنى پۇتى بىلەن تېپىپ قايرىپ، ۋېلسىپىتنى مۇستەھكەم تۇرغۇزدى. ئاندىن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى ئاق خەسە كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتكەچ، رەھمەتجانغا يېقىنلاشتى.

— ئۇخلىماپسىز - دە! — دېدى ئۇ رەھمەتجانغا نارازىلىق بىلەن تىكىلىپ، — بىر - بىرىمىزنى مۇشۇنداق ئالدىساق بولامدۇ؟

— مەن هېچكىمنى ئالدىغىنىم يوق. ئۇيقۇم كەلمىسە قانداق قىلىمەن؟

ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى مەنىلىك ئۇچراشتى. رەھمەتجان تەقەززالىق بىلەن مۇراجىئەت قىلدى:

— ئابدەم توغرىسىدىكى گەپ قانداق بولدى؟

— قانداق بولاتتى، ناهايىتى ئوبدان تۇرۇپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئۇنىڭغا ئۆز قىزىدەكلا ئىچىكىپ قاپتۇ. ئابدەم ئۇ يەرگە

كۆنۈپ قاپتۇ.

— قالتىس ياخشى ئىش بوپتۇ! قالتىس ياخشى ئىش بوپتۇ! — رەھمەتجان سۇلايماننىڭ دولىسىغا قاقتى، — مەن دەرھال قايتاي. سىزگە تاپشۇرىدىغان يەنە بىر ۋەزىپە: ئابىدەمگە رەيھاننىڭ سالامەتلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. شەۋكەتنى داۋاملىق ئىزدەيمىز. ئابىدەم يۈلغۈنلۈققا سىزنىڭ بىلەن كېتسۇن. سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن كەمرەك ئۇچرىشىڭ ياكى پۈتۈنلەي ئۇچراشماڭ. قىسقىسى، يۈلغۈنلۈق تەۋەسىدە ئابىدەم ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك گەپ - سۆزلەرنىڭ ئىمكانقەدەر تېزرەك ئۇنتۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىلاجىنى قىلىڭ. شەھەرگە كىرسىڭىزلا، ماڭا يولۇقماي قايتماڭ.

رەھمەتجان گېپىنى توختىتىپ، قايتىشقا تەمشەلدى. ئىككىيلەن تېخىچىلا ئۆرە تۇراتتى. بىرئاز ھودۇقۇپ قالغان سۇلايمان رەھمەتجاننىڭ يولىنى توسۇپ:

— گېپىڭىزنى زادىلا چۈشەنمىدىمغۇ؟ — دېۋىدى، رەھمەتجان ئىككى قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ، كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ:

— ۋاقتى كەلگەندە ھەممىنى چۈشىنىسىز. ھازىرچە مېنى قىستىماڭ. بۇ سىرنى مەنلا بىلىپ تۇراي. قانداق؟ — دېدى.

— بولىدۇ، — سۇلايمان كېسىپلا جاۋاب بەردى.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا، مەن ماڭاي.

— مايسەم ھازىر ئىشتىن قايتىدۇ. تاماق يەپ يولغا چىقىڭ.

— يولداش پەيجاڭ! مېنى يولدىن توسماڭ. شەھەردە مېنى بىرمۇنچە ئىش كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر كۆڭلىڭىز بەك ئۇنىمىسا، سومكامغا بىر نان سېلىپ قويۇڭ. قورسىقىم نەدە ئاچسا، شۇ يەردە يەرمەن.

— ماقۇل.

سۇلايمان ئالدىراش ئاشخانا ئۆيگە كىردى - دە، ئۈچ

قــاتلىمنى كۆتــۈرۈپ چىقىــپ، رەھمەتجاننىــڭ سومكىــسىغا سالدى......

× × ×

ماشىنا بىسىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېلىقى ئايالنىڭ جەسىتى دوختۇرخانىنىڭ جەسەت ساقلاش ئۆيىدە ئۈچ كۈن تۇردى. ھەرقايسى ساقچىخانىلار، كوچا باشقارمىلىرى، ئاھالە كومىتېتلىرى، زاۋۇت ـ كان، كارخانىلارغا ئەھۋال خەۋەر قىلىنىپ، جەسەتنىڭ ئىگىسى سۈرۈشتە قىلىنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. تۆتىنچى كۈنگە كەلگەندە، جەسەت دەپنە قىلىنىۋېتىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ قىياپىتى، ئىسمى ۋە يۇرتى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىدى. ئەگەر خاتىرە قالدۇرۇلدى دېيىلسە، پەقەت ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچىكىنىڭ كونا ـ يېڭىلىقى بىلەن رەڭگىدىنلا ئىبارەت بولدى. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، رەھمەتجان بۇنىڭدىن تۆت كۈن ئىلگىرى كاللىسىدا پەيدا بولغان، ئەمما ھېچكىمگە ئاغزىدىن چىقارمىغان سوئالغا جاۋاب تېپىلغاندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ رەھىم ئاكا بىلەن سانىخان ئاچىلارنى ئابدەمنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىش ـ قىلماسلىق مەسىلىسىدە ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئويلاندى. ئاخىر: «ياق! — دېدى ئۆزىگە كەسكىن خىتاب قىلىپ، — بۇنداق چوڭ تەۋەككۈلچىلىككە ئۇلارنى ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك. ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئابدەم ئۆلۈپ كەتكەن پېتى قېلىۋەرسۇن. كېيىن بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە دەردىنى ئۆزۈملا تارتاي......»

× × ×

ئابدەمنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى قاراقۇمغا يېتىپ كەلگەندە،

ئايۇپ ئاكا قاتارلىقلار قاتتىق ئېچىندى. رەناخان قاتارلىق ئاق كۆڭۈل ئايالالار بولۇڭ - پۇچقاقلاردا كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ خالىس ياغ پۇرتىشتى، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى. ئوسمان خۇشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، چاپارمەنلىرى ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى پۈتۈن گوڭشېغا يەتكۈزدى. ئاخشىمى ئۇلپەتلىرىنى ئۆيىگە يىغىپ، تاڭ ئاتقۇچە ھاراق بىلەن مېھمان قىلدى. «دىكتاتورا دۆيى» نىڭ ئەزالىرى بۇ ئايال قاچقۇننى ئىزدەش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلغىنىغا شۈكۈر قىلىشتى. سانىخان ئاچا يەتتە - سەككىز كۈنگىچە خۇدىنى بىلمەي يۈردى. رەيھاننىڭ ھالى تېخىمۇ خاراب ئىدى. كۈندۈزلىرى سانىيە ئانىسى (ئۇ سانىخان ئاچىنى ئاشۇنداق ئاتايتتى)، ئانار ئاچىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئانىسىنىڭ خەقىشىنى قىلمىغىنى بىلەن، كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىمايتتى. ئۇخلىغاندىمۇ تولا جۆيلۈپ، سانىخان ئاچىنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى...... بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن چىقىشقا باشلىغان بوران يېرىم كېچىگىچە توختىمىدى. بوراننىڭ دەھشەتلىك ھۇۋۇلىشى، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ تاراقلىشىلا ئەمەس، ئانىسىنىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكى تۇيەيلىدىن پەيدا بولغان ئەندىشە رەيھاننىڭ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلتۈرمىدى.

«ئانام نېمىشقا شۇ چاغقىچە كەلمەيدىغاندۇ؟......»

رەيھان بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى.

سانىخان ئاچا رەيھان بىلەن ئانارنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاستا بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ، يەڭگىل، ئەمما سوزۇپ «ئۇھ» تارتتى.

كۈتۈلمىگەندە رەيھان ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سانىيە ئانا، ئانام نېمىشقا شۇ چاغقىچە كەلمەيدىغاندۇ؟

سانىخان ئانا چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— رەيھان، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا، — بالام، سەن

تېخى ئويغاقمۇ؟ نېمىشقا ئۇخلىمايسەن؟

— ئانام......

— ئاناڭنىڭ كېلەر ۋاقتى بولدى، ھازىر كېلىدۇ. ئۇخلا جۇمۇ، تاتلىق قىزىم.

ئۇ بۇ سۆزنى شۇنچە ۋەزمىن ئاۋازدا ئېيتقان بولسىمۇ، بەرىبىر رەيھاننى ئىشەندۈرەلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىللىق قولى رەيھاننىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ، يوتقىنىنى ئوڭلاپ يېپىپ قويغىنىدا، رەيھان نائىلاج كۆزلىرىنى يۇمدى......

قورقۇنچلۇق چۈشتىن كېيىن، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن رەيھان چۆچۈپ ئويغاندى. ئۆي ئىچى يورۇپ كەتكەنىدى. رەيھان ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. سانىيە ئانىسى بىلەن ئانارنىڭ يوتقان - كۆرپىسى يىغىشتۇرۇلغان، ئەمما ئۆزلىرى كۆرۈنمەيتتى.

«سانىيە ئانام نەگە كەتكەندۇ؟»

رەيھان ئاشۇ خىياللار بىلەن كىيىنىپ، ھويلىغا چىقتى. كۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، توختاۋسىز يىغىۋاتقان توپا دىماقنى ئېچىشتۇراتتى.

رەيھان بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قاراڭغۇ دالانغا كەلدى ۋە ھويلا ئىشىكىنى تارتىپ باقتى. ئىشىك سىرتىدىن قۇلۇپلانغانىدى. رەيھان ئانارنىڭ مەكتەپكە كەتكەنلىكى، سانىيە ئانىسىنىڭ بازارغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى جەزم قىلىپ ئاستا كەينىگە ياندى. دەھلىزنىڭ سۇپىسىغا قويۇلغان پەتنۇستىكى توقاچ نان بىلەن چايدانىدىكى چاينى كۆرگەندە، قورسىقىنىڭ بىر يەرلىرى تارتىشىپ، تېخىچە ناشتا قىلمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى. ئاندىن قولىغا شۇۋاق سۈپۈرگىنى ئېلىپ، جانان چىنىدەك پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھويلىنى يېڭىباشتىن سۈپۈرۈشكە باشلىدى. بۈگۈنلا ئەمەس، رەيھان ئايىغى چىققاندىن تارتىپلا ئۆي ئىشلىرىغا ئامراق ئىدى. ئۇلار بۇ ئۆيگە كەلگەندىن

بۇيان، رەيهان تېخىمۇ ئىشچان بولۇپ كەتتى: كۆكتات ئادالاش، ئەخلەت تۆكۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغاندىن تاشقىرى، هويلا - ئارانى سىيرىپ - سۈپۈرۈش، سۇ چېچىش ئىشلىرىدىمۇ ئانىسىنىڭ كەينىدىلا يۈرەتتى. بوش قالغان چاغلىرىدا بولسا پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، پارچە - پۇرات قەغەزلەر، كونىراپ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن گېزىت پارچىلىرىغا كىچىككىنە قېرىنداشنى زېرىكمەي سىزىپ، يېرىم كۈنلەپ - يېرىم كۈنلەپ «خەت» يازاتتى ۋە بۇ «خەت»لەرنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن، ئانارنىڭ مەكتەپتىن تېزرەك كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ، دەرۋازىغا تەلمۈرەتتى. ئابىدەم ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن يىگىرمە كۈندىن بۇيان، ئۇ بىر قېتىممۇ كۆز يېشى قىلىپ، سانىيە ئانىسىنى پاراكەندە قىلمىدى. ئۇنىڭ هەربىر تاپشۇرۇقنى ياۋاشلىق بىلەن ئورۇنلىدى. بۇنىڭدىن سانىيە ئانىسى ناهايىتى خۇشال ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپلا هويلا - ئارانى سۈپۈرۈشكە تۇتۇش قىلىشىمۇ، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئىشچانلىقىدىن بولسا، ئىككىنچىدىن، سانىيە ئانىسىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

هويلا سۈپۈرۈلۈپ بولدى. كۆتمەك قېرىنداش نەچچە ۋاراق قەغەزنى بوياپ بولدى. پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە ئورنىتىلغان كىچىككىنە ساندۇقچاقتىن شەهەرلىك رادىيو ئۇزېلىنىڭ چۈشلۈك ئاڭلىتىشىنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ، هويلا ئىشىكى ئېچىلىپ، سانىخان ئاچا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. رەيهان دەرهال ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى.

— قورسىقىڭنى تازا ئاچقۇزۇۋەتتىم - هە، بالام؟ — دېدى ئۇ رەيهاننى دەس كۆتۈرۈپ باغرىغا بېسىپ.

— قورسىقىم ئاچمىدى، — دېدى رەيهان مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە يېقىپ، — تېخى سەن ئېلىپ قويغان نانىنىمۇ يەپ بولالمىدىم.

— مەن سىنى ئاچ قالدىمكىن دەپ تىكىلداپ كېتىپتىمەن، ئەقىللىك قوزام! ماۋۇنىغۇ يەرسەن؟

سانىخان ئاچا قولىدىكى سومكىدىن ئىككى تال يوغان ئەششاپتۇلنى ئېلىپ، رەيھانغا تەڭلىدى. رەيھان تاتلىق كۈلۈمسىرەپ، شاپتۇلغا قولىنى ئۇزىتىشقا تەمشەلدى - يۇ، بىردىن قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، سانىخان ئاچىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە سورىدى:

— ئانار ئاچامغىچۇ؟

سانىخان ئاچا ئۇنىڭغا سىناق نەزىرى بىلەن بىرپەس تىكىلىپ تۇردى - دە، قەستەن قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ئۇنداق ئەسكى بالىغا شاپتۇل نەدە تۇرۇپتۇ! — دېۋىدى، رەيھاننىڭ چىرايى پاختىدەك ئاقىرىپ:

— ئانار ئاچامنىڭ نەرى ئەسكى؟ ئوبدانغۇ! — دېدى.

— نەرى ئەسكى دېگىنىنى! ئۇ يا سەندىن خەۋەر ئالمىسا، يا ماڭا قارىشىپ بەرمىسە، ئەسكى بولماي ئەمىسە!

— ئانار ئاچام مەكتەپتە ئوقۇيدۇ ئەمەسمۇ؟ مەكتەپتىن كېلىپلا، سىنىڭ ھەممە ئىشىڭغا قارىشىپ بېرىدىغۇ؟ سەن يەنە ئۇنى «ئەسكى» دەيسەن؟

— ئەسكى بولغاندىكىن ئەسكى دەيمەن - دە! سەنلا مېنىڭ ئوبدان بالام.

— ئەمىسە شاپتۇلىڭنى يېمەيمەن.

رەيھان شۇنداق دېدى - دە، كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، سانىخان ئاچىنىڭ قولىدىن ئاجراپ، يەرگە چۈشۈشكە تەمشەلدى. سانىخان ئاچا ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ مەھكەم باستى ۋە ئۇنىڭ ئالمىدەك مەڭزى، كەڭ پېشانىسىگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيۈپ:

— ئويىنىشىپ قويدۇم، بالام! ھەر ئىككىڭلار مېنىڭ ئوبدان بالام. ئىككىڭلارنى يېسۇن دەپ، سومكىدا لىق شاپتۇل ئېلىپ

كەلدىم. مە، تويغۇچە يەپ، ئاشقىنىنى ئانار ئاچاڭغا ئەپقوي، — دېگىنىچە، سومكىنى رەيھانغا تەڭلىگەنىدى، رەيھانىنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش غىلدىرىردە دومىلاپ مەڭزىدە چىرايلىق زىنىخلار پەيدا بولدى. ئەنە شۇ چاغدا، تالادىن ئانار كىرىپ كەلدى.

— ئانار ئاچام كەلدى! — دېدى ئۇنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن رەيھان خۇشال بولۇپ، — ئانار ئاچا، سانىيە ئانام ئىككىمىزگە شاپتۇل ئەپكەپتۇ!

— كەلدىڭمۇ، بالام؟ — سانىخان ئاچا ئانار تەرەپكە بۇرۇلدى، — ئۇكاڭ بىلەن ئىككىڭلار شاپتۇل يېگەچ تۇرۇڭلار، مەن تاماققا مىدىرلاي.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، رەيھاننى يەرگە قويۇپ، سومكىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئاشخانا ئۆيدىن يوغان بىر تەلەڭگىنى ئاچىقىپ، سومكىدىكى شاپتۇلنى تۆكتى ۋە:

— قېنى يەپ بېقىڭلار، تاتلىقمىكەن؟ — دېۋىدى، ئىككىيلەن تەڭلا:

— سەنمۇ يېگىنە، ئانا! — دەپ چۇرقىراشتى.

— ماقۇل، مەنمۇ يەي، ئېلىڭلار ئەمىسە.

سانىخان ئاچا شاپتۇلدىن بىرنى ئېلىپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. باللار شاپتۇلغا ئىشتىھا بىلەن تېگىش قىلىشقا باشلىدى......

پېشايۋانغا داستىخان سېلىنىپ، بىر جىڭچە كەلگۈدەك ئۇرۇق كالىنىڭ گۆشى بېسىلغان پولۇ كەلتۈرۈلدى. سانىخان ئاچا گۆشنى نان ئۈستىگە قويۇپ، پىچاق بىلەن ئۇششاق توغراپ، قايتىدىن ئاشنىڭ ئۈستىگە باستى ـ دە:

— ئېلىڭلار، بالام، چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ، قورسىقىڭلارنى ئوبدان تويغۇزۇڭلار. ئاشتىن كېيىن، ئىككىڭلارنى بىر يەرگە ئاپىرىمەن، — دېدى.

قىزىقسىنغان باللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سورىدى:
— نەگە ئاپىرىسەن، ئانا؟
— كىمنىڭ قېشىغا ئاپىرىسەن؟
— كېيىن بىلىسىلەر، — سانىخان ئاچا كۈلۈمسىرىدى، — ئاۋۋال قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇڭلار. قورسىقىڭلار تويغاندىن كېيىن، نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى دەپ بېرىمەن.
— ئانا، چۈشتىن كېيىن دەرسىمنى قانداق قىلىمەن؟
ئانارنىڭ بۇ سوئالى سانىخان ئاچىنى تەمتىرىتىپ قويدى. لېكىن ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، چايداندىن پىيالىلەرگە چاي قۇيۇۋېتىش باھانىسى بىلەن كۆزىنى باللاردىن ئېلىپ قېچىپ، قىسقىغىنا خىيال سۈرۈۋالدى - دە، كېسىپلا مۇنداق دېدى:
— مۇئەللىمىڭدىن سوراپ كەلدىم. ئىنتىكرەك ئىشىڭنى يە.
ئۇنىڭ ئاۋازى بىرئاز غەلىتىرەك چىققان بولسا كېرەك، ئانار ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن بىر قارىۋېلىپ، لېگەنگە قول ئۇزاتتى.
ئىككى بالا ئەدەپ بىلەن ئاش يېمەكتە. سانىخان ئاچا ھېچقانداق گۆش دىدارى قالمىغان تۇگكىرەك تارمۇچ - پەيلەرنى پىچاق بىلەن قىرغاچ، پات - پات گۆشلەرنى باللارنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ، ئۇلارنى كۆپرەك يېيىشكە زورلايتتى.
«پولۇ» دېگەن ئىسمنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئاز قالغان رەيھان ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۇلار مۇشۇ ئۆيگە كىرگەندىن بۇيانقى ئىككىنچى قېتىم ئېتىلگەن پولۇ ئىدى. بىرىنچى قېتىملىقى ئۇلار بۇ ئۆيگە كىرىپ ئىككىنچى كۈنى ئېتىلگەنىدى. ئۇ چاغدا رەيھان خۇشاللىقىدا قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلمىگەنىدەك شۇنداق جىق يېگەنىدىكى، خىجالەتچىلىكتە قالغان ئابىدەم ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى ئاستا تارتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. بۈگۈن دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، سانىخان ئاچا ئۇنى كۆپرەك يېيىشكە زورلىغانسېرى، ئۇنىڭ گېلى شۇنچە بوغۇلاتتى. بىر كاپام پولۇنى

ئاغزىغا سېلىۋالسا، ئۇنى ئالدىرىماي خېلى ئۇزۇنغىچە چايناتتى. دېمىسىمۇ، ئابىدەم ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن كۈندىن ئېتىبارەن، سانىخان ئاچا ھەر ۋاقلىق تاماق ۋاقتىدا بالىلارنى، بولۇپمۇ رەيھاننى كۆپرەك بىرنەرسە يېيىشكە زورلايتتى. ئۆزى بولسا چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا بىردەم «ئۇھ» تارتىپ، ئۇ يان - بۇ يان قارايتتى، بىردەم قولىدىكى قاچىغا تىكىلگىنىچە، بىرھازا جىم ئولتۇرۇپ كېتەتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇنىڭ ئاق پىشماق يۈزلىرى تېخىمۇ ئاقىرىپ، ئەپچىللا ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، رەيھاننى كۆرسىلا كۈلۈمسىرەيتتى، ئەركىلىتەتتى، بارلىق چارىلەر بىلەن ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىشقا تىرىشاتتى. چۈش ۋە كەچقۇرۇنلۇق تاماق ئەتكەندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ زادى نەدە، نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن رەيھان قىلچە خەۋەرسىز ئىدى ۋە بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن سوئال سورىمايتتى. ئەتىگىنى قاچان ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ تۇيمايتتى......بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، بۇ ئۆيگە ھەر كۈنى بىر - ئىككى قېتىمدىن تۆت - بەش قېتىمغىچە مېھمان كېلىدىغان؛ سانىخان ئاچىمۇ ئانچە كۆپ تالا - تۈزگە چىقمايدىغان بولدى. مېھمانلاردىن رەھىم ئاكا بىلەن رەھمەتجاندىن باشقىلىرى رەيھانغا ناتونۇش كىشىلەر ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار ھەر قېتىم كەلگىنىدە، رەيھانغا ئۇنى - بۇنى ئالغاچ كېلەتتى. باش - كۆزىنى سىلاپ ئەركىلىتەتتى. قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنى - بۇنى سورايتتى. ئەمما، ئۇلار رەسمىي پاراڭغا چۈشىدىغان چاغدا، سانىخان ئاچا بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ، رەيھاننى ھويلىغا ياكى كوچىغا چىقىرىۋېتەتتى. بۇنداق ئەھۋال بەزىدە كېچىلىرىمۇ تەكرارلىناتتى......

تاماقتىن كېيىن، سانىخان ئاچا رەيھاننىڭ باش - كۆزىنى

ئىلىمان سۇ بىلەن سوپۇندا پاكىز يۇيۇپ، ئۈستىبېشىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈردى، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئۇچىسىغا قارا نىمچە كىيىپ، بېلىگە ئاق خەسە باغلىغان هالدا چىقىپ كەلدى، چىرايى شۇنچە ئايانچلىق، كۆزلىرى شۇنچە مۇڭلۇق ئىدىكى، ئىككى قىز چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە قېتىپ قېلىشتى. ئانا ئۇلارنىڭ بېلىگىمۇ ئاق خەسە باغلىدى. بۇ چاغدا، چوڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئانىسى قىرىق كۈنگىچە بېلىگە ئاق خەسە باغلاپ، قارىلىق تۇتقانلىقىنى ئېسىگە ئالغان رەيھاننىڭ ئۆكسى ئۆچۈپ، «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى سانىخان ئاچىنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى. ئۇ شۇنداق داد ـ پەرياد كۆتۈردىكى، هايال ئۆتمەي، هويلا قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن تولدى.

بۇ رەھمەتجاننىڭ ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى ئەڭ كەسكىن قارارى بولۇپ، ئابىدەمنىڭ هازىسى ئېچىلغانىدى......

× × ×

ئارىدىن بىرىم يىل ئۆتتى. رەھمەتجان رەھىم سايىتتىن شەۋكەتنىڭ مۇشۇ شەھەردە ناھايىتى ئىشەنچلىك بىر ئائىلىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇنىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگىنىگە تېخى بىر ئايمۇ بولمىغانىدى.

— رەھىم ئاكا، — دېدى ئۇ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، كېچىلەپ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن رەھىم سايىتنىڭ ئالدىغا قېنىق دەملەنگەن چاي قۇيۇلغان پىيالىنى قويۇۋېتىپ، —

بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ. «بىر خۇشاللىقىقا بىر خاپىلىق ھەمراھ» دېگەندەك، ھازىر ۋەزىيەت تېخى تۇراقسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇغراجاننىڭ دېلوسىغا رەسمىي قول تىقىپ ئىشلىگىنىمىز يوق. سەللا ئالدىراقسانلىق قىلساق، يەنە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، رامىزان ئاكا بىلەن شەۋكەتنى ھىمايىسىگە ئالغان ھېلىقى يولداشقا ئېيتىڭ: بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنىمىسۇن. پەيتى كەلگەندە، ئاندىن قانداق قىلىشنى ئويلىشايلى.

— شەۋكەتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپنى سانىخانمۇ بىلمەيدىكەن، — دېدى رەھىم سايىت ئۆزىنىڭ بۇ ياش، ئەمما ئەقىل - پاراسەتلىك سۆھبەتدىشىنىڭ كۆزلىرىگە مەمنۇنلۇق بىلەن تىكىلىپ، — يولداش رامىزان ماڭا بۇ گەپنى پەقەت سىزنى خاتىرجەم قىلىش ھەم سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئېلىپ بېقىشىم ئۈچۈنلا ئېيتتى. شەۋكەت ھازىر نەدە؟ كىمنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ؟ بۇلار توغرۇلۇق زادىلا ئېغىز ئاچمىدى. مەنمۇ كوچىلاپ سوراشنى لايىق كۆرمىدىم. سۆزىنىڭ ئۇرامىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قارىشىمۇ سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاشتەك قىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى ئىكەن. يەنە بىر مەزگىل سەۋر قىلايلى.

......

ئۇلار بىر يېرىم يىل سەۋر قىلىشتى. زاۋۇت رەھبەرلىكى بۇغراجاننىڭ ئىشى توغرۇلۇق مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا كەينى - كەينىدىن ئالاقە يېزىپ سۈيلىدى. بۇ دېلونى قايتا تەكشۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا بىۋاسىتە مەسئۇل بولغان رەھمەتجان مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، بۇ چوڭ ناھەق دېلونى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇۋەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك

رەھبەرلىك ئاقلاش ماتېرىيالىغا تەستىق سالدى. مانا شۇ چاغدا ئابىدەملەرنى نەدىن بولسىمۇ ئىزدەپ تېپىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«پەيتى كەلدى» دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! رەھمەتجان سىرنى رەھبەرلىككە ئاشكارىلىدى. رەھبەرلىك ئانا - باللارنى ئۇچراشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى يەنىلا ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇ ھەممە تەييارلىقلارنى پۇختا ئىشلىگەندىن كېيىن، بۈگۈن تاڭ سۈزۈلۈش بىلەنلا ئابىدەمنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىرىنى بىرگە ئېلىپ، يولغۇنلۇققا ماڭغانىدى.

...... ماشىنا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. دېرىزىدىن ئېقىپ كىرگەن مەيىن شامال غايىب قوللىرى بىلەن يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتمەكتە. زەر رەڭلىك يوپۇرماقلار لەرزان چاۋاك چېلىشىپ ئۇلارنى ئۇزاتماقتا ئىدى.

كەچ كىردى. يۈزلىگەن - مىڭلىغان يۇلتۇزلار گويا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىراقلا چاقنىدى.

بۇ ئۇزۇن يىللىق ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ، يېڭىچە تۇسكە كىرگەن شەھەردە پارلىغان ئېلېكتىر چىراغلار ئىدى. ئاشۇ چىراغلارنى كۆرگەندە، ئابىدەمنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوتلۇق ئېقىم يامراپ، كۆز ئالدىدا ئەينى ۋاقىتتىكى بەختىيار ئائىلىسى، خاتىرجەم، تىنچ - ئىناق تۇرمۇش كارتىنىسى، قولۇم - قوشنىلىرى، بۇغراجاننىڭ ئىشداشلىرى ۋە ماشىنىسىنى ئورىۋېلىپ، ئۆزى بىلەن باللىرىنى خۇشال - خۇرام قارشى ئېلىۋاتقان ئادەملەر؛ تۈگىمەس سوئاللار، ئايىغى ئۈزۈلمەس خۇشخۇي پاراڭلار باشلىنىپ كەتكەن شادلىق مەنزىرىسى نامايان بولدى.

ئۇ بىر شەۋكەتكە، بىر رەيھانغا چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن شۇنداق تىكىلگەنىدى، كۆزلىرىدە «غىللىدە» ياش ئەگىدى. ئەمما، ئۇ ھايال ئۆتمەي كۆلۈمسىرىدى......

# ئون توققۇزىنچى باب

## كوممۇنىست قەلبى

بۈگۈن قاراقۇم تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش بولدى: سىدىق ئاكا بىلەن مەغپىرەتخان ئاچىنىڭ قەبرىسى يېنىدا يۆتىلەي پىششىق خىشتىن ياسالغان غايەت زور بىر قەبرە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ قەبرە بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل بۇرۇن ئايۇپ ئاكىلار تەرىپىدىن «ئوغرىلىنىپ»، سىدىق ئاكىنىڭ تاش گۆرىگە دەپنە قىلىنغان بۇغراجان ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان قەبرە ئىدى. قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە: «مۇنەۋۋەر كوممۇنىست، ئىنقىلابىي قۇربان بۇغرا سىدىقنىڭ قەبرىسى» دېگەن خەتلەر، ئاياغ تەرىپىگە بۇغراجاننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ئويۇلغان؛ قەبرىنىڭ سۇپىسىغا بۇغراجاننىڭ ئەينەكلىك جازىغا ئېلىنغان چوڭايتىلغان سۈرىتى قويۇلغان؛ سۈرەت بىلەن قەبرىنىڭ ئەتراپى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن ئورالغانىدى. يىراقتىن قارىغاندا، بۇ قەبرە گويا گۈل - گۈلىستانلىق باغ ئىچىدىكى كۆركەم ئىمارەتكە؛ سۈرەت بولسا ئاشۇ ئىمارەتنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، كىمگىدۇر خۇش تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ تۇرغان نەۋقىران يىگىتكە ئوخشايتتى. بۇ يەرگە جەم بولغان مىڭلىغان جۈپ كۆزلەر چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئەنە شۇ يىگىتكە تىكىلمەكتە. ئەتراپ شۇنداق جىمجىتكى، بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىۋاتقان كەچ كۈز شامىلى بەرگىدىن ئايرىغان ئاخىرقى يوپۇرماقلارنىڭ ئاستا

يەرگە تۆكۈلۈشىدىن چىققان ئاۋازمۇ قۇلاقلارغا بەخۇدەك ئاڭلىناتتى.

بۈگۈن بۇ يەردە بۇغراجاننىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى. بۇ يەرگە قاراقۇملۇقلار بىلەن باسما زاۋۇتىنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن تاشقىرى، ۋىلايەت ۋە شەھەرنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىمۇ جەم بولغانىدى.

مۇراسىمنىڭ كۈنتەرتىپى بويىچە، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بۇغراجاننى تەلتۆكۈس ئاقلاش، پارتىيە ئەزالىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، كوممۇنىستلارغا خاس جاسارىتىنى نامايان قىلغانلىقىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيەلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم نامىدىن ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈردى، ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. ئۇلارنىڭ قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بۇغراجاندەك سەممىي - سادىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئاندىن يەن شۇجى، مۇھەممەتئىمىن ۋە باشقىلار سۆزلىدى.

— مەن ھېچقاچان مۇنداق چوڭ سورۇندا گەپ قىلىپ باققان ئەمەس، — دېدى ئابىدەم ئائىلە تەۋەلىرىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇرقى شۇنداق جەسۇر، ئاۋازى شۇنداق جاراڭلىق ئىدىكى، ھېچكىممۇ ئۇنى ئاددىي ئائىلە ئايالى دەپ پەرەز قىلمايتتى، ئۇ ناھايىتى سالماق، ۋەزمىن ئاۋازدا سۆزلەيتتى، — ئەمما، بۈگۈن كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلەشنى خالايمەن. دېمەكچى بولغان گەپلىرىمدىن يۈرىكىمنى قاپلاپ كەتكەن دەردلىرىم تولا، بىر - بىرلەپ سۆزلەيدىغان بولسام، ئون كېچە - كۈندۈزمۇ ئازلىق قىلىدۇ. مەن...... مەن......

ئابىدەم بىردىن دۇدۇقلاپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھەممە كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلگەن. ھەممە يۈرەكلەر ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. ئابىدەم تامىقىنى تامشىيتتى. لېكىن، تىلى زادىلا گەپكە كەلمەيتتى. يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى ئاپتاپتا كۆيگەن مەڭزىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. يۈرىكىدىكى قايغۇ - ھەسرىتى بىراقلا يۈزىگە تەپچىپ چىققاچقا، پۈتۈن ئەزايى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. نۇرغۇن كۆزلەر ياشلاندى. ئېغىر «ئۇھ» تارتىشلار، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلار تۇشمۇتۇشتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئاخىر ئابىدەم بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى ۋە قارا نىمچە ئۈستىدىن باغلانغان ئاق خەسە بەلبېغىنى يېشىپ، كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن كونىراپ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن قىزىل دۇردۇنغا ئورالغان تۈگۈنچەكنى ئېلىپ، ئۆزىگە يانمۇيان تۇرغان رامزان ئاكىغا ئىككى قوللاپ سۇندى.

بۇ ئابىدەم ئون ئىككى يىلدىن بۇيان جېنىدەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن خاتىرە دەپتەر ئىدى. ئۇنىڭغا بۇغراجاننىڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنكى كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرمىدە يېتىپ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئەرز تەرىقىسىدە سۇنغان، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا «پارتىيەگە قارشى خىتابنامە» دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى خاتىرىلەنگەنىدى.

«ئانىسى، — دېگەنىدى بۇغراجان ئابىدەم بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدا خاتىرە دەپتەرنى ئۇنىڭغا تەگلەپ، — ئەنە مەن ئېتىلىمەن...... ئۆلارنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ ئۆزۈمنى ئاقلاپ يۇقىرىغا يازغان ئەرز - شىكايەتلىرىم پارتىيەگە قارشى خىتابنامەمىش...... قەتئىي ئىشىنمەنكى، مەن ھېچقاچان

قانــداقتۇر پــارتىيەگە قارشــى خىتابنــامە يــازغىنىم، ھېچقاچــان پارتىيەگە قارشى تۇرغىنىم يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قىلىنغان تــۆھمەت، ھېچبولمىغانــدا بىــر خىــل ئۇقۇشماســلىق. كۆڭۈلەرنىــڭ بىرىدە، بۇ ئۇقۇشماسلىق چوقـۇم ئايدىڭلىشىدۇ. ئەگەر سەن شۇ كۆڭۈلەرگىچە ھايات ياشىيالىساڭ، بۇ دەپتەرنــى ئــۆز قولـۇڭ بىلەن تەشــكىلگە تاپــشۇرۇپ بەر، ـــ بــۇ چاغــدا ئابــدەم ئــۆزىنى تۇتالماستىن ھۆڭگىدەپ يىغلىغىنىچە بۇغراجانغا ئــۆزىنى ئاتتى، ـــ يىغلىما، مېنى گۆرىدە خاتىرجەم ياتسۇن دېسەڭ، ھەرگىز يىغلىما! ـــ دېــدى بۇغراجــان ئــۇنى مەھــكەم باغرىغــا بېــسىپ،ـــ كــۆز يېــشى ئىنسانغا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ...... ياخشى كۆڭۈلەر ئۈچۈن، باللارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئاسرا!»

ئۇلار ئايرىلىشتى.

ئەتىــسى بۇغراجــاننى بــاغلاپ جــازا مەيــدانىغا ئېلىــپ چىقىــپ ئېتىۋېتىشتى.

رامىزان ئاكا خاتىرە دەپتەرنىڭ بەزى بەتلىرىگە غىل-پاللا كۆز يۈگۈرتــۈپ چىقتــى-دە، كــۆزلىرىگە «لۆممىــدە» يــاش ئالــدى ۋە ھــاياجانلــىق، شــۇنداقــلا تىــترەك ئــاۋازدا مــاۋۇ مىــسرالارنى ئـوقـۇدى:

پارتىيەم، سەندىن بۆلەك ھېچ غەمگۇزارىم يوق مېنىڭ،
چىن كۆڭۈل مېھرىمنى تارتقان گۈلئۇزارىم يوق مېنىڭ،
سەن ئۈچۈن تۆكسەم قېنىمنى، قىلچە زارىم يوق مېنىڭ.

سىلىدىڭ مىسكىن بېشىمنى تۇنجى رەت ئۆمرۈمدە سەن،
تەربىيەت قىلدىڭ ئۇلۇغۋار غايە ھەم ئىستەك بىلەن،
ئاشۇ ئىستەكتىن بۆلەككە ئىختىيارىم يوق مېنىڭ.

كوممۇنىست نامىم مېنىڭ، يەلكەمدە بار ئالەمچە يۈك،
ئاشۇ يۈك ئۈندەيدۇ ئالغا، مىسلى ئۇ ياغراق گۈدۈك،
ئاشۇ يۈكنى كۆتۈرۈشتەك ئىپتىخارىم يوق مېنىڭ.

يۈك بىلەن ماڭغاندا ئالغا، ھۆركىرەپ چىقتى بوران،
بىلمىدىم مەنزىل قاياقتا؟ قاپلىدى يولنى تۇمان،
تەمتىرەپ قالدىم بۇ دەم، شەمئى - پانارىم يوق مېنىڭ.

ئاقىۋەت سوقتى بوران، بولدۇم ئەجەبمۇ ناتىۋان،
پۇت - قولۇم كويزا - كىشەندە، زەپمۇ قىينالدى بۇ جان،
نەئىبرۇركى قىسمىتىم؟ مەنزىل - قارارىم يوق مېنىڭ.

ئېيتىشۇر: جاھىل ئىكەنسەن، تەقدىرىڭ بولماق ھالاك،
ئېيتىمەن: كەلمەس قولۇمدىن نومۇسىمنى بۇلغىماق،
مەيلى ئۆلتۈر، كەينىمە ئەسلا قارارىم يوق مېنىڭ!

بىلمىدىم، بولدى نېچۈك ئوغلۇڭغا بۇنچە زور ۋابال؟
تاڭ سەھەرنىڭ پەيزىمۇ ئوغلۇڭ ئۈچۈن بولدى زاۋال؟
ۋادەرىخا!...... نەيلەيىن؟ سەۋرۇ قارارىم يوق مېنىڭ.

دىل سۆزۈم شۇلدۇر مېنىڭ: مەيلى ئىشەنمە، يا ئىشەن،
بايرىقىڭنىڭ ھۆسنىدەك پاك ساقلىدىم قەلبىمنى مەن،
مىلڭ قەسەم بىللاكى، زەررىچە گۇناھىم يوق مېنىڭ!

بۇ يالقۇنلۇق مىسرالاردىن بۇغراجاننىڭ پارتىيەگە، پارتىيە ئىشلىرىغا چەكسىز سادىق قىپقىزىل قەلبىنى، ياۋۇز «تۆت

كىشىلىك گۇرۇھ»قا ۋە ئۇلارنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىگە مۇرەسسەسىز جەڭ ئېلان قىلغان باتۇرلۇقىنى كۆرگەن جامائەت بۇغراجاننىڭ سۈرىتىگە چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن يېڭىنشلاپ - يېڭىنشلاپ تىكىلىشتى، كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش، يۈرىكىدىن ماۋۇ خىتاب ئۇرغۇپ چىقتى:

ئاھ، ھەسرەت!...... ئاھ، نادامەت!...... بۇغراجان، شۇ تاپتا نەدىسەن؟!

بۇغراجان پارتىيە قەلبىدە، خەلقنىڭ قەلبىدە ئىدى!



## ئىككىنچى قىسىم

# بەربات بولغان خام خىيال

# بىرىنچى باب

## سىرداش

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى. قوپال قارا بىرىزىنتتىن تىكىلگەن ئىش كىيىمى، پۇتىغا رىزىنكە ئۆتۈك كىيىپ، ئاغزىغا ماسكا، كۆزىگە كۆزئەينەك تاقىۋالغان بىر يىگىت پۇتۇن ئەزايى قوغۇشۇن تۇزۇندىسى، ھەر خىل باسما سىياھلىرى ۋە توپا - تۇمانغا مىلەنگەن ھالدا كىرەكتىن چىققان قوغۇشۇن بەتلەر ۋە ھەرپلەرنى گۈرجەك بىلەن كۈرەپ، يوغان داش قازانغا تاشلىماقتا. داشتىن كۆتۈرۈلگەن سىسىق پۇراق ۋە بۇس - بۇلغۇناق ماسكىسىدىن ئۆتۈپ، دىمىقىنى ئېچىشتۇرماقتا، كۆزلىرىدىن ياش ئالماقتا. ئۇ گۈرجەكنى قوغۇشۇن دۆۋىسىگە شۇنداق كۈچ بىلەن سالاتتىكى، بەزىدە گۈرجەكنىڭ سېپى قاراسلاپ كېتەتتى. ئۆي شۇنداق ئىسسىق ئىدىكى، تورۇسقا ئورنىتىلغان شامال تۈگمىنىنىڭ قانىتىدەك يوغان شامالدۇرغۇچنىڭ تىنىمسىز ئايلىنىشمۇ ھېچنېمىگە دال بولمايتتى......

قازان تولۇپ، ئۈستىگە يەنە يېرىم قازان كەلگۈدەك قوغۇشۇن دۆۋىلەندى. يىگىت قانائەتلەنگەن ھالدا گۈرجەكنى تامغا يۆلەپ، قازاننىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان گۈمبەز شەكىللىك بۇس شۈمۈرگۈچنىڭ ئىشىكىنى ياپتى - دە، تاشقىرىغا چىقىپ، ئوچاقتىكى ئوتنى چوخچىلاپ، ئۈستىگە نەچچە گۈرجەك كۆمۈر

تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋىغا تاختىلانغان قوغۇشۇنلارنى بېسىپ، ھەرپ قۇيۇش سېخى تەرەپكە كەتتى......

قازانغا ئورنىتىلغان گىرادۇسنىڭ سىماب تۈۋرۈكى «800» رەقىمىنى كۆرسەتتى. يىگىت يېڭى مەشغۇلىيەتنى باشلىۋەتتى: ئۇ ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات چىۋىقنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان قوغۇشۇن چەككىلىگۈچنى قازاندىكى سۇدەك ئېرىگەن قوغۇشۇنغا شۇنداق چۆكۈرگەنىدى، قوغۇشۇن پورۇقلاپ قايناپ، ئۇنىڭدىن گۈڭگۈرت، كالا يېغى ۋە دېۋىرقاينىڭ دىماقنى يارغۇدەك سېسىق پۇرىقى بىلەن بۇس - بۇلغۇناق تۈتۈن كۆتۈرۈلدى. ئەمدى ئۆي ئىچىنىڭ ھاۋاسى بايىقىدىن نەچچە ھەسسە بۇلغانغان بولۇپ، يا نەپەس ئالغىلى، يا كۆز ئاچقىلى بولمايتتى. يىگىت گويا بۇنى سەزمەيۋاتقاندەك، دەم قولىدىكى قوغۇشۇن چەككىلىگۈچنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىپ، قازاننىڭ ئاستىغىچە چۆكۈرەتتى، دەم بېشىنى كەينىگە بۇراپ، نەپەسنى راسلىۋالاتتى. قوغۇشۇننىڭ «بۇلدۇق - بۇلدۇق» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا بولسا، يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ، ئۆزىنى ھاردۇقى چىقىپ، يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى......

ئۇ شەۋكەت ئىدى.

شەۋكەتنىڭ زاۋۇتنىڭ ھەممە سېخ - ئىشخانىلىرىدىن يىراق، خىلۋەت بۇلۇڭغا سېلىنغان مۇشۇ ئىس - تۈتەك، مەينەتچىلىك بىلەن تولغان ئىشخانىدا ئىشلەۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولۇپ قالدى. قوغۇشۇن ئېرىگۈچە بوش قالغان ۋاقىتلىرىدا، تاختىلانغان قوغۇشۇنلارنى ھارۋىغا بېسىپ، ئۇنى ھەرپ قۇيۇش، ئىستېراتىپ[1] سېخلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچە ئارىلىقتا ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن

---

[1] ئىستېراتىپ — ئايرىم - ئايرىم قوغۇشۇن ھەرپلەر تىزىلغان كىتاب - ژۇرنال بەتلىرىنى قوغۇشۇن تاختا شەكلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى.

ئۇچراشقىنىنى، ئۇنى - بۇنى دېيىشكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خىزمەت ۋاقتىدا ئاساسەن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشمايتتى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ قىلچە زېرىكىش ھېس قىلمايتتى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق يالغۇز ئىشلەۋاتاتتى. شەۋكەت قازاندىكى قوغۇشۇننى ئۆلچەمگە لايىق چەككىلەپ، ئۇچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنى تاختىلاپ بولغاندا، چۈشلۈك تاماققا قوڭغۇراق چېلىندى. ئۇ تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئىشلەشكە باشلىدى: يوغان چۆمۈچكە لىق تولدۇرۇلغان ئون نەچچە كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى قوغۇشۇن سۇيۇقلۇقىنى قاتار تىزىلىپ ياتقان چويۇن قېلىپلارغا تۆكەتتى - دە، دەرھال قازان بېشىغا چېپىپ، چۆمۈچنى قوغۇشۇنغا پاتۇراتتى. ئاندىن چۆمۈچنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ، قېلىپنىڭ يېنىغا ئۇچاتتى. ئۇ يوغان قوغۇشۇننى قېلىپتىن چىقىرىپ، قېلىپنى يەنە يېڭى قوغۇشۇن سۇيۇقلۇقى بىلەن تولدۇراتتى.

قازان بېشىدىن قېلىپ تۈۋىگە، قېلىپ تۈۋىدىن قازان بېشىغا مۇشۇنداق چېپىشلار قانچە - قانچە قېتىم تەكرارلاندىكىنتاڭ، شەۋكەتنىڭ ھەر تال مويىدىن مىڭ تامچە تەر ئېقىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا قازانمۇ، قېلىپلارمۇ بوشاپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا كۆمۈش يامبۇلاردەك ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆز چاقنىتىدىغان قوغۇشۇن تاختا خامنى ھاسىل بولغانىدى. شەۋكەت بۇ «خامان»غا تىكىلگىنىچە، كۆزئەينىكىنى سول قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئوڭ بىلىكىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پېشانىسى ۋە كۆزىنىڭ چۆرىسىدىكى تەر مونچاقلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ يېقىملىق بىر كۈلۈمسىرىدى - دە، كۆزئەينىكىنى يېڭىباشتىن تاقاپ، قولىغا گۈرجەكنى ئالدى.

ئۇ ئەمدى چۈشتىن كېيىن چەككىلەيدىغان قوغۇشۇننى قازانغا قاچىلاپ قويۇشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك ئادىتى ئىدى.

— ھوي شەۋكەت، بۈگۈن قالتىس ئاكتىپقۇسەن! خەق

ئىشتىن چۆشكىلى نېكەم، سەن تېخى سۆرۈلۈپ يۈرۈپسىنا؟

بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان شەۋكەت ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلدى. ئىشىك تۈۋىدە بىر قولىدا چىنە، بىر قولىدا قوشۇق تۇتقان ئاباق تۇراتتى.

— كېلىڭ، ئاباقكا، — دېدى شەۋكەت سەل ئوڭايسىزلىنىپ، — مەن تاماق يەپ كىرگۈچە ئىسسىق ئۆتكەچ تۇرسۇن، دەپ قازانغا قوغۇشۇن تولدۇرۇپ قويۇۋاتىمەن.

— ئىشلە، ئۇكا، ئىشلە! مۇشۇنداق ئىشلەيدىغان بولساڭ، ئۇزۇنغا قالماي داداڭنىڭ ئىزىنى باسىسەن.

— مېنىڭمۇ ئىرادەم شۇ.

شەۋكەت بۇ سۆزنى تۇيمايلا ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى. ئىچىدە: «بەكمۇ چوڭ سۆزلىۋەتتىممۇ نېمە؟» دېۋالدى ۋە كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ، يۈزى ۋىللىدە قىزاردى. بەختىگە، يۈزىدە ماسكا بولغىنى ئۈچۈن، ئاباق بۇنى سەزمىدى.

— يارايسەن! — دېدى ئۇ شەۋكەتنى ماختاپ، — داداڭمۇ زاۋۇتقا يېڭى كىرگەن چاغلاردا سەندەك ئىشلەيتتى. سېنى ھەر قېتىم كۆرسەم، داداڭ يادىمغا كېلىدۇ. ھەي......

ئۇ جىم بولۇپ قالدى. شەۋكەت تېخىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ، قولىدىكى گۈرجەكنىڭ سېپىغا قارىۋالدى. ئۇ، يا ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى، يا ئۇنىڭ ماختاشلىرىغا نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەيتتى.

ئاباق ئاجايىپ كۆيۈمچان تەلەپپۇزدا سۆزنى داۋام قىلدى:

— ئەمما، شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلغىنكى، سالامەتلىكنى ئاسراشمۇ مۇھىم. سالامەت بولغاندا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، ئارزۇغا يەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقتى - قەرەلىدە تاماق يېمەي، ئاراممۇ ئالماي ئىشلەۋېرىدىغان بولساڭ، ئالتە كۈنىدە كاردىن چىقىپ كېتىسەن. ئۇ چاغدا......

— سىزچۇ؟ — شەۋكەت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — سىزمۇ ئىشلەشتە مەندىن قېلىشمايسىزغۇ؟

— سەن كىم، مەن كىم؟ ئىككىمىزنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن! مەن دېگەن «تۆت زىياندكاش»نىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن گۇناھكارمەن. تازا ئۇبدان ئىشلەپ، گۇناھىمنى يۇمسام بولامدۇ؟ — ئاباق غەلىتە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، شەۋكەتنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە سەپسېلىپ چىقتى. شەۋكەت ئوڭايسىزلانغىنىدىن ئېغىرلىقىنى ھېلى ئۇ پۇتىغا، ھېلى بۇ پۇتىغا يۆتكەيتتى، — ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ماڭا جان تىكىپ ئىشلەپ، گۇناھىمنى يۇيۇشتىن باشقا يول يوق. لېكىن، سەن ماڭا پەقەتلا ئوخشىمايسەن، ئۇكا! سەن دېگەن ئەركىن ئادەم، بەختلىك ئادەم!

دېمىسىمۇ، ئاباق خۇددى ئۆزى ئىقرار قىلغاندەك، راستىنلا گۇناھكار، راستىنلا بىتەلەي ئادەم ئىدى. چۈنكى شەۋكەت زاۋۇتقا كىرىشتىن سەل ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان «ئۈچىنى ئىنقىلاش» ھەرىكىتىدە ئاباقنىڭ ئامبار ھېسابى تەكشۈرۈلگەندە، نۇرغۇن قەغەزلەرنىڭ ئىزى چىقمىدى. رەھبەرلىك ئامبارنى ۋاقتىنچە ئاباقتىن ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاباقنى بولسا ئىچكىرىدە داۋالىنىشقا ئەۋەتىلگەن ۋەلىنىڭ ئورنىغا ۋالەك قۇيۇشقا قويدى. ئاباقنىڭ ئىلگىرىمۇ ۋالەك قۇيۇش تېخنىكىسىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئىدى، ئۇ بۇ ئىشنى بېرىلىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمۇ شەۋكەتنىڭ ئىشىغا ئوخشاشلا مەينەت بولۇپ، ئىشخانىسى شەۋكەتنىڭ ئىشخانىسى بىلەن ياندىش ئىدى. ئۇ شەۋكەتكە ئوخشاشلا يالغۇز ئىشلەيتتى. كۆپىنچە چۈشلۈك تامىقىنى ئىشخانىدا يەيتتى. ياز كىرگەندىن بۇيان، ئۇ چۈشلىرى ئىشخانا ئالدىدىكى ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ سايىسىگە پاختىلىق مىلەگرىنى سېلىپلا يانپاشلايدىغان بولدى. شەۋكەت نەچچە - نەچچە قېتىم ئۇنى

دوراپ، دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆتكۈزمەكچى بولدى. يۇ، كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ خىيالىدىن يالتايدى. بىركۈنى ئۇ ئاباقتىن:

— ئاباقكا، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ئۈچ سائەت بولغاندىكىن، ئۆيگە بېرىپ دەم ئالسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئاباق:

— نەدە ئارام ئالسام ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۆيگە بارغىنىم بىلەن، بەرىبىر دەككە - دۈككىچىلىكتە تۈزۈك ئارام ئالالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

شەۋكەت تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

— ھەي...... قىزىق گەپلىرىڭ بار - دە، ئۇكا! — دېدى مەنىلىك كۈلۈپ، — ئىلگىرىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكىمنىڭ دەردىنى ھازىرغىچە تارتىۋاتىمەن. ئەگەر يەنە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسام نېمە بولىدىغانلىقىمنى بىلمەيسەن - دە! ئويلاپ باقە، مەن ئۆيگە كەتسەم، ئوچاقتا ئوت، قازاندا ۋالەك قالىدۇ. ئەگەر تۇيۇقسىز ئوت ئۆلغىيىپ كېتىپ، قازاننىڭ سۈيى تۈگەپ كەتسە، ۋالەك نېمە بولىدۇ؟ ئەمدى يەنە گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قوشالمايمەن، ئۇكا!......

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى شەۋكەتكە قاتتىق تەسىر قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىق قوزغىدى. راست ئەمەسمۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» شەۋكەتنى دادىسىدىن ئايرىپ، ئائىلىسىنى خانىۋەيرانچىلىق كوچىسىغا تاشلىغان بولسا، ئاباقنى قەستەن خاتالاشتۇرۇپ، گۇناھكار قىلدى. ئەمدى ئەنە شۇ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلەۋاتامدۇ؟ ھەتتا يەنە گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئالتە قەدەم يەردىكى ئۆيىگىمۇ بارالمايۋاتامدۇ؟! ھەي ئىنقىلاب، ھەي ئىنقىلاب!......

سەندىن كىمگە خۇۋلۇق كەلدىكىن؟!......

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ شەۋكەتنىڭ قېشىغا پات - پات كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۈستىدە مۇڭدىشىدىغان بولدى. بەزىدە ئۆزىنىڭ بۇغراجان بىلەن بولغان بۇرادەرچىلىكىنى تىلغا ئېلىپ، شەۋكەتنىڭ ئوتلىرىنى يېڭىلايتتى. ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى سۆزلەپ ياش تۆكۈپ، شەۋكەتنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى. بۇگۇنمۇ شۇ مەقسەت بىلەن كىرگەن بولسا كېرەك.

شەۋكەت ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— ئۇنداق دېمەڭ، ئاباقكا، سىزمۇ ئەركىنغۇ، قەغەز ئامبىرىنىڭ ھساباتى بىر تەرەپ بولسا، سىزمۇ ئۆز ئورنىڭىزنى تاپىسىز.

— بولدى، ئۇنداق ئىشنى ئەمدى ئۆلسەممۇ قىلمايمەن! يائاللا، ئون كۈندە بىر ۋاق ناشتا قىلسامىمۇ، ئامبارغا ئىككىنچى يولىماسمىنا!

......

ئىككىيلەن ئاشۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن سۆزلەشتى. ئىشقا چۈشۈشكە ئازلا ۋاقىت قالغانىدى. سائىتىگە قارىغان ئاباق شەۋكەتنى ئالدىراتتى:

— بول، ئىتتىك بېرىپ تامىقىڭنى يېۋال.

شەۋكەت بىر قازانغا، بىر قوغۇشۇن دۈۋىسىگە قاراپ قويىدى-دە، كۆڭلى قىيمىغان ھالدا گۈرجەكنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، پەلەي، ماسكىلىرىنى ئېلىشقا باشلىدى......

× × ×

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. شەۋكەت لىقمۇلىق بىر قازان قوغۇشۇننى چەككىلەپ، غەلدى - غەشلىرىنى پاكىز سۈزۈپ

بولـدى. ئەمـدى چويـۇن قىلىپلارغـا قويـۇپ، تاختىلـىشى كىـرەك ئىـدى. ئـۇ سۈزگۈچنى تامغـا يۆلەپ قويـۇپ، قىلىپلارنـى جاي - جايىغـا رەتلـىـك تىزىـپ، قولىغـا چۆمـۈچنى ئالـدى. چۆمـۈچنى قازاندىكى قوغۇشۇنغا شۇنداق پاتۇرۇشىغا، «گۇمباڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، قازاندىن بىر چۆمۈچ كەلگۈدەك قوغۇشـۇن سـۇيۇقلۇقى ئېتىلىـپ چىقىـپ، شـەۋكەتنىڭ ئۇستىبېـشىغا ۋە ئــشخانىنىڭ تاملىرىغا چاچرىدى. شەۋكەت هودۇققىنىـدىن، ئالـدىراش كەيـنىگە داجىغانىدى، قوغۇشۇن دۆۋىسىگە پۇتلىـشىپ، پالاقىـدە يىقىلـىپ چۈشـتى. كاسىسى ۋە بـېلىگە قوغۇشـۇن بەتلەرنـىڭ نەشـتەردەك سـانجىلغىنىغۇ بىـر گەپ، جەينىكـى سـېمونتقا شـۇنداق قـاتتىق تەگـدىكى، جـان ئاچچىقـىدا ۋارقىرىـۋەتكىلى تـاس قالـدى. ئـۇ چىـشىنى چىـشىغا بىـسىپ، ئورنىـدىن تۇرۇشـقا تەمـشىلىۋاتقىنىدا، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا ئاباق پەيدا بولۇپ قالدى.

ــ يائالـلا، نـېمە بـالا بولـدىكىن دەپـتىمەن! ــ دېـدى ئـۇ شـەۋكەتنى يۆلەۋېتىـپ، ــ قوغۇشـۇن پـارتلاپ كەتتىمـا؟ قـارا بـۇ ئىـشنى! بەختىـڭ بـار ئىـكەن، خـۇدايىم ساقلاپتۇ. هېلىمۇ ماسـكا بىـلەن كـۆزئەينەكنى تاقىۋاپتىكەنـسەن، بولمىـسا كـۆزۈڭنى قـارىغۇ قىلىپ تاشلايدىكەن بۇ كاساپەت! ۋاي - ۋۇي، ماۋۇ چـاچلىرىڭنى! مەرزەڭگە ئاسقاندەك بولـۇپ كېتىپتـۇ. بىـر يېرىـڭ قـاتتىق ئاغرىـپ كەتمىگەندۇ؟

شـەۋكەت ئاباقنىـڭ يـاردىمى بىـلەن ئورنىـدىن تۇرۇۋالـدى. چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن، جەينىكى بىلەن بىلىنىڭ قـاتتىق ئاغرىـپ كەتكەنلىكىـدىنمۇ يـاكى ئىـشخانىنىڭ هەددىـدىن زىيـادە ئىسسىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلـىق تەرگە چۆمگەنىدى. يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلـدەيتتى. ئـۇ ئاباقنىـڭ سـوئالىغا جاۋاب بېرىش ئورنىغـا، كۆزىنىـڭ قۇيرۇقـىدا قازانـدىكى قوغۇشـۇن ئېرىتمىسىگە قاراپ قويدى: قازاننىـڭ ئـۇ يەر - بـۇ يېـرى ئەمـدىلا

قايناشقا باشلىغان سۇدەك، بىلىنەر ـ بىلىنمەس چىمىلداۋاتاتتى. ئوچاق بېشى بولسا كۆمۈشتىن ھەل بېرىلگەندەك پارقىرايتتى.

شەۋكەت جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، ئاباق سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھەي ئۇكا، ھەي ئۇكا...... شۇنداقمۇ بىخەستەلىك قىلامسەن! بىر يېرىڭنى ئەيىبناق قىلىۋالغان بولساڭ، ئاناڭ بىچارە نېمە كۆنلەرنى كۆرەر ئىدى؟ ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ بىچارىنىڭ خۇدايىمنىڭ ئالدىدا قىلغان ـ ئەتكىنى بار ئىكەن، خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، خۇدايىم ساقلاپتۇ!...... نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ ماسكاڭ بىلەن كۆزئەينىكىڭنى ئال! بىر يېرىڭنى كۆيدۈرۈۋالمىغان بولساڭلا مەيلىغۇ. توختا، مەن يېشىپ قوياي، ئاپلا!...... ماۋۇ قولۇمنىڭ مەينەتلىكىنى كۆرمەمسەن، بەئەينى بوياقچىنىڭ قولى! ئۆزۈڭ ئال، ئۆزۈڭ ئال، ئۇكا! نېمە بولۇپ بۇ ئىشنى تاپتىڭ؟

— چۆمۈچ سۇ يۇقى ئىكەن، قاچان يۇققان سۇ ئىدىكىن، شۇنداق قازانغا تىقىشىمغا......

— مانا، مانا، بىخەستەلىك! شۇنداق بىخەستەلىك قىلغان بارمۇ؟! كۆزۈڭ نەگە كەتكەنىدى؟ ھەرقانچە بولسىمۇ، قاراپ تۇرۇپ سۇ يۇقى چۆمۈچنى قازانغا تىقامدىغان! يائاللا، بەختىڭ بار ئىكەن، ئۇكا!

— مەنغۇ چۆمۈچنى سۇغا يولاتمىغان......

شەۋكەت پەلىينى سېلىۋېتىپ، ھەيران بولغان ھالدا غودۇڭشىغىلى تۇرۇۋىدى، ئاباق ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى:

— بىخەستەلىك، ئۇكا، بىخەستەلىك! قوغۇشۇن ئېرىتىش ئەسلىدە سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ ئەمەس ئىدى. ھەي، بۇ خەقنى...... قاراپ تۇرۇپ سەندەك ئەمگەن سۈتى ئاغزىدىن تېمىپ تۇرىدىغان باچكىنى مۇشۇ ئىشقا قويۇشقىنىنى! بولە، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ماسكاڭ بىلەن كۆزئەينىكىڭنى ئال دەۋاتىمەن!

شەۋكەت ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىدى. ئۇنىڭ ھېچبىرى زەخىملەنمىگەنىدى. ئەمما، پېشانىسىگە چوشۇپ تۇرغان قاپقارا، قويۇق چاچلىرى جىگدە يېلىمىدا پات بەرگەنىدەك بىر - بىرىگە يېپىشىپ كەتكەن بولۇپ، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە بېشىغا كۆمۈش بىلەن بېزەلگەن كۇلتا① كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. چوققا، گەدەن چاچلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە مونەك - مونەك قوغۇشۇن مونچاقلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ چېكە چاچلىرىغا يېپىشقان قوغۇشۇنلارنى ئاجرىتىشقا باشلىدى. ھەرقانچە ئاۋايلىغىنى بىلەنمۇ، چاچلىرى بەرىبىر ۋاس - ۋۇس قىلىپ يۇلۇناتتى. ئاباق ناھايىتى كۆيۈنگەن قىياپەتتە، ئاغزى بىسلماي ئۇنىڭغا تەنە قىلاتتى.

ئاباق زادى قانچىلىك سۆزلىدى، نېمىلەرنى سۆزلىدى، قايسىلىرى شەۋكەتنىڭ قۇلىقىغا كىردى، قايسىلىرى كىرمىدى، بۇ ئېنىق ئەمەس. ئىشقىلىپ، شەۋكەت باش - كۆزىنى قوغۇشۇندىن ئادالاپ بولدى. ئۇ شۇنداق بۇرۇلۇپ قازانغا قارىغانىدى، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. قوغۇشۇننىڭ يۈزى قايماق تۇتقان سۈتتەك قېلىن پەردە بىلەن قاپلانغانىدى.

— ئاپلا! — دېۋەتتى ئۇ ئالدىراش قازان بېشىغا كېلىپ ئەنسىز ئاۋازدا، — قوغۇشۇن سوۋۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ! ئىشتىن چوشۇشكە ئاز قالغاندا......

— ماۋۇ ئەقلىمنى كۆرمەمدىغان! — ئاباق ئالاقزەدىلىك بىلەن ئەتراپقا قاراپ قويدى، — گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسما! قازان قۇرۇپ كەتكەندىمۇ - يا ئوت ئۆچكەندىمۇ؟

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، شاپاشلاپ تاشقىرىغا چاپتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان شەۋكەت ئۇنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزاتتى.

---

① كۇلتا — تاجىك ئاياللىرىنىڭ باش كىيىمى.

# ئىككىنچى باب

## سىرلىق ئىلتىماس

زاۋۇت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ جاراھەتلىرىنى ساقايتىشتا ناھايىتى زور قەدەم تاشلىماقتا. ئالدىنقى يىرىم يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتتى.

رامىزان ئاكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەشكىللەنگەن تېخنىكا يېڭىلاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىش ئورنى — رېمونت سېخى بوگۇن ھەرقانداق چاغدىكىدىن جانلىنىپ كەتكەنىدى: رەندىلەش ئىستانوكىنىڭ غارتىلدىشى، قىرىش ئىستانوكىنىڭ چىرىلدىشى، موتورلارنىڭ ۋىژىلدىشى قوشۇلۇپ شۇنداق بىر ئومۇمىي خور ھاسىل قىلغانىدىكى، سىرتتىن تاسادىپىي كىرىپ قالغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە بىرئاز توختاپ، بۇ ئاۋازلارغا ھەۋەس بىلەن قۇلاق سالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنە، تېخنىكا يېڭىلاش گۇرۇپپىسىنىڭ بەش ئەزاسى سېخنىڭ بۇرجىكىگە قويۇلغان، سىرى ئۆچۈپ كەتكەن شىرەنى چۆرىدىشىپ، يېرىم ئاۋاق باسما ماشىنىسىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە جىددىي تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، رامىزان ئاكا بىلەن پېشقەدەم باسما ئىشچىسى لاۋتۇ تەرىپىدىن سىزىپ چىقىلغان چېرتيوژنىڭ ھەربىر سىزىق، ھەربىر شەرتلىك بەلگىسىگە قارىتا ئۆز پىكىرلىرىنى

ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. ئۇلار گويا گاس ـ گاچىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك يوقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىپلا قالماي، ئۆز گېپىنى باشقىلارنىڭ ئۇقالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئىما ـ ئىشارەت قىلاتتى.

رامىزان ئاكا قەغەز سومۇرگۈچ ناسوسنىڭ سومۇرۇش كۈچى ۋە بېكىتىلىدىغان ئورۇن ئۇستىدە ئۆز مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقاندا، كىمدۇر بىرى قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ قۇلىقىغا:

ــ چاگجاڭ، سىزنى يەن شۇجى چاقىرىۋاتىدۇ، ــ دېگەنىدى، رامىزان ئاكا گېپىنى توختىتىپ، بېشىنى كەينىگە قىيا بۇرىدى. كۆزلىرى مۇھەممەتئىمىننىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

ــ لاۋيەنىنىڭ مېنى نېمىشقا چاقىرتقانلىقىنى ئۇقمىدىڭىزمۇ؟

ــ بەك زۆرۈر ئىش بولمىسا، يەن شۇجىنىڭ ئادەم ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ!

مۇھەممەتئىمىن بىر كۆزىنى قىسىپ، مەنىلىك كۈلۈمسىرىدى. رامىزان ئاكا ئورنىدىن تۇردى.

ــ سىلەر مۇزاكىرىلىشىۋېرىڭلار، ــ دېدى لاۋتوغا قاراپ، ــ مەن ھازىرلا قايتىپ كىرىمەن.

ئۇ ئالدىراش ئىشىكتىن چىقتى......

ئۇلار پارتكوم ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە، يەن شۇجى ناھايىتى پەرىشان قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سورۇنغىنا ئۇچراشتى.

ــ كېلىڭ، ــ دېدى يەن شۇجى ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ، ــ ئولتۇرۇڭ.

رامىزان چاگجاڭ ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، جەينەكلىرىنى شىرەگە تىرىدى. شۇ چاغدا، قوللىرىنىڭ ھەر خىل

باسما سىياھلىرى، ئاپتول ۋە كىرسىن بىلەن بۇلغانغانلىقىنى سېزىپ، بىرئاز ئوڭايسىزلاندى، ھەتتا: «نېمىشقىمۇ تازىلىۋەتمەي كىرگەندىمەن؟ خۇددى لاۋيەنگە ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقىنىمنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك......» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ قاتتىق ئوڭۇندى. بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا، ئۆلۈككە ياسىن ئوقۇغاندەك ئىش قىلغىنى نېمىسى ئۇنىڭ! يەن شۇجى ئۇنى چۈشەنمەيدىغان كىشى بولسىغۇ كاشكى!

رامىزان ئاكا ئەمدى ئۆزىنى بىرئاز ئەركىنرەك قويۇۋەتتى: ئىككى قولىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، يەن شۇجىغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى. مۇھەممەتئىمىن دىۋانغا ئەپچىل جايلىشىۋېلىپ، بەخىرامان ئولتۇراتتى.

— كۆردىڭىزمۇ ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى، — يەن شۇجى خورسىنىپ سۆزلەيتتى، — شەۋكەت ئىش تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ!

— نېمە؟! شەۋكەت......

رامىزان ئاكا گېلىنى بىركىم بوغۇۋالغاندەك، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى، ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنىنىمۇ سەزمىدى.

— ئولتۇرۇڭ، يولداش رامىزان، — يەن شۇجىنىڭ ئاۋازى پەتۇپ قالغاندەك، خېلى ئۇنىلۈك گەپ قىلىشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئاۋازى بوغۇزىدىن تاشقىرىغا چىقمايتتى، — بۇ بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى. مانا بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ.

رامىزان ئاكا يەن شۇجى ئۇزاتقان بىر ۋاراق قەغەزنىڭ بۇرجىكىدىن ئاۋايلاپ تۇتتى - دە، ئالدىراش كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. بىراق، خەتنىڭ يېرىمىنىمۇ ئوقۇپ بولماستىن، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— بۇ...... بۇ...... — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، ھاياجاندىن پۈتۈن ئەزايى تىترەيتتى، — بۇ قانداق بولغىنى؟!...... مەن...... مەن...... ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدىم، ھېچ نەرسىنى......

ئۇ جىم بولۇپ قالدى. كۆزلىرى قەغەز ئۈستىدە يېڭىباشتىن يۈگۈرۈشكە باشلىدى. قولىنىڭ ئۈچىدىلا قىڭغىر - قىيسىق يېزىلغان بۇ خەتتە «ياشلىق»، «ئىستىقبال» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر سەككىز ئون جايدا تەكرارلانغاندى. يىغىنچاقلىغاندا: «ياشلىق باھارىمنى قوغۇشۇن ئېرىتىشتىن ئىبارەت مۇنداق ئىستىقبالى يوق ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى خالىمايمەن......» دېگەن مەزمۇن چىقىپ تۇراتتى.

رامىزان ئاكا ئېغىر نەپەس ئېلىپ، قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ يەن شۇجىغا بىرپەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— بۇنى قاچان يېزىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈن يازغان ئوخشايدۇ.

— مېنىڭچە بۈگۈن يازمىغان بولسا كېرەك، — مۇھەممەتئىمىن گەپكە ئارىلاشتى. ئۇ تەمكىن، ئېغىر - بېسىق قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، ۋەزمىن سۆزلەيتتى، — مەن بۇنىڭدىن بىر سائەتچە ئىلگىرى سېخلارنى ئارىلاپ، قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيى تەرەپكە ئۆتكەنىدىم، بوسۇغىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان شەۋكەتكە كۆزۈم چۈشۈپ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، روھىنى كۆتۈرۈپ قويغۇم كەلدى. قېشىغا يېقىنلاپ بېرىپ: «يىگىت، ئولتۇرۇشۇڭ قالتىسقۇ! ئىشكىنى ئۆرۈۋەتمىگىن يەنە!» دېيىشىمگە، ئۇ بىردىن ئاچچىقلىنىپ: «ھە، ئولتۇردۇم. ئولتۇرسام نېمە بوپتۇ؟!» دەپ گۈركىرىدى. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئەلپازى بۇزۇق، كۆڭلى پەرىشان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئورۇنسىز چاقچاق قىلغىنىم ئۈچۈن ئىچىمدە ئۆزۈمگە كايىدىم. كېيىن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن

گەپ تېشىپ، ئېمىگە شۇنچە خاپا بولۇپ كەتكەنلىكىنى سورىدىم. «ئىشلىمەيمەن! — دېدى ئۇ ماڭا ئالىيىپ، — مۇنداق ئادەمنى قىيناپ ئۆلتۈرىدىغان ئىشنى ھەرگىزمۇ ئىشلىمەيمەن! ھىم...... ئەتىگىنى ھەممە خەقتىن بىر سائەت بۇرۇن كىرىپ ئوچاققا ئوت ياق، كەچقۇرۇن بىر سائەت كېيىن چىق، ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئىس - تۈتۈن، مەينەتچىلىك ئىچىدە تەرلەپ - تەپچىرەپ ئىشلە، كۆنلۈك ئىش ھەققىڭ بىر مەدىكارنىڭكىچىلىك بولمىسا...... بولدى، مۇشۇنداق ئىشنى قىلغۇچە، سىرتقا چىقىپ مەدىكار ئىشلەيمەن!» ئۇ چېچىلىۋەردى، مەن قولۇمدىن كېلىشىچە تەسەللى بەردىم. ئەمما گېپىمنى ئىككى پۇلغىمۇ ئالمىدى. ئاخىر يانچۇقىدىن مۇشۇ قەغەزنى چىقىرىپ، شاققىدە قولۇمغا تۇتقۇزدى-دە، ئالدى - كەينىگە قارىماستىن كېتىپ قالدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ ئىلتىماسىنى خېلى بۇرۇنلا يېزىپ تەييارلاپ قويغاندەك قىلىدۇ.

مۇھەممەتئىمىن گېپىنى تۈگىتىپ، دىۋانغا قاڭقايدى. رامىزان ئاكا سوزۇپ بىر «ئۇھ» تارتىپ، يەن شۇجىغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى. ئارقىدىن يەنە مۇھەممەتئىمىنگە بۇرۇلۇپ:

— بۇ ئىشتىن ھەرپ قۇيۇش سېخىدىكىلەرنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خەۋىرى يوق، — رامىزان ئاكا يەنە نېمىلەرنىدۇر سوراشقا ئاغزىنى ئۆمەللىگەنىدى، مۇھەممەتئىمىن ئالدىراش چۈشەندۈردى، — شەۋكەت تېخى يېقىندىلا يېرىم يىللىق خىزمەت ئىلغارى بولۇپ سايلاندى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بۇ قاملاشمىغان ئىشنى ئىشچىلار ئۇقۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھېچكىمگە تىنمىدىم. ئۇقتۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۆچىمىز مۇزاكىرىلىشىپ بىر ئىش قىلىمدۇق.

— ئۇبدان قىپسىز...... — رامىزان ئاكىنىڭ يۈرىكى بىرئاز

قىنىغا چۈشكەندەك بولۇپ، چىرايى سەل ئېچىلدى. ئۇ يەن شۇجىغا بۇرۇلۇپ سورىدى، — لاۋيەن، سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

— مەن تېخى بىرەر پىكىرگە كەلگىنىم يوق. ئۇچىمىز مەسلىھەتلىشىپ كۆرسەك، بەلكى ياخشىراق بىر چارە تاپقىلى بولار.

ئارىغا چوڭقۇر جىملىق چۈشتى. مۇھەممەتئىمىن پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىگە قاڭشايغىنىچە ھە دەپ تاماكا چېكەتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاغزىدىن دۈپدۈگىلەك چەمبەر شەكلىدە ئىس چىقىرىپ، ئۇنى تورۇسقا پۈۋلەيتتى. ئىس چەمبىرىكى بارغانسېرى يوغىناپ، بىرىنى - بىرى قوغلاپ، ئاستا - ئاستا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلەتتى. كېيىن بىرئاز پەسلەپ، ئوچۇق دېرىزىگە قاراپ ئاقاتتى. يەن شۇجى گويا نېمە قىلارىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك، بىر رامىزان ئاكىغا، بىر مۇھەممەتئىمىنگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن قويۇق ئاق ئارىلىغان شالاڭ چاچلىرىنى تارايتتى. رامىزان ئاكا بولسا ھەدەپ قوللىرىنى ئىشقىلاپ، شىرە ئۈستىگە چۈشكەن تۈگۈچ - تۈگۈچ كىرلەرنى ئاستا پۈۋلەپ يەرگە چۈشۈرۈۋېتەتتى. ئىچى تىت - تىت بولغىنىدىن، بىردەم ئاستىنقى كالپۇكلىرىنى چىشلىسە، بىردەم چىشلىرىنى يەڭگىل غۇچۇرلىتاتتى......

بىر چېۋىن ئۆزىنى دېرىزىگە تارتىلغان سىم تورغا ئۇرۇپ ھە دەپ گىژىلداپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىققىلى تۇردى. يەن شۇجى تامغا ئېسىلغان پالاقنى قولىغا ئېلىپ، «ۋاققىدە» بىرنى سالغانىدى، چېۋىن دەرھال ئۇچۇقتى. رامىزان ئاكىمۇ ئېسىنى يىغدى.

— مېنىڭچە مۇنداق قىلساق؟ — دېدى ئۇ ئۇيلىرىنى خۇلاسىلەپ، — شەۋكەتنى ئارتۇقچە قىيناۋەرمەي، ئۇنى باشقا بىرى بىلەن ئالماشتۇرساق.

— ئالماشتۇرساق؟ — يەن شۇجى ئېتىراز بىلدۈردى، — ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن......

— مېنىڭچىمۇ......

مۇھەممەتئىمىن دەرھال يەن شۇجىنىڭ تەرىپىنى ئالدى. يالغۇز قالغان رامىزان ئاكىنىڭ بىردىن سەپرايى ئۆرلەپ، ئۆز پىكرىدە تېخىمۇ چىڭ تۇردى.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى ئۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بولىدۇ، پۈتۈنلەي بولىدۇ! مەن چوقۇم مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا مۆلچەرلىگەن ھەم بۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما سىز......

*دېگەندەك، شەۋكەتنى قايسى سېخقا، نېمە ئىشقا تەقسىملەش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان چاغدا، رامىزان ئاكا ئۆز مۇددىئاسىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى.*

*— يولداش بۇغراجان زاۋۇتىمىزنىڭ تۆۋرۈكى ئىدى، — دېگەنىدى ئۇ بۇغراجاننى ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىپ، — شەۋكەت ئۇنىڭ تۇنجى ئىزباسارى. ئەگەر بىز بۇغراجاننىڭ روھىنى خۇش قىلىمىز، دەيدىغان بولساق، شەۋكەتنى چوقۇم بۇغراجاننىڭ ئورنىدا كۆرۈشىمىز كېرەك.*

*— توغرا، شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك، — دېيىشتى كۆپچىلىك ئۇنى قۇۋۋەتلەپ.*

*— ئۇنداق بولسا، — رامىزان ئاكا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — شەۋكەتنى ھەرپ تىزىش سېخىغا تەقسىملەپ، دادىسىنىڭ قولى تەگكەن كاسسا، تىزغۇچ، پىنسېت...... لەرنى ئۇنىڭغا بېرەيلى، قانداق؟*

*— بولىدۇ.*

*— شۇنداق قىلايلى.*

نەچچەيلەن تەگلا ئاۋاز قوشتى. قارىماققا، مەسىلە ھەل بولغاندەك ئىدى. بىراق، يەن شۇجى كۆتمىگەن يەردىن چىقىپ، بۇ پىكىرلەرنى رەت قىلدى:

— ئۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئويچان كۆزلىرىنى ھەممەيلەنگە بىر - بىرلەپ تىكىپ، — بىراق، شەۋكەتنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتى قىسقا، ھەرپ تىزىش خېلى يۇقىرى بىلىم - سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر ھەرپ تىزىش سېخىنىڭ ئادەم كۈچى يېتەرلىك، ھەرپ قۇيۇش سېخىدا ئادەم كەم، شۇڭا ئۇنى ھەرپ قۇيۇش سېخىغا تەقسىملەپ، ۋاقتىنچە قوغۇشۇن ئېرىتىشكە قويساق......

رامىزان ئاكا ئۇنىڭ سۆزىنى كەسكىن رەت قىلدى، ھەتتا ئۆزىنى باسالماي:

— بۇ قاراپ تۇرۇپ گۆھەرنى تاشقا ئۇرغانلىق! — دېۋەتتى.

يەن شۇجىنىڭ چىرايى «لاپپىدە» بىر ئۆگدى - يۇ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ئۇ، — شەۋكەت ھەقىقەتەن گۆھەردەك بالا. خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭ تۈزۈك ئادەم بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەن. ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلىدى. بىراق، ھازىر ئۇ ئۆزىگە قىلچە تونۇشلۇقى بولمىغان بىر يېڭى دۇنيا ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۆھەر قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قاتتىق قولراق بولغىنىمىز ياخشى. بۇ ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، سىياسىي - ئىدىيەۋى جەھەتتىن تەربىيەلەش؛ يەنە بىرى، جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇش. مەن بۇ قاراشلىرىمنى شەۋكەت بىلەن ئورتاقلاشقان......

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق، — دېدى

*رامىزان ئاكا ئېغىر نەپەس ئېلىپ، ــ مەيلى، چېنىققۇسى كەلگەن بولسا، چېنىقىپ باقسۇن.*

*ــ توغرا، چېنىقسۇن.*

*ــ يەن شۈجى، قالتىس ئادەم جۇمۇ سىز! ــ مۇھەممەتئىمىن چاقچاق قىلدى، ــ ھەممە ئىشنى ئۆزىڭىز پىشۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن بىزنى مەسلىھەتكە چاقىرىپتىكەنسىز ـ دە! بولدۇ، شەۋكەت ئىشنى قوغۇشۇن ئېرىتىشتىن باشلىسۇن!*

......

دېگەندەك، شەۋكەت ئىشقا كىرىشىش بىلەنلا گۆھەردەك كۆزگە تاشلىنىپ، پولاتتەك چېنىقىشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭدىن يەن شۈجىمۇ، رامىزان ئاكىمۇ، ئابدەممۇ، قىسقىسى، پۈتۈن زاۋۇت خۇشال ئىدى. ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار ئۈستىدە گەپ ئېچىلسىلا، شەۋكەتنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنماي قالمايتتى. مانا ئەمدى كۆز تەگكەندەك ئىش بولۇۋاتقىنىنى كۆرمەمسىز!

نېمىلا بولمىسۇن، رامىزان ئاكا شەۋكەتتە يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىي ئۆزگىرىشتىن ھەم ھەيران ئىدى، ھەم شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر، بەلكى ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىشتەك ھېس قىلاتتى. ئۇ مۇنداق ئويلايتتى: «بىز باشتىلا ئىشنى خاتا قىلغان. ئون گۈلدىن بىرى ئېچىلمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇنچە ئازاب چەككەن بالىنى ‹چېنىقسۇن› دېگەن گەپ بىلەن، ئادەتتە ھېچكىممۇ ياراتمايدىغان، زاۋۇت بويىچە ھەممىدىن ئېغىر، ھەممىدىن جاپالىق بىر ئىشقا تىقىپ قويدۇق. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ بالا شۇنچە ۋاقىت بەرداشلىق بەردى. ئۇنىڭ يا ماڭا، يا لاۋيەنگە بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماسلىقى، ئېھتىمال ئىلگىرى بىزگە بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئەسلەپ، خىجالەت بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇمۇ ياخشى. ئالدىمىزدا بۇقىدەك تۈگۈلۈپ، بىزىرىپ تۇرۇۋالسا نېمە

قىلغىلى بولاتتى؟! لاۋيەن بۇنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى......»

— لاۋيەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەينى ۋاقىتتا شەۋكەتكە بەكمۇ قاتتىق قوللۇق قىلدۇق، نەتىجىدە ئۇ بالا بۇنى كۆتۈرەلمەي، مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مېنىڭچە قاتتىق قوللۇقمۇ ھېسابىدا بولغىنى ياخشى. قاراپ تۇرۇپ ئۇنى خاراب قىلمايلى......

يەن شۈجى قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

«قاراپ تۇرۇپ ئۇنى خاراب قىلمايلى!»

بۇ سۆز ئۇنىڭ يۈرىكىنى چاياندەك چاقماقتا ئىدى. ئۇ راستتىنلا شەۋكەتنى خاراب قىلماقچىمۇ؟ پاكىت كېرەك - دە، پاكىت! ئەگەر ئۇنى «ئېغىر ئىشقا قويغانلىق خاراب قىلغانلىق» دېيىلىدىغان بولسا، قايسى ئىشچىنىڭ ئىشى يېنىك؟ قايسى ئىشچىنىڭ ئىشى پاكىز؟ دۇرۇس، ھەرقايسى سېخلاردىكى ئىشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئېغىر - يېنىكلىك پەرقىمۇ بار. ھەممىسى ئادەمدىن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. ئىش تەقسىماتىمۇ مۇشۇ ئاساستا بولغان. بۇ نەرسە رامىزان ئاكىغا ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنىشلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەۋكەتنى ھېچكىممۇ قوغۇشۇن ئېرىتىش ئىشىغا مەڭگۈ قويماقچى ئەمەس، لېكىن......

مۇشۇ «لېكىن» يەن شۈجىنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا، بىرەر ئايدىن بۇيان، ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇنداق سوئاللار پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى:

«شەۋكەت نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيگە كىرمەس بولۇۋالدى؟»

«مەن گەپ سورىسام، شەۋكەت نېمە ئۈچۈن دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرىدۇ؟»

«نېمىشقا دائىم ئۆزىنى مەندىن چەتكە ئېلىپ يۈرىدۇ؟»

«......؟»

بۇ سوئاللارغا ئاخىر بۇگۈن جاۋاب تېپىلغاندەك بولدى: «شەۋكەتنىڭ باشقا سىخقا يۆتكىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى ماڭا ياكى رامىزان چاڭجاڭغا تەگلىمەي، مۇھەممەتئىمىنگە تاپشۇرغىنىدىن قارىغاندا، مەندىن ئاغرىنغان، يا بولمىسا تارتىنغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. دېمىسىمۇ، يېقىندىن بۇيان مەن ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن هال - مۇڭ بولالمىدىم. بەلكى، شۇنىڭ ئۈچۈن رەنجىپ قالغاندۇ؟ هە-ي...... كىچىك بالا - دە، كىچىك!»

مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن يەن شۇجى چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ، ئويچان كۆزلىرىنى رامىزان ئاكىغا تىكتى. رامىزان ئاكا بىر يېرى قاتتىق ئاغرىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، هە دەپ ئالىقانلىرىنى ئىشقىلايتتى، كۆزلىرى شىرە ئۈستىدىكى كولدانغا تىكىلگەنىدى.

— بىرەر ئىشچىنىڭ مەلۇم شەخسىي تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ تەشكىلگە ئىلتىماس يېزىشى، مېنىڭچە هەرگىزمۇ هەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، — يەن شۇجى گېلىنى بىركىم بوغۇۋالغاندەك تۇرۇقۇپ - تۇرۇقۇپ سۆزلەيتتى، ئۈچلۇق بۇغدىيىكى بىر يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىر تۆۋەن چۈشەتتى، — ئەمما، شەۋكەتنىڭ يازغىنى قانداقتۇر ئىلتىماس ئەمەس، بەلكى تەشكىلگە ئىشلىتىلگەن بېسىمغۇ؟! ئىش تاشلاپ چىقىپ كەتكەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇمۇ چېكىدىن ئاشقان ئىنتىزامسىزلىق...... ئېهتىمال، بۇلار ئۇنىڭ باللىق خۇيى، شۇنداقلا تەجرىبىسىزلىكىدىن بولغان ئىشلاردۇ...... مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدىيەۋى يىلتىزنى قازماي تۇرۇپ، ئۇنى قەيەرگە قويۇش مەسىلىسىنى ئويلاشساق تازا ياخشى بولماسمىكىن؟

— توغرا، يەن شۇجى توغرا ئېيتتى. مەن يەن شۇجىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن.

مۇھەممەتئىمىن يەن شۇجىنىڭ پىكرىنى قوللىدى، رامىزان ئاكا چوڭقۇر بىر «ئۇھ» تارتىۋېلىپ، ئۈندىمەستىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

بۇ ئۇنىڭ نائىلاج ماقۇللۇق بىلدۈرگىنى ئىدى.

......

ئىشتىن چۈشكەندە، مۇھەممەتئىمىن يەن رۇي بىلەن كېتىۋېتىپ:

— يەن شۇجى، — دېدى پەس ئاۋازدا، — شەۋكەتنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى رامىزان چاڭجاڭ قوللىدىمىكىن دەيمەن.

— نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەۋاتىسىز؟

— ئىشچىلار ئارىسىدا مۇشۇنداق گەپ - سۆزلەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

— مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەن يولداشلارغا ئوبدانراق خىزمەت ئىشلەڭ. ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ يۈرۈشمىسۇن. تەسىرى ياخشى بولمايدۇ......

مۇھەممەتئىمىن شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەردى.

يەن شۇجىنىڭ كۆڭلى بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى......

# ئۈچىنچى باب

## رامىزان ــ قاتىل!

يۇلتۇزلۇق كېچە. تۈن ھەسسىدىن ئۆتكەن. ئابىدەم تېخىچە كىرپىك قاقمىغانىدى.

ماشىنا موتورىنىڭ يەڭگىل گۈركىرىشىگە ئۇلىشىپلا ئىشىكنىڭ ئاستا چېكىلىشى مەۋھۇم خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئابىدەمنى ئېسىگە كەلتۈردى.

ــ كىم؟ ــ دېدى ئۇ بىر خىل ئۈمىدلىك تۇيغۇ ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

ــ مەن، ئابىدەم، مەن رەھمەتجان، ئىشىكنى ئېچىڭ.

«رەھمەتجان يېرىم كېچىدە بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەندۇ؟» ئانىنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى قانداقتۇر بىر پېشكەللىك پۇرىقىنى سېزىپ، ئەنسىز دۈكۈلدەپ كەتتى. ئۇ ئالدىراش چىراغنى ياقتى - دە، يۈتىغا كەشنى قوڭالتاق سېپىپ ئىشىككە ئېتىلدى.

ــ كېلىڭ رەھمەتجان، ــ دېدى ئۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان رەھمەتجاننى كۆرۈپ. سەل نېرىدا چىراغلىرى ئۆچۈرۈلگەن «جىپ» تۇراتتى.

ــ ئۆيدە كىم بار؟

ــ رەيھان بىلەن مەن.

ــ شەۋكەتكە ئورۇن سېلىپ قويغانمۇ؟

— سىلىپ قويغان، — ئابدەم شۇنداق دېدى - يۇ، پۈت- قولىنىڭ ماغدۇرى قاچقاندەك پۈتۈن ئەزايى بوشىشىپ، ئىشىكنىڭ كىشىكىگە يۆلىنىپ قالدى، — شەۋكەت بىرنەرسە بولمىغاندۇ؟

— ياق، ھېچ نەرسە بولغىنى يوق، — دېدى ئانىنىڭ ھاياجاندىن لاغىلداپ تىترەۋاتقىنىنى سەزگەن رەھمەتجان ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاۋازىنى سالماق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — شەۋكەت قايسى ئۆيدە يېتىپ - قوپىدۇ؟

— ئىچكىرىكى ئۆيدە.

— ئۇنداق بولسا، ئۆيىنىڭ چىرىغىنى يېقىۋېتىڭ.

رەھمەتجان شۇنداق دېدى - دە، ئابدەمنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ماشىنىنىڭ قېشىغا كەتتى.

ئابدەم ھازىرلا ئىلەڭگۈچتىن چۈشكەندەك پىرقىراۋاتقان بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا چىراغنى يېقىشىغا، رەھمەتجان بىلەن ياشقىنا بىر ساقچى يىگىت ئۈستىبېشى توپا - چاڭ ۋە قۇسۇق بىلەن بۇلغانغان، غىجىملانغان چاچلىرى ھەر تەرەپكە دىڭگايغان، بېشى بىر تەرەپكە قىڭغايغان شەۋكەتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇشتى. ھاراقنىڭ دىماقنى يارغۇدەك سېسىق پۇرىقى ئۆينى بىر ئالدى. رەھمەتجاننىڭ يېرىم كېچىدە بۇ يەردە پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدىلا چۈشەنگەن ئابدەم كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئېلىپ، ئىچىدە خىتاب قىلدى.

«ئاھ خۇدا! قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بالىنىڭ نېمە قىلغان ئىشى بۇ؟! خۇددى كۆز تەگكەندەك...... ئاھ، شور پېشانەم!»

رەھمەتجاننىڭ ھەمراھى چىقىپ كەتتى. ئابدەم شەۋكەتنىڭ كەشىنى سالدۇرۇۋېتىپ، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— كىم ئۇنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغاندۇ؟

ئانىنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى شەۋكەتنىڭ بەتىنكىسىنىڭ شوينىسى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان بولسىمۇ، بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرى رەھمەتجانغا تەلمۈرمەكتە ئىدى.

— ئۇنىڭ كىم بىلەن، قەيەردە ئىچكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. ھەي......

رەھمەتجان قىسقىلا قىلىپ ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

*ئىككى چارلىغۇچى مەستلىكتىن پۈتۈنلەي خۇدىنى يوقاتقان بىر يىگىتنى نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى. بىر دېلو ماتېرىيالىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆرۈپ ئولتۇرغان رەھمەتجان بىر قاراپلا شەۋكەتنى تونۇدى. ھەيران بولغىنىدىن ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىككىيلەنگە ياردەملىشىپ ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى. ئاندىن ئۇلاردىن شەۋكەتنى قەيەردە، قانداق ھالەتتە ئۇچراتقانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، شوپۇرنى ئويغىتىپ، ماشىنىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى.*

— سىزنى ئەنسىرەپ قالمىسۇن دەپ، ئۇدۇللا بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى رەھمەتجان سۆزىنى تۈگىتىپ.

— رەھمەت سىزگە، رەھمەتجان! — دېدى ئابىدەم كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتكەچ، — بەكمۇ ئوبدان قىپسىز! يەنە بىردەم كەلمىسىگەن بولسىڭىز، رامىزان ئاكىنى ئويغىتىپ ئەھۋالنى دەپ باقاي، دەپ تۇرغانىدىم. رەھمەت سىزگە، رەھمەتجان!

— بۇنچىلىك ئىشقا رەھمەت ئېيتىشنىڭ نېمە ھاجىتى! — رەھمەتجان ئەپچىللا قورۇنغانىدى، — شەۋكەت ئىلگىرى ئىچمەيتتىغۇ دەيمەن؟

— ئىچىش ئەمەس، ھاراق ئىچكەن يەردىمۇ تۇرمايتتى. بۈگۈن نېمە بولدىكىن، جىن ئۇرغاندەك بىر ئىش قىپتۇ...... قايسى شۇمقۇش ئۇنى مۇشۇ كوچىغا باشلىدىكىن؟

رەھمەتجان ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ، شەۋكەت زاۋۇتقا كىرگەندىن بۇيان، چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك ئەقىل- پاراستى، ياۋاش - مۆمىنلىكى بىلەن كىشىنى خۇشال قىلاتتى. رەھمەتجان بۇ ئائىلىنى ھەر قېتىم يوقلاپ كەلگىنىدە، ئابىدەم ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي شەۋكەتنىڭ تەرىپىنى قىلاتتى. زاۋۇت رەھبەرلىكىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە كەينى - كەينىدىن قىلىۋاتقان غەمخورلۇقلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. رەيھانىنىڭ ئوقۇش ئەھۋالى ۋەھاكازالار ئۈستىدە سائەتلەپ سۆزلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، رەھمەتجان بۇ ئائىلىنىڭ، بولۇپمۇ باللارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن بەكمۇ خاتىرجەم ئىدى. مانا ئەمدى......

«بەلكى دوستلىرى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قالغان بولغىيدى؟ ياش ئەمەسمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا بولار. بەك زىغىرلاپ كۆزگە كىرىۋالسا، باللىنىڭ يۈزى قېتىپ قالىدۇ. بىراق، ھەي...... ئانىنىڭ يۈرىكى بۇ ئەلەمگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟»

— ئابىدەم، — دېدى رەھمەتجان چوڭقۇر بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن، — بۈگۈن شەۋكەت ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويۇپتۇ. بەلكى بۇمۇ ئۆزلۈكىدىن ئەمەستۇ. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ھازىر ياشلار ئارىسىدا ھاراق ئىچىش، ئويۇن- تاماشاغا بېرىلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. بۇنى ياخشى ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئېھتىمال، شەۋكەتمۇ «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك ئىش قىلىپ، بەزى دوستلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە،

مۇشۇ قېتىملىق ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ــ شەۋكەتنىڭ كېيىن قانداق ئادەم بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچ، ــ ئۇ شەپكىسىنى بىرئاز كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. ئابدەم پۈتۈن زېھنى بىلەن تىڭشاۋاتاتتى، ــ ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىشنى نىيەت قىلغانىدىم. كېيىن ئويلانسام، ئانچە ياخشى بولمىغۇدەك. شۇڭا بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز تۈتۈڭ. ئەپلەشمەي قالسا، مەن ياكى باشقىلار قول تىقساقمۇ بولىدۇ. ماقۇلمۇ؟

ــ ماقۇل.

ــ ھە، راست، شەۋكەتنىڭ يېنىدا پۇل بارمىدى؟

ــ يوق ئىدى. ئۇ زادىلا يېنىغا پۇل سالمايدۇ.

ــ ھىم، مۇنداق دەڭ...... كىچىچە ئۇ تازا ئويدان ئۇخلىۋالسۇن. ئەگەر ئەتە ئەتىگەندە ئۆزى چاندۇرۇپ قويسا، چىرايلىق تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىققا دەۋەت قىلىڭ. بولمىسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىشقا يولغا سېلىپ قويۇڭ. مۇنداق قىلىش ــ ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغاندىن ياخشىراق.

ــ ماقۇل، شۇنداق قىلاي.

ــ ۋاقتىم يەتسە، ئەتە چۈشتىن كېيىن كېلەرمەن. ئاڭغۇچە، مېنىڭ بۈگۈن كەلگىنىمنى شەۋكەت ئۇقمىسۇن، خەير، مەن قايتاي.

......

رەھمەتجاننى ئۇزىتىپ قايتىپ كىرگەن ئابدەم بىر پۈتىنى بوسۇغىغا ئېلىپلا، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا شەۋكەت ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇ پۈتىدىن بۇ پۈتىغا يۆتكىلىپ، ئاران ـ ئاران يەر دەسسەپ تۇراتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن ئىشىكنىڭ كېشىكىنى تۇتۇپ، شۇنداق بىر قەدەم

چامدىغانىدى، پۇتلىرى ئۆزىگە بويسۇنماي، نەچچە قېتىم سەنتۈرۈلدى - دە، تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان رەيھاننىڭ كارىۋىتىغا قاتتىق ئۈرۈلۈپ پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن يەرگە دۈم يىقىلدى.

— جېنىم بالام!...... — ئابىدەم خۇدىنى يوقاتقاندەك ۋارقىراپ، شەۋكەتنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن رەيھان ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتتىن پەسكە چۈشتى، — نېمە پېشكەللىك بۇ؟ نېمە پېشكەللىك بۇ؟! ئەمدى كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈشكە باشلىغىنىمدا، خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن نېمە بالاسى بۇ؟! ۋاي شور پېشانەم...... ۋاي شور پېشانەم.

— ئانا، ئاكام نېمە بوپتۇ؟

رەيھاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئابىدەم ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى - دە، چىرايى «ۋىللىدە» قىزاردى. كۆز ياشلىرىمۇ بىردىنلا توختىدى.

— ئاكاڭنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قاپتۇ، بالام، — دېدى ئۇ قەستەن يالغان سۆزلەپ، — قارىمامسەن، بىچارە ئاكاڭ ئاغرىققا چىدىماي تولغىنىپ كېتىپ بارىدۇ.

— دوختۇرنى چاقىرىپ كىرەيمۇ، ئانا؟

— ياق، قىزىم، ياق! — ئانا ئاسقىپ سۆزلەيتتى، — هازىر ئوڭلىنىپ كېتىدۇ، هازىر ئوڭلىنىپ كېتىدۇ...... جېنىم بالام!

رەيھان ئۆينى بىر ئالغان سېسىق پۇراقتىن ئاكىسىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئالللىقاچان بىلىپ بولغانىدى. ئەمما، ئانىسىنىڭ بۇ ئىشنى قەستەن ئۆزىدىن سىر تۇتۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يەنە كوچىلاپ سوراۋېرىشنى ئەپ كۆرمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئانىسىدىن تەپ تارتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، خېلىلا ئەقىل تېپىپ قالغانلىقىدىن ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئانا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قىزىم، رەيھان، يېتىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلاۋەر. ئەتە مەكتەپكە كېچىكىپ قېلىپ يۈرمىگىن، تاتلىق قىزىم.

ئانا شۇنداق دېدى - يۇ، رەيھاننىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ھەپىلىشىپ، ئاكىسىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدى. شەۋكەت بىر سوزۇلۇپ، بىر يىغلىپ، يەڭگىل بىر ئىڭرىدى - دە، ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى چاڭگاللىدى. ئارقىدىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن جەينەكلىرىگە تايىنىپ ئۆرە بولۇشقا تىرىشتى. ئابدەم چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، كۈچەپ يۆلىۋالدى. شەۋكەت ئەمدى بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى.

— كەل، قىزىم، — دېدى شەۋكەتنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ئابدەم، — ئاكاڭنىڭ ئاۋۇ تەرىپىنى يۆلە، — رەيھان شەۋكەتنىڭ بىر تەرىپىگە ئۆتتى - دە، سەل ئېڭىشىپ، ئاكىسىنىڭ قولىنى بويىنىغا ئالدى، — ھە، شۇنداق، شۇنداق، قولىنى مەھكەم تۇتۇۋال.

ئىككىيلەن تەڭلا كۈچەپ، شەۋكەتنى ئۆرە تۇرغۇزۇشتى ۋە ناھايىتى تەسلىكتە جايىغا ياتقۇزۇشتى. يۈز - كۆزىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتتى. شەۋكەت بىر ئۇزۇن، بىر قىسقا، بىر قوپال، بىر يەڭگىل خورەك تارتىپ، يېڭىباشتىن ئۇيقۇ باشلىدى. ئابدەم ئىككى قولىنى رەيھاننىڭ كۆكسىگە گىرەلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە ئۆرە تۇراتتى. ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆزى شەۋكەتتە ئىدى. شەۋكەت يەڭگىل بىر ئىڭراپ، يېنىغا سىڭايان بولدى. ئابدەم رەيھاننى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، شەۋكەتكە يېقىنلاشتى. شەۋكەت يەنىلا ئۇخلىماقتا ئىدى.

— رەيھان، — دېدى ئابدەم كۆزلىرى پۈرۈلۈپ كەتكەن رەيھانغا بۇرۇلۇپ، — ماڭە، تاتلىق قىزىم، چىقىپ ئۇخلا.

رەيھان بىر ئانىسىغا، بىر ئاكىسىغا كۆزى قىيمىغان ھالدا قاراپ قويۇپ، ئۈن - تىنسىز تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي چىراغنى ئۆچۈردى. ئابىدەم پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، شەۋكەتنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى - دە، كەينى - كەينىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. بۇ بەلكىم، شەۋكەت دادىسىنىڭ ئورنىنى باسقاندىن بۇيان ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم شەۋكەتنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشى بولسا كېرەك. شۇنداق، ئۆتكەن ئىشلارنى ئاللىقاچان كەينىگە تاشلىۋەتكەن، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئابىدەم بۇغراجاننىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھېچقاچان كۆز يېشى قىلىپ باقمىغان، ھېچقاچان مۆڭگۈلانمىغانىدى. چىرايىدا دائىم كۈلكە ئەگىپتتى. ئەزايىغا گۆش قونۇپ، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. گەرچە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزلىرى يەنىلا بىر چاغلاردىكىدەك ئۆتكۈر چاقنايتتى. ئىشقا كەلگەندە، خۇددى ئاشۇ چاغلاردىكىدەك چاققان ۋە غەيرەتلىك ئىدى. تاش يېسە، ئاش بولاتتى. بەزى قولۇم - قوشنا ۋە خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھەيران بولغىنىدىن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشىپ: «ئابىدەم، تولىمۇ چىداملىق خوتۇن جۇمۇ سىز. ئەگەر بىز سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغان بولساق، ئاللىقاچان تۈگىشىپ كېتەتتۇق. سىزنىڭ ھېچقانداق سورۇقچىلىق تارتمىغان ئادەمدەك، خۇشال - خۇرام كۈلۈپ يۈرگىنىڭىزگە ھەيرانمىز......» دېيىشسە، ئابىدەم: «چىدىماي قانداق قىلىمەن؟ ئۇ چاغلاردا يىغلىدىم، قاقشىدىم، ھەتتا خۇدادىن ئۆزۈمگە ئۆلۈم تىلىگەن چاغلىرىممۇ بولدى. ‹چىقمىغان جان چىدىك بەردە› دېگەندەك، قىقىلىپ - سوقۇلۇپ، ئات - كالىنىڭ ئورنىدا ياشاۋەردىم. بەختىم بار ئىكەن، ئاخىر ياخشى كۈنلەرگە ئۇلاشتىم.

بۇغراجانىمۇ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپ، كۆزى يۇمۇلدى. ئوغلۇم دادىسىنىڭ ئىزىنى باستى. قىزىم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئەمدى قايسى غەملىرىمگە يىغلايمەن؟! توغرا، بۇغراجانىنىڭ ئوت ـ پىراقىغا چىدىماق تەس. ئۇنىڭ ئۆچۈن كۆڭلۈمدە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. لېكىن ئۇ رەھمەتلىك مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىمنى ھەرگىزمۇ راۋا كۆرمەيدۇ...... «ئۆتكەنگە سالاۋات، ئۆمۈرگە بەرىكەت» دەپتىكەن. قانداق قىلاتتىم، بالىلىرىمنىڭ بەختى ئۈچۈن بىر كۈن بولسىمۇ ئارتۇقراق ياشاي دېدىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بىركۈنى شەۋكەت ئۇنىڭغا: «ئانا، بانكىدا نەچچە مىڭ يۈەن پۇلىمىز بولغاندىكىن، ئۆيىمىزنى باشقىلارنىڭكىدەك چىرايلىق ياساپ، دوست ـ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتسەك بولمامدۇ؟» دېگەنىدى. ئابىدەم گويا ئەمدىلا ئايىغى چىققان كىچىك بالىنى باغرىغا باسقاندەك، شەۋكەتنى مەھكەم باغرىغا تېڭىپ، كۆزلىرىگە چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ: «بالام، كونىلاردا: ‹كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما› دېگەن گەپ بار. ھەممە نېمىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان ئاشۇ يىللاردىمۇ ئۆلۈپ قالمىدۇق. ئويلاپ باقە: ھازىر بىزنىڭ نېمىمىز كەم؟ قورسىقىمىز توق، ئۇچىمىز پۈتۈن، توققۇزىمىز تەل تۇرسا، ئارتۇقچە ھەشەمەتخورلۇق قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ساڭا دېسەم، داداڭ بىلەن ئىككىمىز توي قىلغان چاغدا، بىر پارچە كىگىز، بىر جۈپ يوتقان ـ كۆرپە، بىر يۈرۈش ئۆي جابدۇقىدىن بۆلەك ھېچ نەرسىمىز يوق ئىدى. ئىككىمىز تەڭ تىرىشىپ، ئاخىرى توققۇزىمىز تەل، باياشات ئائىلە قۇرۇۋالدۇق. كېيىن تۆت ئايەت ھەممىنى سۈپۈرۈپ كەتتى. ھازىر بىز خۇددى مەن داداڭ بىلەن ئۆي ئوچاقلىق بولغان دەسلەپكى چاغدىكىدەك، يېڭىباشتىن ئۆي ـ ماكانلىق بولدۇق. ئەگەر سەن ھازىردىن باشلاپ ئىقتىسادچىل بولۇشنى ئۆگەنمەي، ھەشەمەتخورلۇققا قىزىقساڭ،

داداڭنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلەلەيسەن؟! دادامنى رازى قىلاي، ئانامنى خۇش قىلاي دېسەڭ، تۇرمۇشنى سېرىقتال ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگىن. بۇ ــ مېنىڭ ھەم داداڭنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز. يەنە بىر گېپىم: ھەرگىزمۇ دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىش كويىدا بولما. سەن دۈشمەن دەۋاتقان كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا داداڭنىڭ سەپداشلىرى، ئەڭ يېقىن ئاغىنە - بۇرادەرلىرى ئىدى. ئۇلار بىر مەھەل قايمۇقۇپ، بىرمۇنچە يامان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ھازىر پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالمايۋاتىدۇ. ئەگەر سەن كونا خاماننى سورۇيدىغان بولساڭ، چوقۇم چاتاق بولىدۇ.......»

دېگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەۋكەت مۇنداق گەپلەرنى زادىلا ئاغزىغا ئالمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئابىدەم بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇ ئىدىكى، شەۋكەت ھەر ئايلىق مائاشىدىن بىر تىيىنمۇ ئىپقالماستىن، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى. خا تاماق، خا كىيىم - كېچەك تاللىمايتتى. ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى......

«بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ قايسى پۇلغا، قەيەردە، كىم بىلەن ھاراق ئىچتى؟»

ئابىدەمنى مانا مۇشۇ سوئال قىيناۋاتاتتى.

شەۋكەت يەنە بىر قېتىم ئىگراپ، ئويغىدا بولدى. ئابىدەمنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى گويا تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان بۇغراجاننى كۆرگەندەك بولدى. شۇ تاپتا، گەرچە شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى مەھكەم يۇمۇلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرى، قويۇق قوشۇما قاشلىرى، كەڭ يەلكىسى، ئېلىپتەك تۈز، قاڭشارلىق بۇرنى، كەڭ ماڭلىيى، تېخى ئۇستىرا تەگمىگەن يۇمران ساقال - بۇرۇتى كىشىگە بۇغراجاننىڭ يىگىتلىك چاغلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئابىدەم ئوغلىنىڭ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقى بىلەنلا

ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭمۇ پۈتۈنلەي دادىسىنى تارتقانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئەمدىچۇ؟ ئانا ئەمەسمۇ، دۇنيادا ئانىنىڭ قەلبىدەك پاك، ئانىنىڭ قەلبىدەك كەڭ، ئانىنىڭ قەلبىدەك مېھرىبان، يۇمشاق نەرسە بارمىكىن؟! ئابىدەمنىڭ كۆز ئالدىدىكى شەۋكەت بىلەن يۈرىكىدىكى شەۋكەت تۈپتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. شۇڭا، ئۆيىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك خارقىراپ خورەك تارتىپ، دالىيىپ ياتقان مۇنۇ شەۋكەتنى ئەمەس، بەلكى بۇگۈن چۈشتىن بۇرۇنقى شەۋكەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى، ئۇنىڭغا يېڭى - يېڭى مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى. ئۇزۇن ئۆمۈر، خاتىرجەملىك، بەخت - سائادەت تىلەيتتى.

لېكىن، بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئارزۇسىلا ئىدى، خالاس.

شەۋكەت يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىدى. پۇتلىرىنى بىر سوزۇپ، بىر يىغىپ، قوللىرىنى ئۇ يان - بۇ يان تاشلاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆزى بىلەن سۆزلىشەتتى.

ئابىدەم ئۇنىڭ كۆكرىكىپ كەتكەن چىرايىغا تىكىلگىنىچە، سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

— بىلدىم، ھەممىنى بىلدىم! — دېدى شەۋكەت مۇشتۇمىنى مەھكەم تۈگۈپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ، — ھىم...... رامىزان ئاكا، يەن شۇجى دېگەن بىرنېمىلەر...... رامىزان، قاتىل! خەپ! سەن ئوغرىدىن دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمايدىغان بولسام!

شەۋكەت جىم بولۇپ قالدى. ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قالغان ئابىدەم لاغىلداپ تىترىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، شەۋكەتنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتتى - دە، قوللىرى بىلەن كارىۋاتقا تايىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشتى.

«رامىزان قاتىل؟ بۇ بالا نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ؟» ئابىدەم

ئىچىدە شۇنداق دېدى - يۇ، گويا بۇ سۆزنى كىمدۇر بىرى ئاڭلاپ قالغاندەك، ئۆزىدىن - ئۆزى خۇدۇكسىنىپ، ئەتراپقا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى. ئۆيدە شەۋكەت بىلەن ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم يوق ئىدى. بىر تال پاشا شەۋكەتنىڭ پېشانىسىگە قوندى. شەۋكەت چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قولىرىنى قالايمىقان پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. پاشا بارغانسېرى قىپقىزىل بولۇپ ئېسىلمەكتە ئىدى. ئابىدەم ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن شەۋكەتنىڭ پېشانىسىنى ئاۋايلاپ سىلىغاندا، شەۋكەت بايىقىدىنمۇ يۇقىرىراق ئاۋازدا جۆيلۈشكە باشلىدى:

— رامىزان...... رامىزان قا-تىل! ئىست دادام...... سەن تېخى...... شەۋكەت ئۇنداق ئەخمەق ئەمەس!...... ھۇ ئاناڭنى!...... توختا ئوغرى!...... سەن تېخى شەۋكەتنى بوش چاغلاۋاتامسەن؟ سەن ئوغرىنىڭ قېنىنى ئىچمەيدىغان بولسام...... — شەۋكەت بىرپەس جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈردى، — ئاباقكا، مۇھەممەتئىمىن ئاكا، سىلەر مېنى كىچىك دەۋاتامسىلەر؟ ھىم...... مەن ھېچ نەرسىنى دېمەيمەن، ئۆلتۈرسىمۇ دېمەيمەن!

«رامىزان قاتىل؟ شەۋكەت بۇ گەپنى نېمانچە كۆپ تەكرارلايدىكىنە؟»

ئابىدەم ھەرقانچە قىلسىمۇ، كۆڭلىدىن مۇشۇ سوئال چىقىپ كەتمەيتتى. «ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىننىڭ شەۋكەت بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟» دېگەن خىيال ئۇنى تېخىمۇ ئازابلايتتى.

شەۋكەت قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئۆرە تۇرغۇدەك ھالى قالمىغان ئابىدەم بۇ ياندىكى بوش كارىۋاتقا يانپاشلىدى - يۇ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، شەۋكەتنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ئولتۇردى، كۆزى شەۋكەتتىن ئۈزۈلمەيتتى.

ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئابىدەم يېقىندىن

بۇيان شەۋكەتنىڭ مىجەزىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان بەزى ئۆزگىرىشلەرنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى: قىزىق ئىش، بىرەر ئايدىن بۇيان، شەۋكەت رامىزان ئاكىنىڭ ئۆيىگە زادىلا ئاياغ باسمايدىغان، يەن شۇجىغىمۇ ئىلگىرىكىدىك ئانچە يېقىنچىلىق قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەكسىچە، مۇھەممەتئىمىنگە بەكمۇ يېقىنلىشىپ كەتكەنىدى. رامىزان ئاكا بىلەن مۇھەممەتئىمىنلەر ئۆلارغا تام قوشنا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر ئىككىيلەن شەۋكەتنىڭ رەھبىرى. شەۋكەتنىڭ رامىزان ئاكىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈرۈشىدە، ئېھتىمال بەزىلەرنىڭ ئانارنى دارىتمىلاپ قىلغان چاقچاقلىرى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ئابدەم خېلى بۇرۇنلا سەزگەنىدى. لېكىن «رامىزان - قاتىل!» دېگەن سۆزنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا شەۋكەتنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى، ھەتتا قايتا - قايتا تەكرارلىنىشى ئابدەمنىڭ ئالدىنقى پەرىزىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرالمىسىمۇ، شەۋكەتتە رامىزان ئاكىغا نىسبەتەن مەلۇم ئۆچمەنلىك پەيدا بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا كاشىلا قىلمىدى. ئابدەم ئاباق توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيتتى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىنگە نىسبەتەن يوغان بىر سوراق ئالامىتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

«ئۇھ، — دېدى ئابدەم سوزۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن، شەۋكەتنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەرنى رامىزان ئاكىغا دېمەي بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ ئەقىللىك ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باللارغا ئۆز ئاتىسىدەك كۆيۈنىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا، بەلكى ماڭا بىر ئەقىل كۆرسىتەر. يولى كەلسە، شەۋكەتكىمۇ تۈت ئېغىز گەپ قىلىپ قويار. بۇنىڭ شەۋكەت ئۈچۈنمۇ، مەن ئۈچۈنمۇ پايدىسى بار. ئەگەر ھازىر ئۇنىڭدىن گەپ يوشۇرۇپ، كېيىن ئىش يوغىنىغاندا ئۇنى تاپسام بەكمۇ سەت بولمامدۇ؟!»

شەھەرلىك رادىيو ئۇزىلىنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى ئابدەمنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى.

شەۋكەت تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى.

ئابدەم دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، شەۋكەتكە تىكىلگىنىچە بىرپەس خىيال سۈرۈپ تۇردى - دە، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ، ئاپتۇۋىغا سۇ قۇيدى. يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ، رەيھانىنى ئويغىتىپ، مەكتەپكە يولغا سالدى. ئىشقا چۈشۈشكە تېخى بىر يېرىم سائەت ۋاقىت بار ئىدى. شۇڭا شەۋكەتنى ئويغاتمىدى.

ئابدەم بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ ئىشىك تۈۋىگە چىقتى. باش كۆز ئەتىگىنىنىڭ مەيىن شاملى مەڭزىنى سۆيۈپ ئۆتتى، لېكىن ئۇنىڭغا قىلچە ھوزۇر بېغىشلىمىدى. ئۇ رامىزان ئاكىنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىن كېلىشكە، ئىشىك «تاراققىدە» ئېچىلىپ، ئۆيدىن رامىزان ئاكا چىقىپ كەلدى. بۇ ئابدەم ئۈچۈن شۇنداق كۈتۈلمىگەن ئىش بولدىكى، بىردىن يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ، پۇتلىرى گىلدىڭلاپلا قالدى.

قىزىق ئىش، ئەسلىدە ئۇ، رامىزان ئاكا بىلەن شەۋكەت توغرىسىدا ئەھۋاللاشماقچى ئەمەسمىدى؟ شۇ مەقسەت بىلەن ئۆيدىن چىققان ئادەم ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا نېمە ئۈچۈن بۇنچە بىئارام بولىدۇ؟

بۇنى ھازىرچە بىلمەك تەس.

ئابدەم رامىزان ئاكا بىلەن چالا - پۇچۇق سالاملىشىپلا، دېرىزە تۈۋىگە سېلىنغان كاتەكتىكى توخۇلار بىلەن ھەپىلەشكەن قىياپەتكە كىرىۋالدى......

# تۆتىنچى باب

## بىسەرەمجانلىق

شەۋكەت ئوخشىتىپ ئېتىلگەن لەگمەندىن ئاران ئوتتۇرا چىنە يېدى ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئابىدەمنىڭ زورلاشلىرى، رەيھاننىڭ ھەم ئەركىلەپ، ھەم يالۋۇرۇشلىرى ئۇنىڭغا بىر چوكا ئاشنىمۇ ئارتۇق يېگۈزەلمىدى. ئەكسىچە شەۋكەت: «يېمەيمەن دېگەندىكىن يېمەيمەن!» دەپ چالۋاقاپ، ھەممىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئابىدەم كېزىكتىن يېگى قوپقان ئادەمدەك ئاستا تىمسىقلاپ قازان ـ قومۇچ بىلەن ھەپىلەشتى. كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالغان رەيھان پات ـ پات كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ قويۇپ، ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى.

كۈتۈلمىگەندە، ئانار بوسۇغىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— كېلىڭ، قىزىم، — دېدى ئابىدەم بىر قولىدا چىنە، بىر قولىدا قازان يۇغۇچنى تۇتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايىدا باياتىنقى مەيۈسلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. كۆزلىرىدە تەبەسسۇم ئويناپتتى، ئاۋازى يېقىملىق جاراڭلايتتى، — كارىۋاتقا كېلىڭ. رەيھان، بول قىزىم، ئاچاڭغا كۆرپە سال. سەل بالدۇرراق كىرسىڭىزچۇ! تاماقنى يەپ بولغاندا......

— داستىخان ئۈستىدىنلا كىرىشىم، كايىمىسلا، — ئانار

ھېچقانداق تەكەللۇپسىزلا بىر - بىرىگە جۆپلەپ قويۇلغان كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كىگىز ئۈستىدىلا ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن ئابىدەم پايپېتەك بولۇپ كەتتى:

— قىزىم، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ كۆرپىگە ئۆتۈڭ!

— ئوبدان ئولتۇردۇم. نەدە ئولتۇرسام ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— بۇ ئۆيگە كۆندە كىرەمتىڭىز؟ تۇرۇڭ، تۆرگە ئۆتۈڭ!

— بولدى. مۇشۇ يەردە سىلىگە قاراپ ئولتۇراي. سىلى ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە.

ئانارنىڭ بۇ سۆزى ئابىدەمنى ئويغا سېلىپ قويدى. دېمىسىمۇ ئابىدەم كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، قازان - قومۇچ يۇيۇۋاتاتتى. ئانار تۆرگە ئۆتۈۋالىدىغان بولسا، ئىككىيلەننى كارىۋاتنىڭ ئايىغى توسۇۋالاتتى. ئابىدەم ئانارغا بىرپەس تىكىلىپ تۇردى - دە، رەيھانغا:

— قىزىم رەيھان، كۆرپىنى ئانارگۈل ئاچاڭنىڭ ئاستىغا يۆتكەپ بەر، — دېدى.

— ياق، بولدى، ئولتۇرۇۋېرەي. رەيھان، ئاۋارە بولما، — رەيھان كۆرپىنى كۆتۈرگىنىچە نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئابىدەم كايىغاندەك نەزەر بىلەن رەيھانغا باش ئىشارىتى قىلغانىدى، ئانار چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، قېيىدىغاندەك دومسىيىپ:

— ئاستىمغا كۆرپە سالىدىغان بولساڭلار، چىقىپ كېتىمەن! — دەپ پوپوزا قىلدى، لېكىن كۆزلىرى ئىلگىرىكىدەك كۈلۈپ تۇراتتى.

— ماقۇل، جېنىم بالام، نەدە ئولتۇرسىڭىز ئولتۇرۇڭ! — ئابىدەم چاقچاق ئارىلاش سۆزلىگەچ، سول مۈرىسى بىلەن ئانارنى مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزدى، — مېھمان دەپ ئىززىتىڭىزنى قىلساق بىلمىگەندىكەن، نەدە ئولتۇرغۇڭىز كەلسە، شۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىڭ!

ئابىدەم ئۆز ئىشىغا ئولتۇردى. ئۇلار ئۇنى - بۇنى سوراشتى.

قىلىشىدىغان گەپلەرمۇ تۈگەپ قىلىۋاتاتتى. ئانار رەيھاننى قېشىغا چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ دېدى:

— مەن بىلەن كىنوغا بارامسەن؟

رەيھاننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. ئەمما دەرھال جاۋاب بېرىش ئورنىغا، ئانىسىغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

— بارىدۇ، — ئابىدىم ئالدىراش سۆزلەپ كەتتى، — «بارىمەن» دېمەمسەن، رەيھان.

رەيھان ئانىسىنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى.

— سىلىچۇ، سىلىمۇ باراملا؟

— مەن؟ ماڭا كىنو كۆرمەكنى كىم قويۇپتۇ! ئىككىڭلار كۆرۈپ كېلىڭلار، سانىخان ئاچاممۇ بارىدىغاندۇ؟

— ئانامنىڭ مىجەزى يوق.

— نېمە! — ئابىدەم ئەندىكىپ كەتتى، — نېمە دەۋاتىسىز، قىزىم؟ نېمىشقا بالدۇرراق ئۇقمىغاندىمەن! ۋاي ئىست، ئۇ بىچارە نېمە بولغاندۇ؟

— چىشى ئاغرىپ قاپتۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭە، بالام! — ئابىدەم يەڭگىل نەپەس ئېلىپ قوشۇپ قويدى، — ئىككىڭلار كېتىۋېرىڭلار. مەن قازان - قومۇچنى يىغىشتۇرۇۋېتىپلا ئۇنىڭ قېشىغا چىقاي.

ئانار ئورنىدىن تۇردى. ئەمما كۆڭلىدە يەنە دەيدىغان گەپلىرى باردەك، بىر رەيھانغا، بىر ئابىدەمگە تىكىلىپ، كارىۋاتنىڭ ئايغىنى تۈتقىنىچە بىردەم شۇك تۇرغاندىن كېيىن، تارتىنىپراق سورىدى:

— شەۋكەت بىر يەرگە كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

ئابىدەم ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە، رەيھان گەپنى توغرىلىدى:

— ئاكام بىر يەرگە كەتمىدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ.

—ئۇنداق بولسا بوپتۇ. رەيھان، يۈر ئۇكام، بىز مېڭىۋېرەيلى.

ئانار رەيھاننىڭ يەلكىسىنى تۇتقىنىچە جايىدىن قوزغىلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئابدەم ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى:

— شەۋكەتكە گېپىڭىز بارمىدى؟

— ياق، — دېدى ئانار تىلىنىڭ ئۇچىدا سەل دۇدۇقلاپ، ئۇنىڭ ئاناردەك يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى، — بىر بېلەت ئوشۇق ئىدى......

ئانىنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى قەپەستىكى تومۇچۇقتەك تېپىرلاپ كەتتى. ئۇ ئانارنى تېخىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قويماسلىق ئۈچۈن، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى - دە، رەيھانغا قاراپ:

— رەيھان، بول قىزىم، ئاكاڭنى ئويغىتىپ چىق. ئۇمۇ سىلەر بىللە بارسۇن، — دېدى.

ئابدەمنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈشىگە، خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالغان رەيھان ئانارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ ئۇچتى. ئابدەم تېخى يۈيۈلۈپ بولمىغان قاچا - قۇچىلارنى يەردىلا قالدۇرۇپ، يۈندى دېسىنى كۆتۈرگىنىچە تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.

رەيھان ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگەندە، شەۋكەت بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كارىۋاتتا دۈم ياتاتتى. ئۇنى ئۇخلاپ قاپتۇ، دەپ پەرەز قىلغان رەيھان ئاستا ئۇنىڭ كارىۋىتىغا يېقىنلاشتى - دە، بالىلارغا خاس شوخلۇق بىلەن ئىككى قولىنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ، يەڭگىل تەۋرەتتى.

— ئاكا، ئۇخلاۋېرەمسەن؟ قوپە، ئانارگۈل ئاچام چاقىرىۋاتىدۇ، — شەۋكەت سەل قىمىرلاپ قويۇپ، يەنە جىم بولدى. رەيھان تېخىمۇ كۈچەپ تەۋرىتىشكە باشلىدى.

— ئاكا، قوپساڭچۇ! ئۇخلاۋېرەمسەن؟

ئەمدى يەنە «ئۇخلاۋېرىش»كە كۆزى يەتمىگەن شەۋكەت ئاستا بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن غوتۇلدىدى:

— ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي، نېمانداق قىلىسەن؟!

ئاكىسىنىڭ ھېچقاچان ئۆزىگە مۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان رەيھان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىردەم جىم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— سىېنى ئانارگۈل ئاچام قىچقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئۇ نەدە؟

— تاشقىرىقى ئۆيدە.

شەۋكەت خۇشياقماسلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېرىلدى، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەسنىدى. ئۇ تاشقىرىقى ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە، ئانار باياتىن تۇرغان جايىدىن قىمىرلىمىغانىدى. بىلەكتەك توم ھەم ئۇزۇن بىر ئۆرۈم چېچىنىڭ ئۇچىنى ئوينىغان ھالدا كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى.

شەۋكەت بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالماستىن، سوغۇققىنا تەلەپپۇزدا سورىدى:

— نېمە دەيسىز؟

ئانارنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كۆزلىرى بارماقلىرىغا تىكىلدى. ئۇ بەكمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانىدى. رەيھان ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن جاۋاب بەردى:

— ئانارگۈل ئاچام بىلەت ئەكىرىپتۇ، كىنوغا بارىدىكەنمىز.

— بارمايمەن، ئۆزۈڭلار بېرىۋېلىڭلار!

مۇزغا تاراڭگا ئاتقاندەك بۇ قوپال ئاۋاز ئانارنىڭ يۈرىكىگە پىچاقتەك سانجىلدى. شۇ تاپتا ئۇ سەللا ئۆزىنى قويۇۋەتسە، ھۆڭرەپ يىغلىۋەتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن، قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچ ئۇنىڭغا جاسارەت بېغىشلىدى.

— رەيھان، يۈرە ئوكام، — دېدى ئۇ كەسكىن بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — ئىككىمىز كېتىۋېرەيلى.

ئىككىيلەن ئۆيدىن چىقىپ مىلەڭزە تاشلانغاندا، شەۋ-كەتنىڭ يۈرىكى ئوغرىمۇشۇك تاتىلىۋالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. كۆز ئالدىدا ئانارنىڭ كېلىشكەن قەددى، ئوت چاقناپ تۇرغان بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرى، ئوقيادەك كىرپىكلىرى، قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك قاپقارا ئەگىم قاشلىرى تەكرار نامايان بولدى.

«لەنەت ساڭا!» دەيتتى ئۇ كۆزلەر.

«لەنەت ساڭا!» دەيتتى ئۇ قاش - كىرپىكلەر.

«مەن نېمە بولدۇم؟ — دېدى شەۋكەت ئاخىر ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، — ساراڭ بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟ ئەستەغپۇرۇللا...... نېمە قىلغان ئىشىم بۇ؟! بىچارە ئانار......؟ مەن...... مەن ساراڭ......»

شەۋكەت يىغلا جۇۋازدىن چىققان ئۆيدەك پۇشۇلدايتتى، ئۇنىڭ بېشى يارغۇنچاقنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك زىڭىلداپ ئاغرىيتتى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە پىرقىرايتتى ۋە ھەممىسى تەڭلا: «شەۋكەت ئەخمەق! شەۋكەت ساراڭ!» دەپ ۋارقىرايتتى.

«مەن ساراڭ، مەن ئەخمەق!»

شەۋكەت ئىچىدە مۇشۇ سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلىغىنىچە، گويا تۇلۇق تاش باغلاپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ، ئاستا كەينىگە ياندى - دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، يۈزىنى ياستۇققا ياقتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇم قايتىپ كىردى. ئۇ داسنى يەرگە قويدى - دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە بېشىنى تىقىپ، شەۋكەتكە تىكىلگىنىچە پەرىشان ئاۋازدا:

— بالام، كىنوغا بارمايسەنغۇ؟ — دېدى.

— مىجەزىم يوق.

بۇ جاۋاب ئانىنىڭ كۆڭلىنى شۇنداق ساراسىمىگە سالدىكى،

ئۇ ئالدىراش شەۋكەتنىڭ يېنىغا كەلدى. مېڭىسىدە بولسا: «ھەي ھاراق، ھەي ھاراق! بىچارە بالىنى كاردىن چىقىرىۋەتمىگىيدى......» دېگەن خىيال ئۇچۇپ يۈرەتتى.

ئۇ شەۋكەتتىن يېنىشلاپ سورىدى:

— قەيىرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ؟

— بېشىم......

— دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقامسەن؟

— ياق.

شەۋكەت يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىۋالغانىدى. ئانىسىنىڭ ھەربىر سوئالىغا قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى.

ئابىدەم كىمدىندۇر ئاڭلىغان «ھاراق چىشلىۋالارمىش» دېگەن گەپنى ئېسىگە ئالدى - دە، شەۋكەتنى ئارتۇقچە بىئارام قىلغۇسى كەلمەي:

— ئەمىسە، ئوبدان ئارام ئال، — دەپ كەينىگە ياندى.

راستىنى ئېيتقاندا، شەۋكەتنىڭ ھېچ يېرى ئاغرىمايتتى، ھېچقانداق كېسىلمۇ يوق ئىدى، ھاراقمۇ «چىشلىۋالمىغان» ئىدى. بۇنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىلا بىلەتتى: بۈگۈن ئەتىگەن ئىشقا داك ئۇرۇلغان چاغدا، يەن شۇجى بوسۇغىدا پەيدا بولدى - دە، ئۇنى ئۇدۇللا ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئىشىكنى مەھكەم ياپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تونۇلغۇنىكى ئىلتىماسىنى شىرەنىڭ تارتمىسىدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى بىر - بىرلەپ شەرھلىدى. ئاندىن:

— سېنىڭ ئىشنى قوغۇشۇن ئېرىتىشتىن باشلاشنى تەلەپ قىلغانلىقىڭنى پۈتۈن زاۋۇت بىلىدۇ، — دېدى ئويچان كۆزلىرىنى شەۋكەتكە تىكىپ. بۇ چاغدا، شەۋكەتنىڭ يۈرىكى يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشىپ، ۋۇجۇدىنى مۇزدەك سوغۇق تەر بېسىپ

كەتتى. چۈنكى، غەلىتە تەقدىر ئۇنى يەن شۇجىنىڭ ئائىلىسىگە ئېلىپ كىرگەن ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇغراجاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان چاغدا، يەن شۇجى ئۇنىڭغا خۇددى مۇشۇنداق نەزەر بىلەن تىكىلگەنىدى،— تېخى بىر يىلمۇ ئىشلىمەي تۇرۇپ، ۋەدەڭدىن يېنىۋالساڭ قانداق بولىدۇ؟ راستىمنى ئېيتسام، مۇنداق قىلىشىڭغا مەن قوشۇلالمايمەن. «نېمە ئۈچۈن؟» دېسەڭ، سەن پارتىيەنىڭ بالىسى، شۇنداقلا مېنىڭ بالام. مەن پارتىيە ئالدىدا، خەلق ئالدىدا سېنى خۇددى داداڭغا ئوخشاش ياراملىق، قەيسەر ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۈستۈمگە ئالغان. سەن ماڭا ئوبدان ماسلاشمىساڭ، مەن قانداق قىلىپ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن؟ ئېيتىپ باقە: بۇ قەستەن مېنى قىيىن ئەھۋالدا قويغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟

شەۋكەت زادىلا ئېغىز ئاچالمىدى. ئۇ تىرناقلىرىنى تاتىلىغىنىچە، بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلماي، خامۇش ھالدا ئولتۇراتتى. كۆڭلىدە بولسا: «يەن شۇجى چوقۇم: قاچان، قەيەردە، كىم بىلەن، نېمە ئۈچۈن ھاراق ئىچتىڭ؟ دەپ سوراق قىلىشقا باشلايدىغان بولدى......» دېگەنلەرنى ئويلايتتى. بىراق، يەن شۇجى بۇ ھەقتە زادىلا ئېغىز ئاچمىدى. ئەكسىچە، ئۇيان ئۆتۈپمۇ، بۇ يان ئۆتۈپمۇ، ئۇنىڭ خىزمەتكە قاتناشقان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى، ياراتقان تۆھپىسىنى ماختىدى ۋە بۇ روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ زور تۆھپە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇ گەپلەر شەۋكەتنى تېخىمۇ خىجالەت قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويۇۋاتاتتى. «يەن شۇجى ۋارقىراپ - جارقىراپ، شىرەنى مۇشتلىغان بولسا، — دەيتتى شەۋكەت ئىچىدە، — بەلكى مەن ئۈچۈن بىرئاز ئوڭايراق بولامتىكىن؟»

— شەۋكەت،— دېدى يەن شۇجى تەلەپچان، ئەمما

ئاتىلارچە مېھرىبان ئاۋازدا، — ئەگەر سەن مېنى ئۆز ئاتاڭ ئورنىدا، ھېچبولمىغاندا مۇشۇ زاۋۇتنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى قاتارىدا كۆرسەڭ، بۇ قېتىم گېپىمنى ئاڭلاپ، ماۋۇ قەغىزىڭنى قايتۇرۇۋال. بىزمۇ سېنى بۇنىڭدىن كېيىن نەگە قويۇش مەسىلىسىنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ كۆرەيلى.

شەۋكەت نائىلاج ئىلتىماسنى قولىغا ئالدى.

— ھەببەللى! مانا ماۋۇ ئىشىڭ جايىدا بولدى، — دېدى يەن شۇجى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، — يەنە بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭ، ئۇدۇللا ماڭا ياكى رامىزان چاڭجاڭغا ئېيت. ئىككىمىز ساڭا ياردەم بېرىمىز، باشقا يولداشلارمۇ ياردەم بېرىدۇ، — ئۇ سەل توختاپ، ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى، — ھازىر زاۋۇتنىڭ ئەھۋالى بىرئاز مۇرەككەپ، بەزىلەر مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، يوشۇرۇن شامال چىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، بەزى ياشلارنى ئالداپ چىرىتىشتەك يامان ئىشلار بىلەن بولۇۋاتىدۇ. دىققەت قىلمىساڭ، ئاسانلا ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىسەن......

شەۋكەت مۇنداق سۆزلەرنى چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا كۆپ ئاڭلىغانىدى. لېكىن، بۇ قېتىم يەن شۇجىنىڭ ئالاھىدە تەكىتلىشى ئۇنى بىرئاز ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ بۇ سىرنى ئۇققۇسى كېلىپ، يەن شۇجىدىن سورىدى:

— يەن شۇجى، ئېيتىپ بېرىڭە؟ كىمدىن ھوشيار بولسام بولىدۇ؟ — شەۋكەتنىڭ بۇ باللارچە سوئالىدىن يەن شۇجى بىر ھازاغىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن جىددىي تەلەپپۇزدا دېدى، — راستىمنى ئېيتسام، كىمنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. لېكىن ئۇزۇندىن بۇيانقى كۆزىتىشلەر ۋە بەزى ئەمەلىيەتلەر زاۋۇتىمىزدا چوقۇم ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. ئەگەر ھەممىمىز تەڭ ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرىدىغان بولساق، مېنىڭچە ئۇلار ئۇزۇنغا

قالماي ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. قانداق، ئەمدى بىرئاز چۈشەنگەنسەن؟
شەۋكەت زاۋۇتتا قانداقتۇر سىرلىق ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن بىرئاز گۇمانلانغاندەك قىلغان بولسىمۇ، بەرىبىر ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ:
— چۈشەندىم، — دەپ جاۋاب بەردى.
— ئۇنداق بولسا ياخشى. ماڭ، ئىشقا چىق.

× × ×

شەۋكەت كۈننى بەكمۇ تەسلىكتە كەچ قىلدى. ئۇ كىم بىلەن ئۇچراشمىسۇن، ھەممىسى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك، ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئىشىمۇ ئاۋۇمىدى، ھەتتا قولى تىترەپ كېتىپ، چۆمۈچتىكى قوغۇشۇن سۇيۇقلۇقىنى پۇتىغا تۆكىۋالغىلى تاس قالدى. ئاباقمۇ ئۇنى يوقلاپ كىرمىدى. شەۋكەت ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرگەندە، ئانىسى بىلەن رەھمەتجاننىڭ نېمىلەر توغرۇلۇقتۇر سۆزلىشىۋاتقىنى ئۇستىدىن چۈشتى. بىراق، ئۇلار ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا گېپىنى توختىتىشۋېلىشتى. ھەرقېتىم بۇ ئۆيگە كەلگەندە، شەۋكەت بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن مۇڭدىشىدىغان، چاقچاقلىشىدىغان بۇ ئادەمنىڭ بىر تاغدىن، بىر باغدىن گەپ ئېچىپ قويۇپلا، رەيھان بىلەن بولۇپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى. پەقەت قايتىش ئالدىدا:
— شەۋكەت، سەن ئوبدان بالا. مېنى خۇش بولسۇن دېسەڭ، ھەر جەھەتتىن دىققەت قىل. ھازىر ۋەزىيەت مۇرەككەپ، سەللا بىخەستەلىك قىلىدىغان بولساڭ، ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كېتىسەن، — دەپ قويدى.
رەھمەتجان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، شەۋكەت ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، ئانىسىنىڭ ئاخشامقى قاملاشمىغان ئىش توغرۇلۇق ئۆزىگە كايىشىنى كۈتتى. لېكىن، ئانىدەم گويا ھېچ ئىش

بولمىغاندەك، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى.

«ئانام مېنىڭ هاراق ئىچكەنلىكىمنى راستىنلا بىلمىگەنمىدۇ؟— دەيتتى شەۋكەت ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ،— مەن ئۆيگە قانداق كەلدىم...... ياق. ئانامنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس! بەلكى باياتىن رەھمەتجان ئاكامغا ئاشۇ گەپنى قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، بەلكى يەن شۇجىمۇ؟......»

ئۇ مۇشۇ سوئاللارنىڭ ئىسكەنجىسىدە راسا جان قىيناۋاتقاندا، ئانار كىرىپ كەلدى.

«بەلكى ئۇمۇ......؟» قىسقىسى، شەۋكەت هازىر ھەممە ئادەمدىن ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. ھەممە ئادەمدىن گۇمانلىناتتى. ئۇنىڭغا كېرىكى يالغۇزلۇق، تىنچلىق ئىدى. بىراق، بۇ نەرسە ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك. سىرتتا — دېرىزە تۈۋىدە ئۇششاق باللار چۇرۇقلىشاتتى، توخۇلار قاقاقلىشاتتى، قويلار مەرىشەتتى...... ئۆيدە بولسا بىر ئاچ پاشا ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە توختىماي گىڭشىلدايتتى. ئابدەمنىڭ قاچا - قۇچىلارنى دەستىلىشى، ئۇ ياندىن - بۇ يانغا شىپىرلاپ مېڭىشى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ناغرا چالغاندەك ئاڭلىناتتى. ئېغى يۈرىكىنى دېمەمسىز، يۈرىكى «گۈپ - گۈپ» قىلىپ ئەنسىز سوقاتتى.

شەۋكەت ئوڭدا بولدى. ئۇ قوللىرىنى پېشانىسىگە قويغانىدى، قوللىرى ئاستىدا نېمىدۇر لۆمشۈپ مېڭىۋاتقاندەك سەسكىنىپ، ئىتتىك قوللىرىنى چۈشۈردى. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ قوللىرى قەيېرىگە تەگمىسۇن، شۇ يېرىدە نېمىدۇر مىدىرلايتتى. ئەجەبا، ئادەمنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولغان چاغدا، تومۇرىدىكى قانىنىڭ ئايلىنىشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر يۈك بولسا؟!

ئارتۇقچە ياتالماسلىقىغا كۆزى يەتكەن شەۋكەت ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا ماڭدى.

ئابدەمنىڭ ئويچان كۆزلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

## بەشىنچى باب

## بۇ مۇھەببەتمىكىنە

توۋا، تەقدىرنىڭ ماۋۇ ئىشلىرىنى! ئۇلارنىڭ بىلەت نومۇرىنىڭ ئانارلار بىلەن يانمۇيان بولۇپ قېلىشى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟!

شەۋكەت ئورۇندۇققا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ ئانار بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغىنىنى سەزدى. ئانار رەيھان بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن، يېنىدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ شەۋكەت ئىكەنلىكىنى زادىلا سەزمىدى. شۇنداقتىمۇ رەيھان تەرەپكە بىرئاز سۈرۈلدى. تەمتىرىگىنىدىن خۇدىنى يوقاتقۇدەك بولغان شەۋكەت ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ، دەرھال باشقا جايغا يۆتكىلىپ كەتكەنمۇ بولاتتى، بىراق مۇھەممەتئىمىننىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، نائىلاج پەيلىدىن ياندى.

— شەۋكەت يېنىڭدىكى ئانارمۇ نېمە؟ — مۇھەممەتئىمىن قېرىشقاندەك بويىنىنى سوزۇپ، بېشىنى شەۋكەتنىڭ يەلكىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ سورىدى.

ئۆز ئىسمىنى ئاڭلىغان ئانار ئىتتىك ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلدى.

— ۋىيەي، — دېدى ئۇ ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋازىمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، — گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، سىلەرگە سەپسالماپتىمەن!

— ھېچقىسى يوق، ئولتۇرۇۋېرىڭ، — مۇھەممەتئىمىن

ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، ئانارغا ئىلتىپات كۆرسەتتى، — نېمىشقا ئۆرە تۇرۇۋالىسىز؟ ئولتۇرۇڭ، سىڭلىم.

ئانار ئولتۇردى. شەۋكەت قوقاسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىئارام بولۇپ، بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلمايتتى.

مۇھەممەتئىمىن ئۈشتۈمتۇت سوراپ قالدى:

— ئانار، ئۆزىڭىز يالغۇز كەلگەنمىدىڭىز؟

— رەيھان بىلەن كەلگەن.

— مۇنداق دەڭ. ئىككىڭلار قالتىس ئامراق ئاچا - سىڭىل - دە! كۆز تەگمىسۇن سىڭلىلىرىم......

ئانار ۋىللىدە قىزىرىپ، رەيھاننىڭ چېكە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگىلى تۇردى. شەۋكەت تېخىمۇ قورۇنۇپ كەتتى. گەپ - گەپكە يېپىشمايۋاتاتتى. مۇھەممەتئىمىن نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك قوشۇمىسىنى بىر تۈردى - دە، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە بارىسىز؟

شەۋكەتنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋابەن ئۇ:

— مەن بار. هازىر كېلىمەن، — دېگىنىچە چوڭ - چوڭ چامداپ، ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

شەۋكەت ئەمدى تېخىمۇ ئوڭايسىز هالدا قالغاندى. ئانارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. شەۋكەت بۇنى تۇيۇپ تۇراتتى. «بارچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئانارغا تەسەللى بەرگۈسى كەلمەيتتى. تەسەللى بەرگۈسى كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بۇنى قاملاشتۇرالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، پۇشۇلداپ تىنىپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى، ئىچىدە ئۆزىنىڭ كاج تەقدىرىگە ھەم مۇھەممەتئىمىنگە كايىيتتى. راست ئەمەسمۇ، ئەگەر مۇھەممەتئىمىن زورلىمىغان بولسا، شەۋكەت بۇ يەردە نېمە ئىش قىلاتتى؟!

شەۋكەت باياتىنقى ئىشلارنى تەكرار ئەسلەپ ئۆتتى: ئۇ

ئەمدىلا ئۆيدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، مۇھەممەتئىمىن پەيدا بولۇپ قالدى.

— نەگە بارىسەن؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— ھېچ يەرگە، — شەۋكەت سوغۇققىنا جاۋاب بەردى، — دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ كېرەيمىكىن.

— مەن تېخى سەن بىلەن بىرئاز مۇڭدىشىپ چىقاي، دېگەنىدىم. يۈر، ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز بىللە چىقىپ كىرەيلى.

ئۇلار زاۋۇتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىشتى. ئۇ يەردە بىرمۇنچە كىشى پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئۇلار ئىككىيلەننى كۆرۈش بىلەنلا گېپىنى توختىتىپ، قاياقلارغىدۇر تارقاپ كېتىشتى. شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان كەڭ سېمونت يولدا چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللار ئاستا ئۇ ياندىن، بۇ يانغا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ۋېلىسىپىت مىنگەن، ئوغۇل - قىزلىرىنى يېتىلەشكەن، كۆتۈرۈشكەن توپ - توپ ئەر - خوتۇنلار نەگىدۇر ئالدىرىشاتتى، كۈلۈشەتتى، بىر - بىرى بىلەن چاقچاقلىشاتتى. ئاپتوموبىللارنىڭ سىگناللىرى، ۋېلىسىپىت قوڭغۇراقلىرىنىڭ جىرىڭلىشى ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەچ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. كەچكى شەپەق ئاللىقاچان ئۆچكەنىدى. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى مىدىر-سىدىر قىلمايتتى. يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن گۈللۈكلەردە ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەردىن چېچىلغان خۇش پۇراق دىماقلارنى غىدىقلايتتى.

شەۋكەت زېرىككىشكە باشلىدى.

مۇھەممەتئىمىن تاماكىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە، كىمنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك، ئالدىدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەم، ھەربىر ئاپتوموبىلغا يېنىشلاپ - يېنىشلاپ تىكىلەتتى. تاقىتى تاق بولغان شەۋكەت ئۇنىڭدىن بىرەر ئىنجا چىقىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

ئاخىر مۇھەممەتئىمىن تىلغا كىردى:

— يىۋر، — دېدى ئۇ ۋە پىيادىلەر يولىدىن چوڭ يولغا چۈشتى، — كىنو كۆرگەچ مۇڭدىشايلى.

شەۋكەت باياتىن ئانارغا قىلغان مۇئامىلىسىنى غىل - پاللا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى - دە، تېنى شۈركىنىپ، كۆڭلى بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئەمما، ھايال ئۆتمەي مۇھەممەتئىمىننىڭ كەينىدىن ئەگەشتى......

مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن شەۋكەت ھە دەپ ئەتراپىغا قارايتتى. مۇھەممەتئىمىننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

«ئۇنىڭ ماڭا نېمە گېپى بولغىيدى؟ — دەيتتى شەۋكەت ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، — ھەقچان ئەتىگەن يەن شۇجى بىلەن نېمە دېيىشكەنلىكىمنى سوراپ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىم ھەققىدە بىرەر ياخشى مەسلىھەت بېرەمتىكىن؟ ھەممىسى مۇشۇ ئانارنىڭ كاساپىتى! ھە، توغرا، ئەگەر ئۇ مېنى قەستەن ئانار بىلەن بىر يەرگە ئەكېلىپ قويماقچى بولغان بولسىچۇ؟ ياق، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇ بىلەتنى تۆشۈكتىن سېتىۋالغان تۇرسا...... ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى!

گۈلدۈرلەپ ئېتىلغان زەمبىرەك ئاۋازى شەۋكەتنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى. «قەھرىمان ئوغۇل - قىزلار» ناملىق فىلىم باشلىنىپ كەتكەنىدى. شەۋكەت ئېكرانغا تىكىلدى. ئەمما ھېچكىمنىڭ قىياپىتى، ھېچكىمنىڭ پائالىيىتى شەۋكەتنىڭ ئېسىدە قالمىدى.

قىسقىسى، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن، ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغانىدى.

نېمە ئۈچۈن؟

بۇنى شەۋكەتنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

مانا، فىلىمنىڭ باش قەھرىمانى — ياش جەڭچى ۋاڭ چىڭ

قوۋرۇقىدىن پۇرقىراپ ئىس چىقىپ تۇرغان نوغۇچقا ئوخشاش ئۇزۇن بومبىنى مەھكەم تۇتقىنىچە، ئۆزىنى تىرىك تۇتۇش كويىدا ۋەھشىيلەرچە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى ئۈستىگە باتۇرلارچە ئېتىلدى. «گۇمباك!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ھەممە يەرنى ئىس - تۈتەك قاپلاپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى. ۋاڭ چېڭمۇ......

ئەنە شۇ چاغدىلا شەۋكەت ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭ كىرپىكلىرى نەملەنگەنىدى. غەزەپتىن مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. يۈرىكى ئېچىشقىنىدىن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى.

«ۋاڭ چېڭ...... ئەگەر مەنمۇ......»

شەۋكەت خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

«شەۋكەت، سەن ئەخمەق! سەن قورقۇنچاق!»

ۋاڭ چېڭ شەۋكەتنى ئەنە شۇنداق مەسخىرە قىلماقتا ئىدى......

كېنو تۈگىدى. شەۋكەت ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئانار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى سەزدى.

«ئۇنىڭغا قارىماي كېتىۋېرەيمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟»

قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى ئانار تەرەپكە تارتاتتى. ئۇمۇ شۇ كۈچكە ئەسىر بولۇپ، جايىدىن قىمىرلىمىدى.

لېكىن، ئانار ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن، كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ، زالدىن چىقىپ كېتىپ باراتتى.

شەۋكەت ئالدىراپ قالدى: ئۇ ئەتراپقا ئالاق - جالاق بىر قارىۋېلىپ، ئانارنىڭ كەينىدىن ئۈچتى. پۈتۈن زېھنىنى ئىككى كۆزىگە يىغىپ، مىڭلىغان ئادەملەر ئارىسىدا ھېلى كۆرۈنۈپ، ھېلى كۆرۈنمەي، ئالدىراش زالدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئانارنى قوغلاپ كېتىپ باراتتى. دىققەتسىزلىكتىن ئۆزى سوقۇۋەتكەن كىشىلەرنىڭ

تاپا ـ تەنىلىرى، كايىشلىرى زادىلا قۇلىقىغا كىرمەيتتى......

ــ ئانار، توختىڭە!

شەۋكەت كىنوخانىدىن چىقىپ، يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، ئانار بىلەن رەيھانغا يېتىشىۋالغانىدى. ئانار ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، شەۋكەتكە بىرلا قاراپ قويدى ـ دە، قەدىمىنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتتى.

ــ ئانار، توختىسىڭىزچۇ!

ئانارغا شەۋكەت يىغلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى دۈپۈلدەپ، پۇتلىرى ئىختىيارسىز ھەرىكەتتىن توختىدى.

بۇ چاغدا ئۇلار باشقىلاردىن خېلىلا ئۈزۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇلۇڭ ـ باراقسان ئاكاتسىيە دەرىخى بىلەن قاپلانغان پىيادىلەر يولىغا چىقىپ قېلىشقانىدى.

ــ ھە، نېمە دەيسىز؟

ــ سىزگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

ــ ماڭا؟ ھىم...... دەڭە، نېمە دەيتتىڭىز؟

ــ باياتىن؟

ــ باياتىن نېمە بولدى؟

ــ مەندىن خاپا بولدىڭىزمۇ؟

ــ نېمە؟ سىزدىن خاپا بولۇپ نېمە كەپتىكەن؟! ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ! مەنچۇ، خاپىلىقتىن ئون يىل كېيىن تۇغۇلغان!

ــ ئانار......

ــ ھە، مەن ئانار. «ئانار، ئانار» دەۋەرگۈچە، گېپىڭىزنى ئوچۇق دەۋېرىڭە! نېمە دەيسىز زادى؟

ئانار گېپىنى تۈگىتىپ، ئەتراپىغا قاراپ قويدى. رەيھان كۆرۈنمەيتتى، يولدا ئىككىسىلا قالغانىدى.

«ھۇ شەيتان قىز!» دېدى ئانار ئىچىدە ۋە كۆزىنىڭ

قۇيرۇقىدا شەۋكەتكە سەپسالدى: شەۋكەت گويا ئوقۇتقۇچىسى ئالدىدا تەنبىھ ئاڭلاۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك تىرنىقىنى تاتىلاپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇ يۇتىدىن بۇ يۇتىغا يۆتكىلەتتى. ئانارغا تىك بېقىپ قارىيالمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئانارنىڭ بىر تۇرۇپ ئاچچىقى كېلەتتى، بىر تۇرۇپ رەھىمى كېلەتتى. ئىچى سىقىلغىنىدىن، يا شەۋكەتنى تاشلاپ ئۆز يولىغا كېتىۋېرىشنى، يا بىرئاز سەۋر قىلىپ، ئۇنىڭ تاققا ـ تۇققا گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېقىپ، تۆت ئېغىز بىرنەرسە دەپلا قورساقنى بوشىتىۋېلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى.

ئانار مۇشۇنداق دېلىغۇللۇق ئىچىدە تۇرغاندا، شەۋكەت زۇۋانغا كەلدى:

— ئانار، — دېدى ئۇ قورۇنۇپراق، — باياتىن سىز ئۆيگە كىرگەن چاغدا، بېشىم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى......

— مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ساقىيىپ قاپسىز ـ دە! — ئانار شەۋكەتنىڭ سۆزىنى كەسكىن بۆلدى ۋە تازا كېلىشتۈرۈپ چېقىۋالدى، — ئەگەر مۇنداق قىلىشىڭىزنى بىلگەن بولسام بارغۇ، ئۆيىڭىزگە كىرمەك تۇرماق، دىدارىڭىزغىمۇ قارىمايتتىم! «ياخشىلىققا يامانلىق ھەر جايدا بار» دەپ، بەكمۇ ئوبدان قىلدىڭىز! قېنى، بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشۈپ باقارمىز!

ئانار مېڭىشقا تەمشەلدى. شەۋكەت قانداقتۇر بىر غايىب كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى ـ يۇ، ئۆمرىدە قىزلارنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغىنى ئۈچۈن، ھودۇققىنىدىن پۈتۈن تېنىنى سۈر بېسىپ، ئۆز ئىشىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ، پۇشايمان قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟! شەۋكەت ئەمدى ئانارنىڭ ئۆزىنى قاتتىق سىلكىشلىشى، ھەتتا تىللىشىنى كۈتەتتى.

قىزىق ئىش: ئانار يا سىلكىشلىمىدى، يا تىللىمىدى، قولىنى تارتىپمۇ ئالمىدى. پەقەت يۈزىنى شەۋكەتتىن ئېلىپ قاچتى. تۇرغان جايىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. بۇ هال دەسلەپ شەۋكەتنى خېلىلا هودۇقتۇرغان بولسىمۇ، كېيىن بىر ئاز جۈرئەت بېغىشلىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، باياتىن ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ۋە قانداق بولۇپ مۇهەممەتئىمىن بىلەن بىرلىكتە كىنوغا كىرىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈردى. ئاخىردا:

— مەن نەس باسقان ئادەممەن، مېنى كەچۈرۈڭ! — دېدى.

— يالغان گەپ قىلماڭ! — ئانار شارتتىدە بۇرۇلۇپ شەۋكەتنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى. شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى ئايانچلىق پىلدىرلايتتى، — هازىرمۇ مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامسىز؟ مەن بارغۇ، هەممە ئىشنى بىلىمەن! نەچچە ۋاقىتتىنگىزى گەپ قىلمىسام، مېنى دۆتمىكىن دەۋاتامسىز؟ خاتا ئويلاپسىز، مەن دۆت ئەمەس، شەۋكەت!

شۇنداق، ئانار هەقىقەتەن دۆت ئەمەس ئىدى. ئۇ يىل هېسابىدا شەۋكەت بىلەن تەڭ، ئاي هېسابىدا ئۇنىڭدىن يېرىم ياش كىچىك ئىدى، ئۇلار تام قوشنا بولغاچ، بىللە ئويناپ، بىللە ئۆستى. بەزىدە ئانىلىرى ئۇلارنى ئەركىلىتىپ، چوڭ بولغاندا كىمنى ئالىدىغانلىقى ۋە كىمگە تېگىدىغانلىقىنى سورىغاندا، شەۋكەت قىلچە دۇدۇقلىماستىن: «ئانارنى ئالىمەنغۇ!» دەيتتى. ئانار بولسا، يا يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ، تالاغا قېچىپ چىقىپ كېتەتتى، ياكى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، يۇمران قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالاتتى، كۆكرەك ۋە مۈرىلىرىگە ئۇراتتى، يۈزىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە يېقىۋېلىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا شەۋكەتكە قاراپ پىخىلداپ كۈلەتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئانىلارنىڭ كۈلكىسى ئۆينى كۆتۈرۈۋېتەتتى.

ئانىلارنىڭ بۇ چاقچىقى ئادەتتىكى چاقچاق بولماستىن، بەلكى

ئۇلارنىڭ يۈرەك ئارزۇسى ئىدى. ئولتۇرسا - قوپسا پەرزەنتلىرىنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇپ، قاتارغا قوشۇلۇشىنى تىلەيتتى.

بىراق، باللار ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەندە، كاج پەلەك ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتتى. ئالتە يىلدىن كېيىن، تەقدىر يەنە غەلىتە بىر ئويۇن ئويناپ، كىچىككىنە رەيھاننى سانىخان ئاچىغا تاشلاپ بەردى. ئاناردىن كىچىك بالا بولمىغان بۇ ئائىلىگە رەيھان ناھايىتى چوڭ ئەرمەك بولدى. ئابدەملەر قايتىپ كەلگەندە، رەيھان باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن؛ ئانار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ھەرپ تىزىش ئىشچىسى بولغانىدى. دەسلەپ رەيھان ئانىسى بىلەن ئاكىسىغا تازا يېپىشىپ كېتەلمىدى: بىر كۈن ئۇ ئۆيدە، بىر كۈن بۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ يۈردى. بۇنىڭدىن رامىزان ئاكا بىلەن سانىخان ئاچىلار بىئارام ئىدى. شۇنچە يىل بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئانا - باللىنى بىر-بىرىگە قاندۇرمىسا ئەپلەشمەيدۇ - دە! ئۇلار ئانارنىڭ قولىقىنى تولغاپ، ئۇنىڭ نەسىھەت قىلىشى ئارقىلىق، ئاخىر رەيھاننى ئۆز ئۆيدە يېتىپ - قوپۇشقا كۆندۈردى. لېكىن، ئانار رەيھاننىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ۋە ئابدەمنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئىككى ئائىلىنىڭ كۆڭلىدە شەۋكەت بىلەن ئانارنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويۇش ئارزۇسى يېكىباشتىن بىخ تارتتى. رامىزان ئاكىمۇ بۇ ئىشقا قارشى ئەمەس ئىدى. لېكىن، ھەر ئىككى تەرەپ بۇ «ئۆمۈر سودىسى»نىڭ تاشنى تاياققا تاڭغاندەك ئىش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆز مۇددىئالىرىنى پىنھان تۇتۇشاتتى، ئانار بىلەن شەۋكەتنىڭ بىر - بىرىگە كۆڭلى بار - يوقلۇقى تېخى نامەلۇم ئىدى.

مۆرىتى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئانار كىچىكىدىنلا شوخ، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، ئايىغى يېنىك، قولى

چاققان، كۆڭلى تۈز، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەكمۇ چىرايلىق قىز بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ تېخى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭغا گەپ تاشلىغان؛ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ، ئارقىمۇئارقا خەتلەر يازغان؛ كىنو ـ تىياتىرغا تەكلىپ قىلغان؛ ئائىلىسىگە ئەلچى كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەممىسىنى رەت قىلغانىدى. ئابدەملەر زاۋۇتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەۋكەت ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە مۇلايىملىقى، كەم سۆز، ئىشچان، ئاددىي ـ ساددا، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سەمىمىي، ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ئانارنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن جاي ئالدى. ئۇ شەۋكەتنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەت قىلاتتى؛ ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى ئاڭلىسا، يۈرىكى سۆيۈنەتتى؛ يامان گېپىنى ئاڭلىسا، كۆڭلى غەش بولاتتى؛ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بازار ـ ئۇچارغا، كىنو ـ تىياتىرغا باراتتى؛ سائەتلەپ ـ سائەتلەپ مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مەسلىھەتلىرىنى بېرەتتى؛ ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇنىڭ مەسلىھەتلىرىنىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. گەرچە بۇنداق مۇئامىلىنى بەزىلەرنىڭ دولىسىدا پال بېقىپ قىياس قىلغىنىدەك، قانداقتۇر «مۇھەببەت» دېگىلى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا «تەبىئىي شەكىللەنگەن ئامراقلىق» دېيىشكە يېتەرلىك ئاساس بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

خوش، شەۋكەتچۇ؟ ئۇمۇ ئانارغا ئوخشاشلا ھېسسىياتتا ئىدى. شۇڭا، ئانار بىلەن بىر يەردە بولسا، تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ ئولتۇرمايتتى؛ بىرەر يېڭىلىقنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ياكى بىرنېمىنى ئويلىغان بولسا، ئانارغا دېمىگۈچە كۆڭلى تىنمايتتى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئارىسى كۈندىن ـ كۈنگە يېقىنلىشىپ، بىر ـ بىرىگە ئامراقلىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بارماقتا ئىدى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا: «ئانار بىلەن شەۋكەت مۇھەببەت باغلاپتۇ» دېگەن سۆز ـ چۆچەك پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار مۇنداق سۆز ـ

چۆچەك ۋە دارىتما گەپلەرگە يا خاپا بولۇشنى، يا خۇشال بولۇشنى بىلەلمەي، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتەتتى. لېكىن، بۇ گەپلەرنى ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە يەتكۈزمەيتتى.

ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بىر ھادىسە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالدى:

*بىركۈنى شەۋكەت ھەرپ تىزىش سېخىدىكى كېرەكتىن چىققان قوغۇشۇن ھەرپلەرنى رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىغا بېسىپ، ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىشىغا، ئىشىك ئالدىدا نەگىدۇر قاراپ تۇرغان ئانارنى كۆردى. ئانار شەۋكەتنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى. شەۋكەت دەسلەپ ئۇنى ئۇدۇل يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، بىردىن شوخلۇقى تۇتۇپ، ھارۋىنى ئۇدۇل ئانارغا قارىتىپ ئىتتىردى. كىم بىلسۇن، ئانار چۆچۈگىنىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلدى - دە:*

*— ۋىيەي، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدىيا ئادەمنى! ئەسكىنىڭ قىلىقىنىڭ سەتلىكىنى! — دېۋەتتى.*

*— «ئەسكى؟» چاقچاق قىلىپ قويسام تىللاۋاتقىنىنى! «ئەسكى» دېگەن سىزدىن ئۆتەر بولماس؟ ۋاي كۆزۈمنىڭ سەتى!*

*شەۋكەت بۇ گەپلەرنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قىلغانىدى، بىراق ئادەتتە بۇنداق چاقچاقلارنى چىۋىقىغا ئالمايدىغان ئانارنىڭ چىرايى غەلىتە ئۆزگىرىپ، ئاغزىنى قويۇپلىۋەتتى:*

*— نېمە؟ يەنە بىر دەڭە! «چاقچاق قىلدىم؟» ماڭا چاقچاق قىلىمەن دېگۈچە، يۈزىڭىزدىكى مەينەتچىلىكنى ئالدىۋەتسىڭىزچۇ كاشكى!*

*ئانار گېپىنى تۈگىتىپلا، سېخقا كىرىپ كەتتى.*

*بۇنداق زەربىنى كۈتمىگەن شەۋكەتنىڭ چىرايى تامدەك*

تاتىرىپ كەتتى. ئۇ زاغۇن يىگەن موزايدەك خاراموش ھالدا بىرھازا جىمجىت تۇرۇپ كەتتى. كېيىن، ھارۋىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىرىپ، قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ھارۋىنى «جالاققىدە» تاشلىۋەتتى.

«يۈزىگىزدىكى مەينەتچىلىكنى ئادالىۋەتسىڭىزچۇ كاشكى!»

«بەلكى چاقچاق قىلىپ دېگەندۇ؟ ياق، مېنىڭ يۈزۈملا ئەمەس، ھەممە يېرىم مەينەت...... قولۇممۇ، ئۈستىبېشىممۇ......»

شەۋكەت ئەمدى بىلدى: ئەگەر ئۇ قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيىدىلا ئىشلەيدىكەن، ھېچقاچان مەينەتچىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ! مۇنداق گەپلەرنى ئانارلا دەۋاتقىنى يوق، ئاباق ۋە ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئاغىنىلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىپمۇ، چاقچاق قىلىپمۇ، ئىچ ئاغرىتىپمۇ دېگەن. شەۋكەت زادىلا قۇلاق سالمىغان. ئەكسىچە، مۇنداق ئاغىنىلىرىنىڭ بەزىلىرىدىن يىراقلاشقان، بەزىلىرىگە بۇرۇنقىدەك ئانچە بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەيدىغان بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۆز سىڭلىسىدەك يېقىن ئادىمى، ھال ـ مۇڭداشقۇچىسى ئۇنى «مەينەت» دەپ تىللاۋاتىدۇ.

«ئاھ، بىتەلەيلىك! ئاھ، شور پېشانىلىك!»

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەستىن، شەۋكەت بۇ مەينەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشقا قەتئىي بەل باغلىدى. بىراق، يەن شۇجىنىڭ لەۋزىنى يىرالماي، دېمىنى ئىچىگە يۇتتى. كۆڭلى بەرىبىر چىۋىن يېۋالغاندەك غەش ئىدى. مۇشۇ غەشلىك تۈپەيلىدىن، ئانار بىلەن بىللە كىنوغا بېرىشنى رەت قىلغانىدى.

ئانارنىڭ شەۋكەتنى كىنوغا ئېلىپ بارماقچى بولۇشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى: ئانار شەۋكەتكە قىلغان ھېلىقى قوپاللىقىغا ئارىدىن مىنۇت ئۆتمەي پۇشايمان قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەسلىدە ئۇ ھەرپ تىزىش جەريانىدا نەچچە قۇر خەتنى تىزماي ئاتلاپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولۇپ،

*كاللىسنى بىردەم سەگىتىپ كىرىش مەقسىتىدە سىرتقا چىققانىدى. شەۋكەتنىڭ چاقچىقى ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك ئىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەۋكەتنى رەنجىتىپ قويدى. شۇ كۈنى كەچتە، ئانار ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە رەيھاننىڭ قېشىغا كىردى. شەۋكەتمۇ ئۆيدە بار ئىدى. ئانارنى كۆرۈش بىلەنلا، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشلار نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. بارا ـ بارا ئانارمۇ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراش خىيالىدىن ۋاز كېچىشكە تەييارلاندى...... تۈنۈگۈن تارقالغان شەۋكەتنىڭ ئىش تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا زادى ئارام بەرمىدى. شۇڭا، «يۈزىنى داپتەك قىلىپ»، شەۋكەتنى كىنوغا تەكلىپ قىلدى......*

ــ ئانار، سىز دۆت ئەمەس، ئۆزۈم دۆت، ــ دېدى شەۋكەت خېلىدىن كېيىن ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ، ــ دۆت بولمىسام، سىزنى رەنجىتىپ قويامتىم؟ مېنى كەچۈرۈڭ! مەن......

شەۋكەت گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. كۆزلىرى بەتىنكىسىنىڭ ئۇچىغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى جاھىللىقى تۇتقان ئانارنى يۇمشاتتى.

ــ شەۋكەت، ــ دېدى ئۇ يىغلىغاندەك يۇمشاپ، ئەمما جىددىي تەلەپپۇزدا، ــ تۈنۈگۈن سىز ھەقىقەتەن قاملاشمىغان ئىش قىپسىز، ئويلاپ بېقىڭە: كىچىككىنە مەينەتچىلىككە، ئىسسىققا، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدىماي، ئىش تاشلاپ يېتىۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ بىلەمسىز، ھازىر زاۋۇتتىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا سىزنىڭ گېپىڭىز بولۇۋاتىدۇ...... ھېلىمۇ ياخشى، دەرھال ئەقلىڭىزنى تېپىپسىز. بولمىسا......

ئانار بىردىن جىم بولۇپ قالدى.

شەۋكەت چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ـ دە: «ئانار ئەمدى:

«تونۇگۇن نېمىشقا ھاراق ئىچتىڭىز؟» دەپ سورىغىلى تۇرسا، قانداق قىلارمەن؟......» دېگەنلەرنى ئويلاپ تېخىمۇ قورۇنۇپ كەتتى.

لېكىن، ئانار ھېچ نەرسە سورىمىدى. ھەتتا ئۆزى قىلغان گەپتىن ئۆزى خىجىل بولۇۋاتقاندەك، بىر ئۆرۈم چېچىنىڭ ئۇچىنى دەم ئۆرۈش، دەم چۇۋۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇ ھال شەۋكەتنىڭ پۇت ـ قولىغا ماغدۇر بەخش ئەتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ تونۇگۇن بولۇشىغا ھاراق ئىچىپ، ئۆلگۇدەك مەست بولۇپ، نەلەردىدۇر تىنەپ يۈرگەنلىكىنى خا تەشكىل، خا ئانار، خا باشقىلارنىڭ زادىلا تۇيماي قالغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەندى، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللاندى، تىلىمۇ دۇلدۇلدەك يورغىلاپ كەتتى:

ــ ئانار، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن بۇ قېتىم ھەقىقەتەن قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ھەرنېمە دېسىڭىز ھەق! مەن ساراڭ، مەن كالۋا...... مېنى بەزىلەرنىڭ مەسخىرىسى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان...... مەن......

ــ ھە؟ مېنىڭ «مەينەت» دېگەن چاقچىقىم......

ــ ياق، ياق! ئانار، مەن سىزدىن خۇش بولاي، ئۇ گەپنى ھەرگىز تىلغا ئالماڭ! سىز ئەمەس، باشقىلار......

شەۋكەت بىر قىسىم سەپداشلىرىنىڭ چاقچاققا پۇتلاپ: «پىخسىق»، «ياشلىقنىڭ لەززىتىنى سۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئەخمەق»، «ياغ چاپان»، «جاپاكەش كالا» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىدىغانلىقى، ھەتتا: «قوغۇشۇن بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلگۈك كېلىۋاتامدۇ؟!......» دەپ تەنە قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

ــ ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە! ــ ئانار خورسىنغان ھالدا چوڭقۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى، ــ سىز بۇنى نېمىشقا بالدۇرراق تەشكىلگە ياكى ماڭا دېمىدىڭىز؟

— ......

شەۋكەت خىجالەت بولغىنىدىن، ئانارنىڭ كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ئانار سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تارتىنىپسىز - دە؟ ھېچقىسى يوق. خىجىل بولماڭ......

ئانار يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى، دېمىدى. نېمە ئۈچۈن دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۆزىلا بىلەتتى......

شەۋكەت ئېغىر تىندى. ئانار ئەتراپقا ئالاق - جالاق كۆز يۈگۈرتتى - دە:

— ۋىيەي، ماۋۇ ئىشنى! — دېدى ئەندىكىپ، — كوچىدا ھېچكىم قالماپتىغۇ! يۈرۈڭ، دەرۋازا تاقىلىپ قالمىسۇن يەنە......

ئۇلار بىر - بىرىگە يېقىن ياندىشىپ، ئالدىراش يولنى داۋام قىلدى. يول بويى بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىشمىدى، بىر - بىرىگە تىك بېقىپمۇ قاراشمىدى. زاۋۇتنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ئۆيگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە، شەۋكەت ئانارغا بۇرۇلۇپ:

— ماڭا قارىڭە، ئانار، — دېدى بىردىن جۈرئەتلىنىپ، — مېنىڭ ئابايامقى قوپاللىقىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ جۇمۇ!

خىيالەتتە كېتىۋاتقان ئانار شەۋكەتكە قىيا باقتى - يۇ، يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ، دەرھال كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى. چۈنكى ئۇ شەۋكەتنىڭ كۆزلىرىدە ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە بىر نۇرنى كۆرگەندەك بولغانىدى. باشقا چاغ بولغان بولسىغۇ، پىسەنتمۇ قىلمىغان بولاتتى. لېكىن ھازىر......

شەۋكەت ئانارغا دېلىغۇللۇق ئىچىدە تەلمۈرەتتى.

ئانار ئۈندىمەستىن نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا:

— سىزمۇ مېنىڭ قايسى كۈنكى قوپاللىقىمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋەتكەن بولسىڭىز...... — دەپ دۇدۇقلىغانىدى، شەۋكەت

ئۆزگە يات ئاۋازدا:
— راست دەۋاتامسىز، ئانار؟ — دەپ ئۈنلۈك تووۇلىۋەتتى.
— راست بولماي! ئىشەنمەيۋاتامسىز؟
شەۋكەتكە ئەمدى ئاناردىن يەنە نېمىلەرنىدۇر سوراش پۈتۈنلەي ئارتۇقچە ئىش ئىدى.
ئانارمۇ بۇنى سەزگەندەك، شەۋكەتكە قىيا باقتى.
ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، چىرايلارغا ئىللىق تەبەسسۇم ياماشتى. بىر جۈپ يۈرەك شوخ تىپچەكلەيتتى. تومۇرلاردا ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان قان بىر سېكۇنت توختاپ قالغاندەك بولدى.
بۇ مۇھەببەتمىكىنە؟
خا ئانار، خا شەۋكەت بۇ سوئالنى ئېسىگىمۇ كەلتۈرۈپ باققىنى يوق. ھەر ئىككىيلەن تەڭلا بىر - بىرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشتى......
— خوش، ئانار.
— خوش، شەۋكەت.
— ......
شەۋكەت تاكى ئانار ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلىگىچە، تۇرغان جايىدىن قىمىرلىمىدى. كۆزلىرى ئەمدى ئاسماندىكى تولۇن ئايدا ئىدى......
شەۋكەت بىلەن ئانارنىڭ ياتىقى تام قوشنا ئىدى. كارىۋاتلىرىمۇ قوشنا بولۇپ، بىرلا تام ئايرىپ تۇراتتى. بۇنى ئانارمۇ، شەۋكەتمۇ بىلەتتى. لېكىن، بۇ قوشنىدارچىلىقنى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مۇنداق چوڭقۇر ھېس قىلىشمىغانىدى.
شەۋكەت ئۆيگە كىرىپ، كارىۋاتقا شۇنداق ئولتۇرۇشىغا، كەينى تەرەپتىن نېمىنىڭدۇر غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سالغانىدى،

غىچىرلاش تىخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى.
بۇ ئانارنىڭ كارىۋىتىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئىدى.
شەۋكەتنىڭ قۇلىقىدا ئانارنىڭ ماۋۇ سۆزلىرى جاراڭلايتتى:
«سىزمۇ مېنىڭ قايسى كۈنكى قوپاللىقىمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋەتكەن بولسىڭىز.......»
«بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟ شۇنداقلا بىر دەپ تاشلىغان گەپمۇ-يا.......؟»
شەۋكەت مۇشۇلارنى ئويلىغاچ، ئۈستىبېشىنى سېلىپ يوتقانغا كىردى - دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئانارنىڭ ئايدەك ھۆسنى، خۇش پىچىم بەستى، ئوغۇل بالىدەك شوخ، كەسكىن مىجەز - خۇلقى تەكرار نامايان بولدى.
«ئۇ مېنى يارىتارمۇ؟»
شەۋكەت ئىچىدە ئېيتقان بۇ سۆزلەرنى كىمدۇر بىرى ئاڭلاپ قالغاندەك خۇدۇكسىرەپ، ئىتتىك كۆزىنى ئاچتى. ئوچۇق دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان ئاينىڭ شولىسى ئۇدۇللا ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. تاشقارقى ئۆيدىن ئابىدەمنىڭ يەڭگىل «ئۇھ» تارتقىنى ئاڭلاندى. شەۋكەتنىڭ بوغۇزىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك نەپىسى قىسىلىپ، ئىچى تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. پۇتلىرىنى دەم يىغىپ، دەم سوزاتتى. قوللىرىنى ھېلى ئۇ يانغا، ھېلى بۇ يانغا تاشلايتتى......
ئاخىر ئۇ نەپەس ئالالماي يوتقاننى ئېچىۋەتتى، ئەمما تېخىمۇ ئىسسىپ كەتتى. ئوچۇق دېرىزىدىن توختاۋسىز ئېقىپ كىرىۋاتقان غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭغا ھېچقانچە ھۇزۇر بېغىشلىمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى. شەۋكەت تېخىمۇ سەگەكلىشىپ قۇلىقىنى دىڭ قىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا كېرىكى ئاشۇ مۇزىكىدەك يېقىملىق، يۈرەكنى ئويناتقۇچى سادانىڭ يەنە بىر

قېتىم (ياق! داۋاملىق) تەكرارلىنىشى ئىدى.

ئەپسۇسكى، بۇ سادا تەكرارلانمىدى!

شەۋكەت دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ تىڭشىغان بولسىمۇ، تامدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى!!!

ئىككىيلەننى مۇشۇ ئارىلىق ئايرىپ تۇراتتى.

شەۋكەتنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈيقۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئايمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك غەلىتە كۈلۈمسىرەيتتى......

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن؟ ئايمۇ ئاللىقاچان قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى. بىپايان ھاۋا بوشلۇقىدا سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. شەۋكەت يۈزىنى تام تەرەپكە قىلدى. ئۆي ئىچى ۋاللىدە يورۇپ، زەدىۋالغا چۈشۈرۈلگەن رەڭگارەڭ گۈللەر تېخىمۇ ھۆسنىگە تولۇپ، شاخلار ئارىسىدا خۇش ناۋا قۇشلار زوق- شوق بىلەن سايرىغاندەك بولدى. ھايال ئۆتمەي، گۈللۈك ئارىلاپ ئانار چىقىپ كەلدى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق خۇشخۇي ئىدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا گۈللەرنىڭ گۈزەللىكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان خەسكە ئايلاندى.

— ئۇ-ھ-.

شەۋكەت سوزۇپ بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:

«ئانار ئۇخلىغانمىدۇ؟»

ياق. ئانار ئويغاق ئىدى! ئۇ ئاشۇ تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە جىم يېتىپ، يىگىرمە يىللىق ئۆمرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى خورلۇق، ئازاب، ھەسرەت ـ پىغان، ھىجران ئازابىدا ئۆتكەن شەۋكەتنىڭ ھەممە بەختسىزلىكلىرى؛ ئۇنىڭ باللارچە ئاق كۆڭۈل، تارتىنچاقلىقى......نى تەكرار ـ تەكرار كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۆزىنىڭ ئادەتتىن

تاشقىرى شەپشەكلىكى، توسۇن تايدەك شوخ مىجەزى، قىلىچتەك ئۆتكۈر تىلى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سالغان جاراھەتنى تولۇق ساقايتىۋەتكۈسى؛ يۈرىكىنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى بىلەن ئۇنىڭ شىكەستىلەنگەن يۈرىكىگە مەلھەم بولغۇسى كېلەتتى......

نېمە ئۈچۈن؟

بۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل سىرى ئىدى. بۇنى ھېچكىمگە ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى!

شەۋكەتنىڭ شوخلۇقى تۇتتى: ئۇ كۆزلىرىنى ئوتقاشتەك قىزىل، ھۆسنىگە تولۇپ ئېچىلغان بىر ئەتىرگۈلگە تىككىنىچە پىسسىگىدە كۈلدى. كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئاشۇ گۈلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئالتۇندەك جۇلالىنىپ تۇرغان گۈل تاجىسىغا يەڭگىلگىنە چەكتى.

بۇ سادا ئانارنىڭ خىيال قۇشلىرىنى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇۋەتتى. ئانارنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ، تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. قىيا يۇمۇق كۆزلىرى بىئىختىيار ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى تام تەرەپكە قىيا بۇرۇماقچى بولغانىدى، جەينىكى تامغا «دوققىدە» تېگىپ كەتتى. مۇشۇ چاغدا بايىقى سادا يەنە تەكرارلاندى:

«تاك ـ تاك ـ تاك!»

«ۋىيەي، بۇ شەۋكەت ئوخشامدۇ؟!» ئانارنىڭ ۋۇجۇدىغا يامرىغان يالقۇن غايىب قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ كېكىردىكىنى بوغدى. ئۇ يا نەپەس ئالالمايتتى، يا بىرەر ئەزايىنى مىدىرلىتالمايتتى. كۆزلىرى ئوتتۇز سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئاشۇ تامغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. ئەمما، ھازىرلا چىراغ يېقىلىپ كېتىپ، كىمدۇر بىرى ئۆزىنىڭ بۇ غەلىتە ھالىتىنى كۆرۈپ قېلىپ، بولۇشىغا مەسخىرە قىلىدىغاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن ئەندىكەتتى.

ئۆزىنى ئوگۈلۈۋالاي دېسە، قانداقتۇر غايىب كۈچنىڭ بېسىمى ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەيتتى. ئاخىر، يەنىلا ئۇنىڭ كاللىسى كارغا كەلدى. «ئەستا...... شەۋكەت ئويغاق ئىكەن ـ دە؟! مېنىڭ بۇ جەينىكىم...... شەۋكەت نېمە دەپ قالغاندۇ؟ ئەجەبمۇ سەت ئىش بولدى...... ئەتە شەۋكەتنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارارمەن؟! ئۇ ـ ھ ـ ھ......»

ئانار سوزۇپ بىر نەپەس ئېلىپ، تېخىچە تامغا تېگىپ تۇرغان جەينىكىنى ئاستا تارتىۋالدى ـ دە، كۆزلىرىنى قىيا يۇمدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىمۇ شەۋكەت، يۈرىكىدىمۇ شەۋكەت تۇراتتى.

ياشلىق، ئاھ...... گۈزەل ياشلىق!



# ئالتىنچى باب

## يېڭى سېختا

شەۋكەتنىڭ باسما سېخىغا يۆتكەلگىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى.

شەۋكەت ئۆزىنى قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيىدىن يۆتكەش توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، خۇشاللىنىش ئورنىغا قاپىقىنى سىلىپ، چوڭقۇر ئويغا چۆمدى. ئەسلىدە ئۇ مەڭگۈ مۇشۇ ئورۇندا ئىشلەپ قېلىشقا نىيەت باغلىغانىدى!

كۆپىنچە، تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىر ئىش ياكى تاسادىپىي ئېيتىلغان بىرەر ئېغىز سۆز ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا، ئادەمگە ئىنتايىن چوڭ ئەقىل بېرىدۇ. ھېلىقى قاملاشمىغان ۋەقەدىن بىر ھەپتە كېيىن ـــ شەنبە كۈنى ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن ئايۇپ ئاكا بىلەن سۇلايمان ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شەۋكەت خۇشاللىقىدا كىيىم يەڭگۈشلەشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئىش كىيىمى بىلەنلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ـــ ۋوي، شەۋكەتقۇ بۇ! ـــ ئايۇپ ئاكا ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا سۆزلىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئۇنىڭ دولىسىغا قاقتى، ـــ قارا سېنى! چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ! توۋا، بۇنىڭ بۇغراجانغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپ قالغىنىنى! ھەي...... ئادەم ئۇششاق يېشنى

ياشاپ بولسا، پۇررىدە چوڭ بولۇپ كېتىدىكەن...... ماۋۇ كىيىمنىڭ ياراشقىنىنى دېمەمدىغان تېخى! مۇشۇ كىيىمگە لايىق ئىش قىلىۋاتقانسەن، يا شەھەرنىڭ بايۋەچچىلىرىنى دوراپ، تاغقا بۇيرۇسا باغقا چېپىپ يۈرەمسەن؟ — شەۋكەت ئوڭايسىزلانغىنىدىن «ۋىللىدە» قىزىرىپ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى، — چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئايۇپ ئاكا كۈلۈپ، — سىياقىڭدىن چىقىپ تۇرمامدۇ، خېلى ئادەم بولغاندەك قىلىسەن...... ئىشلە، بالام، ئىشلە...... كۈچىنىپ ئىشلىگەنگە ئادەم ھېچ نەرسە بولۇپ كەتمەيدۇ! سىگار مۇشتەك چېغىڭدىمۇ سۇ قۇرۇلۇشىدا چوڭ ئادەملەر بىلەن تەڭ زەمبىل كۆتۈرگەن ئەمەسمىدىڭ؟!

ئايۇپ ئاكا بۇ گەپنى شۇنداقلا بىر ئېيتىپ قويغان بولسىمۇ، شەۋكەتنىڭ كاللىسىدىن نەچچە كۈنگىچە چىقىپ كەتمىدى. كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ ئاشۇ سۆز قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلايتتى، ئۇنى ئويغا سالاتتى، خىجىل قىلاتتى، ئۆكۈندۈرەتتى. دېمىسىمۇ، شەۋكەت ئۆمرىدە بىر كېلىپ، بىر كەتكەن ئاشۇ ئازابلىق كۈنلەرنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى. بۇ 1971 ـ يىلى باش باھاردا بولغان ئىش ئىدى: شەۋكەت ئۆزى بىلەن قۇرداش بولغان بىرمۇنچە «بالا پومېشچىك»، «كىچىك باي دېھقان»لار قاتارىدا تۇنجى قېتىم سۇ قۇرۇلۇش ئىش ئورنىغا ئەۋەتىلدى. ئۇ تاڭ سۈزۈلگەندىن قاش قارايغۇچە بوران - چاپقۇن، پاتقاقچىلىق ئىچىدە زەمبىل كۆتۈرۈپ، تاش - توپا توشۇدى. ھەرقانچە تىرىشىپ ئىشلىسىمۇ، تەلەتى سۈرۈن گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ تىل - دەشنىمىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ پۇت - قولىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىغىنىدىن، كېچىلىرى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يىغلايتتى...... بىراق، بارلىق ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ «بالا ئۇنسۇر»لارغا شەپقەت قولىنى سۇنىدىغانلارمۇ چىققانىدى. ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن گۇرۇپپا

باشلىقى ۋە نازارەتچىلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى؛ بەزىلىرى چىرايلىق گەپ - سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈرسە، يەنە بەزىلىرى بىرەر چىشلەم نان ۋە بەزى ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىكلەرنى بېرىپ، قورسىقىدىن خەۋەر ئالاتتى......

سەھەر. تاملىرىدىن شۇرقىراپ قۇم - شېغىل تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان گەمىنىڭ ئىشكىدىن ئۇرغىغان ئىزغىرىن شامال شەۋكەتنىڭ يۈزىنى چاقاتتى. ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇشقا داڭ ئۇرۇلغان بولسىمۇ، شەۋكەت ئېغىرلىشىپ كەتكىنىدىن، ئۇ ياندىن-بۇ يانغا ئۆرۈلۈشكىمۇ ماجالى يەتمەيتتى. چېپىلداپ تەرلەپ كەتكىنىگە قارىماي، پۈتۈن ئەزايى جالاقلاپ تىترەيتتى......

تارشىدەك قاتتىق، ئەمما ئىنتايىن ئىللىق بىر قول شەۋكەتنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز ئېچىلىپ كەتتى. بىر قولىدا تاش پانار كۆتۈرگەن ئايۇپ ئاكا ئۇنىڭ بېشىدا تۇراتتى.

— بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئايۇپ ئاكا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ.

— توڭۇۋاتىمەن.

ئايۇپ ئاكا پانارنى يەرگە قويۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇردى. شەۋكەتنىڭ پېشانىسىنى بىردەم تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، يوتقىنىنى ئاستا قايرىپ، يالىڭاچ بەدىنىنى سىلىدى. ئاندىن قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈن - تىنسىز گەمىدىن چىقتى......

ئايۇپ ئاكا باشلاپ كىرگەن يالىڭاياغ دوختۇر شەۋكەتنى بىردەم ئوڭدا، بىردەم دۈم قىلىپ، خېلى ئۇزاق تەكشۈرگەندىن كېيىن:

— ئۆپكىسى شامالداپتۇ، — دېدى ئايۇپ ئاكىغا مەنىلىك

تىكىلىپ، ــ جىددىي داۋالىنىغاندا......
ــ ئۇنداق بولسا، دەرھال تۇتۇش قىلىپ داۋالاڭ.
ــ بۇ يەرنىڭ شارائىتىدا مۇنداق كېسەلنى داۋالاش......
ئايۇپ ئاكا ئۇنىڭ سۆزىنى كەسكىن بۆلدى:
ــ ئەمىسە، ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدا دەرھال بىرنېمە يېزىڭ! ئۇنى بۈگۈنلا يولغا سېلىۋېتەيلى.
ــ ماقۇل.
......

× × ×

نېمە ئۈچۈندۇر ئابدەم ئوغلىنى غەلىتە قارشى ئالدى: تىراكتورچى شەۋكەتنى ھاپاشلاپ بوسۇغىغا كەلگەندە، ئابدەم پەگاھتا قېقىسىپ قويغان قوزۇقتەك تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، كۆزلىرى مەجنۇنلارنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق چاقنايتتى. ئۇ بېشىغا ئاق داكا رومال ئارتىپ، ئۈستىدىن مەغپىرەتخان ئاچىنىڭ نىمكەش كەمچەت تۇمىقىنى باستۇرۇپ كىيگەن؛ قارانىمچە ئۈستىدىن ئاپئاق خەسە بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتەتتى. تىراكتورچى:
ــ شەۋكەتنى نەدە قويىمەن؟ ــ دېگەندىلا، ئابدەم:
ــ ھە! ــ دەپ بىر ئەندىكتى - دە، ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، شەۋكەتنى يىگىتنىڭ يەلكىسىدىن ئېلىپ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان كات ئۈستىگە ئاۋايلاپ ياتقۇزدى. قاياقتىندۇر پەيدا بولغان رەيھان كات ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، ئورۇق قوللىرى بىلەن شەۋكەتنىڭ يۈزىنى سىلاپ:
ــ ئاكا، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ ــ دېدى.
ــ ئاكاڭ ئاغرىپ قاپتۇ، ــ دېدى ئابدەم شەۋكەتنى

چۈمكەۋېتىپ، ــ ئۇنىڭغا تەگمە جۇمۇ، بالام.
ــ ئاكا، قەيېرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟
شەۋكەت ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەۋاتقاندا، تىراكتورچى يىگىت مۇنداق دېدى:
ــ ئايۇپكامىنىڭ ئېيتىشىچە، شەۋكەتنىڭ ئۆپكىسى شامالداپتۇ. سىزنى بالىنى ناھايىتى ئىسسىق ساقلىسۇن دەيدۇ.
ــ ئانا، ئۆپكە شامالدىسا قانداق بولىدۇ؟
ــ ئاغرىپ قالىدۇ، بالام.
ــ ئۆپكە قورساقنىڭ ئىچىدە تۇرسا، قانداق شامالدايدىكىن؟
رەيھاننىڭ بۇ بالىلارچە سوئالىغا ھېچكىممۇ جاۋاب بەرمىدى. رەيھان بىر ئانىسىغا، بىر ئاكىسىغا مۆلدۈرلەپ تىكىلگىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا:
ــ مەن قايتاي، ــ دېدى تىراكتورچى يىگىت.
ئابىدەم شەۋكەتتىن كۆزىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بۇرۇلدى.
ــ ئەتە ئەتىگەندە سۇ قۇرۇلۇش ئورنىغا ئوتۇن ئاپىرىمەن. دادۇيگە بېرىپ، ئوتۇن باسقۇزۇۋالمىسام، ئەزالار چۈشلۈك تاماقسىز قالىدۇ.
ــ بىرەر يۇتۇم ئىسسىق ئىچىۋالمامسىز؟
ــ خوش، قايتىشىمدا يەنە كېلىمەن. ئايۇپكامىنىڭ ئەس - يادى مۇشۇ بالىدا قالدى. بەلكى بىرەر ھەپتە ئىچىدە ئۆزىمۇ كېلىپ قالار.
يىگىت سۆزىنى تۈگىتىپلا كەينىگە ياندى. ئابىدەم ئۇنى ئۇزىتىپ ھويلىغا چىققاندا:
ــ تاس ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن، ــ دېدى يىگىت ھودۇققان ھالدا يانچۇقىدىن بىر قۇتىنى ئېلىپ ئابىدەمگە ئۇزىتىپ، ــ ئايۇپكامىنىڭ ئېيتىشىچە، ماۋۇ ناھايىتى ئوبدان دورا ئىكەن. بۇنى كۈندە ئۈچ ۋاق يېگۈزۈشنى ئۇنتۇماڭ. ئۇ يەنە يالغۇز دوختۇر

پاتىگۈلگە بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى. مەن ھازىرلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتىۋېتىمەن.

— رەھمەت، ئۇكام، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغىنىڭىز ئۈچۈن، خۇدايىم كامالىڭىزغا يەتكۈزەر...... بىزدەك خانىۋەيرانچىلىق كوچىسىغا تاشلىماس!

......

— قارا، ئاكا، — دېدى رەيھان ئاكىسىنىڭ تەكىيەسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، — چوڭ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى ئۆيىمىزگە شۇنداق جىق ئادەم كەلدىكى، ساناپمۇ بولالمىدىم. تولىسى بېلىگە ئاق باغلاپ، «ۋاي ئانام......» دەپ تووۋلاپ يىغلىدى. ئانامۇ، مەنمۇ تازا يىغلىدۇق. سەن بولغان بولساڭ، سەنمۇ يىغلامتىڭ؟

شەۋكەت جاۋاب بەرمىدى. چۈنكى، تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ئۆزىگە قىلچە بويسۇنمايتتى. كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ قۇيۇلۇۋاتقان ياش تامچىلىرى دىلىدىكى قايغۇ - ھەسرىتىنى سىڭلىسىنىڭ ئالدىغا تۆكمەكتە ئىدى......

رەھمەتلىك مەغپىرەتخان ئاچام ئىككى يېرىم يىل ئورنىدىن مىدىرلىماي يېتىپ، دۇمبىسىنىڭ بىر قەۋەت تېرىسى سويۇلۇپ كەتتى. پات - پات ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ قويمىسا، كۆرپىگە چاپلىشىپ قېلىپ قاناپ كېتەتتى. دەسلەپكى يىلى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئابىدەم چىققانىدى. بارا - بارا مومايىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانلىقتىن، شەۋكەتمۇ ئۇنىڭدىن بىمالال خەۋەر ئالالايدىغان بولۇپ قالدى. «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى باشلانغاندىن بۇيان، شەۋكەتنىڭ يەلكىسىگىمۇ تاغار چىقتى. مەغپىرەتخان ئاچىنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى رەيھان بولۇپ قالدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ھاياتىنى بىر كۈن ساقلاش ئابىدەملەرگە قانچىلىك ئېغىرچىلىقلارنى كەلتۈرگىنىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار

هامان ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلدى. نېمە چارە؟ قىسمەت شۇنداق ئىكەن، رەھمەتلىك بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما، بۇ ئىشنى شەۋكەتكە خەۋەر قىلىشمىدى.

— ئاكا، نېمىشقا يىغلايسەن؟ يىغلىمىغىنا ئادەمنى قورقۇتۇپ......

«مەن يىغلىسام، رەيھان نېمىشقا قورقىدىغاندۇ......»

شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلۇپ، چوڭ ئانىسىنىڭ قاتمۇقات قورۇقلار بىلەن قاپلانغان مېھرىبان سىماسى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. «نېمىگە يىغلايسەن قوزام؟ — دېدى ئۇ شەۋكەتكە تەسەللى بېرىپ، — ئۇبدان بالا دېگەن گەپ ئاڭلايدىغان جۇمۇ. سەن يىغلاۋەرسەڭ، مەن قانداق ئۇخلايمەن......»

× × ×

مانا بۇ ئىشنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئون يىلغا يېقىنلاشتى. شەۋكەتمۇ ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك يىگىت بولۇپ قالدى. قورسىقى توق، ئۇچىسى پۈتۈن، ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق ئىدى. دەسلەپ ئۇ ئۆزى ئوقۇغان كىتابلار ۋە كۆرگەن كىنولاردىكى ئەڭ جاپالىق خىزمەت ئورۇنلىرىدا تىرىشىپ ئىشلەپ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك چوڭ تۆھپە يارىتىپ، شان - شەرەپ قازانغان قەھرىمان شەخسلەرنى دوراپ، زاۋۇتتىكى ئەڭ جاپالىق ئورۇن قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيىنى تاللىۋالدى. بۇ ئارزۇسىنى يەن شۇجىغا ئېيتقاندا، ئۇ خۇشال بولغىنىدىن بارىكاللا ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش كۆردى. شەۋكەت تۇنجى قېتىم ئىش كىيىمى كىيىپ، بىر پېشقەدەم ئىشچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوغۇشۇن

چەككىلىگۈچنى قازاندىكى قوغۇشۇن ئېرىتمىسىگە پاتۇرغىنىدا، يۈرىكى خۇشاللىقتىن تىپچەكلەپ، تومۇرلىرىدىكى قان قازاندىكى ئاشۇ قوغۇشۇن ئېرىتمىسىدەك پورۇقلاپ قايناپ كەتتى. ۋۇجۇدىغا يامرىغان بىر ئىللىق ئېقىن كۆزلىرىدە ئەكس ئەتتى...... ئۇزۇنغا قالماي، مۇستەقىل ئىشلەشكە باشلىدى. ئىشلىگەندىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىدى. قەلبىگە ھاياجان، چىرايىغا تەبەسسۇم ھەمراھ ئىدى. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا، ئانىسى بىلەن سىڭلىسىغا شۇ كۈنى قىلغان ئىشنى پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئانىسى ئۇنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشكە دەۋەت قىلاتتى. بۇغراجاننىڭ ئەقىل - پاراستى، ئىشچانلىقى، كەمتەرلىكى...... توغرۇلۇق ئاجايىپ قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. شەۋكەت چوقۇم دادىسىدەك ئادەم بولۇشقا ئەھدە قىلاتتى. كۆڭلىدە: «دادام مېنىڭ مۇشۇنچىلىك ئادەم بولۇپ قالغىنىمنى كۆرەلىگەن بولسا قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدى - ھە؟!» دېگەنلەرنى ئويلايتتى. تېخى بەزىدە كىرسىن، قوغۇشۇن تۇزۇندىسى ۋە قوغۇشۇن ئېرىتمىسىدىن «گۈل» چېكىلگەن ئىش كىيىمى بىلەنلا تالا - تۈزگە چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ ئىشچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگۈسى كېلەتتى. لېكىن، زاۋۇتنىڭ ئىش كىيىمى بىلەن سىرتقا چىقماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، نائىلاج پەيلىدىن ياناتتى...... نەچچە ئاي ئەنە شۇنداق ئۆتتى. شەۋكەت قوغۇشۇن ئېرىتىش — چەككىلەش تېخنىكىسىنى تولۇق ئىگىلەپلا قالماستىن، قوغۇشۇن، بابىت، قەللىنى نىسبەتلەشتۈرۈپ تەڭشەش تېخنىكىسىنىمۇ ئىگىلىۋالدى، رەھبەرلىكمۇ، يولداشلارمۇ ئۇنى ماختايتتى. بۇ ماختاشلار شەۋكەتنى ئىلھاملاندۇراتتى، ئۇنىڭ غەيرىتىنى ئۇرغۇتاتتى. كېيىن...... ھە، كېيىن، شەۋكەت ھەممە سېخلارنىڭ ئىش شارائىتى، تېخنىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن

تونۇشتى. نەچچە ئاغىنىمۇ تېپىۋالدى. ئۇنىڭغا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ئۆزى ئىشلەۋاتقان بۇ ئىش ئادەمدىن ھېچقانداق ماھارەت ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىكەن. تېخنىكىنىڭ «ئاكىسى» باشقا سېخلاردا ئىكەن...... شەۋكەتنىڭ زېھنى چېچىلىپ، كۆڭلى پاراكەندە بولۇشقا باشلىدى. لېكىن، بۇنى ھېچكىمگە تۇيدۇرمىدى. يەنىلا بۇرۇنقىدەك تىرىشىپ ئىشلەيتتى، ئۆگىنەتتى. «توشقان تېرىسمۇ ئۈچ كۈن چىدايدىغۇ، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، — ھېچ بولمىسا، بىر - ئىككى يىل چىداپ ئىشلەي، ئوبدان ئىشلەۋەرسەم، تەشكىلمۇ ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالماس......» ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى كېلىشمەسلىك يۈز بەردى. ئانىسىنىڭ كۆزى ياشلاندى. رەيھانىنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم قاچتى؛ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان، ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، گەپ قىلسا دۇدۇقلايدىغان بولۇپ قالدى. يەن شۇجىنىڭ چىرايى سولدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قارىمىدى. ئانار چاندۇرمىغىنى بىلەن، قەستەن ئۇنى كىنوغا تەكلىپ قىلدى. تېخى «ئەقىلگە ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دېگەندەك ئىش قىلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇنىڭ گېپى بولۇۋاتقانلىقىنى يۇراتتى...... مانا بۇلار شەۋكەتنىڭ يېڭىباشتىن ئەقىل تېپىشى ئۈچۈن يېتىپ ئاشقۇدەك تەنبىيە بولغانىدى. ئايۇپ ئاكىنىڭ ھېلىقى گەپلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالدى. بىر - بىرىگە ئۆپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى دەۋر، ئىككى خىل مۇھىت، ئىككى خىل مۇئامىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇۋېلىشقا تۈرتكە بولدى. راست ئەمەسمۇ، ئىشچى بولغانىكەن، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئاشۇ ئىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر، قانچىلىك جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن مېھىر قويۇشى؛ جاپا ئىچىدە راھەتنى، مەينەتچىلىك ئىچىدە پاكلىقنى كۆرۈشى

كىرەك ـ دە! ئالايلۇق، بىر قىسىم ئىشچىلار كۈنبويى ئۆرە تۇرۇپ قوغۇشۇن چاڭگاللىسا، بىرمۇنچىلىرى مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ماشىنىغا قەغەز سالىدۇ؛ نەچچە يۈز كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى قەغەز تايلىرىنى ئۇ ياندىن ـ بۇ يانغا يۆتكەيدۇ. يەنە بىرمۇنچىلىرى ھەر خىل زەھەرلىك خىمىيەلىك دورىلار بىلەن ھەپىلىشىدۇ؛ قۇلاق ـ مېڭىنى يەپ كەتكۈدەك قاتتىق جالاق ـ جۇلۇق ھەم سېسىقچىلىق ئىچىدە، ھەر كۈنى توپتوغرا سەككىز سائەت ئىشلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، جاپادىن، پاسكىنچىلىقتىن، سېسىقچىلىقتىن قورققان ئادەم ئىشچى بولالامدۇ؟!

شەۋكەت بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەنىدى. كىچىكىپرەك بولسىمۇ ئەقلىنى تاپقانىدى. شۇڭا ئۇ بىرەر يېڭى ئىشقا دۇچ كەلسىلا: «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى قويماي قالمايتتى. ئىشقا شۇنداق بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، كۆپىنچە ئاباق ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىسا، ئاللىقاچان چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى توشۇپ، ئىشقا چۈشىدىغان چاغ بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالاتتى. ئابىدەم ئۇنىڭ ۋاقتى ـ قەرەلىدە تاماق يېمەي، ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يا رەيھاننى ئۇنى چاقىرىشقا ئەۋەتەتتى، يا بولمىسا، تاماق چىقارتاتتى، تولىسى ئۆزى تاماق توشۇيتتى. ئاخشاملىرى، شەۋكەت ئىشتىن چۈشۈپ تامىقىنى يەپلا ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، قولىغا بىر كىتابنى ئېلىۋالسا، تاكى ئەل ئايىغى جىمىغۇچە ئوقۇغىنى ئوقۇغانىدى. ئەتىگىنى ھەممەيلەندىن بۇرۇنراق ئورنىدىن تۇراتتى. چالا ـ پۇچۇق ناشتا قىلىپلا، قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيىگە قاراپ ئۇچاتتى. ئىس ـ تۈتەك، سېسىقچىلىق، مەينەتچىلىك ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە راھەت، ئۆزگىچە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بەخش ئەتمەكتە ئىدى. كۆڭلى خوش، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئابىدەم بۇنىڭدىن خۇشال ئىدى، پات ـ پات ئۇنى رەيھاننى ئېلىپ كىنو- تىياتىر كۆرۈپ كېلىشكە قىستايتتى. رەيھان ئانارنى ئېلىۋېلىشنى

ئۆنتۇمايتتى (شەۋكەت نىمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرمەيتتى)، شەۋكەتمۇ كۈندە بىر - ئىككى قېتىم ئۇنى كۆرۈۋالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئىككىيلەن يالغۇز قالسىلا، قىلغىلى گەپ تېپىشالمايتتى؛ بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قارىشالمايتتى. شەۋكەت بۇنىڭدىن چەكسىز ھوزۇرلىناتتى، راھەتلىنەتتى، كۆچكە، غەيرەتكە تولاتتى......

ئىككى ئاي ئاشۇنداق ئۆتتى. دۆلەت بايرىمىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى ھارپىسىدا، شەۋكەتنىڭ سۈرىتى شەرەپ تاختىسىغا چىقتى، ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلدى (شەۋكەت يىللىق ۋەزىپىسىنى سەككىز يېرىم ئايدا ئورۇنلاپ بولغانىدى)، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئانار ئۇنى ئالاھىدە تەبرىكلىدى، ئابىدەم بىلەن رەيھاننىڭ ئالدىدا ئاشكارا ماختىدى ھەم كىنوغا تەكلىپ قىلدى...... بايرام ئۆتۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك خۇشال قىياپەتتە ئۇشتۇمتۇت شەۋكەتنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئۆزىنىڭ يەن شۇجى بىلەن رامىزان چاڭجاڭنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك باش قاتۇرغانلىقىنى سىرلىق قىلىپ سۆزلىدى. ئاخىردا:

— ئەسلىدە بۇ گەپنى يەن شۇجى ياكى رامىزان چاڭجاڭ ساڭا ئۇقتۇرماقچىدى. خۇشاللىقىمدا ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ قالدى. مەندىن ئاڭلىغانلىقىڭنى بىرەرسىگە تىنىپ تاشلىما جۇمۇ! — دەپ ئالاھىدە تاپىلىدى......

مۇھەممەتئىمىن ئىشىكتىن چىقىشى بىلەنلا، شەۋكەتنى غەم باستى. «قانداق قىلسام بولار؟» دەيتتى ئۇ ئىچىدە قايتا - قايتا تەكرارلاپ. قولىمۇ تۈزۈك ئىشقا بارمايتتى. پات - پات سائەتكە قاراپ قويىاتتى...... ئاخىر، ئىشتىن چۈشۈشكە داڭ چېلىندى. شەۋكەت كىيىمىنى يەڭگۈشلىدى - دە، ئالدىراش ئۆيىگە چاپتى. ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ئىككى كاپاملا پولۇ يېدى، ئاندىن ياتاق

ئۆيگە كىرىپ ئىككى قولدەك كەڭلىكتىكى پارچە قەغەزگە: «ئانار، خەلق مەيدانى يېنىدا سىزنى كۈتىمەن......» دەپ يازدى، ئۇنى ئالقىنىدا مەھكەم چاڭگاللىغىنىچە بىر تاشقىرىغا چىقىپ، بىر ئۆيگە كىرىپ، دېلىغۇللۇق ئىچىدە بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. بۇ ئۇنىڭ ئانارغا يازغان تۇنجى خېتى ئىدى. يېزىپ بولۇپ، بۇ خەتنىڭ ئاناردا قانداق تەسىر پەيدا قىلىشى، ئۇنىڭ ئۆز ئىلتىماسىنى ئىلىك ئېلىش ـ ئالماسلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالغانىدى. لېكىن جۈرئەت بەرىبىر دېلىغۇللۇقنى يەڭدى: شەۋكەت ئانىسى بىر ئىش بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، رەيھاننى ئىشارەت بىلەن تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، خەتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە، قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ قويۇپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن دەرۋازا تەرەپكە چاپتى. دەرۋازىدىن چىقىشىغا، نېمە ئۈچۈندۇر ۋۇجۇدىنى تەر بېسىپ، پۇتلىرى كالۋالىششقا باشلىدى، قەدىمىمۇ بارغانسېرى ئاستىلاپ پات ـ پات بۇرۇلۇپ كەينىگە قارايتتى. نەچچە ئون قەدەم مېڭىپ بىر توختاپ، نېمىلەرنىدۇر ئويلايتتى. ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشەتتى......

ئاخىر شەۋكەت خەتتە كۆرسىتىلگەن جايغا كەلدى. بۇ چاغدا، كەچكى شەپەق ئاخىرقى شولىسىنى چېچىپ، ئاسمانغا باش تىرەپ تۇرغان مۇز تاغ چوققىسىنى يۇزىگە دالدا قىلماقتا ئىدى. ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە. شەۋكەت سائەت تاقىمىغىنى ئۈچۈن، كۆزىنى شەپەقتىن ئۈزمەيتتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى تەخمىنەن بولسىمۇ پەرەز قىلىش نىيىتىدە، ئىچىدە پىچىرلاپ: «بىر، ئىككى، ئۈچ......» دەپ سانايتتى. سانىغانسېرى ساناقتا ئېزىپ، بىر ساننى نەچچە قېتىم تەكرارلايتتى. قانچە يۈزنى (بەلكى قانچە مىڭنى) سانىدىكىن، بىر چاغدا قېشىغا بىركىم كەلگەندەك بولدى.

شەۋكەت ساناشتىن توختىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزىدىن بىر قەدەملا نېرىدا، ئۆزىگە روبورو تۇرغان ئانارنىڭ ھەرقانداق چاغدىكىدىن تەمكىن، شۇنداقلا ئۇياتچان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا، يۈرىكى ھاياجاندىنمۇ ياكى خىجىللىقتىنمۇ ئەنسىز دۈكۈلدەپ، پۈتۈن ئەزايىغا ئوت كەتكەندەك بولدى. ھاۋانىڭ خېلىلا سالقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي، ئۈستىبېشى تەر بىلەن نەمدىلىپ، بەدىنىگە چاپلاشقىلى تۇردى.

ئۇ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتى.

راستتىنلا كۈلۈمسىرىدىمۇ؟ ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. نېمە ئۈچۈندۇر تىلى گەپكە كەلمەيتتى...... خېلىدىن كېيىن تەسلىكتە:

— كەپسىز - دە؟ — دەپ قويدى.

— كەلمەسىمىكىن دېگەنمىدىڭىز؟ — ئانار سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى.

— ياق، ئەمدى......

— ماڭا گېپىڭىز بارمىدى؟

— ھەئە.

شەۋكەت شۇنداق دېدى - يۇ، جىمىپ كەتتى.

بۇ ھال ئانداردا غەلىتە بىر تۇيغۇ قوزغىدى. ئۇنىڭدىكى تەبىئىي خاتىرجەملىك قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ، ئىچ - ئىچىدىن بۇرۇقتۇم بولۇشقا باشلىدى. قوللىرى شاپتۇل چېچەكلىرى گۈللۈك چىت كۆڭلەك ئۈستىدىن كىيگەن كۈل رەڭ خادانى پىلاتىسىنىڭ ئۈستۈنكى تۈگمىسى ئۈستىدە تىنىمسىز مىدىرلايتتى، كۆزلىرى ئەنە شۇ بارماقلارغا تىكىلگەنىدى. ئانار شەۋكەتنىڭ مىجەزىنى ناھايىتى ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاشقا مەجبۇر بولدى.

— بەك زۆرۈر گەپمىدى؟

— ھەئە.

— دەپ بېقىڭە قېنى.

— مۇنداق بىر ئىشنى سىزگە مەسلىھەت سالماقچىدىم، — شەۋكەت سۆزلەۋېتىپ، ئەتراپقا ئالاق - جالاق قارىۋالدى. ئۇلار پىيادىلەر يولىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى، ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇلارغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇشاتتى. شەۋكەتنىڭ يۈزىگە «ۋىللىدە» قىزىللىق يۈگۈردى. ئانارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. شەۋكەت ناھايىتى زور جۈرئەت بىلەن دېدى، — يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاپتۇقمۇ نېمە؟ يۈرۈڭە، بىر چەتكىرەك ئۆتەيلى.

ئانار ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەستىن شەۋكەتكە ئەگەشتى.

ئۇلار رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تۈت چاسا گۈللۈكنىڭ ئەڭ چەت، ئەڭ خىلۋەت بۇرجىكىگە كېلىپ توختاشتى- دە، جەينەكلىرىنى گۈللۈكنىڭ تۆمۈر شادىسى ئۈستىگە قويۇشتى.

شەۋكەت تېخىمۇ جۈرئەتلىنىپ، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەلكى سىزمۇ ئاڭلىغانسىز، تەشكىل مېنى باشقا سېخقا يۆتكەيدىغان بوپتۇ.

— ياخشى گەپ ئىكەنغۇ، ئەمدى مۇرادىڭىزغا يېتىپسىز - دە! — ئانار تاتلىق كۈلۈمسىرەپ، شەۋكەتنىڭ كۆزلىرىگە قارىغىنىچە چاقچاق قىلدى، — بۇنىڭياقى ئۇششۇقلۇق قىلىپ، يىغلاپ يۈرمەسسىز؟! ھە، راست، قاچان ئۇقتۇردى؟

— تېخى ئۇقتۇرمىدى.

— تەشكىل ئۇقتۇرمىغان گەپنى دولىڭىزدا پال بېقىپ ئۇقتىڭىزمۇ؟

— يائاللا، ئانار...... ھەممە گەپنى چاقچاققا يۆتلايدىكەنسىز!

بىرەيلەندىن ئاڭلىدىم.

— ئۇ كىشىنىڭ ئىتى مەخپىيمىكىن، يا ئىتى يوق پىيادىخانىمىكىن؟

شەۋكەتكە مۇھەممەتئىمىندىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتماي بولمىدى.

— بەك ئوبدان بوپتۇ! — ئانار چىن يۈرىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتى، — سىزنى تەبرىكلەيمەن، شەۋكەت!

— مەن يۆتكەلمىسەم بولارمىكىن دەۋاتىمەن.

ئانارنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە قاياقلارغىدۇر ئۆچتى. ئۇ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمىشقا؟ ئۆتكەندە يۆتكەلگۈڭىز كېلىپ، كۆزىڭىز تۆت بولۇپ كەتتى، ئەمدى......

— ئانار، — دېدى شەۋكەت ئانار ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان جىددىي، شۇنداقلا ۋەزمىن تەلەپپۇزدا، — مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن: «ئۆتكەندە راستىنلا ئەخمەقلىق قىلىپ رەھبەرلىكنى خاپا قىلىپ قويدۇم. ئېھتىمال، رەھبەرلىكمۇ مېنى ‹كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس› دېگەن ئوي بىلەن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، يۆتكەلمەي ئىشلەۋېرەيمىكىن، دەيمەن......»

شەۋكەت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «ئاباقكاممۇ يۆتكەلمەي ئىشلەۋەر دەۋاتىدۇ» دېيىشكە تەييارلانغان تىلىنى يىغىپ، ئانارغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. ئانار كېسىپلا ئېيتتى:

— مېنىڭچە يۆتكەلسىڭىز بولارمىكىن.

— نېمە؟ سىز......

— مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — ئانار تالانتلىق ئوقۇتقۇچى شاگىرتىغا مۇھىم بىر دەرسنى ئالاھىدە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىۋاتقاندەك تەمكىن، ئېغىر-بېسىق تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، —

سىزمۇ بىلىسىز، كىمنى قەيەرگە قويۇش تەشكىلنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ــ تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا شەرتسىز بويسۇنۇش!

ــ بۇنىڭغۇ چۈشىنىمەن، ــ شەۋكەت ئېتىراز بىلدۈردى، ــ ئەگەر تەشكىل مېنىڭ ئۆتكەنكى ئىلتىماسىمنى نەزەرگە ئېلىپ يۆتكىمەكچى بولغان بولسا، مەن ئۇنچۇۋالا ياخشى ئەمەس - دە...... شۇڭا، رامىزان ئاكامدىن مېنى يۆتكەشنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ بەرسىڭىز، دەپتىم.

ــ ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز شەۋكەت! ــ ئانارنىڭ ئاۋازى غەلىتە جاراڭلاپ كەتتى، ــ تەشكىلنىڭ ھەرقانداق ئىشىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مەخپىيىتى بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەخپىيەتنى دادام ماڭا دەپ بېرىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئائىلە تەشكىل بولۇپ قالامدۇ؟! ــ شەۋكەت شالپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئانارمۇ سەل ئاشۇرۇۋەتكىنىنى سېزىپ، تەلەپپۇزىنى يۇمشاتتى. گېپىگە نەچچە ئېغىز چاقچاقمۇ ئارىلاشتۇرۇپ، شەۋكەتنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئاخىردا، ــ مۇھەممەتئىمىن ئاكام بۇ گەپنى سىزگە دەپ قويۇپ تازا ياخشى قىلماپتۇ...... مۇنداق دېسەم، تېرىكىپ كەتمەڭ يەنە، ــ دەپ شەۋكەتكە سىناق نەزىرىدە تىكىلگەنىدى، شەۋكەتنىڭ چىرايىغا كۈلكە قوندى.

ــ نېمىشقا تېرىكەتتىم؟ ــ دېدى ئۇ، ــ مەنمۇ ئۇنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سىزدىن مەسلىھەت سوراۋاتىمەن - دە!

ــ شۇنداقمۇ؟ ــ ئانار شەۋكەتنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى، ــ ئۇنداق بولسا، ئاۋۋال تەشكىل سىزگە رەسمىي ئۇقتۇرۇش قىلسۇن. شۇ چاغدا يەنە مەسلىھەتلىشىپ كۆرمەمدۇق؟

شەۋكەت تىلىنى «ماقۇل»غا ئۆمەللەۋاتقاندا، ئانار

بىرنەرسىدىن ئەندىككەندەك، بېشىنى غەلىتە ئىرغىتتى ـ دە:
— ئــو...... ئــۇش...... نــېمە دەۋاتىــمەن؟...... مەسلىھەتلىــشىپ نــېمە قىلاتتــۇق! قايــسى ســېخقا يۆتكــسە چىقىۋېرىــڭ...... قانــداق، مــاقۇلمۇ؟ — دەپ شــەۋكەتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.
ئاھ، بۇ كۆزلەر...... ئاھ، بۇ كۆزلەر!
«كــۆز كۆڭۈلنىــڭ دېرىزىــسى» دېــگەن راســت بولــسا كېــرەك، شــەۋكەت ئانارنىــڭ ئــۆزىگە ئۈمىــد بىــلەن تىكىلىــپ تۇرغــان كۆزلىرىدىن كەسكىن تەلەپ، تىل بىلەن ئاشكارا بايان قىلغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ساداقەتنى؛ ياق، بۇلا ئەمەس، ئۆز يۈرىكىگە غايىبانە بىر يىپ بىلەن مەھكەم چېتىلىــپ كەتــكەن يــالقۇنلۇق قەلبنــى كۆرگەنــدەك بولــدى! شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى ئانارنىڭ كۆزلىرىدە ئىدى.
ئىككى جۈپ كۆزدە ئىللىق تەبەسسۇم، بىر جۈپ يۈرەكنىڭ قىزىللىقى يۈزلىرىگە تەپچىگەن، تىللار گاچا، يۈرەكلەردە ئورتاق تۇيغۇ......
شــەۋكەتنىڭ شــوخلۇقى تــۇتتى. ئــۇ كۆڭلىــدە قايــسى كــۈنى كېچىدە — ئانار بىلەن ئۆزىنى ئايرىپ تۇرغان ئوتتۇز سانتىمېتىر قىلىنلىقتىكى تامنى ئۆرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن ھېلىقى كېچىدە — ئويلىغانلىرىنى بىراقلا ئانارنىڭ ئالدىغا تۆكمەكچى؛ ئانار ئۇنىڭ تەلىپىنــى ئىلىــك ئالــسا، ئۇمــۇ ئــۆز نۆۋىتىــدە ئانارنىــڭ تەلــپىگە شەرتسىز كۆنمەكچى بولدى. لېكىن......
«لېكىن» دېگەن مۇشۇ بىسىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان توسۇق شەۋكەتنىڭ تىلىنى زەنجىرلەپ، قاياققىدۇر ئېلىپ كەتتى:
— مــاقۇل، يولــداش ئانــارگۈل چاگچــاڭ! چوقــۇم بــۇيرۇقىڭىز بويىچە ئىش قىلىمەن!
شــەۋكەتنىڭ بــۇ چــاقچىقى ئانــارنى چىــن يۈرىكىــدىن

كۈلـدۈرۈۋەتتى. ئۇنـىڭ كۈلكـىسى شـۇنداق جـاراڭلىق، شـۇنداق تەبىئـي، شـۇنداق يېقىملىـق ئـىدىكى، بەئەينـى يـۈرەككە ھـۇزۇر بېغىـشلىغۇچى ئەڭ جۇشـقۇن، ئەڭ يېقىملىـق، ئەڭ جەزىبىلـىك مۇزىكىغـا ئوخـشايتتى. بـۇ كۈلكـىدىن شـەۋكەت شـۇنداق ھۇزۇرلاندىكى، ۋۇجۇدى دەريادىكى بېلىقتەك يـايراپ، يۈرىكـىدىن ئۇرغـۇپ چىققـان كـۈلكە ساداسـى ئانارنىـڭ كۈلكـىسىنى نەچچە ھەسسە بېسىپ چۈشتى:

— ھا ـ ھا، ھا ـ ھا!......

ئىككىيلەن خېلى ئۇزۇن كۈلۈشـتى. كـۈلكە سـەل بېسىققاندا، ئانار كۆكسىنى تـۇتقىنىچە شـەۋكەتنىڭ چاقچىقىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— تـوۋا قىلـدىم، مـاۋۇ كـارامەتنى!...... مەن تېخـى سـىزنى گـاچىمـىكىـن دەپ يۈرسـەم، خـېلىلا تىلـلىق چىقىـپ قـاپتـۇ ئەمەسمۇ!

شەۋكەتمۇ بوش كەلمىدى:

— سىز دېگەن گاچا تۇرماق، تـامىنىمۇ زۇۋانغـا كەلتۈرەلەيـسىز ئەمەسمۇ!

ئانار كۈمۈش قوڭغـۇراقتەك زىـل ئـاۋازى بىـلەن يەنە قاقـاقلاپ كۈلدى. شەۋكەتمۇ ناغرىنىڭ ساداسىدەك بوم ئاۋاز بىلەن تەڭكەش قىلدى.

ئىككـىيلەن كـۈلە، كـۈلە، ئـاخىرى ئۆزلىرىنىـڭ قەيەردە تۇرغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، بىر ـ بىرىنى نوقۇپمۇ ئېلىشتى.

كىمدۇر بىرىنىـڭ يېنىـدىن ئۆتـۈپ كەتكىنىنـى سـەزگەن ئانـار بىردىن كۈلكىسىنى توختىتىـپ، گۈللۈكنىـڭ شادىـسىغا سـۈركىلىپ پۈرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكـى، پىلاتىـسىنىڭ پەشلىرى، يەلكـىسىگە سـۈرۈلۈپ كەتـكەن ھىلىـلە يـاغلىقىنى ئـالـدىراش تۈزەشتۈرۈشكە؛ شەۋكەتمۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئەتراپقا سەپسېلىشقا

باشلىدى: كەچ كىرىپ قالغانىدى، ئاسماندا ئانارنىڭ ئەگىم قاشلىرىدەك چىرايلىق ئاي پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇلۇتلار باغرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆز جامالىنى نامايىش قىلىشقا ئالدىراۋاتاتتى......

× × ×

ئۈچ كۈندىن كېيىن، شەۋكەتنى باسما سېخىغا يۆتكەپ، سايىم ئاخۇن ئۇستامغا شاگىرتلىققا بىرىشتى. ئۇ ئېگىز بوي، ئۇستىخانلىق، ئاق - سېرىق يۈزىدە ئانچە - مۇنچە چېچەك ئىزى بار، يوغان بۇرۇت قويغان، ئەللىك ياشلاردىن هالقىغان پېشقەدەم باسما ئىشچىسى ئىدى. «بۇرۇت» دېگەن لەقىمىمۇ بار ئىدى. كۆزلىرى كۆكۈچ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياش قۇرامىغا يات هالدا ئاجايىب سۈرلۈك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ تېخنىكىسى يۇقىرى، قولى چاققان، شاگىرتلارغا تەلەپچان ئادەم بولۇپ، پۈتۈن زاۋۇتتا «تۆتنىڭ بىرى» سانىلاتتى. هەممە كىشى ئۇنى هۆرمەت قىلاتتى، هەممە كىشى ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى، شەۋكەت ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا بۇنى ناهايىتى چوڭقۇر هېس قىلدى.

— شەۋكەت، ماشىنىنى پاكىز تازىلاپ بولۇپ، ئاندىن ئىشتىن چۈش جۇمۇ!

— شەۋكەت، بۇزۇلغان قەغەزلەرنى ئوبدان رەتلەپ قوي جۇمۇ!

— شەۋكەت، ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا، ۋالەكلارنى كۆتۈرۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ!

— شەۋكەت، ۋالەكلەرنى تازىلاپ بولۇپ، پاكىز سۈرتىۋەت جۇمۇ!

بۇ بۇيرۇقلارنىڭ هەممىسىگە شەۋكەت: «ماقۇل» دەپلا جاۋاب بېرەتتى ۋە ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى،

بۇيرۇقلارنىڭ تۈرىمۇ، شەۋكەتنىڭ ئىشىمۇ كۆپەيدى:
— شەۋكەت، سىياھقا دىققەت قىل: بەك قويۇق ياكى سۇس بولۇپ قالمىسۇن!
— شەۋكەت، ۋالەكنى يەڭگۈشلىۋەت!
— شەۋكەت، بەتلەرنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەت!
— شەۋكەت، سىياھ يەڭگۈشلەشكە دىققەت قىل!
سايىم ئاخۇن ئۇستام ھەربىر يېڭى ئىشقا بۇيرۇغاندا، ئالدى بىلەن ئۆزى ئىشلەپ كۆرسىتەتتى. تاكى شەۋكەت ئۇ ئىشنى تەلەپكە لايىق ئىشلىگەنگە قەدەر ئۇنىڭ «كۆزىگە كىرىۋالاتتى». شەۋكەت بۇ ئىشنى تولۇق قولىغا ئالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئىككىنچى بىر ئىشقا بۇيرۇيتتى، شەۋكەت قىلغان ھەربىر ئىشنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرەتتى، كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن، شەۋكەتنىڭ دولىسىغا قېقىپ:
— يارايسەن! داداڭنىڭ ئوغلى بولۇپ چىقىدىغاندەك تۇرىسەن! — دەپ قوياتتى. ئەكسىچە بولغان چاغلاردا، شەۋكەتنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ:
— يىگىت، كاللاڭ بىلەن ئىش قىل، بىپەرۋالىق قىلساڭ، ماشىنا شىللەڭگە مىنىۋالىدۇ جۇمۇ! — دەپ كىنايە قىلاتتى.
بۇنداق چاغلاردا شەۋكەت خىجالەت بولغىنىدىن، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، بوياقچىنىڭ كۆپىگە چىلانغاندەك قاپقارا ياكى سۆسۈن، شاپتۇل چېچىكى، زەڭگەررەڭ قوللىرىنى ئىشقىلىغىنىچە، يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئىچىدە ئۆزىنىڭ كالۋالىقىدىن ئۆكۈنەتتى.
— نېمانچە تۇگۈلۈپ كېتىسەن؟ — دەيتتى سايىم ئاخۇن ئۇستام ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك كۈلۈمسىرەپ چاقچاق ئارىلاش، — بىر كۈندىلا ھەممە ئىشنى بىلىۋالغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ نېمانچە بىتاقەتلىك قىلىسەن؟ نانىمۇ بىر چىشلەم، بىر

چىشلەمدىن يىگەندەك، تېخنىكىنىمۇ بىر - بىرلەپ ئۆگىنىدىغان گەپ، ئۇكا...... ئالدىرىغان بىلەن بولمايدۇ. بۈگۈن بىر تال بۇرما مىخنىڭ ئىسمى، رولىنى ئۆگەنسەڭ، ئەتە بىر تال ئوق ياكى بىر تال چىشلىق چاقنىڭ ئىسمى بىلەن رولىنى ئۆگىنىسەن. بىتاقەتلىك قىلىپ، قورسىقىمدىكىنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈندىلا بىلىۋالماقچى بولساڭ، ئىككىمىز كېلىشەلمەيمىز جۇمۇ! مەنمۇ ئاز - ئازدىن ئۆگەنگەن، ساڭىمۇ ئاز - ئازدىن ئۆگىتىمەن...... ھە، نېمىگە ھومىيىسەن؟ بولدى، خاپا بولما، كەل، مانا مۇنداق قىل. ھەببەللى! ئەمدى توغرا بولدى!

شەۋكەت توپتوغرا بىر ئاينى ئاشۇنداق ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆز نەزىرىدىغۇ خېلى كۆپ نەرسىنى بىلىۋالغاندەك ئىدى. ئەمما، ئۇستىسىنىڭ ئۆگەتكىنى ئاران ئون نەچچە خىل زاپچاسنىڭ رولى ۋە ماشىنا تازىلاش، مايلاش، ۋالەك يۇيۇش، سىياھ ئاپپاراتىنى تەڭشەش...... بولدى. تېخى ئىككى قېتىم ماشىنىنىڭ تورموزى ئوچۇق قېلىپ روبىلىنكىنى ئېچىش بىلەنلا ماشىنا تاراقلاپ ھەرىكەتكە كېلىپ، شەۋكەتنى جېنىدىن ئايرىغىلى تاس قالدى. شەۋكەت بۇ ئىشنى ئۇچۇن ئۇستىسى تەرىپىدىن ئەپچىللا ئۇچۇقدالدى. ماشىنىنى مايلاش ھوقۇقىمۇ تارتىۋېلىندى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ بەزىلىرى ئون - يىگىرمە قەغەزنى ئۆز ئالدىغا باسقانلىقىدىن پەخىرلىنىپ يۈرۈشەتتى. بۇ ئىش شەۋكەتكە بەكمۇ ئەلەم قىلغان بولسىمۇ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، «بۇرۇت»نىڭ ھەربىر بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى سېخ بويىچە ھەممە ماشىنىدىن كونا ھەم ئەبجەق بولۇشىغا قارىماي، «بۇرۇت»نىڭ «ئۇلۇك ئىشەككە يانتاق ئارتىدىغان» ماھارىتى، ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدىغان جاپاكەشلىكى نەتىجىسىدە، ئۇلار مۇشۇ ئايلىق ۋەزىپىسىنى بىر يۈز ئوتتۇز پىرسەنت ئورۇنلىدى.

پەقەت مۇشۇلا شەۋكەتكە تەسەللى بولماقتا ئىدى.

بۈگۈن ئۇ «بۈرۈت» نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋالەك يەڭگۈشلەۋاتاتتى. ئۇ كېرەكتىن چىققان بىر ۋالەكنى كىرسىن بىلەن يۇيۇپ، لاتا بىلەن سۈرتۈۋاتقاندا، ۋالەكنىڭ بىرقانچە يېرىدە غەلىتە «گۈل» تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىردەم سىنچىلاپ قاراپ، ھېلىقى «گۈل» نىڭ ۋالەك ئېرىتمىسىگە ئارىلىشىپ قالغان قاتتىق ۋالەك پارچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران بولدى ۋە ئىككى قولىنىڭ باشمالتىقى بىلەن «گۈل» نىڭ چۆرىسىنى كۈچەپ باسقانىدى، كۆممىقوناقتەك چوڭلۇقتىكى ۋالەك پارچىسى ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا بىر كامار ھاسىل بولدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى «گۈل» لەرمۇ ئاشۇنداق كامارغا ئايلاندى. شەۋكەت باشقا ۋالەكلەرنىمۇ سىنچىلاپ تەكشۈرگەنىدى، ھەممىسىدە نەچچە تالدىن «گۈل» ئۇچراتتى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇستىسىغا ئېيتىماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى - يۇ، سايىم ئاخۇن ئۇستامنىڭ نۇسخا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى، قىسقىغىنا خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ۋالەكلەرنى ھەم ھېلىقى ۋالەك پارچىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە، ئالدىراش سىرتقا چاپتى.

— كەل، ئۇكا، — دېدى پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، يوغان پىچاق بىلەن كاردىن چىققان ۋالەكلەرنى ھەر خىل چوڭلۇقتا توغراۋاتقان ئاباق ۋالەك قۇيۇش ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا شەۋكەتنى كۆرۈپ، — مەن تېخى قېشىڭغا چىقاي، دەپ تۇرۇۋىدىم، يولۇمنى قىسقارتىپ، كونا ۋالەكلەرنى ئۆزلۈك ئەكىرىپسەن - دە! قالتىس بالا جۇمۇ سەن!

شەۋكەت ئۈنچىقماستىن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، قولىدىكى ۋالەكلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، زوك ئولتۇردى. ئاندىن ۋالەكلەر بىلەن ۋالەك پارچىلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— ئاباقكا، قارىغە، ماۋۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدى.
ئاباق ھەيران بولغان قىياپەتتە، بىر شەۋكەتكە، بىر ۋالەككە بىردەم تىكىلىپ تۇردى - دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:
— قايسى ئىشنى دەيسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ماۋۇ تۆشۈكلەر بىلەن......
— ھە، مانداق دېگىنە، نېمە ئىشكىن دەپتىمەن تېخى. بۇ تۆشۈكلەرنى نېمە ئۈچۈن ئاچتىڭ؟
— مەن ئاچمىدىم. شۇنداق بېسىپ قويسام ئۆزى چىقىپ كەتتىغۇتالڭ.
— بېسىپ قويسام......؟ كۆر بۇ ئىشنى! نېمىشقا بېسىپ يۈرگەن بولاتتىڭ، ئۇكا؟ ھېچقىسى يوق، قورقما. ئېرىتىپ بولەكتىن قۇيساق بولىدىغۇ! تازىمۇ ئۆپكەڭ يوق بالا - دە، سەن!
شەۋكەت ئاباقنىڭ ئۆز مۇددىئاسىنى چۈشەنمەيۋاتقانلىقىدىن تىت - تىت بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى، ئاباقنىڭ چىرايى بىر تاتىرىپ، بىر كۆكىرىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس قىسىق كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقلىرى ئالاق - جالاق ئويناشقا باشلىدى. كېيىن بىردىن تەمكىن قىياپەتكە كىرىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— مۇنداق دېسەڭچۇ، ئۇكا! قالتىس ئەقىللىق يىگىت جۇمۇ سەن! ئەگەر سەن سىزىۋالمىغان بولساڭ، مەن پەقەت دىققەت قىلمايدىكەنمەن...... ئېرىتىلمىگەن ۋالەك توغرامچىسىنىڭ قېلىپقا كىرىپ قېلىشى ئۆلسەممۇ خىيالىمغا كەلمەس! سىزىۋېلىپ بەك ئوبدان ئىش قىپسەن، ئۇكا، ساڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار، نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟! ئەقلىڭگە ئاپىرىن، ئۇكا! — دېدى.
شەۋكەت بۇ چېكىدىن ئاشقان ماختاشلاردىن خىجىل بولۇپ، بارغانسېرى قىزىرىپ - تاتىرىپ كېتىپ باراتتى. نېمىلەرنىدۇر

دېيىشكە ئۆمەللىگەن ئاغزى يېرىم ئېچىلغىنىچە قېتىپ قالغانىدى.

ئاباق ئۇشتۇمتۇت سورىدى:

— بۇنى سەنلا كۆردۈڭمۇ ـ يا......؟

— ھەئە، مەنلا كۆردۈم.

— بىركىمگە دېمىگەنسەن؟

— ياق، ھېچكىمگە دېمىدىم. بۇنى سىزنىڭلا، ئۇدۇل سىزنىڭ قېشىڭىزغا كىرىشىم.

— بەكمۇ ئوبدان قىپسەن، ئۇكا! بەكمۇ ئوبدان قىپسەن! ئەگەر «بۇرۇت» ئۇقۇپ قالسا، ئوتۇمنى ئۆرە كۆيدۈرمەيتتى...... ئىسىڭدە باردۇ، ئۆتكەندە ئۇنىڭ كاساپىتىدىن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم!؟

شەۋكەت مۇنداق بىر ۋەقەنى ئېسىگە ئالدى:

*سەرەتان كۈنلىرى ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر نەچچە ماشىنىنىڭ ۋالەكلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئېرىپ كەتتى. بەزىلىرى ئېرىمىگەن بولسىمۇ، ئوقتىن ئاجراپ ئەگرى كېتىپ، ئەگرى نوغۇچ ئاشتاختا ئۈستىدە تاراقلىغاندەك، بەتلەر ئۈستىدە ئېگىز ـ پەس تاراقلاپ، بىرمۇنچە قوغۇشۇن بەتلەرنى كاردىن چىقاردى ۋە شۇ تۈپەيلىدىن، باسما ماشىنىلىرىدا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. سېنتەبىرنىڭ 7 ـ، 8 ـ ئايلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىشى ئىلگىرىكى ئايلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، خېلى كۆپ مەھسۇلاتلىرى سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمىدى. زاۋۇت رەھبەرلىكى بۇ ھادىسىنى جىددىي تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئاباقتىن قايتا ـ قايتا سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ، تۈتامغا چىققۇدەك بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. كۈتۈلمىگەندە، بۇ سىرنى «بۇرۇت» يەشتى: ۋالەكلەر قىشلىق يېلىمدا قۇيۇلغانىنىڭ*

ئۈستىگە، قۇم ئارىلىشىپ قالغانلىقى، ۋالەك ئوقىغا يۆگەلگەن يىپىنىڭ بىرقانچە جايدىن قىرقىۋېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، جاۋابكارلىقنى ئاباققا ئارتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ سېخنىڭ قوشۇمچە مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان مۇھەممەتئىمىن بۇ ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ: «ئاباق كەسىپ ئەھلى بولمىغاچقا، قىشلىق، يازلىق يېلىمنى پەرق ئەتمەي، ئارىلاش ئىشلىتىۋەرگەن؛ ۋالەك ئوقىغا يۆگىلىدىغان يىپىنى پات - پات يەڭگۈشلەپ تۇرمىغان؛ تازىلىققا دىققەت قىلمىغانلىقتىن، ۋالەك ئېرىتمىسىگە قۇم ئارىلىشىپ قالغان.......» دەپ يەكۈن چىقاردى. ئاباققا تېگىشلىك تەنقىد - تەربىيە بېرىلدى. ئاباقمۇ كەمچىللىكىنى بويىنىغا ئېلىپ، بۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ۋالەكنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە بەردى. مۇھەممەتئىمىننىڭ يەكۈنى، ئاباقنىڭ ۋەدىسى خېلى كۆپ يولداشلارنى قايىل قىلغان بولسىمۇ، «بۇرۇت» زادىلا قايىل بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، كىچىككىنە پۇرسەت تاپسىلا ئاباق ئۈستىدە غوتۇلداپ يۈردى. بۇ چاغدا شەۋكەت قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيىدە ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. شەۋكەت باسما سېخىغا يۆتكىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى: بېسىلغان كىتابلارنىڭ بەزى بەتلىرىنىڭ قىسمەن جايلىرىغا سىياھ تەگمەي، سۆز - جۈملىلەرنىڭ تېگى بار، تېگى يوق بولۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق بەتلەرنى قايتا بېسىشقا توغرا كەلگەچكە ھەم قەغەز ئىسراپ بولاتتى، ھەم ۋاقىت ئىسراپ بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن «بۇرۇت» بىر تەرەپتىن، شەۋكەتنى «سىياھقا قاراشتا دىققەتسىزلىك قىلدىڭ......» دەپ ئەيىبلىسە يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ كېلىشمەسلىكنى پۈتۈنلەي ۋالەكتىن كۆرەتتى.

× × ×

«كىتــاب بەتلىرىنىــڭ ئــالا بىــسىلىپ قىلىــشى، ئۇســتام گۇمانلانغانــدەك، ۋالەكنىــڭ مۇشــۇنداق ناچــار قۇيۇلغانلىقىنــدىن بولغــانىكەن - دە! .......» شــەۋكەت مۇشــۇلارنى خىيالىــدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ئاباق گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:

— «بۇرۇت» ساڭا تۈزۈكرەك بىرنەرسە ئۆگىتەي، دەمدۇ ياكى ۋالەك يۇغىلى، ماشىنا تازىلىغىلى سېلىۋاتامدۇ؟

— ھازىرچە شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن. تېخى باشقا نەرسە ئۆگەتمىدى.

— بولماپتۇ، ئۇكا، بولماپتۇ! — ئاباق شەۋكەت ئېلىپ كىرگەن ۋالەكلەردىن بىرىنى قولىدىكى ئۆتكۈر پىچاق بىلەن ئۇزۇنىسىغا تىلىپ، ئوقتىن ئاجرىتىۋالدى - دە، ئۇنى يۇمىلاق كۆتەك ئۈستىگە قويۇپ توغرىغاچ، چوڭقۇر خەيرخاھلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى، — بىر ئاي ئۆگەنگىنىڭ ئاران ۋالەك يۇيۇش، ماشىنا تازىلاش، سىياھقا قاراش بولسا، ماشىنىغا قەغەز سېلىش، سىياھ تەڭشەش، بەت سېلىش، بۇزۇلۇپ قالسا ئوڭلاش...... دېگەنلەرنى قاچانمۇ ئۆگىنەرسەن؟! — ئۇ شەۋكەتكە مەنىلىك قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — مۇنداق بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ يۈرۈۋېرىدىغان بولساڭ، ئۇن يىلدىمۇ ماشىنىنىڭ تىلىنى بىلىپ بولالمايسەن، ئۇكا! — ئۇ سەل توختىۋېلىپ سورىدى، — بۇ ئەھۋالنى مۇھەممەتئىمىن ئاكاڭ بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ.

— رامىزان بىلەن لاۋيەنچۇ؟

— ئۇلارمۇ بىلىدۇ.

— ئۇلار نېمە دەيدۇ؟

— يەن شۇجى بىلەن رامىزان ئاكام: «خاتىرجەم ئىشلەۋەر، ئۇستاڭنىڭ تۇتقان يولى توغرا. مۇشۇنداق ئۆگەتسە، ئىچى كاۋاك دەرەخ بولماي، ئۆيۈل ئالتۇن بولىسەن» دەيدۇ.

— «ئۆيۈل ئالتۇن» بولىمىش تېخى!..... — ئاباق چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتتى، — ئۇ خەقنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى بىر، ھېچقايسىسىمۇ سېنى ياخشىراق كۈن كۆرسۇن دېمەيدۇ! داداڭنىغۇ يېيىشتى..... ئەمدى سېنى...... — ئاباق سىناق نەزىرىدە شەۋكەتكە قاراپ قويدى. شەۋكەتنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، كۆزلىرى غەلىتە چاقنايتتى. ئاباق چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ، بىرپەس ئۈنچىقماي تۇرغاندىن كېيىن سورىدى، — مۇھەممەتئىمىن ئاكاڭ بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ كۆردۈڭمۇ؟

— سۆزلەشتىم، — شەۋكەت «ۋىللىدە» قىزىرىپ، گېپىنى ئوڭلىۋالدى، — ئۇلۇشكۈن مۇھەممەتئىمىن ئاكام مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئائىلە ئەھۋالىمىز، ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىمنى سورۇشتۇردى. مەن ھەممە گەپنى ئەينەن دەپ بەرگەندىم، ئۇ: «مەن ئۇستاڭغا گەپ قىلىپ قوياي، سېنى ئەمدى بۇنداق ئۇششاق - چۈشەك ئىشلارغا سېلىۋېرىپ، ۋاقتىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمىسۇن» دېدى.

— ھەببەللى! تازا جايىدا گەپ قىپتۇ. مۇھەممەتئىمىن ئاكاڭ بارغۇ، لەۋزى ھالال، دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم. شۇڭا رامىزان ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا، تۆت پۇتى ئوڭدا قالىدۇ. قانداق، مېنىڭ ئۆتكەندە ساڭا دېگىنىم راستمىكەن؟

شەۋكەت ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەماللىققا چۈشىنەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ، قاچاندۇر بىر چاغلاردا مەست يېتىپ تۇرۇپ، تەكرار - تەكرار ۋارقىرىغان: «رامىزان قاتىل! رامىزان......» دېگەن سۆز

يېڭىباشتىن يۈرىكىدىن ئۆرغۈپ چىقىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى.

شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ئۇنى چاقىردى:

— شەۋكەت، سىنى ئۇستاڭ چاقىرىۋاتىدۇ.

خاموش بولۇپ قالغان شەۋكەت ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، ئاباق:

— ھېلىقى ۋالەكىنىڭ گېپىنى «بۇرۇت»قا دەپ تاشلىما جۇمۇ! — دېدى يېلىنغاندەك ئاۋازدا.

— ماقۇل.

شەۋكەت شۇنداق دېدى - دە، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئاباق چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل كەيپىياتتا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئاباقنىڭ پىچاق تۇتقان قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى ھەم ئۇچلۇق، ھەم يوغان بۇغدىيىكى بىر يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىر تۆۋەن چۈشەتتى، بوغۇزىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك، نەپەسى بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا ئىدى......

# يەتتىنچى باب

## مۆكىمۆكىلەك

«يۇرەكنىڭ قۇلىقى بار»لىقى راستىمكىن ياكى بۇ ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقىدىن بولغان ئىشمۇ، ئىشقىلىپ رەھمەتجاننى چالا ـ پۇچـۇق كۆرۈشـى بىلەنـلا، مۇھەممەتئىمىننىڭ يـۈرىكى نىمىنىـدۇر تۇيغانــدەك ئەنــسىز سـوقۇپ كەتتــى. ئـۇ كـۆزلىرىگە ئىـشەنگۈسى كەلـمەي، ھىچقانــداق رەســامنىڭ قـولى تەگمەيـلا ئاجايــپ ـ غارايىپ رەسىملەر نەقىشلەنگەن دېرىـزە ئەينىكىگە بېشىنى يېقىن ئەكەلــدى ـ دە، جەينەكلىــرى بىــلەن تەكچىــسىگە تايىنىــپ، تاشـقىرىغا دىقـقەت بىـلەن سەپسىلىـشقا باشـلىدى. ئـۇ يەردە قـارا كاجى ئىش خالتى كىيگەن رامىـزان ئاكا بىـلەن قىشلىق ساقچى كىيىمىدىكى رەھمەتجان نـېمە توغرۇلۇقتـۇر سۆزلىـشىۋاتاتتى. ھايال ئۆتمەي، ئۇلار زاۋۇت ئىشخانىسى تەرەپكە مېڭىشتى. مۇھەممەتئىمىن ئىنتىـك كەيـنىگە بۇرۇلـۇپ، ئەتراپقـا ئـالاق ـ جـالاق قارىۋالـدى، ئىشخانىدا ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچكىم يوق ئىدى. مەشتىكى ئوتنىڭ گـــۈركىرەپ كانايغـــا ئىبقـــشى، كۆمۈرنـــىڭ ئـــارىلاپ ـ ئـــارىلاپ چاراسلــشى، مەش ئۈســتىگە قويۇلغــان چەينەكتىكــى ســۇدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھورنىڭ كۈچى بىلەن چەينەك ئاغزىنىڭ توختاۋسىز تىرىقلىشى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مـۇھەممەتئىمىن ئورۇنــدۇقىغا ئولتــۇردى. ئولتــۇردى ـ يــۇ،

دەرھال چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك تۈۋىگە كەلدى ۋە ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقىنىچە بىر منۇتچە تۇردى. كېيىن يەنە كەينىگە يېنىپ، ھېچقانداق مەقسەتسىزلا، ئىشخانىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭغا ئىشخانا بەكمۇ ئىسسىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ پاختىلىق سوكنا كىتېلىنىڭ ئۈستۈنكى تۈگمىسىنى يېشىپ، مەيدىسىنى ئېچىۋەتتى. بۇمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانچە ھۇزۇر بېغىشلىيالمىدى. بارغانسېرى ئىچى سىقىلىپ، ئادەتتە تۆت كىشى ئىشلەيدىغان شۇنچە كەڭ ئىشخانا ئۇنىڭغا تارلىق قىلماقتا ئىدى. پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرى كەتكەندەك بولۇپ، ئۆرە تۇرۇشمۇ تەس بولۇپ قالدى. ئاخىر، ئۇ ئىشككە يانداش قويۇلغان شىرەنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئوڭ قولىنىڭ جەينىكى بىلەن ئۇنىڭغا يۆلەندى. شىمىنىڭ يانچۇقىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ ماڭلاي، بويۇن، باشلىرىدا پەيدا بولغان تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى. ئاندىن قوشۇمىسىنى بىر تۈردى - دە، يېڭىباشتىن قەددىنى رۇسلاپ، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا يېپىشتى.

ئەمدى ئۇ زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇراتتى. گەرچە كۆزلىرى نەلەرگىدۇر تىكىلگەن، سىياقىدىن تەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، يۈرىكى ئەنسىز تېپچەكلەيتتى، قولىقى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدا ئىدى. ئىچكىرىدە ئىككىيلەن پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتاتتى:

— بۇ بەكمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ...... يولداش رەھمەتجان، سىلەر ھەقىقەتەن قالتىس تىرىشچانلىق كۆرسىتىپسىلەر! — بۇ رامىزان چاڭجاڭنىڭ ئاۋازى ئىدى، — پەرۇقنىڭ دېلوسىدىن خۇلاسە چىقىرىشتا، بىز تولىمۇ يەڭگىللىك قىلغان ئىكەنمىز، قارىغاندا زاۋۇتىمىزدا ئەھۋال بىز مۆلچەرلىگەندىكىدىن ئېغىردەك قىلىدۇ.

— شۇنداق، زاۋۇتىڭلاردا ئەھۋال ھەم ئېغىر، ھەم

مــۇرەككەپ، ــ رەھمەتجــان چۈشەندۈرۈشــكە باشــلىدى، ــ خىمىيەلىــك ئانــالىزدىن مەلــۇم بولۇشــىچە، پەرۇقنىــڭ خېتىنــى ئۆزگەرتكەن ئاباق ئىكەنلىكىــدە شەك يــوق. ۋالەكلەرنىــڭ ئېرىــپ كېتىشى، ئوقتىن ئاجراپ كېتىشى...... قاتارلىقلارنى مۇشۇ ئىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئاباقنىڭ تېخىچە يامان ئىــشلاردىن قــول ئۈزمەيۋاتقــانلىقىنى بىلــۋالالايمىز. بۇنىڭــدىن باشقا...... ــ رەھمەتجاننىــڭ ئاۋازى بىــردىن پەسلەپ كەتتــى. كېيىن ئــاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ سورىدى، ــ ھازىر ئاباق نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ــ ۋالەك قۇيۇۋاتىدۇ.

ــ بوپتۇ، ئــۇ ئاشــۇ ئىــشنى قىلىۋەرسۇن. ئەممــا ئۇنىڭغــا بولغان نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىڭلار.

ــ ماقۇل. بىزمۇ ئۇنىڭغا سەل قاراۋاتقىنىمىز يوق.

ــ ئۇنــداق بولسا ياخشىكەن. ئۆتكەنــدە ئۇنىــڭ شەۋكەتنى ئــازدۇرۇپ يــۈرگەنلىكىنى ئېيتقانىــدىڭىز. ھــازىرمۇ شــۇنداق قىلىــپ يۈرەمدۇ ـ يا......؟

ــ ھازىر بۇ ھەقتە بىرنەرسە دېيىش قىيىن. شەۋكەت باســما سېخىغا يۆتكەلگەنــدىن كېيىن، ئۇنىــڭ بىــلەن بولغــان ئالاقىــسى كۆپ ئازلاپ كەتتى.

ــ شەۋكەت بىلەن سۆزلىشىپ كۆردىڭىزمۇ؟

ــ ياق، سۆزلەشمىدۇق.

ــ ئۇنداقتا......

ــ ئىش مۇنــداق، ــ رامىــزان ئاكــا رەھمەتجاننىــڭ سۆزىنى بۆلــدى، ــ دەســلەپ ئاباقتــا ئىقتىــسادىي مەســىلىدىن بــۆلەك مەســىلىلەرنىڭمۇ بارلىقىــدىن گۇمانلانمىغــان، ھەتتــا ئۇنىــڭ پوزىتــسىيەسىگە قــاراپ، بەزى گۇمــانلىرىمىزدىن ۋاز كەچمەكچىمــۇ بولغان. قوغۇشۇن ئېرىتىش قازىنىدا يۈز بەرگەن نەچچە قېتىملىق

پارتلاش، شەۋكەتتە تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ۋە ناچار كەيپىياتلار بىزنىڭ ئاباققا بولغان كۆز قارىشىمىزدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. شۇڭا ئۇنى سەگەكلەشتۈرۈپ، شەۋكەتنى تەمتىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن شەۋكەت توغرۇلۇق ئاشكارا سۆزلەشمىدۇق. بىرىنچىدە، ۋاقتى كەلگەندە شەۋكەت ئاباقنىڭ يېگى بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ئىسپاتلاشتا ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى ھەم پاش قىلغۇچى بولۇپ قالىدۇ.

— بىر ھېسابتا بۇ قىلغىنىڭلارمۇ توغرا بوپتۇ. ھە، راست، ماۋۇ ئىككى ماشىنا قەغەزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق يەن شۇجى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغانسىز؟

— ياق. ھەرقانچە ئالدىرىساقمۇ پۇرسەت بولمايۋاتىدۇ. باياتىن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەنىدىم، يىغىن تۈنۈگۈن تۈگەپتۇ. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يېتىپ كېلەلمىسە، ئەتە ئەتىگەندە ئۈچىدىغان ئايروپىلاندا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېچىككەندىمۇ ئەتىدىن قالدۇرماي ئۇنىڭغا ئېيتىمەن.

— ھەرھالدا تېزرەك ھەرىكەت قىلىڭ. بىزمۇ ھەممە تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ قويدۇق. يېگى يىلدىن كېيىنلا قول سالماقچىمىز.

— بولىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ.

— ئۇنداق بولسا، مەن قايتاي.

— ماۋۇ خەتنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتسىڭىز قانداق؟

— مەيلى، قالسا قالسۇن. يەن شۇجىغا كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ماڭا تاشلاپ بېرەرسىز، — رەھمەتجان سەل توختاپ قوشۇپ قويدى، — دىققەت قىلىڭ، يوقىلىپ كەتمىسۇن.

— ھا ـ ھا، ھا ـ ھا!..... كىچىك بالىدەك گەپ قىلمىگە، ئۇكا! ئۆزۈم يوقالمىساملا، بۇ خەت يوقالمايدۇ!

رامىزان چاڭجاڭنىڭ گېپى ئۈزۈلۈشى بىلەنلا، ئورۇندۇقلارنىڭ تاراق - تۇرۇق قىلىپ بىر تەرەپكە سۈرۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇھەممەتئىمىن ئىككىلا سەكرەپ ئىشخانىسىغا كىردى - دە، ئىشىكنى ئاۋايلاپ ياپتى......

× × ×

نېمە ئۈچۈندۇر چىرايى تۈمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەن مۇھەممەتئىمىن ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە، رامىزان ئاكا باياتىن رەھمەتجان قالدۇرۇپ كەتكەن بىر ۋاراق قەغەزگە تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ مۇھەممەتئىمىنگە بېشى بىلەن قارشىسىدىكى ئورۇندۇقنى ئىشارەت قىلىپ، ئاندىن قولىدىكى قەغەزنى دەرھال شىرەنىڭ تارتمىسىغا سالدى.

— قارىمامسىز، ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى! — مۇھەممەتئىمىن قايىنغان پېتى ئۇدۇل رامىزان ئاكىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، — بۇ شەۋكەت دېگەن بالا ئادەمگە بىر بالا بولدىغۇ!

رامىزان چاڭجاڭ شىرەنىڭ تارتمىسىنى «جالاققىدە» يېپىۋېتىپ، ئەنتىلىك مۇھەممەتئىمىنگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى غەلىتە چاقنايتتى.

— شەۋكەت نېمە بوپتۇ؟

— نېمە بولاتتى...... مانا. ماۋۇلارنى كۆرسىڭىز، نېمە بولغانلىقىنى بىلىسىز!

مۇھەممەتئىمىن كونا، يېڭى يېزىقتا ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل چوڭلۇقتىكى قەغەزگە يېزىلغان بەش پارچە ئىلتىماسنى رامىزان ئاكىنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئۇ تېخىچە ئۆرە تۇراتتى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى رامىزان ئاكا تەرىنى تۇرۇپ ۋە قەغەزلەرگە بىر - بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

مۇھەممەتئىمىن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۈردى. ئاندىن يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى چىقىرىپ، ھەرقاچانقى ئادىتى بويىچە ئوتتۇرا قولدەك چوڭلۇقتا بىر تال تاماكا ئورىدى - دە، مەش كوچىلىغۇچنى قىزىتىپ، تۇتاشتۇرماقچى بولدى. ئەتەي قىلىنغان بۇ ھەرىكەت ئۇنى لەت قىلدى: مەشنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالغانىدى.

— ئاپلا! — دېدى ئۇ قەستەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ ئەمەسمۇ! مۇزلۇق ئىشخانىدا قانداقمۇ ئولتۇرغانسىز؟ خىزمەتمۇ بار نەرسە، غەيرەتمۇ ئۆز يولىدىراق بولغىنى ياخشى، ئاكا...... دىققەت قىلمىسىڭىز......

ئۇ سۆزلىگەچ مەش بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇرۇۋىدى، رامىزان ئاكا قەغەزلەردىن كۆزىنى ئېلىپ، كەسكىن بۇيرۇق ئاھاڭىدا دېدى:

— تەگمەڭ، ئۆچكەن بولسا مەيلى. ئىشخانىنىڭ سالقىنراق تۇرغىنىمۇ ياخشى. بەك ئىسسىپ كەتسە، ئادەمنى كۆڭلى قارا قىلىپ قويىدۇ.

«ئادەمنى كۆڭلى قارا قىلىپ قويىدۇ».

مۇھەممەتئىمىن بۇ سۆزنى ئىچىدە نەچچە قېتىم تەكرارلىدىكىنتاك، تەكرارلىغانسېرى كۆڭلى بىئارام بولۇپ، رەڭگى ئۆڭگىلى تۇردى. توۋا ماۋۇ ئىشنى! ئۇ نېمىگە شۇنچە ھولۇقىدىغاندۇ؟ ئۇ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كىردى؟ ھە، راست، ھېلىقى نەچچە ئالىقانات...... ياق، مۇھەممەتئىمىننىڭ كاللىسى تېخى جايىدا!

مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنى ئوڭلاپ، چىشلىرىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى. ئاندىن:

— مەن تېخى سىزنى ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆت بىلەن كارى بولمىدىمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن. توغرا ئېيتتىڭىز. ئىشخانا بەك ئىسسىپ كەتسە، سالامەتلىككىمۇ زىيانلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىڭىزمۇ سىختىن ـ سېخقا چېپىپ يۈرۈپ، ئىشخانىدا ئانچە ئولتۇرمايسىز. سىزنىڭ مۇشۇ ئادىتىڭىزنى قاچانمۇ ئۆگىنەر كىشى؟ قالتىس ئادەم جۇمۇ سىز!

ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا رامىزان ئاكىغا قاراپ قويدى. رامىزان ئاكا گويا ئۇنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك، پۈتۈن زېھنىنى ھېلىقى قەغەزلەرگە مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

مۇھەممەتئىمىن يېڭىباشتىن جايىغا بېرىپ، «پاس» قىلىپ بىر تال سەرەڭگە ياقتى ـ دە، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ كەينى ـ كەينىدىن شوراشقا، دۈگىلەك ـ دۈگىلەك ئىس چىقىرىپ، تورۇسقا پۈۋلەشكە باشلىدى.

ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە. رامىزان ئاكا شۇنداق ئەزمىلىك قىلماقتا ئىدىكى، مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىچى سىقىلغىنىدىن، ھېلىقى قەغەزلەرنى ئۇنىڭ ئالدىدىن تارتىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. نېمە چارە؟ قاچانغىچە كۆرسە كۆرۈۋەرسۇن! بۇ ئۇنىڭ ئىختىيارى ـ دە!

رامىزان ئاكا ھېلىقى قەغەزلەر — ھەرپ قويۇش سېخىدىن ئىككى، ھەرپ تىزىش سېخىدىن ئىككى، سىنىكىگرافتىن بىر نەپەر ياش ئىشچىنىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ كۆرۈپ، يۈزىنى مۇھەممەتئىمىنگە بۇرىغاندا، مۇھەممەتئىمىن تاماكىسىنى ئاللىقاچان چېكىپ بولغان بولۇپ، ئالقانلىرى بىلەن ئىككى چېكىسىنى مەھكەم قىسىپ، باش ـ ئايىغى چىقمايدىغان خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

— بۇ يولداشلارغا خىزمەت ئىشلەپ باقتىڭىزمۇ؟

— خىزمەت ئىشلىمەي قالامدىمەن! — مۇھەممەتئىمىن ئېغىر تىنىپ، قوللىرىنى پەسكە چۈشۈردى، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك: «شەۋكەتنى يۆتكەشكە بولىدىكەنۇ، نېمىشقا بىزنى يۆتكەشكە بولمايدىكەن؟!» دېيىشىپ، مېنى زادىلا ئېغىز ئاچۇرۇشمىدى...... ھەممىسى مۇشۇ شەۋكەتنىڭ كاساپىتى! ھە-ي......

— «شەۋكەتنىڭ كاساپىتى؟» مەن بۇ ھەقتە باشقىچىرەك ئويلاۋاتىمەن، — رامىزان ئاكا مۇھەممەتئىمىنگە سىناق نەزىرىدە تىكىلدى. ئاۋازىمۇ بۆلەكچىلا كەسكىن ئىدى، — نەچچە ئايدىن بۇيان، زاۋۇتىمىزدا غەلىتە - غەلىتە ئىشلار يۈز بەردى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سان - سۈپىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك چېكىنىش بولۇۋاتىدۇ. ياشلار ئارىسىدا ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇش، روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلىشىش، خىزمەتتە پاسسىپلىشىش، پېشقەدەم ئۇستىلارنى مەنسىتمەسلىككە ئوخشاش ئەھۋاللار بار. مەن بۇنى ھەرگىزمۇ يەككە - يېگانە ھالدىكى ئىدىيەۋى مەسىلە ياكى شەۋكەتنىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇرغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالايغان»دەك ئىش، دەپ قارىيالمايمەن. مېنىڭچە بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدە چوقۇم يامان ئادەملەرنىڭ قارا قولى بار. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتسام، «تۆت كىشىلىك گورۇھ»نىڭ بەزى قارا چاپارمەنلىرى ھېلىمۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەر جەھەتتىن توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان ياخشى ئىشلەپ كېلىۋاتقان مۇشۇ بەش نەپەر ياشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا خىزمەت ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، رەھبەرلىككە بېسىم ئىشلىتىشى، ئەمەلىيەتتە......

— ھا - ھا!، ھا - ھا!...... — مۇھەممەتئىمىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكە ئارىسىدا مۇنداق دېدى، — چاڭجاڭ، سىز

قىلنى پىل قىلىپ قاراۋاتامسىز ـ قانداق؟

ــ خاتىرجەم بولۇڭ. ھەرگىزمۇ سىز ئويلىغاندەك ئىش بولمايدۇ. بىز چوقۇم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلمايمىز، بىرمۇ يامان ئادەمنى توردىن چۈشۈرۈپ قويمايمىز! ــ رامىزان ئاكا بۇ سۆزلەرنى شۇنداق كەسكىن، شۇنداق جاراڭلىق تەلەپپۇزدا ئېيتتىكى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق كەسكىن ئىبارىلەرنىڭ چىقىشىنى ئۆلسىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان مۇھەممەتئىمىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، بىر تال مويىدىن مىڭ تېمىملاپ تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللۈۋىدى، تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك، بۇغدىيىكلا مىدىرلىدى. رامىزان ئاكا سۆزىنى ماۋۇ جۈملىلەر بىلەن تۈگەتتى، ــ قولىمىزدا يېتەرلىك پاكىت تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، بىر ـ ئىككى بۇزۇقچا دەل، پۇختا، قاتتىق زەربە بېرەلمىسەك، پارتىيەگە قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟! يېتەر، ھېلىمۇ شۇنچە سۆرەلمىلىك قىلدۇق. ئەمدى يەنە سەۋر قىلىپ تۇرۇۋېرەلەيمىز!...... ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئىش ھەرگىزمۇ سىز ئويلىغاندەك بولمايدۇ......

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

ــ ھە؟ كىم دېدىڭىز؟ ھەئە، چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 5 تە؟ ماقۇل. ۋاقتىدا يېتىپ بارىمەن.

رامىزان ئاكا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى جايىغا قويغاندا، مۇھەممەتئىمىن ئورنىدىن تۇرۇۋالغان بولۇپ، چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتاتتى. رامىزان ئاكا ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

ــ شۇنداق بولسۇن. بۇ باللارنىڭ ئىشىنى لاۋيەن قايتىپ كەلگەندە بىرنەرسە دېيىشەرمىز. مەن چۈشتىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكومغا مەجلىسكە بارىمەن. بەزى ئىشلارنى مېنىڭ ئورنۇمدا بىر

تەرەپ قىلىپ تۇرارسىز.
— ماقۇل.
— ھە، يەنە بىر گەپ، كېيىنكى يېرىم يىلدا ھەرقايسى سېخلاردا يۈز بەرگەن چوڭ ـ كىچىك ھادىسىلەرنى ئەسلەپ، بىر ـ ئىككى ۋاراق بىرنەرسە يېزىپ قويارسىز.
— ماقۇل.
مۇھەممەتئىمىن شۇنداق دېدى ـ دە، زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسىدىن چىقتى، ئىشىكنى يېپىۋاتقاندا، رامىزان چاڭجاڭنىڭ باياتىنقى سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە تەكرار ياڭرىغاندەك بولدى. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ـ دە، ئىشخانىسىغا كىرىپ، كىرېسلوغا قىڭغايدى......



# سەككىزىنچى باب

## قازان بېشىدىكى چۆمۈلە

— تۆگەشتۇق! — دېدى مۇھەممەتئىمىن ۋالەك قۇيۇش ئۆيىدە ئاباقتىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن يەلكىسى بىلەن ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ. ئۇ تەمكىنرەك بولۇشقا ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئاۋازىدىن قاتتىق ھودۇققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — پۈتۈنلەي تۆگەشتۇق!

— نېمە؟ ئۆزۈڭنى تۇختىتىپراق سۆزلىسەڭچۇ، ئۇكا! نېمە بولدى زادى؟

ئاباق ئەمدىلا ئاغزىغا ئەكېتىۋاتقان ناننىياندۇرۇپ قاچىغا سېلىپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە چەكچىيىپ كەتكەن چېقىر كۆزلىرىنى مۇھەممەتئىمىنگە تىكتى. ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، گەۋدىسى ئۆزىگە بويسۇنماي، ئورۇنىدۇققا تېخىمۇ چاپلىشىپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىن كۆكرەك يانچۇقىدىن تۆت پۈكلەنگەن ئىككى ۋاراق قەغەزنى چىقاردى-دە، ئۇنىڭ بىرىنى ئاباققا ئۇزاتتى.

— مە، بۇنى كۆرۈپ باق.

ئاباق خەتنى قولىغا ئېلىپلا چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بوياقچىنىڭ كۆسسىيدەك قاپقارا قوللىرى يىڭناغۇچنىڭ قانىتىدەك تىترەيتتى. ئۇ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«...... بىز «قىزىل قىيا» سىلىگبۇسىغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، مېنىڭ قولۇمدا مىلتىق يوق ئىدى. بىزگە مۇھەممەتئىمىن قوماندانلىق قىلغانىدى. ئۇ بىرىنچى پاي ئوقتىلا ئەبەينى ئېتىپ ئۆلتۈردى. مەن ئۆمرۈمدە مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ۋەقەدىن بەك قورقۇپ كەتتىم، پۇت - قولۇمدا زادىلا جان قالمىغانىدى. شۇڭا يەرگە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. كېيىن ئېسىمنى يىغىپ ئەتراپىمغا قارىسام، مەن بىلەن ئەبەينىڭ جەسىتىدىن بۆلەك ھېچكىم قالماپتۇ. ئالدى تەرىپىمدە مىلتىق، پىلىموتلار ئۆزلۈمەي ئېتىلىۋاتاتتى...... مەن ئۆزۈمنى يوشۇرغۇدەك پاناھ جاي ئىزدەپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئەبەي ياتقان جايدىن ئۈچ - تۆت قەدەم نېرىسىدا تارغىنا بىر كوچا ئۇرغانلىقىنى كۆردۈم. پۇت - قولۇمغىمۇ بىرئاز جان كىرگەندەك بولدى. مەن يەرگە مەھكەم چاپلىشىپ بىردەم ياتتىم - دە، ئاشۇ كوچىنى كۆزلەپ ئۆمىلەشكە باشلىدىم. مەن ئەبەينىڭ جەسىتىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا قاراپ باققۇم كەلدى. كۆزلىرىم ئۇنىڭ بىلىكىدىكى سائەتكە چۈشتى. شۇ چاغدا قورسىقىمغا جىن كىردى - دە، ئۆلۈمنىمۇ ئېسىمدىن چىقاردىم...... بۇ جىنايىتىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم......»

پەرۇق سەمەر

1969 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئاباق خەتتىن بىشىنى كۆتۈرۈپ، مۇھەممەتئىمىنگە تىكىلدى: مۇھەممەتئىمىن تېخىچە ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ئۆرە تۇراتتى. ۋالەك تۇغرامچىلىرى قاچىلانغان چېلەك سىلىنغان قازان پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى. ئىسسىق ئۆي قاڭسىق پۇراق بىلەن تولغان بولۇپ،

نەپەس ئالماقمۇ تەس ئىدى. تام بويلاپ قاتار تىزىلغان ۋالەك قىلىپلىرى گويا سەپ تارتىپ قاتار تىزىلغان لەشكەرلەردەك ئاباققا ھەيۋەت بىلەن قادىلىپ تۇراتتى. ئاباقنى سۈر باستى. ئىسسىپ كەتكىنىدىنمۇ ياكى بىئارام بولغىنىدىنمۇ، ھەر خىل سىياھ يۇقۇندىلىرى بىلەن بۇلغانغان قارا بىربىرىنت خالتى ۋە پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئۇستۇنكى تۇگمىلىرىنى پۇتۇنلەي يېشىۋەتتى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن قىلچە يەڭگىللىك ھېس قىلمىدى. ئۇ مۇھەممەتئىمىنگە تىكىلگەنىسېرى، مۇھەممەتئىمىن زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، «مۇشۇك - چاشقان ئويۇنى» كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنىدى:

— ئۇكام، — دېدى ئۇ، چاشقانغا ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇكتەك ھۆرپىيىپ، — بۇ بىرنېمەڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسەن زادى؟ يوغانلىق قىلماي، گېپىڭنى ئوچۇق دېسەڭچۇ! — ئۇ قولىدىكى قەغەزنى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلدى، — بۇ بىرنېمىنى يەنە نېمە دەپ كۆتۈرۈپ چىقتىڭ؟

مۇھەممەتئىمىن ئاباقنىڭ پەيلى بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرقىنى سەل - پەل ئوڭلىدى. ئۇ ئەمدى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاباقتىن مەدەت تىلەۋاتقاندەك، ئايانچلىق قىياپەتتە سالپىيىپ تۇراتتى.

— ئىش مۇنداق، — دېدى ئۇ ھازىدار ئايالنىڭ ئاۋازىدەك چىرقىراق ئاۋازدا، ئۇنىڭ پۇتلىرى گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك، تىزلىرى سەل ئېگىلىپ، دۈمبىسى ئىشككە تېخىمۇ مەھكەم چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بىر سائەتچە ئىلگىرى زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسىدا رامىزان ئاكا بىلەن رەھمەتجان ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزلەر ۋە پەرۇقنىڭ بۇ خېتىنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈۋالغانلىقىنى ئالدىراپ - تېنەپ سۆزلەپ

بەردى. ئاندىن:

— تېخى بىرگە ماۋۇ پالاكەتمۇ بار، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى - دە، قولىدىكى يەنە بىر ۋاراق قەغەزنىمۇ ئاباققا ئۇزاتتى.

ئاباق قەغەزنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ دېگۇدەك ئالدى - دە، بىر قاراپلا سەسكىنىپ كەتتى، بۇ «ئىنقىلاب» تازا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى مەلۇم باسما زاۋۇتقا سېتىلغان ئىككى ماشىنا قەغەزنىڭ تالونى بولۇپ، ئۇنى ئاباق يازغان، قەغەزنىڭ پۇلىنى ئىككىيلەن بۆلۈشۈۋالغانىدى. بۇ سىرنى ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. زاۋۇت رەھبەرلىكى گەرچە ئاباقنىڭ ئامبار ھېساباتىدا مەلۇم مەسىلە بارلىقىنى سەزگەن ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئامبارنى تەكشۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، تاكى مۇشۇ ھەپتىنىڭ باشلىرىغىچە بۇ ئىككى ماشىنا قەغەزنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغانىدى. بىر پارچە گۇمانلىق تالون تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ نەزىرىنى ھېلىقى زاۋۇتقا ئاغدۇردى. بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كۆتەك قالدۇرۇلمىغان بۇ ھۆججەتمۇ تېپىپ چىقىلدى. يەن شۇجى ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلسىلا، ئاباقنىڭ ئىشى بىر تەرەپ قىلىنماقچىدى. بۇ ھۆججەتكە پەرۇقنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا يازغان خېتى قوشۇلىدىغان بولسا......

ئاباقنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ماۋۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى:

*«بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى جەريانىدا، ئىككى تەرەپ ئامما زاۋۇت ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى پاش قىلدى. پاش قىلىنغانلار ئىچىدە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بىلەن*

ئەيىبلەنگەن پەرۇق «كۇرس»قا ئەكىرىلدى. ئاچ كۆزلۈكتە چېكىگە يەتكەن بۇ ئادەم «كۇرس»قا كىرىشى بىلەنلا، بارلىق جىنايەتلىرىنى بىر - بىرلەپ تاپشۇرۇشقا باشلىدى. بىراق، ھېلىقى سائەت مەسىلىسىدە يەكمۇ جاھىللىق قىلدى. «دىكتاتۇرا دۆيىسى» ئەزالىرىنىڭ كىچە - كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ سوراق قىلىشلىرى، چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا قىلىنغان كۈرەش، تەنقىد قىلىشلارمۇ ئۇنى زۇۋانغا كەلتۈرەلمىدى. تاياق - توقماق دەستىدىن بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىنقىلابىي كومىتېت ئۇنىڭغا ئەگەر بۇگۈن تاڭ ئاتقۇچە «ئەبەينى ئۆلتۈرۈپ، سائىتىنى بۇلىغان» جىنايىتىنى تەلتۆكۈس تاپشۇرمايدىغان بولسا، ئەتە ئەتىگەندە قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى رەسمىي ئۇقتۇردى. بۇ پەرۇقنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئىككى توسۇق تۇراتتى: بىرى، زاۋۇت ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇھەممەتئىمىننى پاش قىلىش؛ مۇنداق قىلغاندا ئەگەر تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالسا، «قاتىل» دېگەن جىنايەتتىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن. تەلىيى تەتۈر كەلسىچۇ؟ جىنايىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، «سۇيىقەستچى» دېگەن قالپاقنىمۇ كىيىشى مۇمكىن ئىدى. ئىككىنچىسى، زادىلا ئېغىز ئاچماي، ئەتىلا تۈرمىگە كېتىش. ئاندىن......

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ بىرىنچى يولنى تاللىۋالدى. چۈنكى، زاۋۇتتا ھەربىي ۋەكىللەر تۇرغان شارائىتتا، مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆزىنى بىرنەرسە قىلىۋېتەلمەيدىغانلىقىغا؛ بىرنەرسە قىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئاقىۋىتى تۈرمىدىكىدىن ياخشىراق بولىدىغانلىقىغا بىرئاز ئىشەنچ قىلغانىدى......

تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا، پەرۇق ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى-دە، شىرەنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى

بىلەن مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەبەينى ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى پاش قىلىش ماتېرىيالىنى يېزىشقا تۇتۇندى. يېزىپ بولۇپ قايتا - قايتا كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، چىرايلىق كۆچۈردى. ئەنە شۇ چاغدا، ئاباق كىرىپ كەلدى.

— ھە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — ئۇ تۆت قولدەك كەڭلىكتىكى تاسمىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا پەرۇقنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، — جىنايىتىڭنى تاپشۇرامسەنيا.....؟

قورقۇنچلۇقتا كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن پەرۇق كېكەچلەپ تۇرۇپ:

— تاپشۇ.....رىمەن، — دېدى.

لېكىن، ئۇ كۆڭلىدە نېمىنىدۇر ئويلاۋاتاتتى. ئاباق ئۇ ئەمدىلا يېزىپ بولغان پاش قىلىش ماتېرىيالىنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئالدى - دە، ئالدىراش كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن:

— مۇنداق ئىش ئىكەن - دە، بۇ، — دەپ قويدى. پەرۇق ئۇنىڭ چىرايىدا ئۈشتۈمتۈت پەيدا بولغان ئۆزگىرىشنى زادىلا سەزمىدى. شۇڭا:

— بۇنى ھەربىي ۋەكىلىنىڭ قولىغا بەرسىڭىز، — دېدى يېلىنغان قىياپەتتە.

— خاتىرجەم بول، — دېدى ئاباق كېسىپ، — چوقۇم جايىغا تەگكۈزىمەن. جېنىڭنى شۇنچە قىينىغۇچە، بالدۇرراق مۇشۇنداق قىلساڭچۇ! ئۆزۈڭمىغۇ تازا ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق بىرنېمە...... بوپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى، ئەقلىڭنى تېپىپسەن! ئەمدى خاتىرجەم ئۇخلاۋەر.

پەرۇق يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئاڭغۇچە ئاباق دەرھال كەينىگە يېنىپ، ئىشىكنى «جالاققىدە» يېپى - دە، سىرتتىن قۇلۇپ سالدى. «ئۆگىنىش كۇرسى»غا كىرگەندىن بۇيان، ئاباقتىن پەقەت مۇشۇ قېتىملا تاياق

يېمىگىنىگە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللانغان پەرۇق يەڭگىلغىنا بىر نەپەس ئالىدى ـ دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى......

هايال ئۆتمەي، ئاباق مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى. مۇھەممەتئىمىن پەرۇق يازغان پاش قىلىش ماتېرىيالىنى كۆرگەندە، كۆزىگە ئۆلۈمدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپ يۈرەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئۆتۈپ ـ كېتىشى پەرۇق تەرىپىدىن پاش قىلىنىشى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى. مانا ئەمدى......

مۇھەممەتئىمىننىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. چەكچەيگەن كۆزلىرى نەلەرگىدۇر تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى.

ئاباق ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى:

ــ قانداق قىلىمىز؟ گەپ قىلمامسەن!

ــ «قانداق قىلىمىز» دەمسەن؟ مەن...... بۇ......

مۇھەممەتئىمىننىڭ تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك، ئۇنى ئۆچۈپلا كەتتى.

ــ ھوي «باتۇر»! ــ دېدى ئاباق كىنايە قىلىپ، ــ مىلتىق كۆكسۈڭگە تەگلەندى. ئەمدى «باتۇر»لۇقۇڭنى كۆرسەتمەي، نېمانچە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ئىچىمنى سىقماي، گەپ قىلساڭچۇ!

ــ ئەستا......

مۇھەممەتئىمىن ئەمدى خۇنى قاچقان كۆزلىرىنى ئاباققا تىكتى. ئۇ ئاباقتىن نىجاتلىق تىلەيتتى.

ــ ئۇنداق بولسا، ھازىرلا ئۆزۈڭنى ھەربىي ۋەكىلگە مەلۇم قىل!

— نېمە؟...... «ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل!» — مۇھەممەتئىمىن قاتتىق ئۈيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك، ئاباقىنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئاباققا ئالايدى، — سەن مېنى نېمە چاغلاۋاتىسەن؟ بىلىپ قوي، مەن ئۇنداق قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەسمەن!

— ئەمىسە، بۇ بالا - قازادىن قانداق قۇتۇلماقچىسەن؟

— تېنىۋالىمەن! ھېچكىمگە ئىقرار قىلمىسام، خەق مېنى نېمە قىلالايدىكەن؟!

— «تېنىۋالىمەن؟» ئەخمەق! پەرۇق سەن ئۇچۇن كاللىسىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەر، تايىنلىق! ساڭا دەپ قوياي: ئوبىناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە. باشقا ئىشلاردىغۇ تېنىۋېلىپ قۇتۇلغىلى بولار، بىر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىشتىن تېنىۋېلىپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟!

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس. ئەمما......

— ھەرھالدا كاللاڭنى ئىشقا سال، ئۇكا، كاللاڭنى!

ئىككىيلەن ئاشۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن جان قايغۇسى قىلىشتى. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئاخىرى كەسكىن قارارغا كېلىشتى......

ئەتىسى ئەتىگەندە، كىشىلەر پەرۇقنى كارىۋاتىنىڭ ئايىغىغا باغلانغان ئىنچىكە سىم بىلەن بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالغان ھالەتتە كۆرۈشتى. ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان ھېلىقى «ئىقرارنامە» شىرە ئۈستىدە تۇراتتى.

يىللار ئۆتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى دېلولا قايتا تەكشۈرۈلۈشكە باشلىدى. پەرۇقنىڭ غەلىتە ئۆلۈمى يېڭىباشتىن زاۋۇت رەھبەرلىكىنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ دېلودىن تەلتۆكۈس خۇلاسە چىقىرىۋېتىش زۆرۈر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا «دىكتاتۇرا دۈيى»گە ئەزا

*بولغانلار ھەم «ئاكتىپ»لارمۇ پەرۇقنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلىرىنى كەينى - كەينىدىن تەشكىللىگە مەلۇم قىلىشتى. شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇ دېلوغا ناھايىتى جىددىي مۇئامىلە قىلدى. ئىنچىكە ئىزدىنىش ۋە تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، پەرۇقنىڭ «ئىقرارنامە»سىدىكى ئۈچ سۆزنىڭ، يەنى «يوق»نىڭ «بار»، «ئۇ»نىڭ «مەن»، «ئۆلتۈردى»نىڭ «ئۆلتۈردۈم» دەپ ئۆزگەرتىلگەنلىكى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پەرۇق «قاتىللىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ، جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت ئۆتكۈزدى......» دېگەن ھۆكۈمنىڭ پۈتۈنلەي خاتا بولغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلدى. ھەتتا «ئىقرارنامە»نى ئۆزگەرتكۈچى ئاباق ئىكەنلىكىمۇ پولاتتەك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاندى.*

ئاباق خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، قاتتىق بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئۇچلۇق ئېڭىكىدىكى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك يىرىك ساقاللىرى تال - تال بولۇپ، كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچەيدى. يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ، كېكىردىكىنى نېمىدۇر بىرنەرسە بوغۇۋالغاندەك، ھە دەپ تامىقىنى تامشىيتتى. مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭكىدىن ناچار بولۇپ، ئۇ ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ئاران - ئاران ئۆرە تۇراتتى. لېكىن كۆزلىرى قانداقتۇر يېڭى شۇملۇقتىن دېرەك بېرىپ، قاراڭغۇ تۈندە قەبرىستانلىقتا چاقنىغان ئېزىتقۇ ئوتىدەك پىل - پىل قىلاتتى.

ئاخىر ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرى بىلەن ئەلەملىك ئۇچراشتى. تىللار تېخىچە زۇۋانغا كەلمىگەنىدى.

ئارىدىن نەچچە سېكۇنت ئۆتتى (ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە نەچچە سائەت ئۆتكەندۇ!). كۆزلەردىن ھېچقانداق مەدەت چىقمىدى. يەنىلا تىللار ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى:

— خو - ش، — دېدى مۇھەممەتئىمىن جان - جەھلى بىلەن چىشلىرى ئارىسىدىن يىلاندەك كۇشۇلداپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، پىچاق سۆڭەككە يەتكەندەك قىلىدۇ. رامىزان دېگەن بىرنېمىنىڭ پەيلى بەكمۇ يامان. ئەتە لاۋيەن دېگەن نېمە كەلسە، سەن بىلەن مېنىڭ ئويۇنىمىمۇ بىر يەرگە بارىدىغان بولدى. قولىمىزغا كويزا سېلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرامدۇق ياكى ئىسسىقىدا جاننى ياقىغا ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشەمدۇق؟ مەسلىھەت كۆرسەت. راستىمنى ئېيتسام، كاللام ھېچنېمىگە ئىشلىمەيۋاتىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ھازىرلا بىر قارارغا كېلىۋالايلى. «كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزۈڭگە دۈشمەن» بولمىسۇن.

ئاباق «پۇ - ش - ش» قىلىپ بىر تىندى.

— توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى ئۇ چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، — ئەسلىسەم، نەچچە يىلنىڭزى قىلغان ئىشلىرىمىز ئاز ئەمەسكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ھېساب - كىتاب قىلىنىدىغان بولسا، كويزا دەمسەن، كىشەن دەمسەن، «مىشەك مانتىسى» دەمسەن، ھەممىسىنىڭ بىزنى مېھمانغا چىللىشىدا گەپ يوق. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەييارلىنىپ قويغان. ھازىر گەپ سەندە، سەن نېمە دېسەڭ، مەن «ياق» دېمەيمەن. لېكىن، شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ چاغقۇچە كەينىمىزگە قارىمىدۇق، ھېلىمۇ ھەرگىز كەينىمىزگە قارىماسلىقىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا ئىككىمىزنىڭ پۈرچىقى پىشىدۇ. بولمىسا ھەممىنى ئۆزۈملا گەدىنىمگە ئالىمەن!

— ئاكا، سەل ئۆزۈڭنى بېسىۋالساڭچۇ! ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق نېمانچە چېچىلىپ كېتىسەن؟

— چېچىلمىدىم. راست گەپنى دەۋاتىمەن. ئىككىمىز باشتىلا ھەممە گەپنى دېيىشىۋالغان، مۇشۇنداق كۈنلەرگە قېلىشىمىزنىمۇ ئويلاشقان. ئەمدى ۋاقتىمۇ بىزنى قىستاۋاتىدۇ. «قانداق قىلىمىز؟»

دەپ باش قاشلاپ ئولتۇرۇشقا پۇرسەت قالمىدى. مېنىڭچە، «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دېگەندەك ئىش قىلماقتىن بۆلەك يول يوق.

— مەنمۇ شۇنى دەۋاتىمەن. ئەمما، «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەندەك، ئاز - تولا مەسلىھەتلىشىۋالغانىڭمۇ زىيىنى يوقتۇ؟!

— ماقۇل، شۇنداقمۇ قىلايلى، نېمە توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىمىز؟ كۆڭلۈڭگە كەلگەننى ئېيتىپ باقامسەن؟

— مېنىڭچە بولغىنىلا جېنىمىزنى بىر ياققا ئالساق.

— ئۇكا، ئېلىشىپ قالدىڭمۇ نېمە؟ — ئاباق مەسخىرىلىك ھىجىيىپ، ئىككى قولىنى بىلىگە تىرىدى، كۆزلىرى مۇھەممەتئىمىنگە مىختەك قادالدى، — ھازىرلا قېچىش بىرئاز بالدۇرلۇق قىلارمىكىن!

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، تۇتۇشىمىز، — ئاباق نېمە ئۈچۈن تۇتۇشۇشقا بەل باغلىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. مۇھەممەتئىمىنمۇ قايىل بولدى. گەپ قاچان، كىم بىلەن، قانداق تۇتۇشۇش ئۈستىگە كۆچكەندە، ئاباق نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك، قوشۇمىسىنى بىر تۈردى - دە، مۇھەممەتئىمىندىن سورىدى، — رامىزان ئۆزگەرتىپ ياسىغان ھېلىقى ماشىنىنى رەسمىي ئىشقا چۈشۈرۈش پىلانىڭلار ئۆزگەرمىگەندۇ؟

— ياق.

— لاۋيەن كەلمىسىمۇ لىنتا كېسىۋېرەمسىلە؟

— ھەئە.

— كىم لىنتا كېسىدۇ؟

— ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىلىرىدىن بىرى.

ـــ ماشىننى رامىزان باشقۇرامدۇ؟
ـــ ھەئە، شۇ باشقۇرماقچى.
ـــ ئۇنداق بولسا، ئىشىمىز ئوڭدىن كەپتۇ. ھېچ بولمىسا رامىزان بىلەن لاۋيەننى بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىۋېتىپ تۇرۇپ، كېيىن نېمە بولسا شۇنى كۆرەيلى. قانداق؟
مۇھەممەتئىمىن دەسلەپ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ئەپچىللا تېگىرقىدى. كېيىن سەل ئېسىنى يىغىپ، قاتتىق چۆچۈدى ۋە:
ـــ ئەپلەشمەي قالارمىكىن؟ ـــ دېدى.
ـــ قورقۇۋاتامسەن؟ ـــ ئاباق مەسخىرىلىك كۈلدى، ـــ ئۇنداق بولسا، ھازىردىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسى ئوچۇق. ھەركىم پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرسۇن!......
ـــ يەنە قۇشقۇننى ئۈزگىلى تۇردۇڭغۇ، ـــ مۇھەممەتئىمىن كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتى، لېكىن بىچارە قىياپىتىنى بەربىر يوشۇرۇپ كېتەلمىدى، ـــ ئەگەر نىيىتىڭ شۇنداق بولىدىغان بولسا مەن نېمە دەيتتىم؟ ئىككىمىز بىر يىپقا باغلانغان - دە!
ـــ بەللى، بەللى! مانا ماۋۇ گېپىڭ تازا جايىدا بولدى! ئەمىسە «مىكى - مىكى»نى قويۇپ، گېپىمگە قۇلاق سال......
ئاباق ئۆز پىلانىنى ئالدىراش سۆزلىدى. مۇھەممەتئىمىنگە باش لىڭشىتماقتىن باشقا يول قالمىغانىدى. ئاباق ئاخىردا ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى:
ـــ رامىزان ئۇجۇقسىلا، ھېچبولمىغاندا سەن «قاتىل» دېگەن قالپاقتىن قۇتۇلىسەن. ئۇ چاغدا، مەندىن غەم يېمىسەڭمۇ بولىدۇ......

# توققۇزىنچى باب

## ئالدىن مۇشت ئېتىش

ئۇستىبېشىنى سىلاپ، يوتقانغا كىرىپ بولغان شەۋكەت ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆرنىدىن تۇردى - دە، ئالدىراش كىيىنىپ تاشقىرىغا چاپتى.

— بالام نەگە بارىسەن؟ — دېدى ئابدەم شەۋكەت تاشقارقى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئىلغۇچىنى چۇشۇرۇۋاتقاندا.

— ئەتە سېختا دىجورنى ئىدىم. شاققىدە چىقىپ، مەشلەرنىڭ كۆلىنى ئېلىۋېتىپ كىرەي. ئەتىگەندە ئوت يېقىشقا ئوڭاي بولىدۇ.

شەۋكەت سۆزىنى تۈگىتىپلا، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان سوغۇقتىن شەۋكەتنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ قۇلاقچىسىنى چۆكۈرۈپرەك كىيىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇردى - دە، گەۋدىسىنى بىرئاز ئالدىغا ئېگىپ، قەدىمىنى تېزلەتتى. چىڭدالغان قار ئاياغلىرى ئاستىدا غاراسلاپ، كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

شەۋكەت سېخنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپلا، بىرنېمىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. تېنى ئەيمىنىپ، ئالدىراش ئىشىك تۈۋىدىكى توكچاتقۇنىڭ شوينىسىغا قول ئۇزاتتى. سېخ ئىچى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. شەپە چىققان

تەرەپــكە نەزەر تاشــلىغانىدى، ھېچقانــداق غەيرىــي نەرســىنى كۆرمىــدى. بىراق، نــېمە ئۈچۈنــدۇر كــۆڭلى تەسكىن تاپماي، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، تېخىنكا يېڭىلاش گۇرۇپپىسى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرغان ئاپتوماتىك يېرىم تاۋاق باسما ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ماشىنا ئاستىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئادەم قارىسىنى كۆرگەنــدە، يــۈرىكى قېپىــدىن چىقىــپ كەتكــۈدەك چۆچــۈپ، بىر قەدەم كەينىگە داجىدى. كېيىن ۋۇجۇدىــدىن ئۇرغىغان قانــداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئۆزىگە يات بىر ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— كىمسەن؟ چىقە بۇ ياققا!

— مەن، شــەۋكەت، مەن ئۇكــام. ھــى - ھــى، ھــى - ھــى...... — خوتــۇن كىشىنىڭ ئاۋازىــدەك زىــل كــۈلكە ئاۋازىغا ئۇلىشىپلا، مۇھەممەتئىمىننىڭ گەۋدىسى ماشىنا ئاستىدىن چىقىپ كەلدى، — تازا قورقىتىۋەتتىم - ھە؟ ھى - ھى، ھى - ھى! ئەجەبمۇ جىنى سىۋۇل بالا ئىكەنسەن، ئۇكام! چىرايىڭدا قان دىــدارى قالماپتۇ. بــۇنچىلا قورقــۇپ كېتىشىڭنى بىلگەن بولسام، ئۇنداق قوپال چاقچاق قىلمايدىكەنمەن...... ھېچقىسى يوق، خاپا بولما جۇمۇ!

مۇھەممەتئىمىن سۆزلىگەچ، شەۋكەتنىڭ يېنىغا كەلدى.

شەۋكەت تېخىچە ئېسىنى يىغالمىغانىدى. مۇھەممەتئىمىننىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. قانداقتۇر بىر گۇمان ئۇنى قىيناماقتا ئىدى......

مۇھەممەتئىمىن باسما سىياھى بىلەن بۇلغانغان ئوڭ قولى بىلەن مۈرىسىگە قاققاندا، شەۋكەت ئېسىنى يىغدى ۋە:

— قاچان كىرگەنىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— سىــنىڭ ئالدىڭــدىلا كىرگەنىــدىم. ئەمــدى چىراغنىــ ئۆچۈرۈپ، چىقىپ كېتەي دەۋاتسام، سېنىڭ كېلىۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ قالــدىم - دە، قورســىقىمغا بىــر جىــن كىرىــپ، ئىشىكنى ياپتىم.

بۇنچە قورقۇپ كېتىشىگىنى نېمە بىلەي......

مۇھەممەتئىمىن ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ، شەۋكەتنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشماقتا ئىدى. بىراق شەۋكەت ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايۋاتقاندەك، ھە دەپ ماشىنىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە كۆز تىكمەكتە ئىدى. نېمىدىندۇر گۇمانلانغاندەك دەم كۆزلىرىنى قىسىپ، دەم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، خىياللار دەرياسىدا ئۈزەتتى.

مۇھەممەتئىمىن بۇنى سەزدى. يوقىلاڭ گەپلەر بىلەن بىرمۇنچە ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكىنى ئۈچۈن، ئىچىدە ئۆزىنى قاتتىق كايىدى. كېيىن بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ، شەۋكەتنىڭ دولىسىغا قاقتى.

— ئۇكا، — دېدى ئۇ ساپسېرىق ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ، — كەل، ماڭا ياردەملىشىپ، ماۋۇ ماشىنىنىڭ سىملىرىنى چېتىشىپ بەر، — ئۇ سۆزلىگەچ، ماشىنىنىڭ موتورى يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى. شەۋكەت جايىدىن قىمىرلىماي، قىقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇراتتى. مۇھەممەتئىمىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — شەۋكەت، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. نېمانداق ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىسەن؟ مەيەرگە كەل، دەۋاتىمەن سېنى!

شەۋكەت كۆڭلى تارتمىغان ھالدا مۇھەممەتئىمىنگە يېقىنلاشتى ۋە:

— بۇ ماشىنىنىڭ موتورىغا سىم چېتىلىپ بولغانغۇ؟ — دېۋەتتى. بۇ سوئال مەھەممەتئىمىننى تەمتىرىتىپ قويغىنى يوق، بەلكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور مەدەت بېغىشلىغاندەك بولدى. ئۇ، ئۇڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن موتورنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئاق قۇشقاچتەك جاۋىلدايلا كەتتى:

— توغرا ئېيتتىڭ. سىم چېتىلىپ بولغاندى. قارىمامسەن؟ موتورنىڭ سىمى دېگەنىمۇ مۇشۇنداق چاتامدۇ؟ نېمىگە بۇنچە ئالدىرىشىپتىكىنتاڭ، كىچىك بالىنىڭ ئويۇنچۇقىغا يىپ

باغلىغاندەكلا قىلىپ قويۇشۇپتۇ! ھېلىمۇ ياخشى «كىچە بولسىمۇ تەكشۈرۈۋېتەي» دەپ كىرىپتىكەنمەن، بولمىسا ئەتە ۋىلايەتنىڭ مەسئۇللىرى ئالدىدا تازا رەسۋايىمىز چىقىدىكەن! تېخى بۇ «يېڭى يىلغا سوۋغا» مىش! ھەي، بۇ رامىزان دېگەن قاپاقباشنى! خەپ، ئەتە تاڭ ئاتسۇنچۇ!

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، شەۋكەت ماشىنا ئاستىدا تۇرغان قولچىراغ، ئامبۇر، كۆلۈچ، ئەتۈركە ۋە بىر ئۇچى ماشىنىنىڭ قەيىرىگىدۇر چېتىلغان، يەنە بىر ئۇچى ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ قېشىدا چەمبەر شەكلىدە يۆگىشىپ ياتقان نەچچە غۇلاچ ئىنچىكە توك سىمىنى كۆرۈپ قالدى. «بۇ قانداق ئىش؟ — دېدى ئۇ ئۆزىگە سوئال قويۇپ، — مەن كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇ نېمىشقا چىراغنى ياقمىدى؟ بایاتىن: ‹مەن چىقىپ كېتىۋاتىسام، سەن كىلىۋاتقان ئىكەنسەن......› دېگەنىدى. ئەمدى: ‹موتورغا سىم چېتىشقا ياردەملەش......› دەۋاتىدۇ. بۇ......؟»

شەۋكەت نېمىنىدۇر سورىماقچى بولدى - يۇ، سورىمايلا قويدى. ئۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، مۇھەممەتئىمىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى دەرھال رامىزان ئاكىغا مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى......

— مە، مانى تۇتۇپ تۇر، — دېدى مۇھەممەتئىمىن موتوردىن ئاجرىتىۋالغان بىر توك سىمىنى شەۋكەتكە ئۇزىتىپ. شەۋكەت سىمغا قولىنى ئۇزاتتى - يۇ، قانداقتۇر بىر تەڭداشسىز كۈچ ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قىسقاندەك نەپىسى بوغۇلۇپ، كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى......

# ئونىنچى باب

## ئەجەل ھودۇقۇشىدا

ئۆيگە چىراغ يېقىلمىغانىدى. ئاپاق قىلىپ سىلىنغان تۆشەك ئۈستىدە كىيىم - كېچەكلىرى بىلەنلا ئوڭدا ياتاتتى، ئۇنىڭ قىيا يۇمۇلغان كۆزلىرى تورۇسقا تىكىلگەن، خىيال ئېكرانىدا نامايان بولغان ئاجايىپ مەنزىرە يۈرىكىنى يايراتماقتا ئىدى. مانا: نەچچە يۈزلىگەن خۇشال چىرايلار بىلەن تولغان باسما سېخى. بۇ يەردە ۋىلايەتنىڭ مەسئۇللىرى بار. يەن رۇي، ياق، مۇھەممەتئىمىن زاۋۇتنىڭ بىر يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، بولۇپمۇ تېخنىكا يېڭىلاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى رەھبەرلەر بىلەن ئاممىغا بىر - بىرلەپ دوكلات قىلدى. ئاندىن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەسئۇلى ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان يېرىم تاۋاق باسما ماشىنىسىنىڭ رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ، پارتكوم نامىدىن سۆز قىلدى، ئۇلاپلا لېنتا كەستى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن رامىزان غادايغان ھالدا ماشىنىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. چاۋاكلار تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. رامىزان رۇبىلنىكنى بېسىۋىدى، موتورنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى ئۇنى ھۇزۇرلاندۇرۇۋەتتى، ئۇ مەغرۇرلانغىنىدىن غاچچىدە تورمۇزنى ئاچتى. ئاچتى - يۇ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ، ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. كىشىلەرنىڭ كۈلكە

ياگرىغان چىرايلىرىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك چەكچەيدى. سىخ ئىچىنى گۆرستان جىمجىتلىقى باستى. رامىزان «داراگىدە» كەينىگە ئۇچۇپ چۈشكەندە بولسا، سىخ قىيا - چىيا، ئۇپۇر - توپۇر، قىستا - قىستاڭ دەستىدىن دوزاخ تۇسىنى ئالدى. ئەنە شۇ پەيتتە، مۇھەممەتئىمىن تورمۇزغا چىتىپ قويۇلغان يۇقىرى بېسىملىق توك سىمىنى شارتتىدە يۇلۇپ ئالدى - دە، ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن يىغىشتۇرۇۋەتتى......

دوختۇرلار، ساقچىلارنىڭ پايپاسلاشلىرى پۈتۈنلەي بىكار كەتتى: رامىزان «يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىشى» بىلەن ئۆلگەنىدى...... رامىزان ئۆلدى. دېمەك، پەرۇقنىڭ ئەبەينىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى پاش قىلىش ماتېرىيالىمۇ، ھېلىقى ئىككى ماشىنا قەغەزنىڭ تالونىمۇ رامىزان بىلەن بىللە تۈگەشتى. رەھمەتجاننىڭ شەپكىسىمۇ سۇغا چىلاشتى! «ئاھ...... ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، قۇدرىتىڭدىن ئۆرگۈلۈپ كېتەي!»

ئاباق ئەسەبىيلەرچە ھىجايدى. كۆزلىرىمۇ جامدەك چەكچەيگەنىدى. ئۇگدا يېتىۋېرىپ بىلى تالدىمۇ ياكى ئەسلىي ئۆرۈلگۈسى كەلدىمۇ، ئۇنىڭ يېنىنى باستى ۋە بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، يۇڭ پوپايكىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى پۈتۈنلەي يېشىپ، مەيدىسىنى ئېچىۋەتتى. تولدۇرۇپ پىششىق كۆمۈر قاچىلانغان چويۇن مەش كانىيىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئاباق دېرىزىگە كۆز تىكتى: گەرچە ئاي قاراڭغۇسى بولسىمۇ، ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەنگەن قاردىن چاقنىغان ئەكس نۇر پېشايۋان ھەمدە قارشى تەرەپتىكى ئاشخانا ۋە ياتاق ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى كۆرۈشكە تولۇق ئىمكان بېرەتتى. ئەنە شۇ ئۇدۇلدىكى ئۆيدە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتى......

ئاباق يېڭىباشتىن ئۇگدا بولۇپ، ھۇزۇرلىنىپ كېرىلىۋالدى.

بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى. كۆتۈلمىگەندە، مەشتىكى كۆمۈرنىڭ «پاڭگىدە» قىلىپ ئېتىلىشى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. خىياللىرىمۇ چېچىلىپ، كۆڭلىدىكى خۇشاللىقى قورقۇنچ ۋە ئەندىشە بىلەن ئالماشتى. ئەمدى ئۇ، ئۇ يان ئۆرۈلۈپمۇ، بۇ يان ئۆرۈلۈپمۇ: «ئەگەر ئىش ئەپلەشمەي قالسىچۇ؟» دېگەننىلا ئويلايتتى. يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەپ، گېلىنى نېمىدۇر بىرنەرسە كۈچەپ بوغۇۋاتقاندەك ئىچ-ئىچىدىن بىئارام بولۇپ، ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇ يان - بۇ يان ئۆرۈلەتتى، پۇت - قوللىرىنى بىر يىغىپ، بىر سوزاتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ بېشىنى چاڭگاللاپ، سوزۇپ - سوزۇپ ئۇھ تارتتى.

ئاخىر، ئۇ ياتالمىدى. دەسلەپ ئۆرە بولۇپ بىردەم ئولتۇرۇپ باقتى. كېيىن كۆڭلىگە تېخىمۇ دەككە - دۈككە چۈشۈپ، چېكىسىدىن پۇرقىراپ تەر چىقىشقا باشلىدى. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، پاختىلىق چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، تەرەت كەشىنى پۇتىغا سايپتى......

ئەمدىلىكتە ئۇ ھېلىقى قار دۆۋىسىگە كەينىنى قىلغان ھالدا، ھويلا ئىشىكىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. 12- ئاينىڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقىنىڭ شۇنچە قاتتىق چېقىشىنى قىلچە سەزمەيتتى. كۆزلىرى ھېلى ئاسمانغا، ھېلى ئىككى يېنىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىگە، ھېلى كوچا ئىشىكىگە ئالاق - جالاق تىكىلەتتى. ھەربىر شەپىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سالاتتى......

ئۇ ئاشۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىتنى ئۆتكۈزدىكىن؟ بىر چاغدا، كىمنىڭدۇر ئالدىراش باسقان قەدەم ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاباق سەگەكلەشتى. ناھاللىق ئۆتۈكنىڭ توك يەرگە قاس - قاس تەگكەن ئاۋازى بىلەن قارنىڭ غاراسلىغان ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ، ئاباقنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، بىردىن جىمىپ كەتتى. ئارىدىن بىر مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي، ئىشىكنىڭ ھالقىسى

ئاستا شاراقلىدى. ئاباق تىنىقىنىمۇ سىرتقا چىقىرىشقا پېتىنالماي، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن تاشقىرىغا سەپسالدى. تاشقىرىدا ئىشىككە چاپلىشىپ دېگۈدەك بىر كىشى تۇراتتى. ئاباق ئۇنىڭ ھاسىرىغان تىنىقىنىمۇ ئاڭلىغاندەك بولدى.

— كىم؟ — دېدى ئاخىر ئۇ پەس ئاۋازدا. تاشقىرىدىنمۇ ئاباقنىڭكىگە ئوخشاشلا پەس ئاۋاز كەلدى:

— مەن، ئاباقكا، مەن!

بۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئاباق ئالدىراش ئىشىكنى ئاچتى.

مۇھەممەتئىمىن ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىككىيلەن بىر-بىرىگە ئۈن - تىنسىز تىكىلىپ تۇرۇشتى.

ئەنە شۇ چاغدا، ئاباق ئۆزىنىڭ ئىنتايىن توڭۇپ كەتكەنلىكىنى؛ چىشلىرى بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كاسىلداۋاتقىنىنى سەزدى. ئۇ شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ، ئىشىكنى ئاۋايلاپ يېپىپ زەنجىرلىدى ۋە مۇھەممەتئىمىنگە بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىدا مېڭىپ يول باشلىدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. ئىشىك مەھكەم يېپىلدى. ئاباقنىڭ قولى چىراغنىڭ شوينىسىنى ئىزدەۋاتقاندا، ئاغزىدىن:

— قانداق، ئەپلەشتۈرەلىدىڭمۇ؟ — دېگەن سوئال چىقىپ كەتتى.

— ئەپلەشمىدى......

— نېمە؟!

ئاباق چۆچۈپ خورازدەك قىچقىرىپ كەتتى. قوللىرى مۇھەممەتئىمىننىڭ يەلكىسىنى ئامبۇردەك قىسىپ، ئۇنى ئۆزى تەرەپكە تارتتى.

— ئاكا، چىراغنى يېقىۋەت، ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن

ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنى ھەرقانچە سالماق تۇتۇشقا تىرىشۋاتقان بولسىمۇ، ئاۋازى بەربىر ھازىدار ئايالنىڭ ئاۋازىدەك تىترەك ئىدى.

ئاباق ئۇنى سىلكىۋەتتى:

— ياق. چىراغنى ياقمايمەن! تۇرغان جايىڭدىلا ئولتۇرۇۋەر! مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ سۆزلەشسەكمۇ بولىدۇ......

مۇھەممەتئىمىن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندى بولغاي، تۇرغان جايىدىلا ئولتۇرۇپ، مەش تەرەپكە بىرئاز سىلجىۋالدى. ئاباق ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردى.

— ھە، گەپ قىلە، نېمىشقا ئەپلەشمىدى؟

مۇھەممەتئىمىن بولغان ۋەقەنى قىسقىچىلا سۆزلەپ بەردى.

— ئەخمەق! — دەپ چالۋاقىدى ئاباق چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئۇ ھارىمى بىلەن ئېيتىشىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئەستەغپۇرۇللا!

مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشتى:

— ئۇ شۇمنىڭ ھەممە نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ قالغان تۇرسا......

— ھوي مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان تەلۋە! — ئاباق گەرچە ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، تەلەپپۇزى بەكمۇ قوپال ئىدى، — كۆزى چۈشۈپ قالسا نېمە بوپتۇ! تۆت ئېغىز گەپ بىلەن بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ، ئىشنى چاندۇرماي جۆندەۋەرسەڭ ئۆلەمتىڭ؟!

— سەل ئۆپكەڭنى باسساڭچۇ، ئاكا! باياتىنقى ئەھۋالدا بارغۇ، مەن تۇرماق، سەنمۇ ئەپلەشتۈرەلمەيتتىڭ! ئۇنى كۆزدىن يوقاتماي تۇرۇپ، ھېچ ئىشنى جۆندىگىلى بولمايتتى. بولمىسا مەن ساراڭمۇ؟

— ساراڭمۇ سەندىن مىڭ ياخشى! تۇفى! قىلغۇلۇقنى قىپسەن. گەپ قىلە! ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ زادى سېنىڭ ئەقلىڭ، ۋاي سېنىڭ ئەقلىڭ! هوي دەلتە! هېچبولمىغاندا بىر نىيمىلىرىگنى يىغىشتۇرۇپ، چاندۇرماي قايتىپ چىققان بولساڭمۇ كاشكى......

— بۇرۇنراق شۇنداق دېگەن بولساڭچۇ! — مۇهەممەتئىمىن ئاچچىق تەنە ئارىلاش كۈلدى، — هە - ي!...... بولدى، مۇشۇنچىلىك دەۋالغىنىڭمۇ يېتەر! هازىر ئوغۇل تاپسا ئۆزىڭدىن، قىز تاپسا خەقتىن كۆرۈپ، تاكاللىشىشۇەرگەنىڭ بىر پۇلغىمۇ پايدىسى يوق...... ئەڭ ياخشىسى، ئوبدانراق بىر ئەقىل تېپىپ، مۇندىن كېيىن قانداق قىلىشىمىزنى بەلگىلەيلى.

ئىككى كاللا تەڭلا يەرگە ساڭگىلاپ، ئىككى جۈپ كۆز تەڭلا مەشىنىڭ ئاستىنقى ئاغزىدىن چىققان نۇر بىلەن يورۇغان ئالىقانچىلىك يەردىكى كۆل دۆۋىسىگە تىكىلدى.

ئۇلار جان قايغۇسىدا خىيالغا پاتقانىدى.

ئاخىر، ئاباق زۇۋانغا كەلدى:

— ئۇكا، — دېدى ئۇ ناهايىتى تەمكىن تەلەپپۇزدا، — باياتىن سەل يەڭگىللىك قىلىپ، ساڭا بىھۇدە ئازار بېرىپ قويدۇم. مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەنغۇ؟ گەپلىرىمنى هەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما. بولغۇلۇق بولدى. هەر ئىككىمىز كونا خامانىنى سورىمايلى، قانداق؟

— مەنمۇ شۇنداق قىلساق دەيمەن......

ئۇنداق بولسا ياخشى، شۇنداق قىلايلى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، ئويلىسام، هازىر ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز قالمىغۇدەك. بىراق، بىز تېخى ياشىشىمىز كېرەك. بۇنى مەن كۆپ قېتىم دېدىم. ئېسىڭدە باردۇر؟

— ئېسىمدە بار، ئاكا!

— شۇنداق، بىز چوقۇم ياشىشىمىز كېرەك! لېكىن، نەدە

ياشايمىز؟ قانداق ياشايمىز؟ بۇلارنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟
— راستىمنى ئېيتسام، كاللام پەقەتلا ئىشلىمەيۋاتىدۇ.......
— بۇنى مەن چۈشىنىمەن، ھېچقىسى يوق. بىرئاز جىددىيلىشىپ قالغان ئوخشايسەن. ئادەم جىددىيلىشىپ قالغاندا، كاللىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ئىش مېنىڭ بېشىمدىنمۇ كۆپ ئۆتكەن. خىجىل بولما. ئۇنداق بولسا، بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمنى دەپ باقايمۇ؟
— ماقۇل، دە. قانداق يولغا باشلىساڭ، ھەرگىزمۇ كەينىمگە قارىمايمەن. گېپىڭنى يىرسام، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، ئاكا!
— كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇكى، ھازىر رەھمەتلەر ئالدىغا كەلگەن يەرلەرگە ئۇسۇپ يۈرىدۇ، يەنە بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئېھتىمال بۇ يەرگىمۇ تۇمشۇقىنى تىقىشى مۇمكىن. ئۇلار جەزمەن شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، قانداق قىلىمىز؟ مەن بۇنىمۇ ئويلاپ قويدۇم.
— تېزرەك دېسەڭچۇ، ئاكا! يەنە بىر - ئىككىسىنىڭ جېنىنى ئالارمىز ھەرقاچان؟
— ھەئە، ئۇمۇ بار گەپ. ئەمما بۇ ھازىرلا قىلىدىغان ئىش ئەمەس.
— ئەمىسە قاچان قىلىمىز؟
— قاچان قىلاتتۇق، مېڭىشقا پەقەت يولىمىز قالمىغاندا قىلىمىز! ئىشقىلىپ، ئۆزىمىز ياشىساقلا بولدى! ئويلاپ باقە: ئون تۆت يىلدىن بۇيان ۋەزىيەت يۈز قېتىملاپ ئۆزگەردى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! كونىلار: «ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى ئايدىڭ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. گېزىت - رادىيولارنىڭ خەۋەرلىرى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ مۆلچەرلىرىدىن قارىغاندا، ھازىر مەركەزدە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى

ناھايىتى كەسكىندەك تۇرىدۇ. ئىمانىم كامىلكى، ئەگەر بىز بىرىسى نەچچە ئاي، نىرىسى بىر ـ ئىككى يىلنى تۇپراقنىڭ سىرتىدا ئۆتكۈزەلىسەك، ۋەزىيەت چوقۇم بىزگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئۇ چاغدا......

ئاباق بىردىن جىم بولۇپ كەتتى. بۇ گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ قۇلىقى پاك بولۇپ كەتكەن مۇھەممەتئىمىن تازا تىت ـ تىت بولۇۋاتقاندا، ئاباق بىردىن زوۋانغا كىلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

ــ ماقۇل، ــ دىدى مۇھەممەتئىمىن كەسكىن تەلەپپۇزدا، ــ شۇنداق قىلايلى، ئەمسە ماڭامدۇق!

ــ ماڭايلى، ــ ئاباق دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چىراغنى يىقىۋەتتى. ئاندىن، ــ كەل، ماڭا ياردەملەشكىن، ــ دىدى.

ئىككىيلەن بىر بولۇپ، ھەشتىرخان ساندۇقنى جايىدىن قوزغىدى. ئاباق كەكە بىلەن بىر دانە پىششىق خىشنى قومۇرۇۋالدى. خىشنىڭ تىگى چوڭقۇر ئازگال ئىدى. ئازگالدىن بىر خالتىنى تارتىپ چىقىرىپ، زىلچا ئۈستىگە تۆكۈشتى. خالتىدىن قات ـ قات سولياۋ رەختكە ئورالغان باغلام ـ باغلام ئون يۈەنلىك پۇل، ئىككى تاپانچا، قاتار ئوق تىزىلغان ئىككى ئوقدان چىقتى.

......

ئىككىيلەن دوقمۇشتىن قايرىلىۋىتىپ، ئۇچقاندەك تىز كىلىۋاتقان موتوسىكلىتنىڭ ئاباقنىڭ كوچىسى تەرەپكە قايرىلغىنىنى كۆرۈشتى ـ دە، قەدىمىنى تىخمۇ تىزلىتىشتى......

## ئون بىرىنچى باب

### ھايات ـ مامات بوسۇغىسىدا

بالنىستىنىڭ ھويلىسى ئادەم بىلەن تولغان. بىر خادىم ئۇلارنى تەرتىپكە چاقىرىش بىلەن ئاۋارە. دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ۋېلسىپىتلىك، پىيادە يېتىپ كېلىشكەن ھەر مىللەت ئەر ـ ئايال باسما ئىشچىلىرى، ھەرپ تىزغۇچىلار، تۈپلەش ئىشچىلىرى بارغانسېرى بۇ توپنى ئۇلغايتماقتا. ھەممە چىرايلار ئەنسىز، قاپاقلار سېلىنغان، كۆزلەردە غەزەپ ھەم قايغۇ. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ، بالنىست كارىدورىغا ئالدىراش كىرىپ ـ چىقىۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. پۇت ـ قوللارنىڭ سوغۇقتىن كۆيۈشكىنى؛ بۇرۇنلارنىڭ قىزىرىپ، لەۋلەرنىڭ كۆكەرگىنى؛ قۇلاقلارنىڭ ۋېژىلداپ ئېچىشىشى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ...... ئەگەر بىرەر سېستىرا ياكى دوختۇر كارىدورغا چىقىپ قالغۇدەك بولسا، يەن شۇجى بىلەن رامىزان چاڭجاڭ توپنى يېرىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر سورايدۇ ـ دە، روھى چۈشكەن، قېرىلىق يېتىپ، پۇت ـ قولىنىڭ ماغدۇرى كەتكەندەك ھەربىر قەدىمىنى تەسلىكتە بېسىپ، توپ ئارىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ئەتىگەنىنىڭ قانچە ـ قانچە قېتىملاپ تەكرارلانىدىكىنىتاڭ، كۆپچىلىك ھەر قېتىم ئۇلارنى ئۆز ئارىسىدا مۇشۇ ھالەتتە

كۆرگەنــدە، باشــلىرىنى تــۆۋەن ســېلىپ، كــۆزلىرىنى ئــۇلاردىن يوشــۇراتتى. نەپــسىنى ئىچــىگە يۇتۇشــۇپ، ھەســرەتلىك «ئــۇھ» تارتىشاتتى. كىيىنرەك يېتىپ كېلىشكەنلەردىن سورايتتى:

— شەۋكەت قانداق بولۇپتۇ؟

— شەۋكەتنىڭ ھايات قېلىشىدا ئۈمىد بارمىكەن؟

— شەۋكەت ھاياتمىكىن ـ يا......؟

— شەۋكەتنىڭ قېشىغا ئادەم كىرگۈزەمدىكەن؟

ھېچكىممۇ بــۇ ســوئاللارغا تــۈزۈك جــاۋاب بەرمەيتتــى يــاكى پۈتۈنلەي جاۋاب بەرمەيتتى......

بىــر چەتــتە بىــر تــوپ كىــشى ئۈيقۇســىزلىق ھەم تــولا سۆزلىگەنلىكتىن ئاغزى قۇرۇپ، تىلى تۈزۈك گەپكە كەلمەي قالغــان «بــۇرۇت»نــى ئورىۋالغان بولــۇپ، ئۇنىڭغا خىلمۇخىــل سوئاللارنى ياغدۇراتتى. ئۇمۇ ھارغان ـ ئاچقىنىغا قارىماي، يېڭــىدىن كەلــگەن ھەربىر سەپدىشىغا ماۋۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەتتى:

*ئەتە ئەتىگەندە باسما سېخىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەنىلىك يىغى يىلغا سوۋغا تەقدىم قىلىش مۇراسىمىدا، ئۆزىنىڭ 1981 ـ يىلىغــا تــۆت ئــاي بــۇرۇن قەدەم قويغــانلىقى ۋىــلايەت رەھبەرلىــرى تەرىپىدىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغانلىقى كــۆز ئالــدىغا كېلىۋالغــان سايىم ئــاخۇن ئۇســتام ھاياجانلانغىنىــدىن زادىــلا ئۇخلىيالمىــدى. ئۇنىــڭ كــۆڭلىگە شــەۋكەت كىرىۋالغانــدى. راســتىنى ئېيتقانــدا، ئۆزىنىــڭ شــەۋكەتكە ئۇســتاز بولغانلىقىــدىن پەخىرلىنەتتــى. پۈتــۈن كــۈچى بىلــەن ئــۇنى بۇغراجانغــا ئوخــشاش يارامىلىق ئــادەم قىلىــپ يېتىــشتۈرۈشكە تىرىــشاتتى. شــەۋكەتنىڭ ئەمەلىيىتىمــۇ بــۇ نــۇقتىنى ئىــسپاتلاۋاتاتتى. ھــازىر ئۇنىــڭ ئەنــدىشە قىلىــۋاتقىنى شــەۋكەتنىڭ ئەتە ئەتىگەنــدە مەشــلەرگە ئــوت يېقىــپ، ســېخنى كۆڭۈلدىكىــدەك ئىســسىتىش ـ ئىســستالماسلىقى ۋە كۆڭۈلدىكىــدەك تــازىلاش ـ*

تازىلىيالماسلىقى ئىدى. «ھەي، نېمىشقىمۇ ئەتىلىك دىجورنىلىكنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالمىغاندىمەن! — دېدى ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىگە ئۆزى كايىپ، — كىچىك بالا بىخەستەلىك قىلىپ ئۇخلاپ قالسا......؟ ئابىدەمنىڭ خەۋىرى بولسىغۇ ئۇنى ۋاقتىدا ئويغىتىۋېتەر، شۇنداقتىمۇ...... توختا.......» ئۇ چىراغنى يېقىپ، كىيىنىشكە باشلىدى. شىمىنىڭ بىر پۇشقىقىنى سىيىپ بولۇپ، ئىككىنچى پۇشقىقىنى سىپىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، كىملەردۇر ئۇنى: «ياغاچ ئاكتىپ»، «بۆگۈنكى كىچىككىنە پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمەي، ئۆزىنى كۆرسەتكىنىنى قاراڭلار!» دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ، قىسقىغىنا خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن: «خەق نېمە دېسە ئۆزىنىڭ ئاغزى ئەمەسمۇ! مەن يا يامان ئىش قىلماقچىمىدىم!» دېدى - دە، ئالدىراش كىيىنىپ، سىرتقا چىقتى. ئاچقۇچنى ئېلىش ئۈچۈن شەۋكەتنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ئابىدەم شەۋكەتنىڭ سىخقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆز شاگىرتىنىڭ بۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن يۈرىكى سۆيۈنۈپ كەتكەن ئۇستا سېخقا قاراپ ئۇچتى. ئۇ سېخنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشقاندا، مۇھەممەتئىمىننىڭ: «تېخى بۇ «يىگى يىلغا سوۋغا» مىش! ھەي، بۇ رامىزان دېگەن قاپاقباشنى! خەپ، ئەتە تاڭ ئاتسۇنچۇ!» دېگەن تەنىسىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە دەرھال قەدىمىنى توختىتىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئىچكىرىگە قارىدى. شەۋكەت داراڭگىدە ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشكەندە، سايىم ئاخۇن ئۇستامۇ ئۇنىڭ قېشىدا ئۇنۇپ بولغانىدى. بۇ چاغدا، قورققىنىدىن خۇدىنى يوقاتقان مۇھەممەتئىمىن ئوۋچىدىن ئۇركۈگەن يىرتقۇچتەك، ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئۆزىنى تاشقىرىغا ئاتتى. سايىم ئاخۇن ئۇستام ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، شەۋكەتنىڭ قولىدىكى سىمنى يۇلۇپ ئالدى - دە، رۇبىلنىكنى چۈشۈردى. ئاندىن پۈتۈن كۈچى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ،

شەۋكەتنى سۈنئىي نەپەس ئالدۇرۇشقا باشلىدى.
بىر مىنۇت...... ئىككى مىنۇت...... ئون مىنۇت......
مانا، يېرىم سائەتمۇ ئۆتتى. رەڭگى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەن شەۋكەت نە بىرنى تىنمىدى، نە بىرەر ئەزايىنى مىدىرلاتمىدى!
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن سايىم ئاخۇن ئۇستام بىر سىيكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەي شەۋكەت بىلەن ھەپىلەشتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ، قاندۇاقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن كەينىگە قىيا بۇرۇلۇپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى، ھېچكىمنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى - دە، ئىتتىك شەۋكەتكە بۇرۇلدى.
كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قول سائىتىنىڭ ئىسترېلكىسىغا قاراپ - قاراپ قويياتتى.
«ئاھ، ۋاقىت! ئاھ، ۋاقىت! نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ - ھە؟! بىچارە شەۋكەت راستىنلا قارا نىيەت مۇھەممەتئىمىنىنىڭ قولىدا ياش ھاياتىدىن ئايرىلىپ كەتكەنمىدۇ؟! ياق، شەۋكەت تېخى ھايات! شەۋكەت چوقۇم ھايات قېلىشى كېرەك! مۇھەممەتئىمىنگە ئوخشاش بىرنېمىلەر يورۇق دۇنيادا ياشايدۇ - يۇ، تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان شەۋكەت ياشىماي نېمە بوپتىكەن؟!»
يۈرىكى غەزەپ - نەپرەت ۋە ئۈمىد - ئىشەنچ بىلەن تولغان سايىم ئاخۇن ئۇستام ئاللىقاچان چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭدىكى شەۋكەتكە بولغان ئاتىلارچە مۇھەببەت، ئۇنىڭ جەزمەن ھايات قېلىشىغا بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئۇنىڭغا چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت ۋە غەيرەت بېغىشلىماقتا ئىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىككى بىلىكىگە يىغىپ، شەۋكەتنىڭ ئىككى قولىدىن مەھكەم تۇتۇپ ئالدىغا تارتىپ، ئۇنىڭ گەۋدىسىنى بىر پۈكۈپ، بىر رۇسلايتتى؛ قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە بىر كېرىپ، بىر

يىغاتتى؛ ...... ئۇنىڭغا كىرىكى شەۋكەتنىڭ بىرلا تىنىشى ياكى بىرەر ئەزايىنى بىرلا قىمىرلىتىشى ئىدى! بىراق ھەرقانچە تىرىشقىنى بىلەن، بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيۋاتاتتى.

شەۋكەتنىڭ ھېلىلا چانقىدىن چاچراپ چىققىدىغاندەك چەكچىيىپ تۇرغان خۇنسىز كۆزلىرىگە ھەسرەت بىلەن تىكىلگىنىچە، ئارام - ئارام ياش تۆكۈپ، ھە دەپ ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان سايىم ئاخۇن ئۇستام بىردىن نېمىندۇر ئېسىگە ئالغاندەك، قوشۇمىسىنى تۈردى - دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، دېرىزە ئەينىكىگە كۈچەپ بىرنى سالدى. جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، دېرىزە تەكچىسى ئەينەك سۇنۇقلىرى بىلەن تولدى. سايىم ئاخۇن ئۇستام ئوڭ قولىنىڭ يېچاق تىققاندەك زىڭىلداپ ئاغرىشى ۋە تەرەپ - تەرەپتىن ئېقىۋاتقان قانغا پىسەنتمۇ قىلماستىن، ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە ئەينەكنى سول قولىغا ئالدى - دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا شەۋكەتنىڭ باش تەرىپىدە زوڭزايدى. ئاندىن ئەينەك پارچىسىنى پاختىلىق چاپىنىغا سۈرتۈۋېتىپ، شەۋكەتنىڭ ئاغزى بىلەن بۇرنى ئۇستىگە قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاشۇ ئەينەك پارچىسىغا مىختەك قادالدى.

بىر مىنۇت...... ئىككى مىنۇت......

قانچە مىنۇت ئۆتتىكىنتاڭ، بىر چاغدا ئەينەك پارچىسى پارقىراق ھالىتىنى يوقىتىپ، سەل - پەل خىرەلەشكەندەك بولدى. سايىم ئاخۇن ئۇستامنىڭ يۈرىكى قىپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قاتتىق دۈكۈلدەپ، ۋۇجۇدى يىگىباشتىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى.

«شەۋكەت تىرىك ئىكەن! — دېۋەتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ، — شەۋكەت ئۆلمەپتۇ! شەۋكەت تىرىك ئىكەن! ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي، دەرھال دوختۇرنى چاقىراي، دوختۇر......»

ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى ئۈزمەستىن، يولۋاستەك چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى. بىر پۇتى بوسۇغىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا، ئىككىنچى پۇتى دەرھال ھەرىكەتتىن توختىدى. بېشىنى ئىتتىنىڭ كەينىگە بۇراپ شەۋكەتكە تىكىلدى. شەۋكەت مۇزدەك سىمونت ئۈستىدە ياتاتتى. سايىم ئاخۇن ئۇستامنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ، پۇتلىرى يېڭىباشتىن شەۋكەتنىڭ يېنىغا قاراپ ئۇچتى.

«ۋاقىت...... ۋاقىت!......، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — دوختۇرنى چاقىرىپ كەلگۈچە بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتىدۇ. بىر مىنۇت — ھايات - مامات بوسۇغىسى، دوختۇر بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە...... ئالىمادىس......»

ئۇنىڭغا بۇنچە زور كۈچنى كىم ئاتا قىلدىكىن؟ ئۇ، يەرگە بىرلا ئېگىشتى - دە، گويا يېشىغا تەگمىگەن بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغان ئاتىدەك، شەۋكەتنى يەردىن يۇلۇپ ئالدى ۋە شۇنداق چوڭ، شۇنداق تېز قەدەم بىلەن تاشقىرىغا ئېتىلدىكى، ھەش - پەش دېگۈچە ئۆزىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياتاق رايونىدا كۆردى.

— يولداشلار! ئادەم ئۆلدى! — دەپ پۈتۈن ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ زاۋۇت دوختۇرىنىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، — يولداشلار! مۇھەممەتئىمىن ئادەم ئۆلتۈردى! يولداشلار!

......

ئۇ يېتىپ كەلگەندە، زاۋۇت دوختۇرى چالا - پۇچۇقلا كىيىنىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بولغانىدى. رامزان ئاكا ۋە ئۆي - ئۆيدىن چۇۋۇلۇپ چىقىشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېتىپ كېلىشىپ، شەۋكەتنى سايىم ئاخۇن ئۇستامنىڭ قولىدىن ئېلىشتى. ئون مىنۇتتىن كېيىن، شەۋكەت

*خەلق شىپاخانىسى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ كارىۋىتىدىن جاي ئالدى......*

يەن شۇجى ئايرودرومدىلا بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇدۇللا دوختۇرخانىغا كەلدى.

بۇ دوختۇرخانىنىڭ شەۋكەتنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش يولىدا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىۋاتقىنىغا توپتوغرا ئون ئىككى سائەت بولغان بولسىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقلار تېخىچە ئۈنۈم بەرمەيۋاتاتتى......

تەقەززالىق چېكىگە يېتىپ، كۆزلەردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان بىر پەيتتە، بىر سېسترا ئۇلار تەرەپكە كېلىۋېتىپ، يىغلامسىرىغاندەك تىترەك، ئەمما جاراڭلىق ئاۋازدا:

— يولداشلار! خۇش خەۋەر! سەپدىشىڭلار نەپەس ئالدى! — دېدى.

— هە؟!

توپ «گۈررىدە» يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، سېسترانى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىشتى. هەممە يۈرەكلەر شادلىقتىن ئويناپ، هەممە چىرايلار، هەممە كۆزلەردە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. بۇرۇقتۇرمىلىقتىن تاماقلارغا چاپلىشىپ كەتكەن تىللارمۇ بۇلبۇلدەك سايراپ، سېسترانى هەر خىل سوئاللار بىلەن كۆمۈۋەتتى. سېسترا پەقەت بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى:

— خەۋپ ئۆتۈپ كەتتى! خەۋپ ئۆتۈپ كەتتى!

توغرا، شەۋكەتنىڭ ياشلىق باھارى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئۆلۈم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانىدى!

كېيىنرەك، سېسترا هاياجىنىنى تەسلىكتە بېسىپ، شەۋكەتنىڭ هازىرقى ئەهۋالىنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەردى ۋە

هازىر ئۈنىڭغا خاتىرجەملىك لازىملىقى، شۇڭا ئۇنى يوقلاشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ قىستۇرۇپ قويدى. يەن شۇجى ئۈنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ مۇنداق دېدى:

— يولداشلار! ئەمدى خاتىرجەم بولغانسىلەر؟ مۇنداق قىلايلى: چاڭجاڭ بىلەن مەندىن باشقىلار دەرھال زاۋۇتقا قايتىڭلار. 1980- يىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىركۈنىنى خىزمەت ئورۇنلىرىڭلاردا مەھكەم تۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ، دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىگە ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار بىلەن زەربە بېرىڭلار! بىزمۇ مەسئۇل دوختۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپ، شەۋكەتنىڭ ئەھۋالىنى يەنىمۇ تولۇقراق ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال زاۋۇتقا يېتىپ بارىمىز. يېڭى يىلغا تەييارلىغان سوۋغىمىزنى ئەسلىدىكى پىلان بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمىز ئالدىدا نامايىش قىلىمىز......

كۆپچىلىك ئىشچىلار تۆتتىن، بەشتىن شىپاخانا دەرۋازىسىدىن سىرتقا قاراپ ئېقىشتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان توپ ئارىسىدا سايىم ئاخۇن ئۇستام بار بولۇپ، بىرەيلەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— «مۇھەممەتئىمىننى ئەجەبمۇ قاچۇرۇپ قويۇپسىز! مەنمۇ شەۋكەتتەك بولماي» دەپ قورقۇپسىز - دە؟!

— «قورقۇپسىز؟» ئۇنىڭدىن قورققان جېنىمنى ئىتقا تاشلاپ بېرەمىنا! — سايىم ئاخۇن ئۇستام تەمكىن، ئەمما جىددىي تەلەپپۇزدا چۈشەندۈردى، — بىر قوتۇر ئىت بىلەن ھەپىلىشىمەن دەپ، شەۋكەتتەك بىر يولۋاسنى زىيان تارتساق قانداق بولىدۇ؟ كاللا دېگەن جايىدا ئىشلىشى كېرەك - دە، ئۇكا! شەۋكەتلا ھايات قالىدىكەن، مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆلگىنى شۇ! قانداق دېدىم؟ ھېلىغۇ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ، قولىدىن كەلسە ئاسمانغا چىقىۋالمىسۇنمۇ! قېنى ئۇنىڭ قېچىپ قۇتۇلغىنىنى كۆرەي......

# ئون ئىككىنچى باب

## سىر ئەمەس سىرلار

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، يەن شۈجى بىلەن رامىزان ئاكا زاۋۇتتىكى بارلىق يولداشلارغا ۋاكالىتەن، شەۋكەتنىن تۇنجى قېتىم هال سورىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇلارنىڭ ناهايىتى نۇرغۇن ۋاقتى مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئۆتكەن بولسىمۇ، دوختۇرلار ئۇلارنىڭ شەۋكەتنى يوقلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىگە رۇخسەت قىلمىغانىدى. شەۋكەت هازىرمۇ جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە. ئاخشامدىن بۇيان، ئابىدەم ئۇنىڭغا هەمراھ ئىدى.

شەۋكەت ئىككى رەهبەرنى ئۆز يېنىدا كۆرگەنىدە، هۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىما، شەۋكەت، — ئىككىيلەن تەڭلا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى، — مۇنداق قىلساڭ، سالامەتلىكىڭ ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلمەيدۇ.

شەۋكەت نەدىمۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرسۇن! بىر تەرەپتىن يىغلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇهەممەتئىمىن بىلەن ئاباقنىڭ شۇملۇقلىرى ئۈستىدە بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ سۆزلەيتتى.

— خاتىرجەم بول، شەۋكەت، — يەن شۈجى ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى سىلايتتى، — بىز بۇ ئىككى بۇزۇقنىڭ هەممە ئەسكىلىكلىرىنى بىلىمىز. سەن ئوبدان ئارام ئال.

— ياق، سىلەر يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەيسىلەر!

شەۋكەت ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەنىدى، ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرغان رامىزان ئاكا ئۇنى كۆكرىكىدىن ئاۋايلاپ بېسىپ، قوزغىلىشقا يول قويمىدى ۋە:

— مىدىرلىما، مىدىرلىساڭ ئوكۇل يىڭنىسى بىلىكىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ، — دەپ ئاگاھلاندۇردى. يەن شۇجىمۇ:

— گەپكە كىر، ماقۇلمۇ؟ — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېگىلدى.

شەۋكەت جىم بولدى. ئۇنىڭ ئەلەملىك كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مەرۋايىتتەك ئىككى مەڭزى ۋە قۇلاقلىرىغا قاراپ توختاۋسىز دوملايتتى. كۆزلىرى نېمە ئۈچۈندۇر ئىككى رەھبەرنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقۇۋاتقاندەك، ھېلى ئۇ نۇقتىغا، ھېلى بۇ نۇقتىغا تىكىلەتتى.

ئىككى رەھبەر يولداشلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دوختۇرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، ئوبدان ئارام ئېلىشنى تاپىلاپ، قايتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، شەۋكەتنىڭ چىرايى جىددىي ئۆزگىرىپ، مۇنداق بىر غەلىتە سوئالنى سوراپ قالدى:

— يەن شۇجى، رامىزان ئاكا، — دېدى ئۇ، — مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىندا دادامنىڭ: «ھەممە يەرنى ئۈزۈندىلەش شەخسكە چوقۇنۇش بولىدۇ» دېگىنى راستمۇ؟

ئىككى رەھبەر بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىۋېلىشتى - دە، تەڭلا:

— راست، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

شەۋكەت بىرھازا جىم بولۇپ كەتتى. كېيىن يەنە سورىدى:

— دادامنىڭ بۇ سۆزىنى كىم خاتىرىلىگەن؟

رامىزان ئاكا كېسپلا جاۋاب بەردى:
— مەن خاتىرىلىگەن.
شەۋكەت تېخىمۇ جۇرئەتلىنىپ سوراشنى داۋام قىلدى:
— سىز ئۇ خاتىرە دەپتىرىڭىزنى نەدە قويغان؟
— «پىرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى» ئۆيۈمدىن بۇلاپ چىقىپ كەتكەن.
— ھازىر ئۇنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟
بۇ بىر - بىرىدىن غەلىتە، بىر - بىرىدىن سىرلىق سوئاللار ئىككى رەھبەرنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. خېلىدىن كېيىن، ئۇلار مۇنداق بىر ۋەقەنى ئەسكە ئېلىشتى:

*بۇغراجان قولغا ئېلىنىشتىن نەچچە كۈن ئىلگىرى، زاۋۇت ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆزلۈكىدە مۇنارىسى ياساش ۋە ھەممە سېخ، ئىشخانىلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆزلۈكىدەشتۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. نەچچە كىشى كەينى - كەينىدىن سۆز ئېلىپ، قانچىلىك چىقىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلۈكىدە مۇنارىسى ۋە ئۆزلۈكىدە تاملىرىنى چوقۇم باشقا ئورۇنلاردىن كۆركەم قىلىپ ياساشنى تەشەببۇس قىلدى.*

*— مەنمۇ ھەممە يەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆزلۈكىدەشتۇرۇشكە قوشۇلىمەن، — دېدى بۇغراجان، — بىراق، زاۋۇتىمىز ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇدا زىيان تارتىۋاتىدۇ. بانكىدىن ئالغان قەرزىمىزمۇ ئاز ئەمەس. ئەگەر يەتتە - سەككىز ئورۇنغا ئۆزلۈكىدە تېمى، ئون ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە بىر ئۆزلۈكىدە مۇنارى ياسايدىغان بولساق، كەم دېگەندىمۇ يەتمىش - سەكسەن مىڭ يۈەن خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ......*

*— سىياسەت دېمەك، بۇيرۇق دېمەك، — بىرەيلەن*

بۇغراجاننىڭ سۆزىنى كەسكىن بۆلدى، — ھە دېسە ئۆقتىسادنىڭ گېپىنى قىلىشىۋەرسەڭ، بۇ ئىشتا باشقا ئورۇنلارنىڭ كەينىدە قالامدۇق؟ بۇ بىر تەرىپى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈرۈمچىدە مۇنارى، ئۈرۈمچىدە تېمى ياساش — ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىغا بولغان ساداقىتىمىزنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى. مەن بىر تېيىن مائاش ئالماسلىقتا، ئاچلىقتا ئۆلۈشكە رازىكى، باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ، ئۈرۈمچىدىلەشتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرقانداق پىكىرلەرگە قوشۇلالمايمەن.

— مەنمۇ ئۈرۈمچىدىلەشتۈرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىشىۋاتقىنىم يوققۇ؟ — بۇغراجان ئۆز پىكرىنى ئىزاھلىدى، — قولىمىزدا مەركەزنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە ئاي ئىلگىرى چۈشۈرگەن ھۆججىتى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدا شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يىغىن زالىدىن باشقا ئورۇنلارغا پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ سۈرەتلىرىنى قالايمىقان ئاسماسلىق؛ ئېسىلغان بولسا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مەسئۇل بولۇپ يىغىۋېلىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۈرۈمچىدىلەشتۈرۈشكە كەلسەك، بۇ ھەقتە مەركەز ھېچقانداق ھۆججەت چۈشۈرگىنى يوق. شۇنداقتىمۇ، ھازىر بۇ ئىش پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك دولقۇنغا ئايلاندى. بىزمۇ مۇشۇ دولقۇنغا ماسلىشىش ئۈچۈن، قولىمىزدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك بولىدۇ. ئەمما......

— مەركەز ھۆججەت چۈشۈرمىگىنى بىلەن، لىن بياۋ قوجۇشى «ئۈچ ئەسەر» ۋە «ماۋ جۇشى سۆزلىرىدىن ئۈرۈمچىدە»نىڭ نەشىر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان كىرىش سۆز ۋە بېغىشلىمىسىدا «ئۈچ ئەسەر»نى قىبلىنامە قىلىپ ئۆگىنىش، ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن «ئۈرۈمچىدە»گە مۇراجىئەت قىلىش، ئۇنىڭدىن ئەقىل تېپىشنى تەشەببۇس قىلدى. لىن

بياۋنىڭ بۇ تەشەببۇسى، ئەمەلىيەتتە مەركەزنىڭ ھۆججىتى بولماي نېمە؟!

— ......

مۇنازىرىنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى شۇ بولدىكى، بۇغراجان يېتىم قالدى، تەنقىد ئىشىتتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. لېكىن كۆپچىلىكتە پىكىر بىرلىكى بولمىغاچقا، قارار چىقىرىلمىدى. يەنە بىر قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈلگۈچە، بۇغراجان قولغا ئېلىنىپ كەتتى. بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەننى تەنقىد قىلىش باشلانغاندا، «پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى» رامزان ئاكىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، كۆپلىگەن شەخسىي نەرسىلىرى قاتارىدا شۇ قېتىملىق يىغىننىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن دەپتىرىنىمۇ بۇلاپ چىقىپ كېتىشتى. كېيىنكى چاغلاردىكى، يەن شۇجى بىلەن رامزان ئاكىنىڭ بۇغراجاننىڭ «ئەكسىلئىنقىلابىي قارا ئارقا تىرىكى» ئىكەنلىكى، شۇنداقلا بۇغراجاننىڭ «ئىزچىل ئەكسىيەتچى» لىكىنىڭ ئىسپاتى مۇشۇ ئىدى...... «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا توپلانغان سان-ساناقسىز قارا ماتېرىياللار كۆيدۈرۈۋېتىلدى ياكى قارىلانغۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. شۇ قاتاردا رامزان ئاكىنىڭمۇ نۇرغۇن نەرسىلىرى قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، پەقەت ئاشۇ خاتىرە دەپتەرلا قايتۇرۇپ بېرىلمىگەنىدى (يوقىلىپ كەتكەنىدى). مانا ئەمدى بۇ گەپنى شەۋكەت ئاغزىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

«ئۇ خاتىرە دەپتەر زادى نەگە كېتىپتىكىنا؟ شەۋكەت بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە بىلەمدۇ نېمە؟»

بۇ سوئالنى ھەر ئىككى رەھبەرنىڭ كۆزلىرىدىن تېپىش مۇمكىن ئىدى. بىرمەھەل داۋام قىلغان جىمىلىقتىن كېيىن، رامزان

ئاكا:

— بىلمەيمەن، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى.

يەن شۇجى بېشىنى يەڭگىل ئىرغىتىپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى تەستىقلىدى.

شەۋكەت چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ تىلغا كىردى:

*شەۋكەت زاۋۇتقا كىرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۇنىڭغا بىر سايە ئەگەشتى. كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتكەنسىرى، بۇ سايە ئۇنىڭغا شۇنداق مەھكەم يېپىشتىكى، شەۋكەتمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن كىشىدەك ئىچىكىپ كەتتى. ھېچكىمگە دېمەيدىغان ئارزۇ - ئارمانلىرى، خۇشلۇق - خاپىلىقلىرىنى ئۇنىڭغا دەيدىغان، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغان، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى. كېيىنرەك، ئۇنىڭغا يەنە بىر سايە ھەمراھ بولدى. بۇ سايىمۇ ئوخشاشلا شەۋكەتنىڭ ئەڭ يېقىن ئىچ كۆيەرى، ئەڭ سەمىمىي مەسلىھەتچىسى ۋە ھامىيسى سۈپىتىدە، ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇلار شەۋكەتنىڭ قاۋۇل بەستى، ئەقىل - پاراسىتى، ئاجايىپ غەيرەت - شىجائىتىگە بىر ئاغىزدا مىڭ قېتىم ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ئائىلىسىنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى «بىچارە» ھالىتىگە چىن يۈرىكىدىن ئېچىناتتى. كەلگۈسى تەقدىرىدىن قايغۇراتتى. ئاخىر، ئۇلار ئۇنىڭغا ناھايىتى زور يۈرەك بېغىشلىدى. بىرىنىڭ مەسلىھەتى، ئىككىنچىسىنىڭ قەتئىي قوللىشى بىلەن، شەۋكەت ھېلىقى خىزمەت ئالماشتۇرۇش ئىلتىماسىنى يازدى.*

— شەۋكەت، — دېگەنىدى ئاشۇ كۈنى ئۇشتۇمتۇت پارتلىغان قوغۇشۇن ئېرىتمىسى ئۇستىبېشىنى بۇلغىغان شەۋكەت ئاچچىقى كەلگىنىدىن يا ئۇستىبېشىدىكى قوغۇشۇن يۇقۇندىلىرىنى تازىلاشنى، يا ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ

تۇرغان بىر پەيتنە، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بوسۇغىدا پەيدا بولۇپ قالغان ئاباق، ــ مەن ساڭا كۆپ قېتىم ئېيتتىم. بۇ دوزاختا يەنە داۋاملىق ئىشلەۋېرىدىغان بولساڭ، يا بىرەر ئەزايىڭدىن ئايرىلىسەن، يا ياش ئۆمرۈڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ، قىلچە ئىستىقبالى يوق ئادەم بولۇپ قالىسەن. بىلەمسەن، بۇ دوزاختا ئۇزۇن ئىشلىگەنلەرنىڭ بىرەرىمۇ يا ئۈنداق، يا مۇنداق پالاكەتتىن خالىي بولغان ئەمەس. بەزىلىرى كۆزىدىن ئايرىلدى. بەزىلىرى قوغۇشۇن بىلەن زەھەرلىنىپ، مەڭگۈلۈك ئەيىبناق بولۇپ قالدى. سېنىڭمۇ شۇلاردەك بولۇپ قالغۇڭ بارمۇ؟ ــ ئاخىرىدا ئاباق كەسكىن خىتاب قىلدى، ــ ياق، ئۇكا! ياشلىق باھارىڭنى بۇ دوزاختا ئۆزتنۇەتسەڭ ھەرگىز بولمايدۇ! سەن شۇنداق ئادەم بولۇپ يېتىشىشىڭ كېرەككى، كەلگۈسىدە ھېچقانداق ئىش سەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان، پۈتۈن زاۋۇت ساڭا ھەسەت قىلىدىغان بولسۇن! داداڭ ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. سەنمۇ خۇددى داداڭدەك ئادەم بولۇشقا تىرىشىشىڭ كېرەك!

ــ مېنى قانداق قىل دېمەكچىسىز؟

شەۋكەت بۇ سوئالنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئاباق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بىراقلا ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول سالدى:

ــ قانداق قىلاتتىڭ، ئىلتىماس ياز. خىزمىتىڭنى يۆتكەپ قويۇش توغرىسىدا ئىلتىماس ياز!

ــ ئۇنداق قىلسام......

ــ قورققۇۋاتامسەن؟ قورقما! تەشكىل سېنى يەپ كېتەمتى! بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ھەتتا ئون قېتىملاپ ئىلتىماس ياز! بىرىگە قۇلاق يوپۇرۇۋالسا، يەنە بىرىگە قۇلاق سالماي ھەددى ئەمەس!

ــ يەن شۇجى بىلەن رامىزان ئاكام: «سەن بۇ يەدە بىرمەزگىل ئىشلەپ تۇرغىن، كېيىن مۇۋاپىق ئورۇنغا

يۈتكىۋېتىمىز......» دېگەنىدى.

— قاچان؟ قاچان شۇنداق دېگەن؟

ئاباق شەۋكەتنىڭ سۆزىنى ئىلىۋالدى. شەۋكەتكە يەنە دېمەكچى بولغانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ئاباقنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي بولمىدى:

— مېنى زاۋۇتقا قوبۇل قىلغان كۈنى.

— مانا ئەمەسمۇ! — ئاباق چېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى، — سەككىز ئاي ئۆتۈپتۇ، ئۇكا! سەككىز ئاي! ئويلاپ باققىنا، سەككىز ئاينىڭزى ساڭا بىرەر مۇۋاپىق ئورۇن تېپىلماپتىمۇ؟ بىكار گەپ! ھازىر ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، يۇقىرىنىڭ «خو»سىنى ئېلىشتا! شۇڭا، ئۇلارنىڭ سېنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىمۇ يوق! ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، نېمىشقا سېنى ھازىرغىچە مۇشۇ دوزاختا تاشلاپ قويۇپ كارى بولمايدۇ؟! سەللا ئەقىل يۈگۈرتىدىغان بولساڭ، چاتاقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىسەن...... راستىنى ئېيتسام، ئۇلارنىڭ سېنى ھە دەپ ماختاشتىن مەقسىتى — سېنىڭ كۆچۈڭگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. ھازىر ھەممە يەردە ئەھۋال شۇنداق. باشلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىشچىلارنىڭ كۈچى ھالال، ئۆزى ھارام بولۇپ قالدى، ئۇكا!

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى، دېمىدى. چۈنكى ئۇ شەۋكەتنىڭ كۆزلىرىدە ئۆز سۆزىگە نىسبەتەن ھەم ھەيران قىلىش، ھەم گۇمانلىنىشتەك بىر خىل شولا ئەكس ئېتتۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. شۇڭا دەرھال گېپىنى يۆتكىۋالدى:

— بەلكى مەن ساڭا ئىچىم ئاغرىغىنىدىن، بەزى نەرسىلەرنى خاتا پەرەز قىلغاندىمەن، — ئاباق بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ سۆزلىدى، — ئادەمنىڭ ئاچچىقى

كەلگەنــدە، ئاغزىــدىن نــېمىلەر چىقىــپ كەتمەيــدۇ، دەيــسەن! ھېچقىــسى يــوق، گېپىمنىــڭ تــوغرا ـ خاتاســىنى ئــۆزۈڭ بــايقىۋال! ئېھتىمــال، يەن شــۇجى بىــلەن رامىــزان چاڭچــاڭ ئىــشقا چۆكــۈپ كېتىپ، سىنىڭ ئىشىڭنى ئېسىدىن چىقىرىشقاندۇر ياكى سەندىن بىــرەر ئىنجــا چىقمىغانلىقىغــا قــاراپ سىــنى مۇشــۇ ئىــشنى مەڭگــۈ ئىــشلەشكە بەل باغلىغــان ئوخــشايدۇ، دەپ ئــويلاپ قىلىــشقاندۇر. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، بالا يېغلىمىسا، ئانا ئەمچەك سالمايدۇ ـ دە!

ئەنە شۇ چاغدا مۇھەممەتئىمىن كىرىپ قېلىپ، ئاباق سۆزىنى توختاتتى.

ــ ھە، ئامراقلار! نېمانداق چۈجە خورازدەك بازلىشىپ تۇرۇپ كەتتىڭلار؟ ــ دېدى مۇھەممەتئىمىن بىر ئاباققا، بىر شەۋكەتكە قاراپ تــۈلكىلەرچە ھىجىيىــپ، ــ ئوھــوي...... نــېمە ئىــش بــۇ! شەۋكەت، يەنە ئىگىنىڭگە كۆمۈشتىن گۈل باسقان ئوخشىمامسەن؟

شەۋكەت خىجالەتچىلىكتە پوكاندەك قىزىرىپ كەتتــى (ئۇنىــڭ كۆزىنى كۆزئەينەك، يۈزىنى ماسكا توسۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن، ئۇنىــڭ بــۇ ھــالىتىنى ھــېچكىم سەزمىدى)، كــۆزلىرى مــۇھەممەتئىمىنگە ئەمەس، بەلكى قەيەرگىدۇر تىكىلدى.

ــ قارىمامــسىز، مەي جــۇرىنى! ــ دېــدى ئابــاق شــەۋكەتكە ۋاكالىتەن سۆزلەپ، ــ بىچارە شەۋكەت مۇشــۇنىڭ بىــلەن تــۆت ـ بەش قېتىم مۇشۇنداق پېشكەللىككە ئۇچرىــدى. ئــۇنى باشــقا ئىــشقا يۆتكەپ قويساڭلارمۇ بوپتىكەن. ئۆزىمۇ ماڭا شۇ گەپنى قىلىۋاتاتتى.

ــ بولىدۇ، يۆتكەلگۈسى كەلگەن بولسا، ئەتىلا يۆتكىۋېتىمىز.

ــ ھە! راستىمۇ؟

ــ راســت بولمــاي! ــ ئابــاق مەھەممەتئىمىننــى ئېغىــز ئاچۇرمىــدى، ــ مەي جــۇرىنى دېــگەن بــارغۇ، دېگىنىنــى قىلمــاي قالمايدىغان ئادەم! بىــر پــارچە ئىلتىمــاس يېزىــپ، ئۇنىــڭ قولىغــا

شـۇنداق تۇتۇقـۇزۇپ بـاققىنچۇ، تۇيمـايلا قالـسەن، ھەش - پەش دېگۈچە ئۆزۈڭنى باشقا سېختا كۆرىسەن!

......

شـەۋكەت چۈشـلۈك تامـاققىمۇ چىقماسـتىن، ۋالەك قۇيـۇش ئۆيىدە ئابـاق بىـلەن بىللە چاي ئىچتـى ۋە قولىغا قەلەم ئېلىـپ، ئاباقنىـڭ ئېغىزىـدىن چىققـان ھەربىـر سـۆزنى قەغەزگە يـازدى. ئىلتىمـاس پۈتكەنـدىن كېـيىن، ئابـاق بىرقـۇر كـۆرۈپ چىقـىپ، شەۋكەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى - دە، دېدى:

— يۈگۈر، ھازىرلا ئاچىقىپ مەي جۇرىنىنىڭ قولىغا بەر!

......

شەۋكەت مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققاندا، گويا مېڭـىسى مـۇزلاپ قېلىـپ، پۈتـۈنلەي كـاردىن چىققانـدەك، ھېـچ نەرسىنى ئويلاشقا قۇربى يەتمىدى، ئۇ پۈتلىرى كالۋالىشىپ، مەست ئادەمـدەك دەلـدۈگۈنەتتى. ئىچىـدە: «يەن شـۈجى بىـلەن رامىـزان ئاكاملار ئىلتىماسنى كۆرسە نېمىدەر؟» دەپ تىت - تىت بولاتتى.

ئۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن دەرۋازا سىرتىغا چىقىـپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمىدى.

ئېغىـر بىـر قـول ئاسـتا يەلكىـسىگە تەگكەنـدە، شـەۋكەت ئەنـدىكىپ كەينىگە قارىـدى - دە، ھەيـران قالـدى. تـوۋا، مـاۋۇ ئىشنى: ئاباقنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسى ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك تـۇراتتى، چىرايىنـى چۈشـىنىپ بولمايـدىغان بىـر خىـل سـىرلىق تەبەسسۇم قاپلىغانىدى.

— ئۇكا، قارا سېنى! ئادەمنى ئەنسىرىتىپ، ئەتىگەنىڭىزى نەلەردە يۈردۈڭ؟

توغرا، شەۋكەت چۈشتىن كېيىن زادى نەدە يۈردى؟

شـەۋكەت تىنمـاي شـەھەر كـوچىلىرىنى ئارىلـدى. لـېكىن قىزىقى شۇكى، زادى قايسى تەرەپلەرنـى ئارىلاپ، نەلەرگە باردى؟

كىملەر بىلەن ئۇچراشتى؟ بۇلارنى ئۇ ئەسلا ئېسىگە ئالالمايتتى. پەقەت ھازىرلا ئۆزىنىڭ شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىنىڭ بىرىدە تۇرغانلىقىنى سەزدى. چوڭ يول ۋە پىيادىلەر يولىدا ۋېلىسىپىتلىك ۋە پىيادە ئۇ يان - بۇ يان ئۆتۈشۈپ تۇرغانلار شۇنچە كۆپ ئىدىكى، ھېيت - بايرام كۈنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇنداق ئەھۋال، ئادەتتە، پەقەت ئەتىگەندە، چۈشتە ۋە كەچقۇرۇندا بولاتتى. بۇنى شەۋكەت تالاي قېتىملاپ كۆرگەن......

شەۋكەت ئاسمانغا قارىدى: ھاۋا بىرقىسىملا تۇتۇلۇپ، كۈن غەربكە قايرىلغانىدى.

«ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بوپتۇ - دە......»

شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن شەۋكەت قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقى، پاقالچاقلىرىنىڭ تىلىپ، تىزلىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ قاتتىق گاڭگىراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاياغىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى ئېسىدىن چىقارمىدى:

— كوچا ئايلاندىم! — دېدى كېسىپلا. ئۇ بۇ سۆزلەرنى شۇنداق قوپال تەلەپپۇزدا ئېيتتىكى، ھەتتا ئۆز ئاۋازىدىن ئۆزى سەسكىنىپ كەتتى. يۈزلىرى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، چېكىسىدىن يۇرقىراپ تەر چىقىپ كەتتى. ئاباق بايىقىدەكلا ھېجىيىپ تۇراتتى. ئوڭ قولى تېخىچىلا شەۋكەتنىڭ يەلكىسىدە ئىدى.

— مۇنداق دېگىن، — دېدى ئۇ بېشىنى كەينى - كەينىدىن ئىرغىتىپ، — كوچا ئايلىنىپ ھاردۇقۇڭنى چىقىرىپسەن - دە؟ بوپتۇ، ھېچقىسى يوق. ياشلىقتا مۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇكا! — ئۇ سەل توختىۋېلىپ، نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈردى - دە، شەۋكەتنى سورىدى، — تاماق يېمىدىڭغۇ دەيمەن؟

شەۋكەت ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن، راستىنى ئېيتتى.

— بوسۇغامغىلا كىلىپ قاپسەن، يۈر، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ، بارنى تەڭ كۆرەيلى.

ئاباق شەۋكەتنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن، ئۇنى يەلكىسىدىن ئىتتەرگىنىچە، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى. شەۋكەت ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالماي قالغانىدى......

ئاباقنىڭ كونا ئۇسلۇبتىكى مېھمانخانا ئۆيى ئاددىيلا جاھازلانغان بولۇپ، ئالاھىدە كۆزگە تاشلانغۇدەك جاھازلار، ئالايلۇق ئىشكاپ، سىم كارىۋات دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يەرگىلا سېلىنغان يوغان ئىككى پارچە زىلچا ئۆينى لىق ئالغان بولۇپ، پەگاھقىراق قويۇلغان يوغان ھەشتىرخان ساندۇقنىڭ ئۈستىدە نەچچە پارچە زىلچا قاتلاقلىق تۇراتتى. شەۋكەت كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەنە شۇ نەرسىلەرگە سەپسالغاچ، تۆرگە سېلىنغان قوش قەۋەت يېكەنداز ئۈستىدە خاراموش ئولتۇراتتى. ئاباق بىر تۇرۇپ ئۇنى لەگمەنگە زورلىسا، بىر تۇرۇپ داستىخاندىكى ھەر خىل نازۇ - نېمەتكە زورلايتتى. قورسىقى ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن بۇ ئۆيدە ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن بۇنچە زور مېھماندوستلۇقتىن ھاياجانلىنىپ كەتكىنىدىنمۇ، شەۋكەتنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەرقانچە تىرىشىپمۇ چىنىنى يېرىملاشتۇرالمىدى. ئەكسىچە، ئاباق ئىككىنچى چىنىنى بىكارلاپ، مۇشتەك ناۋات سېلىنغان پىيالىدىكى ئاتنىڭ قېنىدەك قېنىق دەملەنگەن چايغا قاتلىما تۇگۇرۇپ ئولتۇراتتى.

— ئىككى چوكا ئالغىنا، ئۇكا! — دېدى ئۇ شەۋكەتنى لەگمەنگە زورلاپ، — سېنىڭ كىلىشىڭنى بالدۇرراق ئۇققان بولسام، باشقىراق تاماق بۇيرۇتىدىكەنمەن...... قورسىقىڭنىڭ ئاچلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. تارتىنىپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىسەن، ئۇكا! مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ ئىككى چوكا يېگىن!

ئاباق سۆزلەۋاتقاندا، ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئىشىكتىن كىرگەن پېتى ئۇدۇل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. ئاباق گېپىنى توختىتىپ، مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ۋە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا سەي، هاراق ۋە چىرايلىق ئىككى رومكا تىزىلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى - دە، شەۋكەتنىڭ يېنىدا زوڭزايدى.

— ئىچكىن، سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن ئىچ ئۇكا!* — دېدى ئۇ هاراق بىلەن تولدۇرۇلغان رومكىلارنىڭ بىرىنى شەۋكەتكە تەڭلەپ، — هېچقاچان ئىچىپ باقمىغانلىقىڭنى بىلىمەن. مۆرىتى كەلگەندە، بىرەر رومكا ئوتلاپ قويغاننىڭ يامىنى يوق. ئاچچىقىڭنى ياندۇرۇپ، خاپىلىقىڭنى ئالىدۇ. هەي...... داداڭ رەھمەتلىك بىلەن يېرىم كېچە، يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ ئىچىشىپ كېتەتتۇق...... كىشى ئۇ كۈنلەرنى ئەسلىسە، هەي...... قېنى، ئالە، كۆتۈرۈۋەت، ئۇكا! داداڭنىڭ روھى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋەت!

شەۋكەت دادىسىنىڭ خا هاراق، خا تاماكا دېگەن نەرسىنى زادىلا ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئازراق بولسىمۇ بىلەتتى. ئەمما، هازىر ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلاش بىلەنلا كۆزىگە ئاق-قارا كۆرۈنمەي قالدى. يۈرىكى ئىنتىقام ئوتلىرى بىلەن يېنىپ، كۆزلىرى ئاشۇ رومكىدا شىپالىق دورىنى كۆرگەندەك بولدى. قوللىرى ئىختىيارسىز هالدا رومكىغا يېپىشتى - دە، هەش - پەش دېگۈچە بىكارلاپ قويدى. ئاباق هېلى بۇغراجاننىڭ تەرىپىنى قىلىپ، هېلى شەۋكەتنى ماختاپ، ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن ئىككى - ئۈچ رومكا ئىچۈرۈۋەتتى. شەۋكەت ئەمدى هاراقنىڭ تەمىنىمۇ سەزمەيتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىكى قۇلۇپمۇ ئېچىلىپ كەتكەندى:

— دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايمەن! — دەيتتى ئۇ غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ھاياتلا بولىدىكەنمەن، چوقۇم دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن!

شەۋكەت ھەر قېتىم ئاشۇ سۆزلەرنى تەكرارلىغاندا، ئاباق ئۇنىڭ دولىسىغا قاقاتتى، ئاغزى بىسسلماي ماختايتتى.

خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان ماختاشلاردىن كېيىن، ئاباق ئۇشتۇمتۇت سورىدى:

— داداڭنىڭ قاتىلى كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

شەۋكەت ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— كىم بولاتتى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ!»

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋېرىدىكەنسەن! «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ نەدىلىكىنى بىلىدىغانسەن؟

— نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن! بىلىمەن.

— بىلسەڭ دەپ باقە قېنى؟ ئۇلار نەدە زادى؟

— بۇنى كىم بىلمەيدۇ؟ بېيجىڭدىغۇ!

— توغرا ئېيتتىڭ، تازا توغرا ئېيتتىڭ! — ئاباق شەۋكەتنىڭ دولىسىغا تەكرار - تەكرار نەچچە قېتىم قاقتى، — ئەمدى دەپ باقە؟ داداڭنى ئاشۇلار بېيجىڭدىن كېلىپ ئۆلتۈردىمۇ؟

— ئۇلار ئۆلتۈرمىگەن بىلەن، ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى ئۆلتۈردى!

— بەللى، بەللى...... ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ، ئۇكا! مانا بۇ جاۋابىڭغا قىل سىغمايدۇ! بىراق، بۇ قولچوماقنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن - دە!

— ئەگەر ئۇنى بىلىدىغان بولسام......

— مەن ئېيتىپ بەرسەمچۇ؟

— سىز؟...... سىز راستىنلا بىلەمسىز؟

— ھىم...... ئۇكا! مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي: ئاكاڭ بىلمىگەن ئىشنى ھەرگىزمۇ «بىلىمەن» دېمەيدۇ!
— ئېيتىڭە ئەمىسە؟ ئۇ كىم؟ مەن ئۇنى......
شەۋكەت كۆزلىرىنى ئاباققا مىختەك قادىدى. بۇ كۆزلەردە ئۆلۈمنىمۇ مەنسىتمەيدىغان غەزەپلىك ئۇچقۇن چاقناپ تۇراتتى. شەۋكەتنىڭ رومكا تۇتقان قولى تىترەيتتى. رومكا قۇرۇق ئىدى.
ئاباق ئۇنىڭغا بىرپەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، سورىدى:
— ئەگەر ئېيتىپ بەرسەم، مېنى بالاغا تىقماسلىققا ۋەدە بېرەلەمسەن؟
— نېمىشقا ۋەدە بېرەلمەيدىكەنمەن؟! ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان!
— مۇشۇ گېپىڭ راست؟
— راست بولماي!
— ئۇنداق بولسا، قەسەم ئىچ!
شەۋكەت قەسەم ئىچتى.
— يارايسەن!
ئاباق ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۇدەك ھىجىيىپ، شەۋكەتنىڭ دولىسىغا قاقتى. ئاندىن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي قايتىپ كىرىپ، شەۋكەتنىڭ يېنىغا يۈكۈندى. ئۇنىڭ قولىدا قىزىل كىلىيونكا تاشلىق، ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى بىر خاتىرە دەپتەر تۇراتتى. ئاباق شەۋكەتنى يەنە بىر قېتىم قەسەم ئىچىشكە زورلىدى. ئاندىن:
— مە، بۇنى كۆرۈپ چىق، ئەقلىڭ بولسا، داداڭنى كىم بالاغا تىققانلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىۋال! — دەپ خاتىرە دەپتەرنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.
شەۋكەت خاتىرە دەپتەرنىڭ مۇقاۋىسىنى ئۆرۈپلا بېشىدىن بىر

چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋېتىلگەندەك شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى رامىزان ئاكىنىڭ ئىسمىغا چۈشكەنىدى. «رامىزان ئاكامنىڭ خاتىرە دەپتىرى ئاباقنىڭ قولىدا نېمىش قىلىدۇ؟» شەۋكەتنىڭ خىيالى ئاياغلاشماستىن، ئاباق:

— ھودۇقما، ئۇكا! — دېدى مەنىلىك قىلىپ، — ئۆزۈڭنى توختىتىپ، ئالدىرىماي كۆرۈپ چىق...... ياق، توختا، مۇنداق قىلە، ھەببەللى، مانا مۇشۇ بەتنى كۆرۈپ چىق. ھەممە بالا - قازا مۇشۇ يەردە......

ئاباق سۆزلەۋاتقاندا، شەۋكەت ئۇ كۆرسەتكەن قۇرلارنى ئوقۇپ چىقتى: «1966 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بوغرا سىدىق......»

— قانداق، راستمىكەن؟ ئۇكا، داداڭنىڭ بېشىغا چىققىنى رامىزاننىڭ مۇشۇ «چېقىمچى دەپتەر»ى!...... ئەگەر ئۇ مۇشۇ دەپتەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، داداڭ ئۈستىدىن قارا ماتېرىيال بەرمىگەن بولسا، داداڭمۇ ئۆلمەيتتى، سىلەرمۇ شۇنچە ئېغىر كۈنلەرنى كۆرمەيتتىڭلار...... ئەمدى گېپىمگە ئىشەنگەنسەن؟

— ......

شەۋكەت ئۈنچىقمىدى. ئۈنچىقمىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەلۇم ئوي پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئاباق بۇنى سېزىپ تۇراتتى. شۇڭا:

— داداڭ بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مەن بۇ خاتىرە دەپتەرنى يېنىمدا ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. شۇنداق بىر چاغ كېلىدۇكى، مەن مۇشۇ خاتىرە دەپتەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، رامىزاننىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىمەن! — دېدى ۋە ئۇلاپلا قوشۇپ قويدى، — ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ بۇنى بىلىپ تۇرىمەن. چۈنكى، سەن ھازىر داداڭنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى، ئۆزۈڭنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقىڭغا قاراپ، «ھەممە ئىش

پۈتتى. كۆك تاشقا[①] مىندىم» دەپ ئويلىساڭ كىبرەك. ياق، ئۇكا! ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!...... ئويلاپ باققىنا، رامىزاندەك بىرنىمىلەر داداڭدەك ياخشى ئادەمنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتسۇنۇ، قانىنىغا سۇ تەگمەي، چاڭجاڭلىقنى قىلىۋەرسۇن! شۇمۇ گەپمىكەن؟! نىمىشقا ئىنتىقام ئېلىنمايدۇ؟ بىلەمسەن، ئەسلىدە سۇ بېشىدىن لاي...... شۇنى بىلىپ قويغىنكى، ھازىر قىلىنىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەشۋىقات، ھەممىسى ئادەم ئالداشتىن بۆلەك نەرسە ئەمەس!...... ۋاقتى كەلسۇنچۇ، ھەممىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن...... داداڭنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، سىلەرنى خانىۋەيران قىلغان زادى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»مۇ ياكى رامىزانمۇ، بۇنى چوقۇم تونۇپ يېتىسەن...... ئۇزۇنغا قالماي شۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇكى......

ئاباق ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلىدى. شەۋكەت ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شۇ نەرسىنى چۈشەندىكى، پات ئارىدا سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ. دادىسىنىڭ ئىنتىقامى چوقۇم ئېلىنىدۇ......

ئاباق سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ماۋۇلارنى قوشۇپ قويدى:

— مەن ئېيتقان بۇ گەپلەرنى بىركىمگە تىنىپ تاشلىما. رامىزاننىڭ قولىغا كويزا چۈشكەندە، يۈرىكىڭدىكى ھەممە دەردلىرىڭنى بىراقلا تۆكسەڭمۇ كېچىكمەيسەن......

شەۋكەت بۇ سۆزلەرگە جاۋاب تەرىقىسىدە، داستىخاندىن ھاراق شېشىسىنى ئالدى - دە، رومكىغا تولدۇرۇپ قويدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە پاك - پاكىز بىكارلاپ، رومكا بىلەن شېشىنى داستىخانغا «جاققىدە» قويۇپ، دەس ئورنىدىن تۇردى......

---

[①] كۆك تاش — بەزىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئۈستىدە ئالالانىڭ قۇدرىتى بىلەن مۇئەللەق توختىتىلغان غايەت يوغان بىر تاش بار ئىكەن. «كۆك تاشقا مىنىش» بۇ يەردە «مۇرادىمغا يەتتىم» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلدى. — ئاپتور.

شەۋكەت خىيىللا تەڭشىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ، قەدىمىنى تەسلىكتە يۆتكەيتتى. يۈرىكىدە بولسا دادىسىنىڭ ئىنتىقام ئوتى يالقۇنجايتتى. ئۇ بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، كىچىككىنە بوتكىغا كۆزى چۈشتى. بوتكىدا هاراق، تاماكا...... دېگەنلەر قاتار تىزىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، بىر شىشە هاراق كەلگۈدەك پۇل تاپتى......

ئەمدى ئۇ پىيادىلەر يولى بىلەن چوڭ يول ئايرىلىدىغان گۈللۈكتە ئولتۇرۇپ، شىشىنىڭ ئاغزىنى ئاغزىغا كەپلەشتۈرۈپ، غۇرتۇلدىتىپ هاراق ئىچمەكتە ئىدى. شىشە يېرىملاشقاندا، بىردىن قىقىلىپ كېتىپ، گۈللەر ئۈستىگە دۈم يىقىلدى. ئاندىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، شىشىنى قولىغا ئالدى. شۇ چاغ، بۇغراجاننىڭ مۇلايىم، مېھرىبان چېھرى ۋە ئۇنىڭ «قاتىل»ى رامىزاننىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسى كۆز ئالدىغا كېلىپ، پۈتۈن ئەزايى ئوت بولۇپ ياندى. بېشى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ۋۇجۇدىدا شۇنداق زور كۈچ - قۇۋۋەت سەزدىكى، شۇ تاپتا، ئالەمدە هېچ نەرسە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى...... هېچقانداق كۈچمۇ ئۇنى زايىدىن ياندۇرالمايتتى......

ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ يولغا چىقتى.

— رامىزان، — دېدى ئۇ ئۈنلۈك ۋارقىراپ، — مېنى هېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەپ چاغلاۋاتامسەن؟! خەپ، قاتىل!... سېنى بوگۈنلا......

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، بىكار بولغان شىشىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ سىمونت يولغا ئاتتى. شىشە چۇل - چۇل بولۇپ، سۇنۇقلىرى يىراق - يىراقلارغا قاڭقىپ كەتتى. شەۋكەتنىڭ ئۆزىمۇ گۈللۈككە كەينىچە يىقىلدى ۋە شۇ يىقىلغىنىچە مىدىرلىيالمىدى......

— مەن ئازدىم...... مەن ئالدانـدىم! يەن شـۇجى، رامىزان ئاكـا! مېـنى ئاباق بىـلەن مـۇھەممەتئىمىن ئالـداپ كەتتـى!. مەن......

شـەۋكەت قانچىلىـك پۇشـايمان يېگەنلىكىنـى ئىپـادىلەش ئۈچـۈن، تـۈزۈك سـۆز تاپالمـاي بوغـۇلاتتى، كىكەچلەيتتـى ۋە خىجالەتچىلىكتە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، قارماققا ئىلىنىپ قالغـان بېلىقـتەك پىلتىڭلايتتـى، كۆزىـدىن يـاش ئەمەس، يـامغۇر قۇيـۇلاتتى. يەن شـۇجى بىـلەن رامىـزان ئاكـا ئۇنىـڭ سـۆزلىرىنى دىقـقەت بىـلەن ئاڭلاۋاتـاتتى. ئۇنىـڭ تۇرمـۇش دېڭىزىنىـڭ قايناملىرىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى قىرغاققا ساق - سـالامەت ئـۈزۈپ چىققانلىقىـدىن سـۆيۈنەتتى. رامىـزان ئاكـا ھاياجانـدىن تىترەۋاتقـان قـوللىرى بىـلەن شـەۋكەتنىڭ بـاش - كـۆزىنى سـىلايتتى. ئـارىلاپ - يـاغلىقى بىـلەن كـۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى. يەن شۇجى بولسا ئۇنىـڭ پـۈتلىرىنى سىلايتتى.

شەۋكەت ئاخىر كىچىك بالىدەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتـى، يىغلاپ تۇرۇپ:

— يەن شـۇجى...... رامىـزان ئاكـا!...... مەن...... مەن...... مېنـى...... مېنـى جـازالاڭلار...... — دەپ قايتـا - قايتا تەكرارلىدى.

— شەۋكەت، بولدى، ئۆزۈڭنى ئايا، — يەن شۇجى ئۇنىڭغا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ، چىـن كۆڭلىـدىن تەسـەللى بەردى، — ھـازىر سـالامەتلىكىڭنى تېـزرەك ئەسـلىگە كەلتـۈرۈش مۇھىم. يىغلاۋېرىپ كۆچىنىپ قالساڭ قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر ياخشى داۋالانمايـدىغان بولـساڭ، چوقـۇم جـازالايمىز، ئۇقتۇڭمـۇ؟ — ئـۇ شۇنداق دېدى - دە، بىر ئابىدەمگە، بىر رامىزان ئاكىغا مەنىلىـك قاراپ قويدى. ئىككىيلەن: «ئوبدان گەپ قىلدىڭىز» دېگەنـدەك،

باشلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئىرغىتىپ قويۇشتى.
— قانداق دېدىم، رامىزان چاڭجاڭ؟
— توغرا ئېيتتىڭىز. ئەگەر يەنە گەپكە كىرمىسە، جازالىماي بولمايدۇ.
— ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟ بۇ مېنىڭلا پىكرىم بولماستىن، تەشكىلىنىڭ پىكرى جۇمۇ!
شەۋكەت ئۆينى ئۆچۈرۈپ، خىرتىلداشقا باشلىدى. يەن شۈجى بىلەن رامىزان ئاكا ئۇنىڭغا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماي، ئوبدان داۋالىنىشنى قايتا - قايتا جېكىلەپ، خوشلىشىپ قايتىشتى. شەۋكەت يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىۋېلىپ، باياتىن سۆزلىگەنلىرىنى، بولۇپمۇ ئاباق بىلەن هاراق ئىچىپ، ئۆلگۈدەك مەست بولغانلىقىنى قانداقلارچە ئاغزىدىن چىقارغانلىقىنى ئەسلىگەندە، تونۇرغا كۆمۈلگەن كاۋىدەك بۇرۇقتۇم بولۇشقا باشلىدى...... «ئاھ!...... مەن نېمدېگەن نومۇسسىز - ھە! ئاشۇ رەسۋا گەپلەر قانداقمۇ ئاغزىمغا پاتتى؟ رامىزان ئاكام ئەمدى ماڭا ئۆلگۈچە تەتۈر قارايدىغان بولدى - دە!»
شەۋكەت پۈتۈنلەي خاتا ئويلاۋاتاتتى. ئەسلىدە، ئابدەم شەۋكەتنىڭ هاراق ئىچىپ مەست بولغانلىقى ۋە مەستلىكتە نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈگەنلىكىنى رامىزان ئاكىغا يەتكۈزمەكچى بولغانىدى، كېيىن، ئويلىنا - ئويلىنا، بۇ خىيالىدىن ياندى. چۈنكى، گەپ رامىزان ئاكا ئۈستىدە بولغاچقا، ئۇنىڭغا بىۋاستە ئېيتىشنى ئەپ كۆرمەي، يەن شۈجىغا ئېيتتى. يەن شۈجى ئابدەمگە بۇ ھەقتە باشقا ھېچكىمگە تىنماسلىقنى تاپىلىدى. شەۋكەتنى قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيىدە يەنە بىرمەزگىل ئىشلەشكە كۆندۈردى. ئاندىن رامىزان ئاكىغا ھەممە گەپنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە ئېيتىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتى. ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىنگە بولغان نارازەتنى ۋە شەۋكەتكە قارىتىلغان

سىياسىي - ئىدىيەۋى تەربىيەنى ئېخمۇ كۈچەيتىشنى قارار قىلىشتى. زاۋۇت ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ شەۋكەتكە ئىدىيەۋى خىزمەتنى بوشاشتۇرماي ئىشلىشى، ئانارنىڭ ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلىششى، شۇبھىسىزكى، ئىككى رەھبەرنىڭ ئاشۇ قارارىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىجراسى ئىدى. بۇنى ئانارمۇ، شەۋكەتمۇ زادىلا تۇيمىغانىدى، ئەلۋەتتە.



# ئون ئۈچىنچى باب

## گۇمان

كۈن قايرىلغانىدى.

سۇلايمان ئىشەكنى هارۋىدىن چىقىرىپ، ئىغىلغا ئەكىرىپ كېتىۋاتقاندا، گۇڭشېدىن ئۇنى چاقىرىپ ئادەم كەلدى. سۇلايمان ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىنىمۇ سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرماستىن، ئالدىراش ئۆيگە كىردى ـ دە، بالا ئېمىتىپ ئولتۇرغان مايسەمگە ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇپ، گۇڭشېغا يول ئالدى. گۇڭشې بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىرمۇ كەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى تېز ماڭاتتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ــ دېدى ئىشىكتىن كىرىپلا ۋە مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئۈچ كىشى ــ ئايۇپ ئاكا، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ يېڭى مۇدىرى سەپەر قۇتلۇق ۋە گۇڭشې ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى رازاقلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ــ كەل، ئۇكام، كەل، ــ دېدى ئايۇپ ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىققان هالدا، ــ هېرىپ ـ ئېچىپ كەلگىنىڭدە پۇت ـ قولۇڭنى بىردەم سۇنۇۋالغىلىمۇ قويمىدۇق ـ هە! مايسەم بىلەن بوۋاقنى تىنچ ـ ئامان ئەكېلىۋالدىڭمۇ؟

— ئەكېلىۋالدىم.
— نامان ئاكام، سەيدىخان ئاچاملار سالامەت تۇرۇپتۇمۇ؟
— سالامەت تۇرۇپتۇ. ھەممەيلەنگە سالام ئېيتتى.
— سالامەت بولسۇن!

باشقىلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاشۇنداق سوئاللارنى سوراشتى. سۇلايمانمۇ ھەربىر سوئالغا ئۆز لايىقىدا جاۋاب بەردى.

— كەل، ئولتۇر، — ئايۇپ ئاكا يېنىدىكى بوش ئورۇندۇقنى مەشكە يېقىنراق سۈرۈپ قويدى، — يولدا تازا توڭغانسەن؟ مەشكە تازا بىر قاقلىنىپ، قولۇڭنى ئىسسىتىۋال.

— توڭمىدىم، — سۇلايمان ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق تەكەللۇپسىزلا ئايۇپ ئاكا كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا ئولتۇردى ۋە، — نېمە، بىر ئىش چىقىپ قالغانمىدى؟ — دەپ ئايۇپ ئاكىغا تىكىلدى.

— ھەئە، — ئايۇپ ئاكىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — تېخى سېنى چاقىرتقىلى بىر كىمنى ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇرساق، ھارۋاڭنى ھەيدەپ ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقڭنى خەۋەر قىلىشتى، — ئايۇپ ئاكا سەل توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سەن بۇ يەردىن كەتكەن كۈنى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تېلېفوندا «H» شەھىرىدىن ئىككى قاتىل قاچقانلىقى؛ ھەر ئېھتىمالغا قارشى، بىزنىڭمۇ سەگەكرەك بولۇشىمىز لازىملىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بەزى تەدبىرلەرنى قوللانغان بولساقمۇ، قاتىللارنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغانىدۇق. بايا تېلېفوندا مۇنداق بىر ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى: ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى بىلەن «H» شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ نەچچە كۈن رازۋېدكا قىلىشى نەتىجىسىدە، قاتىللارنىڭ ناھىيەمىز تەۋەسىدە ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپتۇ...... بىز نۆۋەتتىكى قەدەمنى قانداق بېسىش ئۈستىدە

مەسلىھەتلىشىۋاتساق، قاتىللارنىڭ سۈرىتىمۇ يېتىپ كەلدى. سىنىڭ دەل ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كەلگىنىڭ تازىمۇ ئوبدان بولدى. ئەمدى تۆتىمىز ئولتۇرۇپ، ئوبدانراق باش قاتۇرۇپ باقايلى......

ئايۇپ ئاكا ئورنىدىن تۇردى - دە، ئورۇندۇقنى كۆتۈرگىنىچە خىزمەت شىرەسىگە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ئاۋازسىز بۇيرۇق ئىدى. ھەممەيلەن شىرەنى چۆرىدەشتى. ئايۇپ ئاكا شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ئىككى پارچە سۈرەتنى ئالدى - دە، سۇلايمانغا ئۇزاتتى:

— مە، مانا مۇشۇ ئىككىسى.

سۇلايمان سۈرەتلەرنى يېنىشلاپ - يېنىشلاپ كۆرۈپ، بىرىگە تىكىلگىنىچە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى ۋە بىردىن:

— بۇ مۇھەممەتئىمىنغۇ! — دېۋەتتى.

— نېمە؟ سەن ئۇنى تونۇمسەن؟

— تونۇمايچۇ! مەن ئۇنى ئابدەملەرنىڭ ئۆيىدە كۆپ قېتىم كۆرگەن تۇرسام......

سۇلايمان مۇھەممەتئىمىن توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلىدى. ئايۇپ ئاكىمۇ ئابدەملەرنى يوقلاپ كىرگەن چاغلىرىدا، ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىنى غىل- پال ئەسكە ئالدى. لېكىن ئۇ مۇھەممەتئىمىننى كۆرمىگەنىدى. ئاباقنى ھېچكىم ئېسىگە ئالالمىدى.

سۈرەت يەنە قولدىن - قولغا ئۆتۈشكە باشلىدى. ھەركىم ئۆز قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. سۇلايماننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، كاللىسى گادىرماچ خىياللار بىلەن تولغان؛ كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر مەنزىرە گەۋدىلەنمەكتە ئىدى:

*كۈن قىزىلىدا يۇلغۇنلۇقتىن يولغا چىققان رىزىنكە چاقلىق تۆت ئېشەك ھارۋىسى كەچ پېشىندە توقايغا كەلدى. يەنە شۇنىڭ*

يېرىمدەك ماڭغاندا، قاراقۇمغا يېتىپ كەلگىلى بولاتتى. ھارۋىلاردا تۆتتىن ئالتىگىچە ئادەم بولۇپ، سۇلايماندىن باشقىسى ئاياللار بىلەن باللار ئىدى. ئۇلار مايسەم بىلەن ئۇنىڭ بوۋىقىنى يۆتكەپ كېلىشىۋاتاتتى. يول بويى نامان ئاكا بىلەن سەيدىخان ئاچىلارنىڭ مېھماندوستلۇقى، سۇلايمان بىلەن مايسەمنىڭ ئامىتى ئۇستىدە ئاغزى بىسىلماي سۆزلىشەتتى. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە، ئۆز ئائىلىسى، ئۆز يېزىسىدا مەيدانغا كەلگەن باياشاتلىق، مەمۇرچىلىق، ئىناقلىق، كۆڭۈل ئازادىلىكى، پەلەككە يەتكەن غەيرەت - جاسارەت...... ئۇستىدە گەپ ئېچىشىپ، بىر - بىرىنى ئىلھاملاندۇرۇشاتتى. ئەنىيازلىق تېرىلغۇدا قانچىلىك يەرگە قانداق زىرائەت تېرىيدىغانلىقى؛ ھازىرغىچە قانچىلىك ئوغۇت توپلىغانلىقى؛ ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى قانداق يولغا قويغانلىقىدىن ئىبارەت «سىر»لىرىنى ئوتتۇرىغا تۆكەتتى...... باش ھارۋىنى سۇلايمان ھەيدىگەن بولۇپ، ھارۋىنىڭ كەينىگە ئىككى چارەك ياغ چىققۇدەك يوغان كۆك قوچقار باغلانغانىدى، سېمىزلىكتىن ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالغان قوچقار پات - پات تىرەجەپ تۇرۇۋالاتتى. پات - پات ھارۋىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇنى قويرۇقىدىن كۆتۈرۈپ، خېلى بىر يەرگىچە ئىتتىرىپ مېڭىش يالغۇز سۇلايمان ئۈچۈنلا ئاۋارىگەرچىلىك بولۇپ قالماستىن، ئارقىدىكى ھارۋىلارنىڭ سەپىرىگە يۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن زارلانمايتتى. چۈنكى بۇ نامان ئاكا بىلەن سەيدىخان ئاچىنىڭ «يېڭى مېھمان»غا، شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئاتا جەمەت ئۇرۇق - تۇغقان، ئەھلىمەللىسىگە قىلغان سوۋغىسى ئىدى.

ھارۋىلار توقايدىن چىقىشقا ئاز قالغاندا، قوچقار تېمىگىسدۇر يۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئاياللار بىلەن باللار ئەنسىز چۇرقىرىشىپ كەتتى. قوچقار نەچچە قەدەم يەرگە سۆرىلىپ

*بارغانىدى. سۇلايمان هارۋىنى توختىتىپ، ناھايىتى ئەسلىكتە ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى، باش - كۆزىنى سىلىدى، يۈگىلىرىغا يېپىشقان قارلارنى قېقىشتۇردى. ئەنە شۇ چاغدا، ئاتنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. سۇلايمان ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىدىن بەش - ئون قەدەمچە نېرىدا كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىقنى كۆردى. ئاتلىقلارنىڭ ئىككىلىسى تاشسىز ئاق جۇۋا كەيگەن بولۇپ، بىرىنىڭ بېشىدا سالۋار تۇماق، ئىككىنچىسىنىڭ بېشىدا سەرپۇش تۇماق بار ئىدى. سەرپۇش تۇماق كىيگىنى جۇۋىسىنىڭ ياقىسى بىلەن يۈزىنى دالدا قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سۇلايمانغا تونۇشتەك بىلىنىدى. ئاتلىقلار ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، سۇلايمان ئەدەپ يۈزىسىدىن، ئۇلارغا سالام بەردى. ئاتلىقلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە گەۋدىسىنى يېرىم ئېگىپ، سالامنى ئىلىك ئالدى. سۇلايمان ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىدىن تارتتى. ئېشەك هارۋىنى كۆچەپ سۆرەپ، يولنى داۋام قىلدى. نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، سۇلايمان نېمە ئۈچۈندۇر كەينىگە قارىغانىدى، ئاتلىقلارنىڭ قارلىق دالىنى چاڭ كەلتۈرۈپ، ناھايىتى تېز چېپىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى......*

شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلايمان گويا گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، «ئۇلار مۇشۇ ئىككىسىمىدۇ - يا؟ — دېدى ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، — ئۇنداقتا......؟ ماۋۇ ئەقلىمنى! هەي......تازا بىر ئىش بولدى - دە، بۇ!»

— ئايۇپكا، ئەكېلىڭە، — دېدى ئۇ، سۈرەتكە قولىنى سوزۇپ، — مەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ باقاي.

ئايۇپ ئاكا سۈرەتنى ئۇنىڭغا بەردى. سۇلايمان سۈرەتلەرگە يېنىشلاپ - يېنىشلاپ قارىغان بولسىمۇ، ئۆز گۇمانىنى

ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەرنى تاپالمىدى. چۈنكى ئۇ ھېلىقى سالۋار تۇماقنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. سەرپۇش تۇماقلىقنىڭ كۆزلىرىنى كىمنىڭدۇر كۆزلىرىگە ئوخشاتقاندەك قىلغان بولسىمۇ، مانا بۇ رەسىمدىكى ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە راستىنلا ئوخشايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆز گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۈچەيلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى. ھېچكىممۇ ئۇنى ئەيىبلىمىدى ياكى گۇمانىنى قوللاپمۇ كېتىشمىدى. بۇنىڭدىن سۇلايمان ھېچقانداق غەلىتىلىك ھېس قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ گۇڭشې خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن بۇيان، نۇرغۇن جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشقانىدى. نۇرغۇن گۇمانلىرى توغرا چىققان بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى گۇمان پېتىچە قالغان، ھەتتا بەزىلىرى ئەكسىچە بولۇپ چىققانىدى. بۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن، يېتەرلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، پەقەت گۇمانغىلا تايىنىپ بىرەر ئىش ئۈستىدىن ئالدىراپ - سالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ئايۇپ ئاكا شۇنداق ئادەم ئىدى. باشقىلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغىمۇ يول قويمايتتى. ئۇ ھازىرمۇ سۇلايماننىڭ گۇمانىغا ئانچە قوشۇلۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى. رەت قىلىشقا ئاساسىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئويلىنىپ ئولتۇراتتى.

خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئايۇپ ئاكا مۇنداق دېدى:

— گۇمان تۇغۇلغانىكەن، ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر. بىراق، قانداق ئايدىڭلاشتۇرىمىز؟ دەرھال قوغلايلى دېسەك، ئۇلارنىڭ ئويباغ تەرەپكە ياكى قاراتاغ تەرەپكە ماڭغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرەر دېلو تۇغۇلۇش بىلەنلا، ئۇدۇل

كەلگەن يولۇچىنىڭ كەينىدىن قوغلاش ياكى ئالدىنى توسۇپ سوراق قىلىش ــ قانۇنغا خىلاپ. شۇڭا ھازىرچە مۇنداق ئىككى ئىشنى قىلساق: بىرى، قاراتاغ، ئۈيباغ دادۈيلىرىگە تېلېفون بېرىپ، ھېلىقى ئاتلىقلارنىڭ ئاشۇ تەرەپكە كەتكەنلىكى، ئۇزۇنغا قالماي دادۈي تەۋەسىگە كىرىدىغانلىقى؛ ئاڭغۇچە ھەر جەھەتتىن پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قەيەرگە، كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنلىكىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېنىقلاپ بېقىشنى تاپشۇرساق، بۇ جەھەتلەر ئېنىقلانغاندىن كېيىن سۇلايمان دەرھال ئاتلىنىپ، ئۇلارنىڭ چىراي - شەكلىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسە. چۈنكى ئاتلىقلار مۇشۇ ئىككى دادۈيگە بارمىسا، باشقا ھېچ يەرگە بارالمايدۇ. بۇنى سىلەرمۇ ياخشى بىلىسىلەر. ئۇ چاغدا ئىككىنچى قەدەمنى قانداق بېسىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى پىكرىم: دەرھال ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلاردىن يوليورۇق سورىساق. مۇنداق قىلغاندا، ئەگرى يولنى ئازراق ماڭارمىزمىكىن دەيمەن.

ــ بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى.

ئايۇپ ئاكا تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى - دە، ئاۋۋال ئىككى دادۈيگە ۋەزىيەتنى تاپىلىدى، ئاندىن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ۋە قارشى تەرەپتىن: «بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مۇزاكىرىلىشىپ جاۋاب بېرەيلى.......» دېگەن جاۋابنى ئالدى......

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندە، تېلېفون جىرىڭلىدى. ئايۇپ ئاكا تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى. قارشى تەرەپ قىسقىلا قىلىپ:

ــ «H» شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن ئادەم چىقىدۇ...... ــ دېدى.

ــ ماقۇل، كۈتەيلى. بۇ گەپلەرنى ھەممەيلەن ئېنىق ئاڭلىغاندى. ئايۇپ ئاكا قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمىدى.

# ئون تۆتىنچى باب

## گۇمان ئىزىدىن

تۈن قوينىنى يېرىپ، شەھەر تەرەپتىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەلگەن موتوسىكلىت گۈگۈشىي ئىدارىسىنىڭ سەيناسىدا توختاپ، بىرپەس گۈركىرىدى - دە، ھەم چىرىغىنى، ھەم ئۈنىنى ئۆچۈردى. موتوسىكلىتتىن ئۈچ نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىمى چۈشكەندە، تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان تۆت كىشى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ساقچىلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا ئىنچىكە تاسما بىلەن باغلانغان يوغان بوۋرە ئىتمۇ بار ئىدى.

— سىز كەپسىز - دە! — دېدى ئايۇپ ئاكا رەھمەتجاننىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، — ئۈزۈڭىزنىڭ كۆرۈشەلمەي، سېغىنىپمۇ كەتكەنىدۇق، يولداشلارنى ئۆزىڭىز باشلاپ كەلگىنىڭىز بەكمۇ ئوبدان بوپتۇ!

سۇلايمان ۋە باشقىلارمۇ ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ، سەممىي ھال سوراشتى.

— يۈرۈڭلار، يولداشلار، — ئايۇپ ئاكا رەھمەتجاننىڭ دولىسىدىن تۇتقىنىچە، ئىشخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە رەھمەتجان بۇرۇلۇپ، موتوسىكلىت يېنىدا تۇرغان كىشىگە:

— يولداش ئىدرىس، «قاپلان»نى موتوسىكلىتقا قارىتىپ

قويۇپ، ئىشخانىغا كىرىڭلار، دېدى.

ئىدىرىسلار ئىتتىنى موتوسىكلىتىنىڭ رولىغا باغلىدى ـ دە، سۇلايمان بىلەن بىللە ئىشخانىغا كىردى. مەش ئۈستىدە يوغان روچەيىنەك پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى. شىرە ئۈستىدە ئون نەچچە دانە توقاچ دەستىلەكلىك تۇراتتى.

ھەممەيلەن ئورۇندۇقلاردىن جاي ئېلىشتى. تونۇش ـ بىلىشلەر يەنە بىر قېتىم ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. شەھەردىن چىققانلار جۇۋىلىرىنى سېلىپ، ئورۇندۇقلارنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىشتى. ئايۇپ ئاكا گەپ باشلىدى:

— قېنى، سۇلايمان ئۇكام، كۆرگەن ـ ئويلىغانلىرىڭنى ماۋۇ يولداشلارغا ئۆز ئاغزىڭ بىلەن سۆزلەپ بەرگىنە. يولداشلار، نېمانداق شۈك ـ شۈك ئولتۇرۇپ كېتىسىلەر؟ چاي بىلەن بىرەر بۇردىدىن نان يېگەچ ئولتۇرۇڭلار. بىرئاز ئىسسىق باسسۇن، قانداق دېدىم؟

— توغرا ئېيتتىڭىز، قېنى چايغا بېقىڭلار، يولداشلار!

سەپەر قۇتلۇق ئوشتۇلغان نانلارنى ساقچىلارنىڭ ئالدىغراق سۈرۈپ قويدى. سۇلايمان باياتىن سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

سۇلايماننىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان رەھمەتجان ئۇلاپلا سورىدى:

— سىزنىڭچە، ئۇلار بۇ يەرلىك ئادەملەر ئەمەسمۇ؟

— ياق، بۇ يەرلىك ئەمەس. ئۇششاق باللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گۇڭشېمىزنىڭ ھەممە داۋى، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرنىڭ رەڭگى، يېشى، ئېتىنى بەش قولدەك بىلىمەن.

— ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى مۆلچەرلەپ كۆردىڭىزمۇ؟

سۇلايمان سەل ئويلىنىپ قالدى. كېيىن:

— مېنىڭچە، ناھىيە تەرەپتىن يا «H» شەھىرى تەرەپتىن كەلمىگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق، — دېدى.

— نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيسىز؟

— ئەگەر ئۇلار ناھىيە ياكى «H» شەھىرى تەرەپتىن كەلگەن بولسا، ھامان گۇگۇشى تاشيولىغا چۈشمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. نەچچە سائەتنىڭزى ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تاشيولدىن ئۆتكەنلىكى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوق. شۇنىڭدىن قارىغاندا......

—ئۇنداقتا، ئۇلار قاياقتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن؟

سۇلايمان ئۆز قىياسلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدى:

— توقاي بىلەن گۇگۇشىنىڭ ئارىلىقىدا ئاران ئىككىلا چىغىر يول بار. بىرى، «باداملىق» گۇگۇشىسىنىڭ ئالتىنچى داۋىيىگە بارىدۇ. ئۇنىڭ گۇگۇشىمىز بىلەن بولغان ئارىلىقى يەتتە كىلومېتىر؛ يەنە بىرى «يالقۇن» گۇگۇشىسىنىڭ تاللىق داۋىيىگە بارىدۇ. بۇ يول گۇگۇشىمىزدىن ئون بەش كىلومېتىر يىراقتا. گۇگۇشىدىن توقايغىچە بولغان ئارىلىقتا باشقا تەرەپكە بارىدىغان يولمۇ يوق. مۇشۇنىڭغا قاراپ، مەن ئۇلارنى «باداملىق» ياكى تاللىق تەرەپتىن كەلگەنمىكىن، دەپ قىياس قىلىۋاتىمەن.

— توغرا مۆلچەر! — دېدى رەھمەتجان بىردىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بولۇپمۇ كېيىنكى مۆلچەرىڭىز توغرا. ئۇلار جەزمەن تاللىق تەرەپتىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ سىلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق «يالقۇن» گۇگۇشىسى سىلەردىن سەل ئىلگىرىلا بىزگە مەلۇمات بەرگەنىدى. بىزنىڭ كېچىلەپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشىمىزمۇ دەل مۇشۇ مەلۇماتنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن.

— ئۇلار بىزنى نېمىشقا خەۋەرلەندۈرۈپ قويمىغاندۇ؟ —

ئايۇپ ئاكا ھەيران بولۇپ سورىدى. رەھمەتجان چۈشەندۈردى:
— يالقۇن گۆڭشي بىلەن ناھىيە سىلەرگە تېلېفون بەرمەكچى بولغان، بىز توسۇپ قويدۇق. چۈنكى، بۇ چاغدا سىلەر ھېلىقى ئاتلىقلاردىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقاندىڭلار - دە!
— ھە، مۇنداق دەڭ.
— ......
سۆھبەتنىڭ نۇقتىسى ئەمەلىي ئىش ئۈستىگە كۆچۈپ، ھەممەيلەننىڭ پىكرى مۇندىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش مەسىلىسى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن چاغدا، ھېچكىممۇ كەسكىن بىرنەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ھېچكىممۇ بۇ نامەلۇم ئىككى ئاتلىقنىڭ جەزمەن ئاباق بىلەن مەھەممەتئىمىن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايتتى. رەھمەتجاننىڭ كۆڭلىدە مەلۇم سانىمۇ يوق ئەمەس ئىدى: مۇندىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ، ئاباقلارنىڭ يالقۇن گۆڭشي بازىرىدا ئات سېتىۋالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات ئالغانىدى. لېكىن ئىككى كۈنلۈك ئىزدەش ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى. ھازىر ئۇنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقىنى — «H» شەھىرىدىن يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلاپ كەتكەن ئاباقلارنىڭ بىراقلا ئەللىك - ئاتمىش كىلومېتىر كەينىگە يېنىپ، تاللىق ئارقىلىق قاراقۇمدا پەيدا بولۇپ قېلىشى، ھەتتا ئۈچ تەرىپىنى ئېگىز تاغلار توسۇپ تۇرغان ئويباغ ياكى قاراتاغ تەرەپلەرگە كېتىۋاتقانلىقى ئىدى......
تېلېفون جىرىڭلىدى. ئايۇپ ئاكا تۇرۇبكىنى قولىغا ئالدى:
— ھە، مەن، نېمە؟ نېمە دېدىڭىز؟ ھېچقانداق ئىز - دېرەك يوق؟ ھە، ماقۇل، داۋاملىق كۆزىتىڭلار! ئەزالارنى پاراكەندە قىلمىغانسىلەر؟ ھە، ئوبدان قىپسىلەر...... — ئايۇپ ئاكا تۇرۇبكىنى قويۇپ، ئېغىر تىندى، ئارقىدىن، — قاراتاغدىن كەلگەن تېلېفون ئىكەن. ئاتلىقلار تېخىچە ئۇ يەرگە يېتىپ

بارماپتۇ، ـــ دېدى ۋە ئويىاغقا تېلېفون بەردى:

ـــ سىز كىم؟ ئىسمايىل رەھىممۇ؟ مەن ئايۇپ سامساق. ھېلىقى ئىش قانداق بولدى؟ نېمە؟ تېخىچە يېتىپ كەلمىدى؟ ئىزدەشنى داۋام قىلىۋاتىمىز؟ ماقۇل، ھەر ھالدا ئېھتىياتچان بولۇڭلار. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئارتۇقچە داۋراڭ سېلىشتىن ساقلىنىڭلار. بىرەر شەپە سەزگەن ھامان، دەرھال تېلېفون بېرىڭلار...... ماقۇل، شۇنداق بولسۇن.

ئىش ئايدىڭلاشتى: ئاتلىقلار يۇرت ئىچىگە يولىماستىن، ئويىاغ بىلەن قاراتاغ ئارىلىقىدىكى پايانسىز كەتكەن شورلۇق چۆللۈككە غايىب بولغانىدى.

«قانداق قىلىش كېرەك؟»

كۆپچىلىك خېلى ئۇزۇن تالاش ـ تارتىش قىلىش ئارقىلىق، ئاتلىقلارنىڭ جەزمەن گۇمانلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى ۋە مۇنداق قارارغا كېلىشتى: بۇنداق قاراڭغۇ ۋە قارلىق كېچىدە، غەربتىن شەرققە قاراپ ئەللىك نەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان چۆللۈكتىن نامەلۇم ئىككى نەپەر ئاتلىقنى ئىزدەپ يۈرۈش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. مۇنداق ئىزدەش، يامىنىغا كەلسە ئۇلارغا ئالدىن بەلگە بېرىپ، سەگەكلەشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ھېچقانداق شەپە چىقارماسلىق كېرەك......

ئاخىردا، رەھمەتجان ئىدرىسقا تاپىلىدى:

ـــ سىز موتوسىكلىت بىلەن دەرھال شەھەرگە قايتىڭ. قاپلان بىز بىلەن قالسۇن. يولداشلارغا ئېيتىپ قويۇڭ، ھەرقانداق يېڭى ئەھۋال يولۇقتۇرساق، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇرىمىز. سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار.

ـــ ماقۇل.

ئىدرىس دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممەيلەن بىلەن بىر ـ

بىرلەپ خوشلاشتى......

موتوسىكلىت گۈگشىي ئىدارىسىدىن چىقىپ «H» شەھىرىگە قاراپ ئۇچقاندا، ئاسمان يۈزى تەكشى تۇتۇلغان بولۇپ، يا ئاي، يا بىرەر تال يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. قار باياتىنقىدىن خېلىلا ئىتتىك چۈشۈۋاتاتتى.

× × ×

تۆت ئاتلىق توقايغا چۈشكەندە، ئاسمان سەتھى تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە چۆككەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى تۇنجى تۇياق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، قار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن يولنى يېڭىباشتىن ئاچماقتا؛ قاپلان دەممۇدەم كەينىگە قاراپ قويۇپ، ئۇلارغا يول باشلىماقتا ئىدى.

— ئۇلار بىزگە دەل مۇشۇ يەردە ئۇچراشقانىدى، — دېدى سۇلايمان رەھمەتجانغا. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى يانمۇيان كېتىپ باراتتى. ئۇلاردىن بەش قەدەمچە ئارقىدا رازاق بىلەن ۋاسىل كېلىۋاتاتتى.

— بۇ يەردىن باشقا تەرەپكە قايرىلىدىغان يول يوققۇ دەيمەن، — رەھمەتجان سۇلايماندىن سورىدى.

— يوق.

رەھمەتجان قايتا سوئال سورىمىدى.

ئۇلار ئون - ئىنىسىز يول مېڭىپ، ئاللىقاچان توقايدىن چىققىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. ئۇلار ئەمدى بىرى غەربىي جەنۇبقا، يەنە بىرى غەربىي شىمالغا سوزۇلغان ئاچا يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قالغانىدى.

— ئەسلىي پىلان بويىچە ھەرىكەتلىنەيلى، — دېدى رەھمەتجان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، باشقىلارمۇ ئاتلىرىنى توختىتىشتى، — سۇلايمان، سىز ۋاسىل بىلەن قاراتاغ تەرەپكە

مىڭىلىك، رازاق بىلەن ئىككىمىز ئويباغ تەرەپكە بارايلى. بىرەر ئەھۋالغا دۈچ كەلسەك، تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشەيلى، — رەھمەتجان ۋاسىلغا بۇرۇلۇپ، ماۋۇلارنى ئالاھىدە تاپىلىدى، — ۋاسىل، سىز بۇ تەرەپلەر بىلەن تونۇش ئەمەس. شۇڭا، سۇلايماننىڭ مەسلىھەتلىرىگە كۆپرەك قۇلاق سېلىڭ. ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، چوقۇم بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇنلايمەن.

— ئۇنداق بولسا، ماڭايلى يولداشلار.

ئۇلار ئىككى تەرەپكە ئايرىلىشتى......

× × ×

تاغاردىن تورغاق تۆكۈلگەندەك، قار بارغانسېرى شىددەت بىلەن ياغماقتا. ئىزغىرىن شامال يۈزلەرنى چاياندەك چاقماقتا، كۆزلەرنى ياشاڭغىرىتىپ، گەدەنلەرنى قورۇماقتا. ئاتلار دەممۇدەم پۇشقۇرۇپ، بىر خىل تېزلىكتە يولنى داۋام قىلماقتا. ئاسمان قاپقاراڭغۇ، يەر يۈزى ئاپئاقچىلىق......

تاڭ يورۇدى. قار ئوخشاشلا ياغماقتا. ئاتلار يۈرۈشىنى تېزلەتتى. تېخىچە تىرىك جاندىن ئەسەر يوق......

بىر جۈپ تورغاينىڭ چۇچۇلىغان ئاۋازى ئاتلىقلارنى سەگەكلەشتۈردى. سۇلايمان سىنچىلاپ قارىغانىدى، ئۆزلىرىدىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا قار بىلەن قاپلانغان يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئالقانچىلىك يەرنىڭ قېرىنى ئۇزۇن تۇمشۇقلىرى بىلەن كولاپ، ئۇ يەردىكى نەچچە تال تېزەكنى چوقۇلاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان بىر جۈپ تورغاينى كۆردى. «ھەي بىچارىلەر، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — قورسىقىڭلار تازا ئېچىپتۇ ـ دە! نېمە ئامال؟ سىلەرنى رىزقىڭلاردىن قۇرۇق قالدۇرىدىغان بولدۇق......»

ئاتلىقلار يېقىنلاشقاندا، تورغايلار ئەنسىز چۇچۇلىشىپ،

ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار دەم كۆككە ئۆرلەپ، دەم پەسلەپ، دەم يىراققا كېتىپ، دەم يېقىنلىشىپ، ئاتلىقلارغا يول باشلىماقتا ئىدى.
سۇلايمان ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى يىراقتا يەككە ـ يېگانە چوقچىيىپ تۇرغان ئەنجان تاملىق هويلىنى ۋە شۇ هويلىنى بويلاپ بىر ئۇچى شىمالغا، بىر ئۇچى غەربكە سوزۇلغان، باش ـ ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان يۇلغۇنلۇقنى كۆرگەندى، بۇ يەرنىڭ نامىمۇ «يۇلغۇنلۇق» ئىدى.
— چۇھ! — سۇلايمان ئاتقا قامچا سالدى. ۋاسىلنىڭ ئېتى قولىقىنى بىر ئۇچلىدى ـ دە، ئىگىسىگە قامچا سالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ھەمراھى بىلەن تەڭلا قەدىمىنى تېزلەتتى.
— هاۋ ـ هاۋ ـ هاۋ!
قاياقتىندۇر پەيدا بولغان يوغان، يوڭلىرى ئۆسكىلەڭ قارا ئىت جان ـ جەھلى بىلەن قاۋاپ، ئاتلارنىڭ ئالدىنى توستى. سۇلايمان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ۋاسىلمۇ ئېتىنى توختاتتى.
سۇلايمان ئاتتىن چۈشكەندە، ئىت بىردىن قاۋاشتىن توختاپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، ئۇستىبېشىنى پۇراپ، ئالدى پۇتلىرىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ئېلىپ، ئەركىلەشكە ۋە ئۆز «تىلى» بىلەن نېمىلەرنىدۇر «سۆزلەش»كە باشلىدى.
— ھە، «بويناق»، مېنى سېغىنىپسەن ـ دە! ئۆيدە كىم بار؟ داداملار تىنچلىقمۇ؟ غەيرەتنى خاپا قىلمىغانسەن؟
سۇلايمان بويناق بىلەن ئوينىشىۋاتقاندا، هويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئاق تۇماقنى چوكۇلۇپ كىيگەن، ساقال ـ بۇرۇتىمۇ تۇمىقىغا ئوخشاش ئاپئاق، تەمبەل بوۋاي چىقىپ كەلدى. ئىت سۇلايماننى تاشلاپ، بوۋاينىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى. بوۋاي ئاتلىقلارغا بىرپەس تىكىلىپ قاراپ تۇردى ـ دە، ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي تىترەك ئاۋازدا ئۈنلۈك ۋارقىرىۋەتتى:
—ۋاي...... سۇلايمان ئاخۇنغۇسىز! — ئۇ سۆزلىگەچ،

سۇلايماننىڭ ئالدىغا كەلدى، — مەن تېخى سىزنى كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋاتامدىكىن دەپتىمەن. بالام! نېمانداق قاق سەھەردە بۇ يەرگە كەپقالدىڭىز؟ ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدە بىرەر ھادىسە بولمىغاندۇ؟

— ياق، خاتىرجەم بولسىلا دادىكا! — سۇلايمان قېيىنئاتىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ ئالدىراش چۈشەندۈردى، — بىز باشقا بىر ئىش بىلەن كەلدۇق.

— خۇداغا مىڭ شۈكۈر! سىزنى كۆرۈپلا، كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىش قالماپتى. ھەرنېمە بولسا، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، ئاغزىڭىزدىن بۇنچىلىك گەپ چىقتى......

بوۋاي سۆزلىگەچ، ۋاسىل بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى. ئاندىن:

— بالام، مېھماننى ئۆيگە باشلاڭ! — دېدى.

ۋاسىل سۇلايمانغا نارازى بولغان قىياپەتتە تىكىلگەنىدى، سۇلايمان مىيىقىدا كۈلۈپ:

— يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرىپ، ناشتا قىلىپ چىقايلى، بولمىسا دادىكامنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ، — دېدى.

— مەن چىقىپ قالمىغان بولسام، ئۆيگە كىرمەيلا ئۆتۈپ كېتىدىكەنسىلەر - ھە!

— ياق، بىز......

— بولدى، ئاغزىمنى غىرىچلىماڭ! ھە، قېنى تېزرەك بولۇڭلار، ئۆيگە كىرىپ، پۇت - قولۇڭلارنى بىرئاز ئىسسىتىۋېلىڭلار، ئاندىن كېيىن نەگە بارساڭلار كارىم يوق.

بوۋاي سۆزىنى تۈگىتىپلا، ۋاسىلنىڭ ئېتىنى يېتىلىگىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئىككىيلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. قىپقىزىل تىلى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كەتكەن بويناق ۋاسىلغا قاراپ - قاراپ قويۇپ، يولنىڭ چېتىدىكى ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۇلاق بويىدا

زوگزايدى......

مەش ئـۆينى شـۇنداق ئىسـسىتتۇەتكەنىدىكى، مېھمـانلار چاپانلىرىنىـڭ تۈگمىـسىنى يېشىۋەتمەي بولمىـدى. ئەمـدىلا ئـالتە ياشقا قەدەم قويغان غەيـرەت سۇلايماننىڭ قۇچىقىغـا چىقىۋېلىـپ، ئـۇنى يېنىـشلاپ - يېنىـشلاپ سـۆيەتتى. دەم بـۇدرۇق مەگزىنـى ئۇنىـڭ ئۇسـتىرىدا پـاكىز قىرىلغـان مەگـزىگە سۈركـسە، دەم مۇشۇكنىڭ ئاسلىنىدەك تۈگۈلۈپ، ئۇنىڭ قوينىغا بېشىنى تىقاتتى. تېخى تۈنۈگۈن مۇشۇ چاغلاردا ئايرىلغان ئامراق كۈيئو ئـوغلىنى يەنە ئۆز ئۆيىدە كۆرگەن سەيدىخان ئاچا خۇشاللىقىدا قىلغىلى قىلىق تاپالماي، ھېلى دەھلىزگە چىقىپ نېمىلەرنىدۇر ئىزدەيتتـى، ھېلـى ئايۋاننىڭ تەكچىلىرىگە تىزىلغان قاچا - قۇچىلارنى بىر - بىـرلەپ قولىغا ئېلىپ، ئەڭ چىرايلىق، بېجىرىملىرىنى تاللاش بىلەن ئـاۋارە بولاتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئاخىر ئۇ ئىككى چىنە قايماق چـاينى كۆتـۈرۈپ، مېھمانخانـا ئۆيىنىـڭ بوسۇغىسىدا پەيـدا بولـدى. نامان ئاكا چىنىلەرنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى، نـان سېلىڭلار، بـالىلىرىم، — دېـدى ئـۇ سېمىز قوينىـڭ قـۇيرۇق يېغىـدا ئېتىلگەن قاتلىمـا نـانلارنى كەينىـى - كەينىـدىن ئوشـتۇۋېتىپ، — غەيـرەت، قىلىۋاتقـان قىلىقىڭنـى قارا...... داداڭنى چاي ئىچكىلى قوي! بـالام، سۇلايمان ئـاخۇن، مېھمانغا نان سېلىپ قويۇڭ......

بوۋاينىڭ سۆزى ئاخىرلاشمىغانىدى، ئېـرى بىـلەن نەۋرىسىگە ئاتاپ ئىككى چىنىدە قايماق چاي ئېلىپ كىرگەن سەيدىخان ئاچا بىر خىل ياسالما ئاۋازدا غەيرەتكە كايىدى:

— ھېلىمـۇ ياخـشى، داداڭـدىن تۈنۈگـۈن ئايرىلغىنىـڭ. ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەن بولسا، ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپلا ئىچىگە كىرىۋالامتىڭ نېمە؟!

غەيرەت شارتتىدە بۇرۇلۇپ چوڭ ئانىسىغا قاراپ، تىلىنى بىر چىقىرىپ قويدى - دە، بېشىنى يىڭىباشتىن دادىسىنىڭ قوينىغا تىقتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. كۈلكىسىنى تەسلىكتە باسقان موماي چىنىلەرنى بوۋايغا سۇنۇۋېتىپ چاقچاق قىلدى:

— «كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدى لېۋىنى چىشلەپ» دېگەن راست گەپ ئىكەن....... شۇنچە بالىلارنى چوڭ قىلىپ، ئاخىردا ئىككى قىرى قاپتۇق. ئەمدى تېخى سېنى بىزگە ھەمراھ بولىدىغان بولدى دېسەك، سەنمۇ داداڭنى كۆرۈپلا، راست گېپىڭنى ئېيتىۋاتىسەن! خەپ توختا، ھېلىلا داداڭغا قوشۇپ قويمىسام!

مومايىنىڭ گېپى تېخى ئۈزۈلمەستىن، غەيرەت دادىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە، ئۇ ۋاقتتەك ئېتىلىپ كېلىپ، چوڭ ئانىسىغا يېپىشتى.

— كەتمەيمەن! — دېدى ئۇ مومايىنىڭ كۆكسىگە مەڭزىنى يېقىپ تاتلىق ئەركىلەپ، — ھېچ يەرگە كەتمەيمەن! سەندىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ ئىچىدە ياتمايمەن!

— ھى - ھى، ھى - ھى! ۋاي تاتلىق قوزام، ۋاي ئەقىللىك قوزام! سېنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن! خۇدايىم بۇيرۇسا، سېنى ئوتتۇرا قولدەك يىگىت قىلىپ، ئۆز قولۇم بىلەن ئۆيلەيمەن! بىزدىن كېيىن، مۇشۇ ئۆيدە چىرىغىمىزنى يېقىپ، چوڭ داداڭنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئورمان ئاسرايسەن. ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، چوڭ ئانا، مېنى ئۆزۈڭلا باقساڭ، چوڭ بولغاندا چوڭ دادامدەك ئورمان ئاسرىغۇچى بولۇپ، بىر تال چىۋىقنىمۇ ئوغرىغا ئالدۇرمايمەن.

— ھا - ھا، ھا - ھا!

يەنە بىر قېتىم كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۈلكە توختىغاندىن

كېيىن، سەيدىخان ئاچا مەشىنىڭ ئوتىنى ئۆلغايتقاچ، بوۋاينى نان ئوشتۇشقا، مېھمانلارنىڭ چىنىسىگە نان سېلىشقا زورلىدى.

مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن چايغا تېگىش قىلىۋاتقاندا، سەيدىخان ئاچا ئۆشتۈمتۇت سورىدى:

— بالام، سۇلايمان ئاخۇن، قاراتاغ تەرەپكە كېتىۋاتامسىلەر نېمە؟

— ھەئە.

— بۇ بالامنى بۇرۇن كۆرمىگەنتىمغۇ؟

— بۇ يولداش ئىلگىرى بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ باقمىغان. ئىسمى ۋاسىل. «H» شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن.

— مۇنداق دەڭ...... زۆرۈر بىر ئىش بىلەن كەپتۇ ـ دە؟

— ھەئە، زۆرۈر ئىش بىلەن كەپتۇ. ھېلىقى رەھمەتجان سوجاڭنى بىلىلىغۇ؟

— نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن؟! تازا بىلىمەن! ئۇ بالا......

— ئۇمۇ بىللە كەلگەنىدى......

— ماۋۇ ئىشنى! نېمىشقا ئالغاچ كەلمىدىڭىز؟ — بوۋاي بىلەن موماي تەڭلا سورىدى.

سۇلايمان ئەھۋالنى قىسقىچە چۈشەندۈردى.

— «نامەلۇم ئىككى ئاتلىقنى ئىزدەپ چىقىپتۇ» دېدىڭىزما؟

— ھەئە.

— ئاپلا! ماۋۇ ئەقلىمنى كۆرۈڭلار! — دېدى بوۋاي ئەندىكىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى چىنە ھازىرلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تىترەيتتى. مومايىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، — ھېلىقىلار شۇ بولمىغىيدى تېخى!

— نېمە؟! ھېلىقىلار؟!

سۇلايمان بىلەن ۋاسىل بوۋايغا تىكىلگىنىچە قاراپ قېلىشتى.

بوۋاي ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

*قاراقۇمدىن تۇغۇت يۆتكەش ئۇچۇن كەلگەن قۇدا - باجا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۇزاپ كەتكىنىگە خېلى ۋاقىت بولغانىدى. سەيدىخان ئاچا ئۆي ئىچى، ھويلا - ئارانلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، كاللارغا ھەلەپ ئېتىشكە تۇتۇندى. نامان ئاكا ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئورمانلىقنى چۆرگۈلەپ كېلىش ئۈچۈن ئات توقۇشقا باشلىدى. كۆتۈلمىگەندە، بويناق جان - جەھلى بىلەن قاۋاپ كەتتى. نامان ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىن بۆلەك ھېچقانداق ئادەم زاتى بولمىغان بۇ چەكسىز كەتكەن تەبىئىي يۇلغۇن ئورمانلىقنى بويلاپ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ھارۋا يولىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنگەن ھامان بويناق ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، نامان ئاكىغا خەۋەر بېرەتتى. لېكىن، بىرەر ئادەمگىمۇ ئالدىراپ چىش سالمايتتى. بۇ يولدىن ئۆتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، بويناق ئالدىلىرىدا پەيدا بولۇش بىلەنلا قەدەملىرىنى توختىتىشىپ، نامان ئاكا ياكى سەيدىخان ئاچىلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار چىققاندىن كېيىن بولسا، يا بىر - ئىككى ئېغىز چاقچاقلىشىپ قويۇپ يولىنى داۋام قىلاتتى، يا ئۇلارنىڭكىدە چاي - پاي ئىچىشىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋېلىپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشاتتى. شۇڭا كىشىلەر نامان ئاكىغا «ئاب خۇدايى»، «نامان ئۆتەڭ» دەپ لەقەممۇ قويۇۋېلىشقانىدى. بوۋاي بۇ لەقەملىرىدىن پەخىرلىنەتتى. راست ئەمەسمۇ، مەيلى مەغرىبتىن، مەيلى مەشرىقتىن كەلمىسۇن، توپتوغرا ئۇتتۇز كىلومېتىر قاقاس - شورلۇقنى بېسىپ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كەچ قالغان، ئات - ئۇلاغلىرى چارچىغان، بوران - چاپقۇن، ھۆل - يېغىندا قالغان يولۇچىلارنى يۇمشاق ئورۇن، ئاش - ئوزۇق، ئۇسسۇزلۇق*

بىلەن تەمىنلەشتىنمۇ ئۇلۇغراق ئىشمۇ بارمىكىن؟! بويناقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ھەرقانداق زۆرۈر ئىشى بولسا تاشلاپ قويۇپ، يولۇچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىش ئامان ئاكىنىڭ مەڭگۈلۈك ئادىتى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئادىتى بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان؛ شۇنداقلا بىر قىسىم يامان ئادەملەرنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قارغىشىمۇ قالغانىدى. مۇشۇ ئىشلىرى ئۈچۈن، ئۇ گۇڭشې بويىچىلا ئەمەس، ناھىيە بويىچىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا ئەڭ يامان كۈنلەردە، ئابىدەمنى توپتوغرا بەش يىل ئۆز ئۆيىدە يوشۇرۇپ ساقلىيالىغانىدى......

ئامان ئاكا ئىگەرنىڭ ئۆشىبىغىنى كۆچەپ تارتقان پېتى بويناقنىڭ ئاۋازىغا بىرپەس قۇلاق سالدى. ئىتنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، كىمنىڭدۇر تىللىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىناتتى...... بوۋاي ئۆشىباغنىڭ ئۆشۈكىدىن توقىنىڭ مىخىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى - دە، قەدىمىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى.

يولدا ئىككى ئاتلىق تۇراتتى. بىرى چىلان تورۇق ئايغىر ئۈستىدە، يەنە بىرى قارغىدەك قارا، ئەمما ماڭلىيىدا بىر سەرلىك كۆمۈش تەڭگىدەك يارىشىملىق قاشقىسى بار ئاختا ئۈستىدە ناھايىتى بىسەرەمجان قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ئاتلار جايىدا شۆك تۇرالماي دەم ئالدىغا، دەم كەينىگە شوخشۇيتتى. ئىزگىنلىرى مەھكەم تارتىلغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئىتتىن قورققىنىدىنمۇ، ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپچىيتتى. ئەمما، يولنى داۋاملاشتۇرمايتتى.

بوۋاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. بويناق قاۋاشتىن توختاپ، ئىگىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى چىلان تورۇق ئۈستىدىكى سالۋار تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيگەن، كىرپىنىڭ تىكىنىدەك قوپۇق

ساقلىغا ئانچە ـ مۇنچە ئاق دارىغان قارىمۇتۇق كىشى، ــ ئىت ئەمەس، ئەجدىھا ئىكەنغۇ بۇ!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالىلىرىم! ھا ـ ھا، ھا ـ ھا! بىزنىڭ بويناق راستىنلا ئەجدىھانىڭ ئۆزى. يولۋاستىنمۇ يانمايدۇ! ــ بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، ــ تازا قورقتىڭلارغۇ دەيمەن؟

ــ قورقۇشنىغۇ قورقمىدۇق، ــ سالۋار تۇماقلىق جاۋاب بەردى. سەرىپۇش تۇماقلىق نىمە ئۈچۈندۇر ئۈنچىقمايتتى، ــ ھەرنىمە دېگەنبىلەن، ئىت ئەمەسمۇ؟ ئىت دېگەننىڭ سۆرى بولىدىكەن......

ــ شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭىز. بىزنىڭ بۇ ئىتنىڭ راستىنلا سۆرى بار. ئىشىكىمىزدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ...... ھە، نەدىن كېلىشىڭلار؟

ــ «H»شەھىرىدىن كەلدۇق.

ــ شەھەردىن؟ ۋاھ...... شۇنچە ئۇزاقتىن كەپسىلەر، تازا ھارغانسىلەر؟ ئاتلىرىڭلارمۇ قالتىس بەلەن ئاتلار ئىكەن! نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

ــ قاراتاغقا كېتىۋاتىمىز.

ــ مۇنداق دەڭ...... ــ كىمنىڭكىگە بارىسىلەر؟

ئاتلىقلار كۆزىنىڭ قويرۇقىدا بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى. ئەمما سالۋار تۇماقلىق دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، ــ شۇجىنىڭكىگە بارىمىز، ــ دېدى.

ــ شۇجىنىڭكىگە؟...... ھاشىم شۇجىنىڭكىگە بارامسىلەر؟ قاسىم شۇجىنىڭكىگىمۇ؟

ــ ھاشىم شۇجىنىڭكىگە.

ــ مۇنداق دەڭ...... ــ بوۋاي سەل ئويلىنىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، ــ ھاشىم شۇجى تۈنۈگۈن بىر ئىش بىلەن ناھىيەگە كەتكەندەك قىلىۋىدى، تېخى قايتىپ كەلمىدىغۇ دەيمەن.

— قايتىپ كەلمىگەن بولسا، قاسىم شۇجى بىلەن كۆرۈشىدىغانغا كۆرۈشەلمەسمۇ بولىدۇ.

سوئال - جاۋابلار خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئاتلىقلار ئۆزلىرىنى «H» شەھىرىدىكى دوكار قاسساپلاردىن نەزەر بىلەن سالى دەپ تونۇشتۇردى. قاراتاغدا چارۋا كۆپ ھەم ئەرزان بولغاچقا، ئۇ يەردىن بىرەر يۈز تۇياق بورداق قوي سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى، ھاشىم شۇجى بىلەن قاسىم شۇجىنىڭ ئۇلارغا ياردەملىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى......

«نېمىدېگەن ئېسىل ئىش - ھە! جاھان ئۆزگەرسە، ھەممە ئادەمنىڭ قولى ئۇزىرىپ، يۈرىكىمۇ يوغىنايدىكەن! بىر چاغلاردا، بىر چىچقاق ئوغلاقنى ئېلىپ - ساتماقمۇ مۇشكۇل ئىدى. مانا ئەمدى...... ھەي! كۆر بۇ ئوبدانچىلىقنى! تېخى شۇجى باش بولۇپ ئەزالارنىڭ ساتالمىغان چارۋىلىرىنى پۇل قىلىپ بەرمەكچى! ياشاپ كەت، شۇجى!

ھاياجانغا چۆمگەن نامان ئاكا يولۇچىلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. سەرپۇش تۇماقلىق ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى:

— قاراتاغ دادۇيىگە قانچىلىك يول قالدى؟

— ئىتتىكرەك ماڭساڭلار قاش قارايغاندا، بولمىسا، ناماز شامدىن يانغاندا يېتىپ بارالايسىلەر، — نامان ئاكا سەل ئويلىنىۋېلىپ سورىدى، — بالىلىرىم، سىلەر ئىلگىرى بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ باقمىغانمۇ نېمە؟

— كەلگەن، — سالۋار تۇماقلىق ئالدىراپ جاۋاب بەردى، — مەن ئويىساغ تەرەپ بىلەن نەچچە قېتىم كەلگەن، ئۇ چاغدا سىلىنىڭ داڭقىلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ تەرەپ بىلەن ماڭالمىغانىدىم. ماۋۇ بالا بۇ تەرەپلەرگە زادى ئۆتۈپ باقمىغان. ئەمدى جاھان ئۆزگەردى. قانداق ماڭساق ئوخشاش ئەمەسمۇ؟!

— تازا گەپ قىلدىڭىز، بالام! ھا - ھا، ھا - ھا!.....

ئازا گەپ قىلدىڭىز!...... ئۇ چاغلاردا بىر ئادەم بىرەر - يېرىم رەپرەپ مېكىيانىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئۆتسىمۇ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭدى» دەپ دادۇي، شىياۋدۇيگە مەلۇم قىلماي بولمايتتى - دە! ھەي ئۇ كۈنلەر. ھەي ئۇ كۈنلەر! قېنى، ئاتتىن چۈشۈڭلار، باللىرىم!

يولۇچىلار كۆڭلى ئارتمىغان ھالدا ئاتلىرىدىن چۈشتى. بىراق نېمە ئۈچۈندۇر ئاتلىرىنى ھويلىغا ئەكىرىشكە ئۇناشماي، ھويلىنىڭ يان تەرىپىدىكى يۇلغۇنلارغا باغلاشتى.

بوۋاي بىلەن موماي ئۇلارنى قولىدىن كېلىشىچە ئوبدان مېھمان قىلدى. «سالى» غەيرەتنى يېنىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئەركىلىتىپ ئولتۇردى. كۆتۈلمىگەندە، سالىنىڭ بېشىدىن تۇمىقى چۈشۈپ كېتىۋىدى، «نەزەر» ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئالىيىپ قارىۋالدى. شۇچاغدا نامان ئاكىنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ، خىيالىدىن نېمىلەردۇر ئۆچۈپ ئۆتتى. ئۇنى سالىنىڭ بۇدۇر چېچى ھەيران قالدۇرغانىدى. لېكىن، مۇنداق بىر ھېسسىيات ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى: «شەھەرلىك ئەمەسمۇ! شەھەر دېگەن قالتىس يەر، ئۇ يەردىكى خەقنىڭ ھەممىسى چاچ قويىدۇ، ھەممىسى يۇڭ، يىپەك رەختتىن كىيىم كىيىدۇ. قايسى كادىر، قايسى مەدىكار؟ بۇنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلمىسە، بىزدەك سەھرالىقلارنىڭ بىلمىكى تەس! ھەي...... مەدەنىي قاسساپ دېگەن شۇ - دە!»

— بالام غەيرەت، — دېدى ئۇ خىجالەتمەن تەلەپپۇزدا، — ئاكاڭنى ئارامىدا ئولتۇرغىلى قوي. توگۇپ كەلگەندە، ئارامخۇدا ئىسسىق ئىچىۋالسۇن!

— ھېچقىسى يوق، — سالى ئاغزىدا شۇنداق دەۋاتقان بولسىمۇ، قولى بىلەن غەيرەتنى ئۆزىدىن سەل يىراقلاشتۇردى، — مەيلى، ئولتۇرۇۋەرسۇن...... ئەجەبمۇ ئوماق بالا بوپتۇ بۇ، خۇددى بىزنىڭ كىچىك ئوغۇلنىڭ ئۆزى! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ مەيدە

يانچۇقىغا قىستۇرۇۋالغان قەلەمنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، غەيرەتكە تەڭلىدى، — مە، بۇنى ساڭا بېرەي. مەكتەپكە بارغاندا خەت يازغىن.

غەيرەت «قەلەمنى ئالايمۇ، ئالمايمۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن چوڭ دادىسىغا تىكىلدى. بوۋاي نەۋرىسىنىڭ بۇ ئويىنى دەرھال بىلىپ:

— بالام، ئۇنداق قىلماڭ. كىچىك بالا دېگەن قەلەمنىڭ قەدرىنى بىلەمدۇ؟ رەھمەت، يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، — دېدى. نەزەرمۇ ھاپىلا - شاپىلا بوۋاينىڭ سۆزىنى ۋۇۋەتلىدى ۋە يانچۇقىدىن بەش يۈەن ئېلىپ، غەيرەتكە تەڭلىدى. بوۋاي ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— نېمانداق قىلىپ يۈرىسىز، بالام! كىچىك بالا دېگەننى ئۇنداق ئۆگەتمەيدىغان! — دېدى.

— تۇز - تائاملىرىنى يېدۇق، ھېچ بولمىسا......

— ھە، مانداق گەپ ئىكەن - دە، بۇ! مېنى كىم چاغلاۋاتىسىز! ئۆمرۈڭلەردە بىر قېتىم تۈزۈمىغا ئېغىز تېگىپ، پۇل تۆلىمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ رەھمەت، بالىلىرىم! مېنى رەنجىتمەي دېسەڭلار، ھەرگىز مۇنداق ئىشنى قىلماڭلار!

مېھمانلار خىجالەتچىلىكتە يوكاندەك قىزىرىشتى. قەلەم بىلەن پۇل چىققان جايىغا كىرىپ كەتتى. نامان ئاكا ئويلايتتى: «شۇنچە يىراق شەھەردىن كېلىپ، بىر قېتىم داستىخىنىڭغا داخىل بولسۇنۇ، ئۇنىڭدىن پۇل ئال! بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك! شەھەرلىكلەرمۇ سەھرالىقلارنىڭ بىر چاغلاردىكىدەك ئۇنچە نامرات ئەمەسلىكىنى بىلىپ قېلىشسۇن! ئەگەر بۇلار بۇگۈن كېچە ئۆيۈمدە قونۇپ قالىدىغان بولسا، ھېلىقى چولاق مۈڭگۈز بوز ساغلىقنىڭ ئەتىيازدىكى ئېرىك پاقلىنىنى سويۇپ......» نامان ئاكا خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى: مېھمانلار قوللىرىنى داستىخاننىڭ

*بۇرجىكىگە ئىرتىشقا باشلىغانىدى.*

*— خــوش، نامــان ئاكــا، — دېــدى نەزەر قــوللىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ، — قېنى دۇئا قىلىپ بەرسىلە.*

*— يوقسۇ، سىلەر مېھمان...... قېنى، خوش.*

*— ئــۆزلىرى ھەممىمىزنىــڭ ئاتىــسى. ئــۆزلىرى قــول كۆتــۈرۈپ بەرسىلە!*

*— ئەجەب تەڭلىكــتە قويــدۇڭلار، ئــادەمنى! خەيــر...... قېنى، ئامىن......*

*دۇئادىن كېيىن مېھمانلار قوللىرىنى چالا - پۇچۇق يۇيۇشتى-دە، بۇ مېھماندوست ئائىلە بىلەن خوشلاشتى......*

— ئاپلا، ما ئىشنى! — سۇلايمان قاتتىق خورسىنغان ھالدا قېيىنئاتىسىغا تاپا قىلدى، — ھېچ بولمىسا، يا پۇلنى، يا قەلەمنى ئېپقالغان بولسىلىمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىنى ئوگايراق ئىزدەيدىكەنمىز!

— ئــۇنى بىــر دېــمەڭ، بــالام! مۇنــداق بولۇشــىنى نــېمە بىلەي!...... ھەي ئىــست، ھەي ئىــست! ئەقلىم نەگە كەتكەن بولغىيدى؟! ئىلگىرى - كېيىن قاملاشمىغان بىر ئىش قىپتىمەن - دە!

ۋاسىل ھەممەيلەنگە تەسەللى بەردى:

— ھېچقىسى يوق. نامان ئاكا، ھېلىقى بۇدۇر چاچلىقنىڭ قىياپىتى ئەسلىرىدە باردۇ؟

— بــار، بولمامــدىغان! ئــۇنى يەنە ئــون يىلــدىن كېــيىن كۆرسەممۇ تونۇيمەن دەڭە، بالام!

— مانا بۇنىڭغا قاراپ باقسىلا، ئوخشامدىكەن؟

بوۋاي ۋاسىل ئۇزاتقان سۈرەتنى ئىتتىك قولىغا ئالدى - دە، خېلى ئۇزۇن سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— شــۇ، خــۇددى شــۇنىڭ ئــۆزى! دەل شــۇنىڭ ئــۆزى، —

دېدى. سۈرەت سەيدىخان ئاچىنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، غەيرەت:

— ماڭا قەلەم بەرگەن ئاكامنىڭ سۈرىتى ئىكەنغۇ بۇ! — دېدى. ئىككىنچى سۈرەتمۇ قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، بىردەمدە كىمنىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى:

نەزەر — ئاباق، سالى — مۇھەممەتئىمىن.

— ئەمدى «ئۇلار نەگە كەتتى؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش كېرەك ئىدى.

ۋاسىل سومكىسىدىن ئاپپاراتىنى ئېلىپ، «ئاباقلارنىڭ ئاياغ ۋە بارماق ئىزى» دەپ پەرەز قىلىنغان ئىزلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سۈرەتكە ئالدى.

## ئون بەشىنچى باب

### بىر دۆۋە تېزەكتىن بۆرە ئۈۋىسىغا

ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىغان رەھمەتجانلار ۋاسىلنىڭ تېلېفون ئارقىلىق بەرگەن مەلۇماتىنى ئاڭلاپلا، قاراتاغ داۋىگە قاراپ ئات سالدى......

ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، كونا ئاللىقاچان پېشىندىن قايرىلغان بولۇپ، قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلارنىڭ دەسسەپ تۇرغۇدەك ھالى قالمىغانىدى.

ئۇلارنى قاسىم شوجى قارشى ئالدى. داۋې ھويلىسى جىمجىت ئىدى. داۋېنىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئاتلارنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئېغىلغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. قاپلاننى بىر تۈپ دەرەخكە باغلاپ قويۇشتى.

— قالتىس ئىش قىپسىلەر، يولداشلار! — دېدى رەھمەتجان ۋاسىل تارتقان سۈرەتلەرنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقىپ، — قالتىس ئىش قىپسىلەر! راستىمنى ئېيتسام، قاتىللارنىڭ ئىزىغا مۇنچە تېز چۈشۈۋېلىشىمىزنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم! يولداش سۇلايمان، رەھمەت سىزگە!

— ماڭا نېمە رەھمەت؟ — سۇلايمان پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، — مېنى تەنقىد قىلىسىڭىز بولىدۇ! مەن ئۇلارنى بۇرنۇمنىڭ ئاستىدىن قاچۇرۇپ قويغان تۇرسام......

— ئۇلارنىڭ كىملىكى پېشانىسىگە يېزىپ قويۇلمىغان - دە!

سىزنىڭ گۇمانىڭىز بىزنى بىرقەدەر ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىمىگەن بولسا......

— مېنىڭ گۇمانىمسىزمۇ، ئۇلارنىڭ بىز تەرەپكە كەلگەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىۋالغانىكەنسىلەرغۇ!

سۇلايمان راست گەپ قىلغانىدى. ئاباقلار شەھەردىن يوقالغان كۈننىڭ ئۆزىدىلا، «H» شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمى تېلېفون ئارقىلىق جايلارنى ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىننىڭ دېلوسىدىن خەۋەردار قىلغان. ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى نەچچە يۈز نۇسخا كۆپەيتىپ، ھەرقايسى قېرىنداش ۋىلايەت، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا نەچچە نۇسخىدىن ئەۋەتىپ، قاتىللارنى تېزرەك قولغا چۈشۈرۈشكە يېقىندىن ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى. «X» ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇ دېلوغا بەكمۇ جىددىي مۇئامىلە قىلدى: ئۇلار سۈرەتلەرنى كۆپەيتىش بىلەن بىر چاغدا، قاتىللارنىڭ جىنايى ماتېرىياللىرىنىمۇ شاپىگرافتا كۆپەيتىپ بېسىپ، ھەرقايسى گۇڭشېلارغا ئەۋەتتى. يېرىم سائەتتە بىر قېتىم گۇڭشېلاردىن ئەھۋال ئۇقۇشۇپ تۇردى. مۇشۇنداق جىددىي تۇتۇش قىلىش ئارقىلىق، ئۇلار تۇنجى يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدى: يالقۇن گۇڭشېسىنىڭ بوغالتىرى ئەرشىدىن نەچچە كۈندىن بۇيان ئوغلىنىڭ توي تەييارلىقى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ بۈگۈن — بازار كۈنى تويىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن بازارغا چىقتى. ئۇلاغ بازىرىغا كەلگەندە، كېلىشكەن ئىككى ئاتنى يېتىلىشىپ، ئاتنى چۆرىدىتىۋېلىشقان بازارچىلار توپىنى يېرىپ چىققان ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىنگە يولۇقتى. ئۇ بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى گۇڭشېنىڭ بىر تۈركۈم ھېسابات جەدۋەللىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن باسما زاۋۇتىغا بېرىپ، مۇھەممەتئىمىن بىلەن تونۇشۇپ قالغان، ھەتتا ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى

يەتكۈزۈپ بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمانمۇ بولغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەي جۇرىن! — دېدى ئۇ ئەزىز مېھماننى ئۆز بوسۇغىسىدا كۆرگىنىدىن چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈپ، — ئوكۇممۇ، چۇشۇممۇ بۇ! سىزنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

دەسلەپ مۇھەممەتئىمىن ھاڭ - تاڭ بولغىنىدىن، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. كېيىن بىردىن ئېسىنى يىغدى - دە، زورىغا ھىجايدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! سالامەت تۇردىڭىزمۇ، ئەرشىدىن؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزىڭىزچۇ؟

— سالامەتچىلىك.

— قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

— نېمشقا كېلەتتۇق، زاۋۇتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئات سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلدۇق.

— ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا خېلى ۋاقىت بارغۇ، بۇنچە ئالدىراپ......

— ھە - ي...... سىز بىر ئۆمۈر ھېسابات بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمغۇ! ھازىر ئۇلاغنىڭ تازا ئەرزان ۋاقتى ئەمەسمۇ؟ ئەتىيازغا قالسا، بىر ئاتقا بىر - ئىككى يۈز كويدىن ئوشۇقچە چىقىم قىلىدىغان گەپ. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ؟ مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈۋاتقان پەيتتە، دۆلەت ئۈچۈن بىر پۇڭنىمۇ تېجەپ قېلىش زۆرۈر - دە!

— توغرا، توغرا! توغرا گەپ قىلدىڭىز...... شۇنچە قاتتىق سوغۇقتا يىراق يوللارنى بېسىپ، بۇ تەرەپلەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگىنىڭىزنى ئەمدى چۈشەندىم! ھەممە كىشى سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئىنچىكە ھېسابلاپ پۇل خەجلەيدىغان بولسا،

ئىشلىرىمىز شۇنداق يۈرۈشۈپ كېتىدۇكى......

ئەرشىدىن مۇھەممەتئىمىنىنىڭ يەم - پاراسىتىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغانىدى. شۇڭا ئۇنى خېلى ئۇزۇن ماختىدى. ئاتلارنىڭ نەرخىدىنمۇ رازى بولدى. ئاندىن ئىككىيلەننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مۇھەممەتئىمىنلەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ تەكلىپنى رەت قىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئەرشىدىن خىزمەتكە چۈشۈپلا ھېلىقى سۈرەتلەرنى كۆردى ۋە ئىچ - ئىچىدىن پۇچىلانغان ھالدا تۈنۈگۈنكى ئەھۋالنى گۇگۇشي رەھبەرلىكىگە ئېيتتى...... بىر كۈنلۈك جىددىي سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە بىر قارا، بىر چىلان تورۇق ئاتلىق كىشىنىڭ قاراقۇم تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات ئېلىندى. پەرق شۇ ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشى ئەرشىدىننىڭ ئېيتقىنىدىن بۆلەكچىرەك ئىدى......

— توغرا، — دېدى رەھمەتجان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ، باشقىلارمۇ ئولتۇرۇشتى، — بىز ئىككى ئاتلىقنىڭ سىلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. بىراق، ئۇلارنىڭ جەزمەن ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىگەنىدۇق......

گەپ ۋاسىل تارتقان سۈرەتلەر بىلەن ئاباقلارنىڭ زادى قاياققا كەتكەنلىكى ئۈستىگە كۆچكەندە، تازا قىزغىن غۇلغۇلا بولدى:

— مېنىڭچە، — دېدى سۇلايمان، — ئۇلار چوقۇم يۇلغۇنلۇققا يوشۇرۇنۇۋالدى. بولمىسا ئاسمانغا چىقىپ كېتەمدۇ؟

— مەنمۇ يۇلغۇنلۇققا يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك، دەيمەن، — قاسىم شۇجى سۇلايماننىڭ قارىشىنى قوللىدى، — بايatىن سۇلايمان ئېيتتىغۇ، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئىككى خۇرجۇندا لىقمۇلىق بىرنەرسە ۋە قېلىن كۆرپىلەرنى ئېلىپ ماڭغان. ئېھتىمال، خۇرجۇندىكى ئوزۇق - تۈلۈك بولۇشى مۇمكىن. ئوزۇق - تۈلۈك

بىلەن يېپىنچا بولغانىكەن، ئۇلار يۇلغۇنلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر جاينى تاللاپ، ئۆزۈنغىچە جان ساقلىشى مۇمكىن.

— ......

ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە گەپ بەرگۈسى كەلمەيتتى. بىرلىككە كەلگەن، شۇنداقلا ئىشەنچلىكرەك بىرەر پىلان ياكى كۆزقاراش تېخى ئوتتۇرىغا چۈشمىگەنىدى (ئەلۋەتتە، بۇ رەھمەتجاننىڭ خۇلاسىسى ئىدى). رەھمەتجان قەغەزگە چۈشۈرۈلگەن بارماق ۋە ئاياغ ئىزلىرىنى يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ كۆرگىنىچە، خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. نېمە ئۈچۈندۇر كۆپچىلىكنىڭ مۇنازىرىسىگە ئارىلاشمايتتى.

خېلىدىن كېيىن ئۇ ئۆز كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— بۇلار، — دېدى ئۇ سۈرەتلەرنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن نوقۇپ، — بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىممەتلىك ماتېرىيال. لېكىن يولداشلار، شۇنىمۇ ئويلاپ بېقىشىمىز لازىمكى، قاتىللار سەپىرىنى پىيادە ئەمەس، بەلكى ئاتلىق داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، توختىماي قار يېغىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قاردا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا......

رەھمەتجاننىڭ بۇ سۆزلىرى گويا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بىر ئىش بولدى. باشلار ساڭگىلاپ، كۆزلەر بىر ـ بىرى بىلەن مەيۈس ئۇچراشتى. خىياللار چېچىلىپ، باشلار گاڭگىرىدى. ھېچكىم ھېچ نەرسە دېيىشكە پېتىنالمايۋاتاتتى.

ئاخىر، يەنىلا رەھمەتجان ئۆزى گەپ ئاچتى:

— مەن نامان ئاكا بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، مۇندىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش مەسىلىسىنى ئاشۇ يەردە بېكىتىشنى تەكلىپ قىلىمەن، — رەھمەتجان سۇلايمان بىلەن ۋاسىلغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويدى، — بۇنى مەن سىلەرگە ئىشەنمىگەنلىكىمدىن ئېيتىۋاتقىنىم يوق، بەلكى تېخىمۇ

ئــنچكىلەپ تەكــشۈرۈپ باقــساق، يــولنى بــىرقەدەر ئوڭۇشــلۇق بېسىشىمىزغا پايدىسى بولارمىكىن، دېگەن نۇقتىدىن ئېيتىۋاتىمەن. قانداق، ئاشۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

قارشى پىكىر بولمىدى.

كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى......

ئــۇلارنى يەنــىلا بويىنــاق بىرىنچــى بولــۇپ قارشــى ئالــدى. سۇلايمان باشقىلاردىن يىگىرمە قەدەمچە ئالدىــدا كەلگىنــى ئۈچۈن بويناق ئۇزۇن قــاۋاپ ئــاۋارە بولمىــدى. سۇلايمان ئــاتتىن چۈشۈپلا ئــۇنى چاتىرىقىغــا قىــستۇرۇپ، بــاش ـ كــۆزىنى ســىلىدى. شۇنداقتىمۇ، بويناقنىڭ كۆزلىرى ئۆز تائىپەسىدىن بولغان ناتونۇش «مېھمان» قاپلاندا ئىدى. ئەكسىچە، قاپلان ئۇنى نەزەرگۇزىرىگىمۇ ئىلماستىن، ئۆز ئىگىلىرىنىڭ ئەتراپىدا سىپايىلىك بىلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ھەممەيلەن ئاتتىن چۈشكەندە، نامان ئاكا ئۇلارنىڭ ئالدىــدا ھــازىر بولــدى. قىــسقىغىنا ســالام ـ ســەھەتتىن كېيىن، مېھمــانلار ئۆيگە باشلاندى. ئــاتلار لاپــاس ئاستىغا باغلانــدى. قــاپلان بىــلەن بويناقنىڭ «قىزىرىشىپ قېلىشى»دىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قاپلانىمۇ ئايرىم «مېھمانخانا»غا باشلاندى.

ئــۆي راســا ئىســسىتىلغانىدى. قائىــدە بــويىچە چــاي ـ مەزە كەلتۈرۈلــدى. نامــان ئاكــا كــۆپچىلىككە بىــر پىيالىــدىن چــاي سۇنغاندىن كېيىن، ئاباقلارنىــڭ بــۇ يەرگە كېلىــپ ـ كېــتىش جەريانى، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرى توغرۇلۇق يەنە بىر قېتىم ناھايىتى تەپسىلىي ھېكايە قىلىــپ بەردى. سەيدىخان ئاچا ئــانچە ـ مۇنچە گەپ قىستۇرۇپ، ھەمراھىنىــڭ گېپىنــى تولــۇقلاپ تۇردى.

ــــ ھە ـ ي...... ئــادەم قېرىغانــدا، راســتىنلا كىچىــك بالىدەك گول بولۇپ قالىــدىكەن! ــــ دېــدى نامــان ئاكــا سۆزىنىڭ

ئاخىرىدا خورسىنغىنىدىن قاتتىق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مەن ئەسلىدە ھېلىقى «نەزەر» دېگەن شۇمقۇشىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بىلەن گەپ - سۆزلىرىدىن قانداقتۇر سېھىرگەرلىكنىڭ پۇرىقىنى سەزگەنىدىم. نېمە بىلەي، كېيىن، بەربىر ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن! ھەي بۇ قىزىلىق!

بوۋاي يىغلىۋېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خىجالەتمەن كۆزلىرى مېھمانلارغا ئەمەس، نەلەرگىدۇر تىكىلەتتى. سەيدىخان ئاچا يوغان بىر پارچە قاقشال يۇلغۇن كۆتىكىنى مەشكە تىقىۋەتتى. ئۆي ئىچى شۇنداق جىملىققا چۆككەنىدىكى، ئوتۇننىڭ چاراسلاپ يېنىشى، ئوتنىڭ كانايغا غارقىراپ ئېقىشىدىن بۆلەك ھېچقانداق تاۋۇش يوق ئىدى......

بويناق يەنە قاۋىدى. نامان ئاكا دەس ئورنىدىن تۇردى- دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي قايتىپ كىرىپ، كىملەرنىڭدۇر قاراتاغ تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— سىلىنىڭ بويناق يولدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەمنى بىرەر قۇر «تەكشۈرۈپ»، ئاندىن ئۆزىتىپ قويىدىكەن - دە؟!

رەھمەتجاننىڭ چاقچىقى نامان ئاكىنىڭ روھىنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويىدى بولغاي، بىردىن جانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— راست دېدىڭىز، بالام! بىزنىڭ بۇ جانىۋار مەندەك ئون ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. ھېچكىمنى رۇخسەتسىز يولدىن ئۆتكۈزمەيدۇ. ئۇنى ئۆك قول ۋەزىرىم، كۆزۈم، قۇلىقىم دېسەمۇ بولىدۇ!

كۈلكە - چاقچاقلار بىرمەھەل داۋام قىلغاندىن كېيىن، رەھمەتجان ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى:

— نامان ئاكا، بايىتىن سىلى: «نەزەر بىلەن سالى ئاتلىرىنى ھويلىغا ئەكىرگىلى ئۇنىمىدى» دېگەندەك قىلىلىغۇ دەيمەن؟

— ھەئە، شۇنداق دېدىم.

كۆپچىلىك بىر رەھمەتجانغا، بىر نامان ئاكىغا ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى. بوۋاي بىرئاز سەگەكلىشىپ، رەھمەتجاننىڭ ئاغزىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. رەھمەتجان سوئالىنى داۋام قىلدى.

— ئۇنداقتا، ئۇلار ئاتلىرىنى نەدە قويۇشتى؟

— تاشقىرىدا، ئىككى تۈپ يۇلغۇنغا باغلاشتى.

— كېيىن ئۇ يەرگە يەنە بىركىم ئۇلاغ باغلىمىغاندۇ؟

— ئۇ يەرگە ھېچنېمىنىڭ قەدىمى يەتكۈچى بولمىدى.

— ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ! — رەھمەتجاننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، — بىزنى شۇ يەرگە باشلاپ چىقسىلا قانداق؟

— باشلاپ چىقاي، باشلاپ چىقمامدىغان! — بوۋاي ئورنىدىن تۇردى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

سەيدىخان ئاچىنىڭ:

— چاينى ئىچىپ بولۇپ چىقساڭلار بولمامدۇ، باللىرىم! — دېگەن نالىسىگە ھېچكىممۇ قۇلاق سالمىدى. داستىخان پېتىچە قالغانىدى.

ئىزغىرىن شامال، تۇزغاقتەك ئۇچۇۋاتقان قار ئىسسىق ئۆيدىن چىققان بۇ ئادەملەرنىڭ يۈز - كۆزىگە نەشتەردەك سانجىلدى. بويناق نامان ئاكىنىڭ پۇتلىرى يېنىدا پەرۋانە ئىدى.

— ئەنە، — بوۋاي كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن سانجاق - سانجاق يۇلغۇنلار ئارىسىدىن غولى يوغان، شاخلىرى قويۇق ئىككى تۈپ يۇلغۇننى كۆرسەتتى، — ئاشۇ يۇلغۇنلارغا باغلىغانىدى.

— يولداشلار، توختاڭلار، — رەھمەتجان قوللىرىنى تۇرنىنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، ئارقىسىدىكىلەرنىڭ ئالدىنى توستى، — مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بىرئاز كۆزىتەيلى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتى: ھەممە كۆزلەر نامان ئاكا كۆرسەتكەن يۆلغۇنلارغا تىكىلمەكتە، ھەممەيلەن نېمىلەرنىدۇر ئويلىماقتا ئىدى. بۇ ئىككى تۈپ يۆلغۇن ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۈدەك يوغان غول تارتقان بولسىمۇ، بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، شاخلىرى شۇنچە قويۇق بولۇپ، ئون مېتىردىن كۆپرەك يەرگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ياغقان قار ئۇنى گويا غايەت زور كۇنلۇككە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خېلى كەڭ دائىرىدە قار ناھايىتى نېپىز ئىدى.

رەھمەتجان تېخىمۇ دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. بىردىن، يۈرىكى ئىختىيارسىز دولقۇنلاپ، كۆزلىرىدە ئۈمىد، ئىشەنچ ئۇچقۇنى چاقنىدى. ئۇ ئاشۇ يۆلغۇن تۈۋىدە نېپىز قار بىلەن چۈمكەلگەن بىر دۆۋە تېزەك بىلەن چاپاننىڭ پېشىدەك يەردە پارقىراپ تۇرغان مۇزنى كۆرگەنىدى.

ئۇ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇۋاتقان ھاياجاننى تەسلىكتە بېسىپ بوۋايدىن سورىدى:

— ئۇلاردىن ئىلگىرى بۇ يەرگە بىركىم ئۇلاغ باغلىغانمۇ؟

بوۋاي ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— باياتىن دېدىمغۇ! ئۇلاردىن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ ھېچكىم ئۇلاغ باغلىمىغان.

رەھمەتجان يەڭگىل نەپەس ئالدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندەك، بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىلىشتى.

— يولداش ۋاسىل، — رەھمەتجان ۋاسىلغا قىيا بۇرۇلدى، — قاپلاننى ئېلىپ چىقىڭە!

ۋاسىل بۇيرۇقنى دەرھال ئورۇنلىدى.

نامان ئاكا بويناقنى ھويلىغا يىغىشتۇردى.

قاپلان ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ رەھمەتجاننىڭ ھەربىر

بۇيرۇقنى بەجانىدىل ئورۇنلايتتى.

جىددىي ھەرىكەتكە كەلگەن قاپلان ئون مىنۇتلاردىن كېيىن كەسكىن قارارغا كەلدى. ئەمدىلىكتە ئۇ رەھمەتجاننىڭ ئۆزىگە يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

رەھمەتجان يانچۇقىدىن ئاپئاق ياغلىقنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا نەچچە تال تېزەكنى ئورىدى ـ دە، بوينىغا ئېسىلغان سومكىغا سالدى. ئاندىن:

ــ يولداشلار، ئاتلىنايلى، ــ دېدى.

كۆپچىلىك دەرھال ھويلىغا كىرىپ، ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى يېشىشكە تۇتۇندى. نامان ئاكا رەھمەتجاننىڭ جۇۋىسىنىڭ پېشىدىن تارتىپ:

ــ بالام، شۇ تۇرقىدا راستىنلا ماڭامسىلەر؟ ــ دېۋىدى، رەھمەتجان:

ــ ھەئە، ماڭساق بولار، ــ دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى.

بوۋاي سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، كەسكىن قىلىپ دېدى:

ــ ماقۇل، مېڭىڭلار. ئەمما مەن قېرىنىمۇ ئېلىۋېلىڭلار.

ــ سىلى......

ــ بىزگە يۈك بولارمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتامسىز؟ قورقماڭ، ھەرگىزمۇ يۈك بولمايمەن! ــ بوۋاي جىددىي تەلەپپۇزدا چۈشەندۈردى، ــ سىلەر يۇلغۇنلۇقنىڭ خۇيىنى بىلمەيسىلەر. سىلەر تۇرماق، رازاق بىلەن سۇلايمان ئاخۇنلارمۇ ئوبدان بىلمەيدۇ. ئالىمادىس، ھېلىقى شۇمشۇقلار يۇلغۇنلۇققا يوشۇرۇنغان بولسا، سىلەرنى بەك ئاۋارە قىلىۋېتىدۇ. راستىنى ئېيتسام خا ئۇلارنىڭ، خا سىلەرنىڭ بۇ كۈھقاپتىن ساق ـ سالامەت چىقالىشىڭلارغا ئانچە ئىشەنمەيمەن، ــ بوۋاي سەل توختاپ، ئۆز سۆزلىرىگە ئىزاھات بەردى، ــ بۇنى مەن سىلەرنى بوش چاغلاپ ئېيتىۋاتقىنىم يوق. سىلەرنى ياخشى بىلىمەن، ھەربىرىڭلار ئىككىدىن يولۋاسقا

تېتىغـۇچىلىكى بـار قـاۋۇل بـاللار. لـېكىن ئورمـانلىق يولۋاسـقا ئوخشمايدۇ. سىلەر ئويلاپ يېتەلمەيدىغان ھەر خىل خۇيلىرى بار. مېـنىڭچە، قاتىللارنـىڭ تەپتارتماسـتىن مۇشـۇ تەرەپـلەردە ئۆسـۈپ يېتىلگىنىدىن قارىغاندا، بىرى بولمـىسا بـىرى ئورمانلىقنىـڭ خـۇيىنى بىلىدىغان نېمىدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار سىلەردىن قاق بىر كۈنلۈك ئۇزاپ كەتتى. قوغلاپ يېتىشمەكمۇ بىر گەپ...... مەن يول باشلىسام، بەلكى ئۇلارغا بالدۇرراق يېتىـشۋالغىلى بـولار...... مېنى قېرى كۆرمەي ئاراڭلارغا قېتىۋېلىڭلار.

ھەمـــمە كـــۆزلەر رەھمەتجانغـــا تىكىلگەنـــدى. قارىغانـــدا ھېچكىمنىڭ نامان ئاكىنىڭ راينى ياندۇرغۇسى يوق ئىدى.

— نېمە دەيتتىم، — دېـدى رەھمەتجان مىيىقىـدا كۈلـۈپ، بـىزگە ياردەملـشمەكچى بولغـان ئىكەنـلا، مـاقۇل دېمەكـتىن باشـقا گېپىم يوق!

روھلانغىنىدىن ياشلاردەك غەيرەتكە كەلگەن بوۋاي سېمىز بوز ئاختىسنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقتى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە ئېگەرلەپ بولدى. سەيدىخان ئـاچىمۇ ئۇنىـڭ سـەپەر ئەنجاملىرىنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ، پېشايۋاندا ھازىر بولدى. بـۇ چاغـدا، باشـقىلار ئاللىقاچان ئـاتلىرىنى يېتىلـشىپ، تاشـقىرىغا چىقىـپ بولغانـىدى. بـــوۋاي مومىيغـــا ئـــۇنى - بـــۇنى تـــاپىلاپ قويـــۇپ، ئىچىـــدە: «بـــىسمىللاھىر رەھمـــانىررەھىم......» دېگـــىنىچە، ئـــوڭ پـــۇتىنى بوسۇغىدىن ئالدى.

ئـاتلىقلار يولغـا چۈشـكەندە، سـەيدىخان ئاچـا، غەيـرەت ۋە بويناقلار يولىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشقىنىچە، ئۇلارغـا ئـاق يـول تىلەپ قېلىشتى.

× × ×

ئـاتلار تاراسـلاپ ئۇچماقتـا. قـار ئـارىلاش شـىۋىرغان جـان -

جەھلى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئۇرۇنماقتا. ھەممىنىڭ ئالدىدا قاپلان، ئۇنىڭغا ياندىشىپ دىگۇدەك نامان ئاكا بىلەن رەھمەتجان، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئاتلىرى ئوك تەرىپى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان يۇلغۇنلۇق، سول تەرىپى ئاپئاق تون كىيگەن كۆز يەتكۈسىز قۇم - شور بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى ھارۋا يولىنى بويلاپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە......

تەخمىنەن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، قاپلان بىردىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىنى يۇلغۇنلۇققا ئاتتى. رەھمەتجان بىلەن نامان ئاكىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. كىم بىلسۇن، بىرەر يۈز قەدەممۇ ماڭماستىن، يۇلغۇن شاخلىرى جۇۋىلارنىڭ پەشلىرىگە ئېسىلىشقا، باش - كۆزلەرنى ساۋىداشقا باشلىدى. ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى تارتماي بولمىدى. ئاتلار قەدىمىنى ئاستىلاتقاندا، قاپلاننىڭ ئىچى سىقىلىپ ھېلى ئالدىغا نەچچە قەدەم مېڭىپ، ھېلى كەينىگە نەچچە قەدەم يېنىپ، غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ، ئاتلىقلارنى تېزرەك مېڭىشقا دالالەت قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ ئەكسىچە، ئاتلىقلار ئاتتىن چۈشۈپ، پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولۇشتى. ھەتتا بەزى جايلاردا پىيادە مېڭىشمۇ ئوڭايغا چۈشمەيتتى. قاپلان بۇنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا ھەممىلا يەر ئوخشاشلا ماۋۇقتەك يۇمشاق، تاناپتەك تۈز ئىدى، ئەلۋەتتە!

قېرىشقاندەك، قاپلان ئۇلارنى ئۈستى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن يېپىلغان تار ھەم قاراڭغۇ «كارىدور»غا باشلاپ كىردى. تۈزۈك نەچچە قەدەممۇ ماڭماستىن، يەرگە تۇمشۇقىنى تەگكۈزدى - دە، بېشىنى ئىتتىك كەينىگە بۇراپ، غەلىتە ئاۋازدا قاۋاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەنگەن رەھمەتجان ئىتنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇۋەتتى - دە، چوڭ - چوڭ چامداپ ئۇنىڭ قېشىغا

كەلدى. تىرناقچىلىكمۇ قار دارىمىغان بۇ يەردە (ئېھتىمال، شورلۇق يەر ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ كەتكەن بولغىيدى) ئات تۇياقلىرى ۋە كىملەرنىڭدۇر كىيلەگسىز ئاياغلىرى قالدۇرغان چوڭقۇر ئىزلار «مانا مەن» دەپلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— يولداشلار! — دېدى ھاياجانلىنىپ كەتكەن رەھمەتجان ئارقىسىدىكىلەرگە قاراپ، — ئۇلار...... قاتىللارنىڭ ئىزلىرى!

ھەممەيلەن ئاتلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئىزلارنى چۆرىدەشتى.

قاپلان كۆپچىلىكنىڭ ئۆز خىزمىتىگە قانداق باھا بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك، رەھمەتجاننىڭ ئاياغلىرى ئارىسىدا مەغرۇر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ھەربىر ئادەمگە سوئال نەزىرىدە تىكىلەتتى.

— قاتىللار راستتىنلا يۇلغۇنلۇقتا يوشۇرۇنۇپتۇ - دە! — سۇلايمان جىملىقنى بۇزدى. ئۇنىڭ ئاۋازى مەغرۇر جاراڭلايتتى، — يەنە بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ قولغا چۈشمىگىنىنى كۆرەي!

— ئالدىرىماڭ، بالام، ئالدىرىماڭ! — نامان ئاكا كەسكىن ئېتىراز بىلدۈردى، — ئالدىراپ ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىچى، — بوۋاي بېشى بىلەن ئەتراپنى ئىشارەت قىلدى، — بەئەينى بىر تىلسىم، كىم بىلىدۇ تېخى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرەر ھەپتە مۆكمۆكىلەك ئوينامدۇق؟

كۆپچىلىك ئۈنچىقمىدى. سۇلايمان خىجالەت بولغىنىدىن بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە ھېچكىممۇ سەپسېلىپ ئولتۇرمىدى.

ئارىغا چۈشكەن جىملىقنى ئىگىسىز قالغان ئاتلار بۇزۇشقا باشلىدى: ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئوينىشىپ، يۇلغۇن شاخلىرىنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇشاتتى. شاخلارنىڭ مىدىرلىشى ئارقىسىدا، شاخلارنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان «ئاق كىگىز» پارچىلىنىپ، ئاتلار ۋە ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە پوكۇلداپ چۈشۈشكە باشلىدى. قاپلانمۇ

ئەنسىزلىشىپ بىر يۇقىرىغا، بىر ئەتراپىدىكىلەرگە ئالاق - جالاق قارايتتى.

ــ يولداشلار، نامان ئاكا توغرا ئېيتتى، ــ دېدى رەھمەتجان، ــ بۇ يۇلغۇنلۇق ھەقىقەتەن بىر تىلسىمات ئىكەن. تېخى يېرىم سائەتمۇ ماڭماستىن غەلىتە بىر يەرگە كېلىپ قالدۇق. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپ، نەقەدەر جاپالىق سەپەرگە ئاتلانغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. مېنىڭچە، ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقنى بىرقەدەر ئېغىرراق مۆلچەرلىگىنىمىز تۈزۈك...... ــ ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا قاپلانغا بۇرۇلۇپ، ــ قاپلان ئالغا! ــ دېۋىدى، قاپلان ئۇنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئۇچتى. كۆپچىلىك ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن يولنى داۋام قىلىشتى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، ئۇلار يوغان بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قېلىشتى. ئەمدى بۇ يەردە، پاقالچاققا چىققۇدەك قېلىن قاردىن بۆلەك خا ئادەم، خا ئاتلارنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيتتى. قاپلانمۇ بىرئاز ھودۇقۇپ قالغان بولسا كېرەك، تۆت ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىۋېلىپ، بىرپەس شۈك تۇرۇۋالدى. كېيىن، ئالدى پۇتلىرى بىلەن قارنى تاتىلاپ، تۇمشۇقىنى يەرگە چاپلاپ دېگۈدەك خېلى ئۇزۇن پۇرىدى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ رەھمەتجانغا مەغرۇرانە قاراپ قويدى - دە، يولنى داۋام قىلدى.

رەھمەتجاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، كۆپچىلىك ئاتلىرىغا مىنىشتى. لېكىن يۈز مېتىر ماڭماستىن، ئۇلار يەنە قويۇق يۇلغۇنلار ئارىسىغا كىرىشتى. سەپەرنى ئاتلىق داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممەيلەن ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. قاپلان ئەمدى ئۇدۇل شىمالغا ئەمەس، بەلكى غەربىي شىمالغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. سەپەر داۋاملاشقانسېرى پۇتلار ئېغىرلىشىپ، قەدەملەر ئاستىلىشىشقا

باشلىدى. چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن گەۋدىلەر مويى ئۇزۇن تېرىلەردىن تىكىلگەن ئېغىر جۇۋىلارنى ئاران - ئاران كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى. كۆز باغلىناي دېگەندە، ئۇلار يۇلغۇنلۇقنىڭ غەربىي چېتىگە چىقىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق چايشاپ بىلەن چۈمكەلگەن سان - ساناقسىز قۇم - شور بارخانلىرى، چوقچىيىپ تۇرغان چەكسىز كەڭ دالا ئېتەك يايغانىدى. قاپلان ھېلى تۇمشۇقى بىلەن يەرنى پۇراپ، ھېلى كەينىگە قاراپ، سەپەرداشلىرىنى تېزرەك مېڭىشقا ئۈندەيتتى، ئەجەبلىنەرلىك شۇكى، ئۇ ئەمدى يۇلغۇنلۇقنى ياقىلاپ ئۇدۇللا شىمالغا كېتىپ باراتتى.

— قاپلان توختا! — قاپلان توختاپ بېشىنى كەينىگە بۇراپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتتى، ئۇ يېڭى بۇيرۇق كۈتمەكتە ئىدى. رەھمەتجان ئۇنىڭغا ھېچقانداق يېڭى بۇيرۇق بەرمىدى. ئەكسىچە، ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ يولداشلىرىغا يۈزلەندى. بەش ئاتنىڭ كاللىسى بىر يەرگە جەم بولدى، — نامان ئاكا، — دېدى رەھمەتجان بوۋايغا مۇراجىئەت قىلىپ، — مۇشۇ يەر بىلەن ھاۋۋا يولىنىڭ ئارىلىقى چامىلىرىدا قانچىلىك كېلەر؟

— پىيادە ماڭغان ئادەمگە يېرىم سائەتچىلىكلا كېلىدۇ، — نامان ئاكا كېسىپلا جاۋاب بەردى، — باياتىن بىز يۇلغۇنلۇققا كىرگەن جايدىن ھېسابلىغاندىمۇ، بىر سائەتلىكتىن ئۇشۇق يول ئەمەس.

— قىزىق ئىش، — سۇلايمان سۆز قاتتى، — شۇنچىلىك يولنى ئۇلار نىمە ئۈچۈن نەچچە سائەتتە باسىدۇ؟

ۋاسىل قوشۇمچە قىلدى:

— توپتوغرا ئۈچ يېرىم سائەت مېڭىپتۇق.

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچى، — رەھمەتجان كۆپچىلىككە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى، — بىر سائەتلىك يولنى ئۈچ يېرىم

سائەتتە بىسىش، قارىماققا ئەخمەقلىق كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، قاتىللار ناھايىتى چوڭ ئۈستىلىق ئىشلەتكەن.

رازاق سورىدى:

— ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟

— مۇنداق ئىككى خىل ئېھتىمالنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ، — رەھمەتجان ئۆز قىياسىنى ئېيتتى، — بىرى، ئۇلار چوڭ يول بىلەن ماڭغاندا، بىرەر كىشىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرى، ئورمانلىققا كىرىپ بولۇپ، ئىشىنىڭ ئانچە ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى سەزگەن، يەنى ئورمانلىقنىڭ ئەڭ خىلۋەت، ئەڭ خاتىرجەم يېرىگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن، كەم دېگەندە ئىككى - ئۈچ كۈن يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى سەزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ، ئورمان ياقىلاپ يول ئالغان.

— ئۇلار مۇشۇنداق بىرمەزگىل ماڭغاندىن كېيىن، يەنە ئورمانلىققا كىرىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟

— ھېچنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ، شۇنداق قىلىشىمۇ مۇمكىن. كۈتۈلمىگەندە سۇلايمان ئۆز گۇمانىنى ئېيتتى:

— قاپلان يولدىن ئېزىقىپ كېتىۋاتامدۇ - يا؟

— ياق، — ۋاسىل كەسكىن ئېتىراز بىلدۈردى، — بۇ شۇنداق ئەقىللىك جانىۋاركى، ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ خاتالاشقان ئەمەس. ئەگەر سىز بىرەر گۇمانلىق ئادەمنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، ئادەمنىڭ بەدىنى تەگكەن بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭغا شۇنداق پۇرىتىپ قويىدىغىزمۇ، بولدى، بىرەر ئايدا بولسىمۇ ئۇنى تاپماي قويمايدۇ!

— قار يېغىۋەرگەنسېرى، ئىسىنى يوقىتىپ قويامدىكىن دەيمەنا؟

ۋاسىل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كېسىپلا دېدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ. ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ!
ئىككىيلەننىڭ سۆزىگە ئارىلاشماي تۇرۇۋاتقان رەھمەتجان راستىنلا قاپلاننىڭ «ئىپسنى يوقىتىپ قويۇشى»دىن گۇمانلاندىمۇ ياكى سۇلايماننى خاتىرجەم قىلماقچى بولدىمۇ، تۇيۇقسىز ئاتتىن چۈشۈپ، بوينىغا ئىسلغان سومكىننىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، بىر پارچە تېزەكنى قولىغا ئېلىپ:
— قاپلان بېرى كەل! — دېدى.
قاپلان ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزايدى. رەھمەتجان تېزەكنى ئۇنىڭغا پۇراتتى. ئاندىن:
— قاپلان، ئىز قوغلاپ ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى.
قاپلان بۇيرۇقنى ئاڭلاش بىلەنلا، گويا ئاتاكىغا ئۆتكەن جەڭچىدەك، بىر نىشاننى كۆزلەپ ئۇچتى. كۆز يېتىم يەرگە بارغاندا رەھمەتجان كۆپچىلىككە قاراپ دېدى:
— قارىغاندا، قاپلاننىڭ ئىسى جايىدا. بىزنى قاتىللارنىڭ ئىزىدىن خاتاسىز ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ......
ئاتلار قاپلاننىڭ ئىزىغا چۈشۈپ يولنى داۋام قىلماقتا. ھاۋا تەكشى تۇتۇلغان. ئادەملەرنىڭ ئۈستىبېشى، ئاتلارنىڭ دۈمبە، بويۇن - باشلىرىمۇ تۇزغا يۇملانغاندەك ئاپئاق، ساقال - بۇرۇت، قاش - كىرپىكلەر بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن. تۈكلۈرۈك يەرگە چۈشمەيلا نۆكچە مۇز بولۇپ قېتىپ قالىدۇ. ھەركىم ھەر خىل خىيال بىلەن بەند.
كۈتۈلمىگەندە، رازاقنىڭ ئېتى مۈدۈرۈپ كەتتى. رازاق ئېگەردىن قاڭقىپ، بىر تۈپ يۇلغۇنغا قاتتىق ئۇرۇلدى - يۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى پاختىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ھەممەيلەن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۇنى چۆرىدەشتى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى جەينىكىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئىشنىڭ «بىسمىللا» سىدىلا يۈز بەرگەن بۇ

كېلىشمەسلىك كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق غەش قىلدى. رازاقنىڭ تەلىپى بويىچە، ھەممەيلەن قورسىقىدا بار «تېببىي بىلىم»لىرىنى ئىشقا سېلىپ باققان بولسىمۇ، بەربىر جەينەكنى جايىغا چۈشۈرەلمىدى. ئۇ بۇنىڭغا، بۇ ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن ھەسرەتلىك بېقىشاتتى. رازاققا تەسەللى بېرىشەتتى...... رازاق لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ يېڭىنى ساپتى ـ دە، ئاتقا مىندى.

— مېڭىۋېرەيلى، — دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەشكە تىرىشىپ، — قايتقاندا بىر ئىش قىلارمىز.

كۆپچىلىك رەھمەتجانغا قاراشتى.

— يولداش رازاق، — رەھمەتجان ئۇنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى ۋە كەسكىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئېيتتى، — سىز ئاغلىق ئادەم، ئارتۇق چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق...... بۇ ھالدا بىز بىلەن تەڭ سەپەرنى داۋاملاشتۇرسىڭىز ياخشى بولماس...... دەرھال كەينىڭىزگە يېنىپ دوختۇرخانىغا بېرىڭ!

رازاق ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قادىلىپ قاراپ تۇردى ـ دە، تىلىنىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋېتىپ، سوزۇپ بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىندى ۋە ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى......

ئەتىگەن سائەت 3 تىن ئاشتى.

قار يەنىلا ياغماقتا. ئاتلار چارچاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى. قاپلان يۈرۈشىنى بىر خىل داۋاملاشتۇرماقتا. يولغۇنلۇقنىڭ چېتىگە كۆز يېتىم يەر قالغاندا، قاپلان بىردىن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ غەربكە بۇرۇلدى. رەھمەتجان دەرھال ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. باشقىلارمۇ ئاتلىرىنى توختىتىشتى.

— نامان ئاكا، — رەھمەتجان ئۆزىگە يانمۇيان توختىغان بوۋايغا مۇراجىئەت قىلدى، — بۇ تەرەپ بىلەن نەگە بارغىلى بولىدۇ؟

بوۋاي كېسىپلا جاۋاب بەردى:

— كۆكتاش يايلىقىغا.
رەھمەتجان سوئالىنى داۋام قىلدى:
— ئارىلىقى بۇ يەرگە قانچىلىك كېلىدۇ؟
— مۇشۇ مېڭىشىمىزدا، ئەتە كەچ پېشىن بىلەن يېتىپ بارىمىز. ئاراقوتان، دۆڭقوتانلارغا بىرىش توغرا كەلسە، ئەلياتقۇغا يېقىن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.
— يولى قانداقراق؟
— چۆل دېمىسەك، يامان ئەمەس.
— ئۇ يەردە پاناھلانغۇدەك جاي بارمۇ؟
— بولمامدىغان بالام، بار! ھەربىرىگە نەچچە يۈزلەپ قوي - ئۆچكە سىغىدىغان ئۈستى يېپىق گەمە - قوتانلاردا پادىچىلار قونۇپ - تۈنەيدىغان گەمە ئۆيلەر بار.
— پادىچىلار ھازىرمۇ بارمۇ؟
— يوق. قىش ۋاقتى ئۇ يەردە ئادەممۇ، چارۋىمۇ بولمايدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇ يەر يازلىق يايلاق، قىشتا چارۋا يالجىمايدۇ.
— ھە، مۇنداق دېسىلە...... ئۇ يەر ئارقىلىق باشقا تەرەپلەرگە ئۆتكىلى بولامدۇ؟
— جەنۇبقا بىرەر كۈن ماڭسا، قاراتاغ دادۈيىگە بارغىلى بولىدۇ. كۈنپېتىش تەرىپى قارلىق تاغ، تاغ تىكىسىدىن بۆلەك نەرسە ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ. شىمال تەرەپتە كۆكسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر - ئىككى كۈن تاغ ئارىلاپ ماڭسا، «R» ۋىلايىتىنىڭ «ئالغا» گۇڭشېسىغا بارغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇ يەرگە ياز كۈنى بارمىسا، قىش كۈنى رۇستەمدەك پالۋان بولسىمۇ، ئۆلۈكى قارا قۇشقا يەم بولىدۇ دەڭە!...... ھە، راست، تېخى ياز كۈنىمۇ پىيادە مېڭىش كېرەك. ئات - ئۇلاغ دېگەن نەرسە بىرەر بەلدىنىمۇ ئاشالمايدۇ.
رەھمەتجان يەڭگىل تىن ئالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەلۇم پىكىر

پەيدا بولغانىدى.

ــ يولداشلار، ــ دېدى ئۇ، ــ مۇنداق قىلايلى: كېچىچە يول مېڭىپ، تازا چارچىدۇق. قورساقلىرىمىزمۇ ناغرا چالغىلى تۇردى. مۇشۇ يەردە بىر ـ ئىككى سائەت ھاردۇق چىقىرىپ، ئاندىن يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. ئاتلارمۇ بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالسۇن. قانداق دېدىم، نامان ئاكا؟

ــ ئوبدان دېدىڭىز، بالام، بۇ يەردىن نېرى كەتسەك، ئوتىئۇن تاپماقمۇ تەس. يۇلغۇن ئوتۇنىدا راسا گۈلخان يېقىپ، پۇت ـ قولىمىزنى ئىسسىتايلى. ئاز ـ تولىدىن ناشتا قىلىپ، قورساقنى تويغۇزايلى. ئاتلارغىمۇ بوغۇز بېرىپ، پۇتلىرىغا قويۇچ باغلايلى. ئاندىن نەگە بارساق بارامدۇق!

كۆپچىلىك ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغان قاپلانمۇ ئىگىلىرى يېنىدا ھازىر بولدى. ئاتلار سوۋۇتۇش ئۈچۈن يۇلغۇنلارغا باغلاندى. شاخلىرى باراقسان ئۆسكەن نەچچە تۈپ يۇلغۇن سايە تاشلىغان كەڭ بوشلۇقتا، يېڭى سۇندۇرۇۋېلىنغان يۇلغۇن شاخلىرى پاراسلاپ كۆيۈپ، توڭغان، چارچىغان تەنلەرگە ھۇزۇر بېغىشلىدى: چۆگۈنىدە قار سۈيى پورۇقلاپ قايناشقا، يۇلغۇن شوپۇڭىدىن ياسالغان زىخلارغا ئۆتكۈزۈلگەن سېمىز قوي گۆشىدىن چىققان مەززىلىك پۇراق دىماقلارنى غىدىقلاپ، ئىشتىھانى ئېچىشقا باشلىدى. ئوت ئۇلغايغانسېرى، جۇۋىلار ئېغىر كېلىپ، كۆرپە ئورنىدا يەرگە سېلىندى......

# ئون ئالتىنچى باب

## قەلب رايى

شەۋكەت بەكمۇ تەسلىكتە ئابىدەمنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلدى: كېچىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كىرىپ، قاقماي ئۆرە ئولتۇرۇپ چىققان ئابىدەم تاڭغا يېقىن كارىۋاتنىڭ ئايىغىغا بېشىنى قويىغىنىچە مۈگدەپ قالدى. شەۋكەتكە كېرىكىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ ئاستا يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، كىيىم ـ كېچەكنى كىيدى ـ دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كارىدورغا چىقتۇالدى. شەۋكەت يەڭگىل تىن ئېلىپ، تاشقىرىغا يول ئالدى...... ئۇ ئەمدىلا دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا، ۋېلسىپىت يېتىلىۋالغان ئانار بىلەن دوقۇرۇشتى.

— ۋىيەي، شەۋكەتقۇ بۇ! — شەۋكەت ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەپ بولغۇچە، ئانار چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى، — ئۇچرىشىپ قالغان يېرىمىزنى قاراڭ!...... بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنىدىڭىز؟

— سىرتقا ماڭغان، — شەۋكەتمۇ قىلچە دۇدۇقلىمىدى، — سىزچۇ؟

— مەنمۇ كېسەل يوقلىغىلى كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا، سىز كىرىپ چىقىڭ، — دېدى شەۋكەت كۆڭلىگە غەلىتە بىر ئوي كېلىپ، — مەن ۋېلسىپىتىڭىزگە

قارىغاچ، سىزنى كۈتۈپ تۇراي، بىردەم ئايلىنىپ كېلەيلى.
— ماقۇل، — ئانار خۇشال بولغىنىدىن تاتلىققىنا كۈلۈمسىرىدى، — ئەمىسە جىندەك ساقلاپ تۇرۇڭ جۇمۇ. ھازىرلا چىقىمەن.

ئانار گېپىنى تۈگىتىپلا ۋېلسىپىتنى شەۋكەتكە بېرىپ، دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى. شەۋكەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە، ۋېلسىپىتكە «شاققىدە» مىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن پىدالنى تەپتى......

ۋېلسىپىت ئۇچقاندەك كېتىۋاتماقتا. قانچە ـ قانچە ئاپتوموبىل، پىكاپلار، ئېگىز دەل ـ دەرەخلەر ئارقىدا قېلىۋاتاتتى. ئۆگزىسىگە پاخال، قوناق شاخلىرى بېسىلغان پاكار ـ يېزا ئۆيلىرى شەۋكەتنىڭ ئالدىدا يۈز ئاچتى. تاڭ سۈزۈلمەكتە ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى شەۋكەتنىڭ بويۇن ـ يۈزلىرىنى يۇمشاققىنا سىلايتتى. شەۋكەتنىڭ كۆڭلىدە ئارمان ھەم غەزەپ......

ئارقا تەرەپتىن كەلگەن يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى قاشاڭ كالىدەك تىرەجىلىۋاتقان چاقلارنى تېززەك ھەرىكەتلەندۈرۈش كويىدا پىدالنى كۈچەپ تېپىۋېرىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن شەۋكەتنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ رولنى چەتكە بۇرىدى. يەنە قىرىق ـ ئەللىك مېتىرلا ماڭسا، قاراقۇمغا قايرىلىدىغان ئاچالغا يېتىپ باراتتى. ئۇ ئەمدىلا يول ئايرىلىدىغان يەرگە كەلگەندە، ئاپتوموبىل جىددىي سىگنال بەردى. شەۋكەت بېشىنى كەينىگە بۇرىغانىدى، ۋېلسىپىتنىڭ چاقى تېيىلىپ كېتىپ، رول بىر تەرەپكە قاچتى. جىددىيلىشىپ كەتكەن شەۋكەت تورمۇزنى كۈچەپ باسقانىدى، ۋېلسىپىت بىلەن بىللىلا يىقىلىپ، بىر پۇتى ۋېلسىپىتنىڭ ئاستىدا قالدى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە، خىمىيەۋى ئوغۇت بېسىلغان يۈك ئاپتوموبىلى ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەملا نېرىدا توختىدى. چىرايى پاختىدەك ئاقىرىپ

كەتكەن شوپۇر شەۋكەتنىڭ يېنىدا پەيدا بولغاندا، شەۋكەت تېخىچە ئورنىدىن تۇرۇپ بولالمىغانىدى. شوپۇر ئۇنى يۆلىدى. شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى شوپۇرنىڭ تونۇش كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. شوپۇرنىڭ چىرايىغىمۇ تەبەسسۇم قوندى. ئۇ قاراقۇم گۇگۇشىسىنىڭ شوپۇرى ئەسئەت ئىدى. ئىككىيلەن قىسقىغىنا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئەسئەت ۋېلسىپىتنى ئوغۇت ئۈستىگە تېڭىپ، شەۋكەتنى كابىنكىغا ئالدى.

شەۋكەت قاراقۇم گۇگشى بازىرىدا ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، سەيدىخان ئاچىغا ئاتاپ يىگىرمە دانە گۆشگىردە سېتىۋالدى ـ دە، يۇلغۇنلۇق تەرەپكە يول ئالدى......

داستىخان ئۈستىدە، سەيدىخان ئاچا شەۋكەتنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى.

— ناھايىتى زۆرۈر ئىش بىلەن كەلدىم، — دېدى شەۋكەت سىرلىق تەلەپپۇزدا، — رەھمەتجان ئاكامنىڭ ئۆزىگىلا يەتكۈزىدىغان ئىككى ئېغىز گەپ بار ئىدى.

— ئىككى ئېغىز گەپ ئۈچۈن شۇنچە ئاۋارە بولدىڭىزمۇ جېنىم بالام؟ — مومايىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، — شۇ تاپتا ئۇنى تاپقىلى بولسىمۇ، كاشكى......

بىرئاز داۋام قىلغان جىملىقتىن كېيىن، موماي كەسكىن قىلىپ دېدى:

— بالام شەۋكەت، ئاسقىماڭ، بۈگۈن بولمىسا ئەتە، رەھمەتجانلار چوقۇم بۇ يەرگە ئۆتىدۇ. بۈگۈنچە، ماڭا ھەمراھ بولۇپ، خاتىرجەم ئارام ئېلىڭ، ئەتىگىچە پەيدا بولماي قالسا......

سەيدىخان ئاچا قارنىڭ قىلىنلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، رەھمەتجانلار كەتكەن تەرەپكە ۋېلسىپىت بىلەن ئۇن قەدەممۇ ماڭغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، شەۋكەت

جاھىللىق قىلىپ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى:

— بۇگۈن كېچىچە يول ماڭساممۇ، رەھمەتجان ئاكام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن جاۋاب ئېلىپ قايتمىسام بولمايدۇ. بۇ تەشكىل ماڭا تاپشۇرغان جىددىي ۋەزىپە.

شەۋكەتنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى سەيدىخان ئاچىنى ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويغانىدى.

خېلىدىن كېيىن، شەۋكەت ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ئەمىسە ۋېلىسىپىتنى بۇ يەردە قويۇپ، ئاتلىق مېڭىڭ، — دېدى سەيدىخان ئاچا، — مەن سىزگە ئات توقۇپ بېرەي.

مىلىق قېتىم تەمشىلىپ، مۇشۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىغان شەۋكەت خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ۋۇجۇدىدىكى ھارغىنلىق قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ، ئۆزىنى شۇنداق يەڭگىل سەزدىكى، گويا ئۇنىڭغا غايىبتىن قانات پۈتۈلگەندەك، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. ئۇ ئالدىراش ئۆيدىن چىقىپ، ئېغىلدىن دۈمبىسىدە تۇخۇم قويسا توختىغۇدەك سېمىز جەدە ئاختىنى ئېلىپ چىقتى - دە، ئېگەر - جابدۇقلاشقا باشلىدى. سەيدىخان ئاچا ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزەتكەچ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشەتتى:

— ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتى ئاغزىدىن تېمىپ تۇرغان بۇ بالا مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتا باش - ئايىغىنى بىلىپ بولمايدىغان بۇ دەشت - باياۋاندا تېنەپ - تەمتىرەپ نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟ خەير..... تەشكىل بۇيرۇغانىكەن، بارسا بارسۇن! تەشكىل ئۇنىڭ ئاتىسى. ئاتا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتىنى قاراپ تۇرۇپ ئازابقا قويمايدۇ. چوقۇم بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار!

ئات توقۇلۇپ بولدى. سەيدىخان ئاچا، بىر تەرەپتىن، شەۋكەتكە ئېزىپ ئىچۈرۈپ گەپ تاپىلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن،

ئىككى ـ ئۈچ كۈن يەتكۈدەك ئوزۇق ـ ئوقەت تەييارلىدى. نامان ئاكىنىڭ پاختىلىق تونىنى كىيگۈزدى ـ دە، ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا ـ تەۋەججۇ بىلەن يولغا سېلىپ قويدى......

شەۋكەت ئۆزى مۆلچەرلىگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، كۆز باغلانغانىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، تېخى قار كۆمۈپ ئۈلگۈرمىگەن تۇياق ئىزلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆزىتىپ، يۆنىلىشىنى ئېنىق بەلگىلىدى. شىۋىرغان ئۈچۈپ تۇراتتى. قار خېلىلا پەسلىگەن بولۇپ، ئاستا ۋە ئۇششاق ـ ئۇششاق چۈشۈۋاتاتتى. شەۋكەت ئاتقا مىندى ـ دە، «چۇ!» دەپ قامچا سالدى.

ئات يەلكەنلىك كېمىدەك، بارغانسېرى تۇن قوينىغا سىڭىپ كېتىپ باراتتى. ئاسمان قاپقاراڭغۇ، يەر ئاپئاق. يۇلغۇنلۇق شۇنداق ئەنسىزكى، شاخلارنىڭ قاراسلىشى، نېمىلەرنىڭدۇر ھەيۋەتلىك ھۇۋلاشلىرى، نېمىلەرنىڭدۇر ئەنسىز چىرقىراشلىرى دەم يىراقتىن، دەم يېقىندىن ئاڭلىناتتى. پۈتۈن ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن شەۋكەت ھەربىر شەپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئەتراپقا ئەندىشە ۋە ئۈمىد بىلەن كۆز تىكەتتى. كېتىپ بېرىپ بار ئاۋازى بىلەن: «ئا ـ ھا ـ ھو ـ ي!» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى، ئۇنىڭغا جاۋابەن، چەكسىز دالا ئەكس سادا قايتۇراتتى. شاخلار تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قاراسلايتتى، نېمىلەردۇر دەھشەتلىك ھۇۋلايتتى، نېمىلەردۇر ئەنسىز چىرقىرايتتى......

تۈن يېرىمدىن ئېشىپ كەتتى. ھەممە يەردە شۇ غەلىتە سادا. ئات بىر خىل قەدەم تاشلاپ ماڭماقتا. ئاسمان قارا قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ، چاپاننىڭ پېشچىلىك بۇلۇت ئارىسىدا سىماۋى رەڭلىك بىرنەرسە لەرزان ئۈزۈپ يۈرەتتى. شەۋكەت ئۇنىڭ ئاي ئىكەنلىكىنى تەسلىكتە ئىلغا قىلدى ۋە گويا ئۆزىگە ھەمراھ تاپقاندەك خۇشاللىنىپ، ئايغا تىكىلگىنىچە كۆلۈمسىرىدى، تىنىمسىز ئۇشقىرتىۋاتقان شىۋىرغان ئۇنىڭغا تومۇزدا

ياغقان يامغۇردەك ھۇزۇر بېغىشلىماقتا ئىدى. ئۇ ئەتراپقا مەغرۇر نەزەر تاشلىغاچ، ئۇچىسىدىكى تونىنى سالدى ـ دە، ئاستىغا بېسىپ، ئاتقا قامچا سالدى...... ئات شامالدەك چاپاتتى. شەۋكەتنىڭ چىشلىرى توختاۋسىز كاسىلدايتتى، چۇلۇۋۇر تۇتقان قولى ھېچ نەرسىنى سەزمەيتتى، يول داۋاملاشقانسېرى شەۋكەتنىڭ ۋۇجۇدىنى بەزىدە سوۋر باسسا، بەزىدە خىياللىرى چېچىلىپ، كۆڭلىگە كەلمىگەن ئىشلار قالمايتتى. بەزىدە ئۆزىنىڭ بۇ چېكىدىن ئاشقان بەگباشلىقىدىن ئۆكۈنسە، بەزىدە بۇنى ئۆز گۇناھى ئۈچۈن بېرىلگەن ھەقلىق جازا دەپ تونۇپ، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە قىلچە باش قاتۇرمايتتى.

بىردىن شىۋىرغان توختاپ، ئەتراپنى جىملىق باستى، يۇلغۇنلۇقمۇ چوڭقۇر ئۇيقۇغا پاتقاندەك، غەلىتە سادالار بېسىقتى. قار كۈچەيگەنىدى. شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. ئۇ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرنى تارتتى ـ دە، سەكرەپ يەرگە چۈشتى. يانچۇقىدىن سەرەڭگىنى ئېلىپ، ئالىقىنى بىلەن دالدا قىلىپ تۇرۇپ ياقتى. پۈتۈن زېھنىنى ئىككى كۆزىگە يىغىپ، گەۋدىسىنى يېرىم ئەگكىنىچە ئاپئاق قار بىلەن چۈمكەلگەن دالىدىن ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى...... سەرەڭگىلەر يېقىلدى. مانا...... مانا...... شەۋكەتنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ، پۈتۈن ئەتراپ كۆندۈزدەك يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى تېخى پۈتۈنلەي قار بىلەن كۆمۈلۈپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن تېزەك دۆۋىسىنىمۇ ئۇچراتقانىدى!

شەۋكەت ئۆزىگە يات بىر خىل چاققانلىق بىلەن ئات ئۈستىگە قوندى ـ دە، ئاتقا قامچا سالدى. ئات ئالغا ئېتىلدى. يۇلغۇن شاخلىرى قاراسلاشقا، نىمىلەردۇر دەھشەتلىك ھۇۋلاشقا، نېمىلەردۇر ئەنسىز چىرقىراشقا باشلىدى، ئات بىر خىل يۈرمەكتە.

ئۇيۇق سۇزۇلۇشكە باشلىدى. شەۋكەتنىڭ كۆڭلىمۇ يورۇپ، ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تولماقتا. ئىككىنىڭ بىرى: يا رەھمەتجانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاباقلارنى قولغا چۈشۈرۈش جېڭىگە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قاتنىشىدۇ، يا بولمىسا، مۇشۇ چەكسىز دالىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ ياش ھاياتىنى قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچىنچى يول يوق!

شەۋكەت ئاشۇنداق خىياللار بىلەن كېتىۋاتقاندا، رەھمەتجانلار ئۇچراپ قالدى.

— يارايسەن، بالام، يارايسەن! — دېدى نامان ئاكا ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ، — يولۋاستەك جېگىرى بار يىگىت بولۇپسەن، بالام!

— يائاللا، نېمىدېگەن يۈرەكلىك بالا بۇ؟ بۇنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولىدىغان بولسا، يېرىم يولدىلا جېنى چىقىپ بولاتتى!

— شۇنى دېسەڭلارچۇ!

— ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ئادەم مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك - دە!

— ......

تەرەپ - تەرەپتىن يېغىۋاتقان ماختاش سادالىرى ئىچىدە شەۋكەتنىڭ ۋۇجۇدى يايراپ، كۆزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ راسا بىر ماختىنىۋېلىش ئۈچۈن ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەۋاتقاندا، رەھمەتجان جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى:

— شەۋكەت، كىم سېنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى؟

شەۋكەت كېسىپلا جاۋاب بەردى:

— ئۆزۈم كەلدىم.

— كىمنىڭ رۇخستى بىلەن كەلدىڭ؟

— ......

— كىمنىڭ رۇخستى بىلەن كەلدىڭ دەيمەن!

رەھمەتجاننىڭ ئاۋازى شۇنداق جاراڭلىق، تەلەپپۇزى شۇنداق قاتتىق ئىدىكى، شەۋكەتنىڭ پۇت - قولى لەسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەردىن مەدەت تىلەۋاتقاندەك، ھەربىر كىشىگە يەر ئاستىدىن كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، تىترەك ئاۋازدا:

— ھېچكىمنىڭ، — دېدى.

— ھېچكىمنىڭ؟ — رەھمەتجاننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، — ماۋۇ بەڭباشلىقنى كۆرۈڭ! بۇ يەرگە كېلىشىڭدىن كىملەرنىڭ خەۋىرى بار؟

— ......

— گەپ قىل دەيمەن!

— ھېچكىمنىڭ......

— ئاناڭمۇ بىلمەمدۇ؟

— ......

شەۋكەتنىڭ ئەمدى گەپ قىلىش تۇرماق، بېشىنى يەردىن ئۇستۇن قىلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيۋاتاتتى.

رەھمەتجان چېچىلىپ كەتتى:

— سەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ ئىشچى! شۇنداقمۇ؟ ئىشچى ئۆز زاۋۇتى، ئۆز سېخى، ئۆز ماشىنىسى يېنىدا مەھكەم تۇرۇپ، تەشكىل ئۆزىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلماي، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرسە، ئۆز بۇرچىنى قانداق ئاقلىيالايدۇ؟ سەن مۇشۇنىمۇ چۈشەنمەمسەن؟

شەۋكەت ئۈنچىقمىدى. رەھمەتجان تېخىمۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەلكى كۆڭلۈڭدە باتۇرلۇقۇڭنى تەشكىلگە بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندۇرسەن! شۇنداقمۇ؟ ھىم...... تېخى يول بويى شۇنچە جىق ئادەمنىڭ دوپپىسىغا جىگدە ساپسەن......سەن

مۇنداق قاراملىق، مۇنداق ئالدامچىلىقنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟

شەۋكەت يەنىلا ئۈنچىقمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەنگەنىدى. رەھمەتجان ئۇنىڭ ھېچكىمگە تىنماستىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى توپەيلىدىن، ھازىر شەھەردە بولۇۋاتقان ساراسىمە ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن توختالغاندىن كېيىن، تەلەپپۇزىنى سەل يۇمشىتىپ سورىدى:

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟

شەۋكەت ئۇنىڭغا لۆممىدە بىر قارىدى - دە، كېسىپلا جاۋاب بەردى:

— ياق.

— توڭدۇڭمۇ؟

— ياق.

— بىردەم ئۇخلىۋالامسەن؟

— ياق.

— راست گەپ قىل. ئۇنداق بولسا، دەرھال ئېتىڭنى مىن - دە، كەينىڭگە يان!

شەۋكەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چىقىپ، مەڭزىدە توختىدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى. چىرايى شۇنداق ئايانچلىق ئىدىكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، رەھمەتجان گويا بۇ ھالنى كۆرمەيۋاتقاندەك سۆزىنى تەكرارلىدى:

— دەرھال كەينىڭگە يېنىپ، كىچىچە سەيدىخان ئاچامنىڭ قېشىدا ئوبدان ئارام ئال. ئەتە سەھەر تۇرۇپ گوڭشېغا بېرىپ، ھەممە گەپنى ئايۇپكامغا ئەينەن ئېيت. ئۇ سېنى سەھەردە يولغا سېلىپ قويسۇن.

ھەممەيلەن بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىۋېلىشتى. رەھمەتجاننىڭ كۆزلىرى سۇرلۇك چاقنايتتى. شەۋكەت بىر ئۇنىڭغا،

بىر كۆپچىلىككە يەر ئاستىدىن ئايانچلىق تىكىلدى ـ دە، جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

رەھمەتجان كەسكىن بۇيرۇق ئاھاڭىدا ۋارقىرىدى:

— شەۋكەت! ئاڭلىدىڭمۇ؟ دەرھال ئاتنى مىنىپ يولغا چۈش!

شەۋكەت پاتقاق لايغا پېتىپ قالغاندەك ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقان پۇتلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ، ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئاتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئېگەر ئۈستىدىن نامان ئاكىنىڭ پاختىلىق تونىنى ئالدى ـ دە، ئالدىرىماي ئۈچىسىغا ئارتتى، ئاندىن بىر قولى بىلەن ئېگەرنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى ئاتنىڭ ساغرىسىغا ئۇزاتقاندا، بىردىن يۈزىنى ئېگەرنىڭ تەرلىكىگە ياقتى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. پۈتۈن ئەزايى بوشراق ئۇيۇتۇلغان لەگىپۇڭدەك تىترەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى پۈتۈن كائىناتنى تەئەججۈپكە سالدى بولغاي، كەڭ ئاسمان، چەكسىز دالا، بىپايان يۇلغۇنلۇق قوينىنى سۈكۈت قاپلىدى. نامان ئاكىنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ياش تامچىلىرى ساقاللىرىنى نەملىدى. سۇلايمان قاتارلىقلار ئېغىر «ئۇھ» تارتتى. رەھمەتجان چىشىنى چىشىغا باسقان ھالدا، يەرگە قاراپ جىم تۇراتتى......

— بالام، رەھمەتجان! — نامان ئاكا بىردىن جىملىقنى بۇزۇپ، رەھمەتجاننىڭ يېنىغا كەلدى، — شەۋكەت ھەقىقەتەن ئەقىلسىزلىك قىپتۇ. ئۇنى ھەرنېمە قىلسىڭىز ھەق. كېچىچە يالغۇز يول مېڭىپ، خېلى ئوبدان جاجىسىنى يەپتۇ. بۇ تېخى ئۇنىڭغا ئاز. لېكىن...... — بوۋاي بىردىن جىم بولۇپ قالدى. خېلىدىن كېيىن كېسىپلا دېدى، — شەۋكەتنىڭ ئورنىغا مەن ياكى سۇلايمان ئاخۇن قايتىپ، ئەھۋالنى ئايۇپ شۇجىغا مەلۇم قىلايلى. بۇنىڭغا ئۇنىمسىڭىز......

— شۇنداق قىلايلى، رەھمەتجان!

— شەۋكەتنىڭ كەتكىنىدىن، باشقا بىرىمىزنىڭ كەتكىنىمىز

تۈزۈك.

— شەۋكەت بۇ يەردىن كېتىدىغان بولسا، هامان بىر كۆزىمىز كەينىمىزدە قالىدۇ......

لېكىن رەھمەتجان ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمىدى. شەۋكەت يىغلىغىنىچە ئاتقا مىنىپ، سالپىيىپ كەينىگە ياندى......

شەۋكەت زادى قانچىلىك يول يۈرگىنىنى ئاڭقىرالمىدى، يولغۇن شاخلىرىنىڭ دەھشەتلىك قاراسلىشى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. تىۋۋا، ماۋۇ ئىشنى...... ئۇنىڭ ئالدىدا ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىن تۇراتتى! شەۋكەت نەدىمۇ ئۇلاردىن ئەيمەنگەي، خۇشاللىقتىن جېنى ئىچىگە پاتماي، ئۆزىنى ئات ئۈستىدىن يەرگە ئاتتى. بىر پەشۋا بىلەن مۇھەممەتئىمىننى ئوڭدىسىغا چۈشۈرۈپ، ئاباقنىڭ گېلىدىن بوغۇپ ئاستىغا باستى. ئىككىيلەن راسا يومىداقلىشىۋاتقاندا، مۇھەممەتئىمىن ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاباققا ياردەمگە كەلدى. «قاس - قۇس، گۇپ - گۇپ» قىلغان مۇشت، پەشۋا، كاللا ئاۋازىغا قىيا - چىيا، داد - پەرياد ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، تۈن قوينىنى لەرزىگە كەلتۈردى. شەۋكەت شۇنداق شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتىكى، ئۇنىڭ زەربىسى ئالدىدا، ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىن لاچىن سوققان نىمجان ئاق قۇشقاچتەك تىپىرلاپ، جان قايغۇسىدا داد - پەرياد كۆتۈردى، ھەتتا ئاباق ئىلگىرىكى ھىيلىگەرلىكنى ئىشقا سېلىپ، شېرىن - شېكەر سۆزلەر بىلەن شەۋكەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى. ھىم...... شەۋكەتنى كىم چاغلاۋاتىدىكىنا، ئۇۋ!...... شەۋكەت ئەمدى ھېلىقى گول بالا ئەمەس! ئۇنى شېرىن سۆزلەر بىلەن ئالداشقا ئۇرۇنۇش ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق! شەۋكەت ئاباقنىڭ ئاغزىغا بىر مۇشت سالغانىدى، ئاباق مىكىنجىندەك چىرقىراپ، قار ئۈستىگە تىك موللاق چۈشتى. شەۋكەت ئۆتۈكىنىڭ قونجىدىن پىچىقىنى

سوغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئەمما ھايال ئۆتمەي، ئاجايىپ كۈچلۈك بىر قول شەۋكەتنىڭ گېلىنى شۇنداق قاتتىق بوغدىكى، ئۇنىڭ ۋارقىراشقىمۇ قۇربى يەتمىدى......

× × ×

— بالام...... بالام شەۋكەت...... كۆزۈڭنى ئاچقىنا، جېنىم بالام!......

چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن شەۋكەت تەسلىكتە كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ يەنىلا كېسەلخانىنىڭ كارىۋىتىدا ياتاتتى. دەككە - دۈككىدە چىرايىنى مۇڭ باسقان ئابىدەم گەۋدىسىنى يېرىم ئەگكىنىچە كارىۋات يېنىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

شەۋكەت ئېغىر نەپەس ئالدى. ئابىدەم تىترەك ئاۋازدا سورىدى:

— بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

شەۋكەت قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— ياق.

— دوختۇرنى چاقىرايمۇ؟

— ياق.

بۇنداق سوئال - جاۋاب بىرپەس داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئابىدەم «ئۇ - ھ - ھ......» دەپ سوزۇپ بىر تىنىۋېلىپ، شەۋكەتنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. شەۋكەت ياتاقنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان نوغۇچ چىراغقا بىردەم تىكىلدى - دە، كۆزلىرىنى قىيا يۇمۇپ، بوگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى غىل - پال ئېسىگە ئالدى: ئۇنى يوقلىغۇچىلارنىڭ ئايىغى كۈنبويى ئۈزۈلمىدى. قولىنى رىنتگېنىدە سۈرەتكە ئالدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن رازاقمۇ ئۇنى

ئالاھىدە يوقلىدى ۋە رەھمەتجانلارنىڭ ئاباقلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزدى. شەۋكەت ئۇنىڭدىن قايتا - قايتا سوراپ، رەھمەتجانلارنىڭ قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى. رازاق چىقىپ كېتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە شەۋكەت خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمىدى. كېيىن، بىردىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۆزىنى گويا ئاباقلارنى قاچۇرۇپ قويغان جاۋابكاردەك سېزىشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىدىن نەپرەتلىنەتتى، سەسكىنەتتى. مۇبادا، ئاباقلار قولغا چۈشمەي قالغۇدەك بولسا، كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قانداق قاراشتىن غەم قىلاتتى...... ئويلايتتى، ئويلىغانسېرى خىياللىرى چېچىلىپ، كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولاتتى. بۇنىڭدىن يېرىم سائەتچە ئىلگىرى، شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى چالا - پۇچۇق ئىلىناشقانىدى، ئۇچاغدا ئويلىغانلىرىنى چۈشىدە كۆردى. خىجىل بولغىنىدىن، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئابدەمدىن يوشۇردى. ئەمما كۆڭلىدە: «راستىنلا ئاباقلارنى تۇتۇش جېڭىگە قاتناشسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە!» دەۋاتاتتى.

ئىشكىنىڭ «غىچچىدە» ئېچىلىشى شەۋكەتنىڭ خىيال قۇشلىرىنى يىراقلا ئۇچۇرۇۋەتتى. قولىدا چاققانغىنا كورا كۆتۈرگەن ئانار بوسۇغىدىلا تۇراتتى. ئۇ رەيھاننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەنىدى. شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشا - ئۇچراشمىاستىن، ئابدەم ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ، قولىدىن كورىنى ئالدى.

— ئانامۇ كەلمەكچىدى، — دېدى ئانار شەۋكەتتىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئابدەمگە ئۆزرە ئېيتىپ، — مېھمان كېلىپ قېلىپ ئۆيدىن چىقالمىدى. «ئەتە جەزمەن بارىمەن» دەيدۇ.

— رەھمەت، قىزىم، ئىككى - ئۈچ كۈنىڭىياقى ھەممىڭلار

نەچچە قېتىمدىن يوقلاپ كەلدىڭلار، سىلەرنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى قاچانمۇ ياندۇرۇپ بولارمىز؟! رەھمەت، ئۇبدان قىزىم، قولىڭىزغا قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىقار، ئىلاھىم!

ئانار ئابىدەمگە، رەيھان شەۋكەتكە زورلاپ يۈرۈپ، كورىسىدىكى پېتىر مانتىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي يېگۈزۈشتى. رەيھان بۇ مانتىلارنى ئانارنىڭ ئۆز قولى بىلەن تۈگكەنلىكىنى ئېيتقاندا، شەۋكەتنىڭ يۈرىكى ساما سېلىپ، ئانارغا يەر ئاستىدىن مەنىلىك قاراپ قويدى. ئانار ئوڭايسىزلانغىنىدىن يۈزلىرى لاپپىدە ئوت ئېلىپ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى. ئاستىدىكى ئورۇندۇق بىر يېنىغا قىڭغىيىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، قوللىرى ئىختىيارسىز ھالدا كارىۋاتنىڭ يان ياغىچىغا يېپىشتى.

ئاخىر، ئابىدەم ئۇنى بۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتقۇزدى:

— رەيھان بىلەن مەن كورىنى يۇيۇپ كىرەي، — ئانار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يولىنى توستى. لېكىن ئابىدەم نىيىتىدىن يانمىدى.

ئىشىك يېپىلغاندا، ئانار بىلەن شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتى. شەۋكەت ئانارنىڭ كۆزلىرىدە ئۆزىگە بولغان چەكسىز ھېسداشلىقتىن بۆلەك ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى. ئەكسىچە، ئانار شەۋكەتنىڭ كۆزلىرىدە پۇشايمان، خىجىللىق، ھەسرەت، قورۇنۇش، دىلغۇللۇق...... ئۇچقۇنلىرىنى كۆردى. ئانار شەۋكەتنى بۇ ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەتەي مۇنداق دېدى:

— ئادەمنى ئەجەبمۇ قورقۇتتىڭىز، شەۋكەت! ھېلىمۇ ياخشى، بۇنچىلىك بولۇپ قاپسىز......

شەۋكەت ئۈنچىقمىدى. ئانار قورۇنۇپراق سورىدى:

— بىر يېرىڭىز ئاغرىمايدىغاندۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟

ئانــار شــەۋكەتنىڭ چاناقلىرىــدا يــالتىراپ تۇرغــان يــاش مونچـاقلىرىنى كـۆرۈپ قالغانـدى. نـېمە قىلـىشنى بىلـمەي، ئۆرە تۇرغىنىچە قېتىپ قالغان ئانار سوئالىنى تەكرارلىدى:
— نېمىشقا يىغلايسىز، شەۋكەت؟
— ئانــار، مەن ئــازدىم! مەن ئالدانــدىم...... مەن...... — شــەۋكەت شـۇنداق ئايـانچلىق ئــاۋازدا ســۆزلەيتتىكى، ئانارنىــڭ كۆزلىرىگىمـۇ ئىختىيارسىز ياش كەلـدى. شـەۋكەت تونۇشـۇپ يەن شۇجى بىلەن رامىزان ئاكىغا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئانــارنى قاچــان، قايــسى ئىــشتا، قانــداق گەپــلەر بىــلەن ئالدىغانلىقىنىمۇ يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلىدى. ئـاخىردا قاتتىق ئۆكــۈنگەن ھالــدا، — ئانــار، مىنــى تىلــلاڭ...... مەن...... مەن...... — دەپ قېقىلىپ كەتتى.
ئانــار ئالــدىراش يانچۇقىــدىن يــاغلىقىنى چىقــاردى ـ دە، شــەۋكەتنىڭ يـاش تەرىـپىگە كېلىـپ، كـۆز ياشـلىرىنى ئـاۋايلاپ سۈرتۈشكە باشلىدى ۋە:
— شــەۋكەت، مەن ھەمــمە گەپنــى ئاڭلىــدىم...... ســىز ئوبدان، سىز...... — دېدى.
— نــېمە! — شــەۋكەت كــۆزلىرىنى چەكچەيتىــپ، ئانارغــا ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى، — كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟
— دادامدىن ئاڭلىدىم.
— ھە!...... قاچان ئاڭلىدىڭىز؟
— ئاخشام ئاڭلىدىم.
— مىنى تازا تىللىغانسىز؟
— بىكاردىن ـ بىكار نېمىشقا تىللايدىكەنمەن؟ دادام سىزنى ماختىدى دەڭە!
— راست گەپ قىلىۋاتامسىز، ئانار؟
شەۋكەتنىڭ قوللىرى ئانارنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانـدى.

ئانار قولنى تارتىپمۇ ئالمىدى. يىقىملىق كۆلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ چاقچاق قىلدى:

— مەن قاچان يالغان گەپ قىلغان؟ يالغانچىلىق دېگەن سىزدىن ئاشامتى؟! دادام بارغۇ، سىزنى: «شەۋكەت شۇنداق ئەقىللىك، شۇنداق يۇرەكلىك يىگىت بولۇپتۇكى، مەن بۇ قېتىم ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم!» دەپ ماختىغانىدى، ئانام: «نېمىگە قاراپ شۇنداق دەيسىز؟ بۇ چاغقىچە بۇنداق گەپلەرنى قىلمىغانىدىڭىزغۇ؟» دەپ سورىدى. بۇ چاغدا دادام: «ئىلگىرى ئۇ كىچىككىنە كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا، كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىپ زادى گەپ قىلغىلى ئۇنىمايتتى. بىلەمسىلە؟ بۈگۈن ئۇ يىگىتتەك ئىش قىلدى: كاللىسىدىكى ھەممە مالىماتاڭچىلىقنى باتۇرلۇق بىلەن ئېچىپ تاشلىدى. قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇ ئەمدى چوقۇم دادىسىدەك ئادەم بولىدۇ!» دېدى.

ئىككى جۈپ كۆز يەنە ئۇچراشتى. ئەمدى ئىككىلىسى ئىللىق كۆلۈمسىرەيتتى. لېكىن شەۋكەتنىڭ كۆلۈمسىرىشى ئانارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ كۆلۈمسىرىشىدە يوشۇرۇپ بولمايدىغان خىجالەتچىلىك بار ئىدى. بۇنى ئانار سېزىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ شەۋكەت بىرئاز جۈرئەتلىنىپ:

— سىزنىڭ ماڭا بولغان قارىشىڭىز بەلكىم رامىزان ئاكامنىڭكىدەك ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى.

— باياتىن مەن نېمە دېدىم؟ — ئانار سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى.

شەۋكەت بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن، ئانارنىڭ: «سىز ئوبدان...... سىز ئوبدان.......» دېگەن سۆزلىرىنى غىل - پال ئېسىگە ئالدى - دە، كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتتى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

— مەن ئەسكى ئەمەسمۇ؟ — دەپ تاشلىدى. ئانارمۇ

تۆپتۆزلا:

— ئۆزىڭىز قانداق بولسىڭىز، شۇنداق! — دېدى - دە، ئىتتىك قولىنى تارتىۋالدى. ئەمما ياغلىق شەۋكەتنىڭ قولىدا قالدى. ئۇ بۇنى قەستەن قىلدىمۇ ياكى ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ، بىلىپ بولمايتتى. شەۋكەت تېخىمۇ جۈرئەتلىنىپ سورىدى:

— مەن مەينەت - ھە؟

— ھە، مەينەت!

ئانار كۈلدى.

— سەت!

شەۋكەتمۇ كۈلدى.

— مەينەت! مەينەت!

— سەت! سەت!

— مەينەت! مەينەت!

ئانارنىڭ ھەم يۇمشاق، ھەم ئوتتەك ئىسسىق ئالقىنى شەۋكەتنىڭ ئاغزى ۋە مەڭزىگە كەينى - كەينىدىن بىرقانچە قېتىم يەڭگىلگىنە تەگدى. شەۋكەت ئۇ قولنى تۇتۇۋېلىشقا خېلىلا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، بەرىبىر تۇتالمىدى. بىر قولى ئاسما ئوكۇل بىلەن بەند قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوڭدا ياتقان ئادەمنىڭ پۇتۇن ئەركى ئۆز قولىدا تۇرغان ئادەمگە تەڭ كېلەلىگىنى نەدە بار؟!

ئىشىكنىڭ تىرىقلىشى ئۇلارنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئابدەم بىلەن رەيھان قايتىپ كىرگەنىدى. ئانار ئىتتىك ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، رەيھاننىڭ قولىنى تۇتتى.

— ئابدەم ئاچا، بىز قايتىپ كېتەيلىمىكىن؟

— ماقۇل، بالام، قار ياغقىلى تۇرۇپتۇ. بۇ قاراڭغۇدا قانداقمۇ كېتەرسىلەر؟ ئايدىڭ بولغان بولسىمۇ كاشكى......

— يولدا چىراغ بار ئەمەسمۇ؟ ۋېلىسىپىت بىلەن بىردەمدە بېرىپ بولىمىز.

— ماقۇل، قىزىم. ئاۋايلاپراق مېڭىڭلار......

ئانار ئابىدەمنىڭ قولىدىن كورىنى ئېلىپ، رەيھان بىلەن بىللە ئىشىكتىن چىقتى. شەۋكەتكە «خوش» دەپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى دەسلەپ شەۋكەتنىڭ كۆڭلىگە كەلدى، كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى خۇشاللىقىدىن ئويناپ، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئۆز قولىدا ئانارنىڭ ياغلىقى تۇرغانلىقىنى سەزگەندى. ئابىدەم ئانارنى ئۇزاتقىلى چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەۋكەت ياغلىقنىڭ بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ، قاتلىقىنى ئاچتى - دە، ئۇنىڭغا پۈتۈن زېھنى بىلەن تىكىلدى: بۇ پاكىزە ياغلىقنىڭ چۆرىسىگە ئاق يىپەكتىن چۇچىلىق كەشتە تۇتۇلغانىدى، بىر بۇرجىكىگە ئۆرۈكنىڭ چېچەكلىگەن بىر تال شېخىغا قونۇپ، بىر - بىرىگە يېقىملىق بېقىشىپ سايراۋاتقان بىر جۇپ تۇمۇچۇق كەشتىلەنگەنىدى.

شەۋكەت ئۇنى بىركىمنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئىتتىك قاتلاپ، يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقتى - دە، يۈرىكىگە مەھكەم باستى......



# ئون يەتتىنچى باب

## بەربات بولغان خام خىيال

— ئەجەب ياغدى بۇ قار، ئەجەب ياغدى!

— ياغسۇن! مىنى دىسە، ھەممە يەر قار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتسۇن!

— تازا گەپلىرىڭ بار - دە، سىنىڭ! ھەممە يەر قار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتسە، سەن بىلەن ماڭا نىمە پايدىسى!

— «نىمە پايدىسى» دىگىنىڭنى قارا! قار دىگەن خۇدانىڭ رەھمىتى، ئۇكا! كۆرىسەن، يەنە مۇشۇنداق ئىككى - ئۈچ كۈن يىغىپ بىرىدىغان بولسا بارغۇ، ئۈچ ۋاقلىق تامىقىڭغا كەكلىك بىلەن ئۈلار گۆشى يەپ سىيىق كىكىرىپ كىتىسەن دىگىنە! ئۇغۇ تۇرۇۋەرسۇن، ھەممىدىن مۇھىمى — بىزنى «ئوۋلايدىغان»لارنىڭ يولى كىسىلىدۇ...... ھە - ي...... بالىسەن - دە، بالا! ئۈلۈشكۈن مەن مۇشۇ يەرگە كىلىشنى ئىيتقاندا، خىلىلا دىلىغۇل بولدۇڭغۇ دەيمەن؟ بەلكى ئۇ چاغدا، مۇشۇنچىلىك ئامان قىلىشىمىزغا كۆزۈڭ يەتمىگەن بولغىيدى؟ ھىچقىسى يوق. ئۆتكەنكە سالاۋات، دەپتىكەن! مانا بۈگۈن كۆردۈڭغۇ، ناشتىلىقىمىزغا ئۈلگۈرتۈپ، خۇدايىم ئىككى دانە كەكلىك يەتكۈزۈپ بەردى. ئەگەردە مەن سەللا چاققانلىق قىلغان بولسام، بىراقلا يەتتە - سەككىزنى جايلايتتىم...... خەپ...... تاڭ ئاتسۇنچۇ، شۇنداق

ئوۋلايمىزكى، ئەسلىي تاماشا مۇشۇ يەردە ئىكەن، دەپ قالىسەن!
ھوي، جىمىپ كەتتىڭغۇ! ئۇخلاۋاتامسەن نېمە؟

— نەدىكى ئۇيقۇكەن ئۇ! ھەي......

— يەنە تولغىنىۋاتقان تۇتقىلى تۇردىغۇ! ئۆينى سېغىنىپ كەتتىڭمۇ - يا؟

— قويغىنا، پاشىدەك گىڭشىداۋەرمەي! «ئىشەك ئۆلسە، كۆتىنى غىجەك[1] تارتىپتۇ» دېگەندەك، نەدىكى تۆكى يوق گەپنى قىلىۋېرىدىكەنسەن! يەنە نەچچە كۈن مۇشۇنداق ئۆتىدىغان بولسا، ئادەمنى سارالڭ قىلىپ قويىدىغان ئوخشايسەن!

— تېرىكمە ئۇكا، تېرىكمە! سېنىڭغۇ چاقچاق قىلغۇچىلىكى يوق بىرنېمە ئىكەنلىكىڭنى ئەزەلدىن بىلەتتىم...... ھەي مېنىڭ ئاغزىم! زېرىكىشنى باسارمىكىن، دەپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ تاشلىغىنىمغا تويغۇزۇۋەتتىڭغۇ! بوپتۇ، گەپ قىلمىدىم!

ئاباق چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى - دە، يوغان بىر تال ئوتۇننى گۈركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇستىگە تاشلىدى. نەچچە تال چوغ ئوت - چۆپ باغلاملىرى بىلەن قىلىپ قويۇلغان گەمە ئىشىكى تەرەپكە دومىلىدى. مۇھەممەتئىمىن قېلىن يېپىنلغان ئوت - چۆپ ئۇستىگە سېلىنغان گۈللۈك كۆرپە ئۇستىدە قولىرىنى بېشى ئاستىغا قويغان ھالدا داليىپ ياتاتتى. نەچچە كۈنگىچە ئەسكى تاملىقلار، قىش كۈنلىركى سۈيى توختاپ كېتىپ، ئىشتىن توختىغان سوقا - تۆگمەنلەردە لالما ئىنتقا ئوخشاش يېتىپ - قوپقىنى ئاز كېلىپ، تويتوغرا ئىككى كېچە - كۈندۈز ئات ئۇستىدە چۆل - جەزىرە كېزىش مۇھەممەتئىمىننى پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ھېلىقى يۇلغۇنلۇقتا بىر -

---

[1] غىجەك — غىجىر، تاز قارا، مەخسۇسلا چارۋىلارنىڭ چىرىگەن تاپلىرىنى يەيدىغان بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. — ئاپتور.

ئىككى سائەت مۆگدىۋالغانىكەن، بولمىسا ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى...... مۇھەممەتئىمىن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئورنىدىن تۇرماي ياتتى، ئۇخلىدىمۇ، ئۇخلىمىدىمۇ، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كەچ كىرەرگە يېقىن، ئاباقنىڭ زورى بىلەن ئاران نەچچە قوتاننى «سەيلە» قىلدى. مۇنار - مۇنار ئوت - چۆپ، سۆكسۆك، يۇلغۇن دۆۋىلىرىنى كۆرۈپ، خېلىلا كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ قالدى. ئاباقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ خاتىرجەم قىشتىن چىقالايدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى. قىشنىلا چىقىرىۋالسا، ياز دېگەندە، «پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا» دەپ كۆڭۈل خالىغان يەرگە بېرىش مۇمكىن. بېيجىڭ دەمسەن، شاڭخەي دەمسەن، خاڭجۇۋ......دەمسەن، نەگىلا بارساڭ باي بالىسىدەك جان باقالايسەن. تېخى ئېپىنى تاپالىساڭ، بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقاقتا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھازىر مۇنداق قىلىۋاتقانلار ئازمۇ؟ مۇشۇنداق نەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈۋالساڭ، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش باشقىچە بولىدۇ: رامىزان، لاۋيەن دېگەنلەر جەھەننەمگە ئۆزىمىغاندىمۇ، چوقۇم ئۆزلىرىنى تۈرمىدە كۆرۈشىدۇ! مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئاباق بولسا...... نېمە بولاركىن؟ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك، ياق، تېخى ئۈچ - تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك بالا - چاقىلىرى بىلەن كىچىك ماشىنىلاردا سەيلە قىلىدۇ!

ھەپتىدىن بۇيان، مۇھەممەتئىمىن بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئاشۇنداق شېرىن خىياللارنى سۈرگەنىدى. ئەپسۇسكى، باياتىنقىدەك ئاباق ئەتىگەن ئۇنىڭغا يىگۈزگەن بىر چىشلەم كەكلىك گۆشىنى مىننەت قىلىپ، ئاغزى بىسىلماي كاپىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى مۇھەممەتئىمىنگە ئاز ئەلەم قىلدى دەمسىز؟ خەپ، بۇ كۈنلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتسۇنچۇ! مۇھەممەتئىمىن تازا

بىر ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويمىسا ھېساب ئەمەس! مەيلى، ھازىر ئاباق چۆچۈرىنى خام ساناپ، نېمە دەپ ئۆزىنى ئوخشاتسا، ئوخشىتىۋەرسۇن! مۇھەممەتئىمىن بۇنىڭغا چىدايدۇ!

مۇھەممەتئىمىن قىيا يۇمۇقلۇق كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى: يەتتە- سەككىز كىشى كەڭ - كۇشادە يېتىپ - قوپقۇدەك ئازادە ياسالغان گەمە ئىچى كۆندۈزدەك يورۇق ئىدى. تۆگۈلۈكتىن ئۇدۇللا ئوت ئۈستىگە تۆكۈلۈۋاتقان قار يەرگە چۈشمەستىنلا ئېرىپ كېتەتتى. ئاباقنىڭ جېنى تۆمۈرمىكىنتاڭ؟ شۇنچە ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، گەمە ئىچىنى بىر ئوبدان سەرەمجانلاشتۇردى. يالقۇن گۈگۈشىي بازىرىدىن سېتىۋالغان ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، قازان - قومۇچ دېگەنلەرنى تېگىشلىك جايىغا تىزىپ چىقتى. دۆۋە - سۆكسۆك، يۇلغۇن ئوتۇنلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، گەمە ئىچىنى مەش قويۇلغان ئۆيدەك ئىسسىتىۋەتتى. ئاتلارنى ئوتقا قويۇپ، ئېرىتىلگەن قار سۈيى بىلەن سۇغاردى. گەمىنىڭ ئاغزىنى ئوت - چۆپ باغلاملىرى بىلەن توسۇپ، شامال كىرمەيدىغان قىلدى. ھازىر ئۇ يېلىنىڭ چاپان بىلەنلا ئولتۇراتتى. يېرىم پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەردە پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلگىنىچە، كەلگۈسى پىلانلىرى ئۈستىدە ئويلاۋاتاتتى. بەزىلىرىنى ئىچىدە بىلىپ، بەزىلىرىنى مۇھەممەتئىمىنگە ئېيتاتتى. مۇھەممەتئىمىن تولا تەكرارلاۋېرىلگەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىشتىن زېرىككەچكە، ئەمدىلىكتە ئانچە قۇلاق سېلىپمۇ كەتمەيۋاتاتتى، ھەتتا تېرىكىۋاتاتتى. مەيلى، تازا زېرىكسۇن! ئاباقمۇ ئەخمەق ئەمەس - دە! ئاباق بۇنداق ياخشى پاناھ جاينى ئاسان تاپقان دەمسىز؟ ئۇ ئىنقىلابىي كومىتېتنىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىش بىلەنلا، ئۆزىنىڭ تۇرمە سىرتىدا ياشايدىغان كۈنلىرى ساناقلىقلا قالغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق سەزدى. جان قايغۇسىدا نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ، ئاخىر بىر

چاغلاردا بۇغراجان بىلەن بىللە ئوۋ ئوۋلاپ، بىللە تونىگەن مۇشۇ گەمىلەرنى يادىغا ئالدى. بىر شوپۇر دوستىنىڭ قاراتاغ دادۈيىگە خىمىيەۋى ئوغۇت ئاپىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە دۆڭقوتان، ئارا قوتانلاردا ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈردى. ئاندىن بىر دوختۇر ئاغىنىسىگە بىر ھەپتىلىك ئىسپراپكا يازدۇرۇپ، بالىسى ئارقىلىق زاۋۇتقا چىقارتىپ بەردى - دە، «ئوۋ ئوۋلاش»قا كىرىشىپ كەتتى...... ھەممە تەييارلىق پۈتكەندى. كۈتۈلمىگەندە، مۇھەممەتئىمىن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قالدى. بۇمۇ يامان بولماپتىكەن. يالغۇز ئادەمنىڭ بۇنداق بىپايان چۆللۈكتە يوشۇرۇنۇپ يۈرگىنىدىن يېنىدا بىرەر ھەمراھىنىڭ بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟! قېنى، ۋاقتى كەلسۇنچۇ، ئاباق ئۇنى بىردەمدىلا......

— ئاباقكا! — مۇھەممەتئىمىن تۇيۇقسىز چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئاڭلىدىڭمۇ؟ تاشقىرىدىن غەلىتە بىر شەپە ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

— شەپە؟ يان گەمىدىكى ئاتلار بىر - بىرى بىلەن تالىشىۋاتامدىكىن؟

ئاباق ئېرەنسىزلىك بىلەن ئوتنى ئۇلغايتىشقا باشلىدى.

— ياق، بۇ شەپە شەرق تەرەپتىن كېلىۋاتىدۇ.

— يا بۆرە قوغلىغان كېيىك توپىدۇ. نېمانچە ئەنسىزلىك قىلىسەن، ئۇكا!

— ئەنسىزلىك قىلىۋاتقىنىم يوق. تۈزۈكرەك قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ باققىنا!

— تىڭشىسام، تىڭشىمىسام، ئوخشاشلا شۇ گەپ! «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلماي، خاتىرجەم يېتىپ، ئۇيقۇڭنى ئۇخلاۋەرگىنە!

— ئەستاغپۇرۇللا! قۇلىقىڭ گاسمۇ نېمە سېنىڭ؟!

— ھەئە، گاس! ھەم گاس، ھەم كالۋا بولغاچقا، سېنى مۇشۇ

يەرگە باشلاپ كەلدىم ئەمەسمۇ!

ئاباق مۇھەممەتئىمىنگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. بۇ مۇھەممەتئىمىنگە شۇنداق ئەلەم قىلدىكى، ئۇ ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۇدەك بولدى. لېكىن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان هالدا، يۇگۇرگەن پېتى گەمىنىڭ «ئىشكى»نى بىرلا ئىتتىرىپ تاشقىرىغا چىقتى ۋە:

— ئات...... ئەنە...... ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ! — دېدى بارغانسېرى ئاۋازى پەسلەپ.

— نېمە؟ قانداق ئاتلىقلار؟

ئاباق قاتتىق تېپىلگەن پۇتبولدەك قاڭقىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا مۇھەممەتئىمىننىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

ئۇلار گەمىگە كىرىپ - چىقىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۇچۇن قىيپاچ كولانغان ئازگالدا تۇرغاچقا، يەر ئۇستىگە بېشىلا چىقىپ تۇراتتى. ئەتراپ ئاق قار بىلەن قاپلانغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە هاۋامۇ بىرئاز ئېچىلىپ قالغان بولغاچقا، خېلى يىراقتىكى قارا - قۇرا نەرسىنى ئوڭاي پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

مۇھەممەتئىمىن يالغان سۆزلىمىگەنىدى: شەرق تەرەپتە — بىرەر يۈز قەدەمچە نېرىدا يوغان - يوغان، قارا - قۇرا نەرسىلەر كۆرۈندى، ھەتتا قارنىڭ «غاراس - غۇرۇس» قىلغان ئاۋازىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاندى.

— ئاتلارنى ئاچقىپ، بىر تەرەپكە ماڭساقمىكىن؟ — دېدى قورقۇنچلۇقتا ھەممە يېرى جالاقلاپ تىترەۋاتقان مۇھەممەتئىمىن.

— بىر تەرەپكە ماڭساق؟ — ئاباق كەسكىن رەت قىلدى ۋە كۆزىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ مۇھەممەتئىمىنگە ئالىيىپ قاراپ قويدى، — ھېچ يەرگە ماڭمايمىز...... ھودۇقما! تاپانچاڭ يېنىڭدىدۇ؟

— مانا قولۇمدا.

— ئوقلاقلىقمۇ؟
— ئوقلاقلىق، ئاتايمۇ؟
— ياق، تازا يېقىنلاپ كەلسۇن......
— بىزنى قوغلاپ كەلگەن بولماي، باشقا ئىش بىلەن كېلىپ قالغانلار بولسىچۇ؟
— كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئىشقىلىپ ئادەملا بولىدىكەن، بۇ يەردىن تىرىك كېتىپ قالسىلا بىزنى تۇتۇپ بەرمەي قالمايدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟

مۇھەممەتئىمىن جاۋاب بەرمىدى. جاۋاب بەرمەسلىكى ئۇنىڭمۇ ئاللىقاچان مۇشۇنداق ئويغا كېلىپ بولغانلىقىدىن ئىدى.

— ئىككىيلەن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تاپانچىلىرىنى ھەرقاچان ئېتىشقا تەييار تۇرغان ھالدا، ئۆزلىرى تەرەپكە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ھەربىر قەدىمىنى دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە. ھەربىر تاۋۇشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سالماقتا.

ئاتلىقلار بارغانسېرى يېقىنلاپ، قىرىق - ئەللىك قەدەمچە ئارىلىق قالدى. بارماقلار تاپانچىلارنىڭ تەپكىلىرىنى بېسىشقا تەييارلاندى.

ھاۋ...... ھاۋ...... ھاۋ......

بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا، ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان بىر ئىت ئاتلىقلاردىن يىگىرمە قەدەمچە ئىلگىرىلەپ، قول ئۇزاتسا يەتكۈدەكلا يەرگە كېلىپ قالدى. يەنە بىرلا ئوقچىسا، ئاباقلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى تۇرغان گەپ ئىدى...... ئاباقمۇ بوش ئادەم ئەمەس! ئۇنىڭ كاللىسى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدەك قىلچە خاتاسىز ئىشلەۋاتاتتى: «بۇ ئىتنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى بىر بالا ئىكەنغۇ؟ ئەگەر ئۇ ئۈستىمىزگە تاشلىنىدىغان بولسا......؟ ياق، ھەممىدىن

بۇرۇن ئۇنى جايلىۋەتمەي بولمايدۇ!»
ئاباقنىڭ بارمىقى تەپكىنى بىسىۋەتتى. مۇھەممەتئىمىنمۇ ئاتلىقلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان نەچچە پاي ئوق ھىلىقى بوراندەك ھەيۋە بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن ئىتنى يەر چىشلەتتى. يەنە بىر ئاتمۇ ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەينى پۇتلىرى بىلەن ئۆرە بولۇپ، جان ئاچچىقىدا قاتتىق بىر كىشنەپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. يەنە ئۈچ ئات دەم ئوڭغا، دەم سولغا، دەم ئالدىغا، دەم كەينىگە زوقچۇپ، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرغان ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش كويىدا تىپچەكلەيتتى. دەم خارتىلداپ، دەم ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەنسىز كىشنەپ، بىر ئورنىدا پىرقىرايتتى. بىراق ئىگىلىرى تىزگىنلىرىنى شۇنداق مەھكەم تۇتۇۋالغانىدىكى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ رايىغا باقمايتتى......
كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىننىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار باشلىرىنى پەس قىلىشقا مەجبۇر بولدى.
— يولداشلار، ئاتتىن چۈشۈڭلار! — بۇ سول ئوقرىكىدىن يارىلانغان رەھمەتجاننىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا جان تالىشۋاتقان ئاتنىڭ گەۋدىسىنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىنگە قارىتىپ ئۆزمەي ئوق ئاتقاچ ۋارقىرىدى، — ئاتلارنى قويۇۋېتىپ، دەرھال مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار! تېز!
ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق ھەيۋەت جاراڭلىدىكى، بۇ ئاۋاز ئالدىدا ئۆزۈلمەي ئېتىلىۋاتقان تاپانچا ئوقلىرىنىڭ ئاۋازى گويا «چاچراتقۇ» سالغۇچى موماي قوقاسقا كۆمگەن خىمىر كۆملىچى يېرىلغاندا چىققان ئاۋازچىلىكلا ئاڭلىناتتى......
رەھمەتجان بىر تەرەپتىن بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، يولداشلىرىنى تېزرەك ئۆز يېنىغا كېلىشكە ئۈندىسە، يەنە بىر

تەرەپتىن، جەينىكنى ئاتنىڭ بويىنغا تىرەپ، توختاۋسىز ئۇق ئېتىپ، ئاباقلارنى باش كۆتۈرگۈزمەيتتى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا، ھەممەيلەن رەھمەتجاننىڭ يېنىغا جەم بولۇشتى. ئۇلار مەيدىسىنى يەرگە چاپلاپ، ئۆلۈك ئاتنىڭ دالدىسىدا يېتىشاتتى، رەھمەتجان ئاباقلار يوشۇرۇنغان گەمىدىن كۆز ئۈزمەستىن پەس ئاۋازدا سورىدى:

— نامان ئاكا، بۇ گەمە باشقا گەمىلەر بىلەن تۇتىشامدۇ؟

— ھېچ يەرگە تۇتاشمايدۇ.

— چىقىپ كەتكىلى بولىدىغان باشقا ئېغىزى بارمۇ؟

— يوق. ھە، راست، ئۈستىدە تۈڭلۈكى بار.

«بىز باشتىلا قاتىللارنىڭ قولىدا قورال بارلىقىنى مۆلچەرلىمەي، ناھايىتى چوڭ خاتاغا يول قويغانىكەنمىز. ھېلىمۇ ياخشى، ئادەم چىقىم تارتمىدۇق...... — دېدى رەھمەتجان ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى قوراللىق ئىكەن. ئوقمۇ ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ. كۈتۈلمىگەن خەتەرلىك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلايلى......»

— ۋاسىل، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — سىز ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شىمال تەرەپ بىلەن گەمىنىڭ ئۈستىگە چىقىڭ. مەن بۇيرۇق بەرمىگۈچە، ھەرگىز ئوق چىقارماڭ.

— ماقۇل.

ۋاسىل يەر بېغىرلاپ ئۆمىلىگىنىچە، ئاتنىڭ دالدىسىدىن يىراقلاشتى.

— مەنچۇ؟ مەن نېمە ئىش قىلىمەن، بالام؟

— سىلى بەك چارچاپ كەتتىلە. مېنىڭ قېشىمدا ئارام ئالسىلا......

— نېمە دەۋاتىسىز، بالىمەي! مەنلا چارچاپ كېتىپتىمەنمۇ!

سىلەرچۇ؟ ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ! مېنىمۇ بىر ئىشقا بۇيرۇڭ، بولمىسا ئۇدۇللا گەمىگە بېرىپ، ئۇ ئىككى شۇمقۇشنى ئۆزۈملا جايلايمەن!

— نامان ئاكا! — رەھمەتجاننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — سىلى ياشىنىپ قالغان ئادەم تۇرۇقلۇق، بىزگە شۇنچە ياردەم قىلدىلا. مۇشۇ ياردەملىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ! قاراپ تۇرۇپ سىلىنى بۆرىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىشكە ھەققىم يوق......

— بۇ گەپچە، مېنى كۆزگە ئىلمايۋېتىپسىز - دە! بۆرىمىش تېخى! بىلىپ قويۇڭ: ئۇلار بۆرە بولسا، مەن يولۋاس.

بوۋاي گېپىنى تۈگىتىپلا، ئاتىنىڭ قۇيرۇقى تەرەپكە قاراپ ئۆمىلەشكە تەمشەلدى. بۇنى سېزىپ قالغان رەھمەتجان «شارتتىدە» يانغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ جۇۋىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلدى. بۇ چاغدا، رەھمەتجاننىڭ يارىسى شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ كەتتىكى، پېشانىسىدىن «پۇررىدە» تەر چىقىپ، قاشلىرى ئارىسىدا توختىدى.

— نامان ئاكا، گەپكە كىرسىلە! — دېدى رەھمەتجان كەسكىن بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن، — قاراپ تۇرۇپ پىلاننى بۇزمىسىلا!

نامان ئاكا يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ، بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ رەھمەتجان تەرەپكە بۇرىۋىدى، «پاڭ - پۇڭ، پاڭ - پۇڭ......» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، بېشىدىن تۇمىقى ئۇچۇپ چۈشتى. رەھمەتجان بىرلا ئوقچۇپ، ئۇنى يەرگە يىقىتتى ۋە:

— نامان ئاكا! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— بالام، مەن ساق......

— ئوق تەگمىگەندۇ؟

— ياق تەگمىدى.

— كەينىلىرىگە يانسىلا!

بوۋاي گەۋدىسىنى ئاتنىڭ دالدىسىغا ئالدى. رەھمەتجان

ئىتتىك جايىغا كېلىپ، ئاباقلارغا قارىتىپ كەينى ـ كەينىدىن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. خىجالەتچىلىك ئىلكىگە چۆمگەن نامان ئاكىمۇ قوش نولۇق ئوۋ مىلتىقىنى سايراتتى.

ئېهتىمال، ئاباقلار ئوقنى ئايايراق ئىشلەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئەمدى قالايمىقان ئوق چىقارمايتتى......

قار بىرئاز پەسەيدى. ئاسماندا ئاندا ـ ساندا يۇلتۇزلار پەيدا بولدى. ئاي تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. ۋاقىت ناهايىتى ئاستا ئۆتمەكتە. سوغۇقنىڭ كۈچىدىن يوغان جۇۋىلار، قېلىن پىيمىلار گويا نېپىز پايپاق ياكى كۆڭلەكتەك بەدەنگە يۇقۇشمايتتى. چىشلار كاسىلدايتتى. كۆزلەر گەمىنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىغا مىختەك قادالغىنىچە قادالغانىدى. رەهمەتجان ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئوق ئۈزگەچ، كۆڭلىدە خىلمۇخىل پىلانلارنى سوقاتتى. لېكىن ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمەي، هېلى ئۇ پىلانىدىن ۋاز كەچسە، هېلى بۇ پىلانىدىن ۋاز كېچەتتى. «بۇيەردە ياتقىنىمىزغا ئىككى سائەتچە بوپتۇ. يەنە مۇشۇنداق نەچچە سائەت ياتىدىغان بولساق، پۇت ـ قولىمىزنى ئۈششۈتۈپ، كېرەكتىن چىقىرىۋالىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۈچىمىز بىر بولۇپ ماۋۇ ئاتنى گەمە تەرەپكە ئىتتىرسەك......»

مۇشۇ خىيال رەهمەتجاننىڭ كاللىسىدا غىل ـ پاللا پەيدا بولغان چاغدا، ئۇنىڭ كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ، كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە گەۋدىلەندى، يۈرىكى غەلىبە شادلىقى بىلەن ئويناپ، هېيت ـ ئايەمدە چېلىنغان ناغرىدەك گۈپۈلدەيتتى.

— كېلىڭلار، — دېدى ئۇ هاياجانلىق، ئەمما پەس ئاۋازدا، — ماۋۇ ئاتنى گەمە تەرەپكە ئىتتىرەيلى. قېنى، هە. ......

نامان ئاكا بىلەن سۇلايمان ئېچىدە ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، دەرهال ئىشقا كىرىشىپ كەتتى......

ئۈچ ئادەمنىڭ كۈچى دېگەن ھەقىقەتەن قالتىس نەرسە ئىكەن! قاراڭ، نەچچە يۈز كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى ئاتنىڭ ئۆلۈكى

بىرئىلىك، ئىككى ئىلىك،...... بىر غىرىچ، ئىككى غىرىچلاپ سۈرۈلۈۋېرىپ، ئاخىرى گەمىنىڭ ئىغىزىغا يېتىپ كەلدى. ئەقىل - پاراسەتتە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان، «خۇدايىتائالالا كېچىدىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزسىلا» ئۆزىنىڭ يېپىگە چۈشكەن بۇ تۆت «سولتەك»نى «جەھەننەمگە يولغا سېلىش»قا چەكسىز ئىشەنچ باغلىغان ئاباقىنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. پۇت - قولىدىن ماغدۇر كېتىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ ئاتىنىڭ ئۆلۈكى سۈرۈپ كەلگەن بىر دۆۋە قار باش - كۆزىگە كوركىراپ تۆكۈلۈشكە باشلىغاندىلا ئېسىنى يىغىپ، ئەسەبىيلەرچە قالايمىقان ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. بىراق ئۇ كېچىككەندى: ئاتىنىڭ ئۆلۈكى ئازگالدا ئىككىلا يۇمىلاپ، ئۇنى يىقىتتى - دە، ئىككى پۇتىنى يوتىسىغىچە بېسىۋالدى. قولىدىكى تاپانچىسى قارغا چۈشۈپ غايىب بولدى. ئەكسىچە، مۇھەممەتئىمىن چېكەتكىدەك سەكرەپ، گەمە ئىچىگە كىرىپ ئۆلگۈردى. رەھمەتجانلارمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، گەمىنىڭ يەر يۈزىدىن يېرىم مېتىرچە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۆگزىسىگە چىقىۋالدى. ۋاسىل تۆگىلۈك بېشىدا ماراپ ياتاتتى. رەھمەتجان گەمىنىڭ ئىغىزى ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاپانچىسىنىڭ ئاغزىنى پەسكە قاراتقان ھالدا، ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— مۇھەممەتئىمىن، دەرھال قورالىڭنى تاشلاپ، تاشقىرىغا چىق! جاھىللىق قىلساڭ ئېتىپ تاشلايمىز!

گەمىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئاباق يىڭنە يېگەن ئىتتەك غىڭشىيتتى. رەھمەتجان بۇيرۇقنى نەچچە قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، مۇھەممەتئىمىن زادىلا پەيلىدىن يانمىدى. ئۇ جىنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى: ھېلى ئىشىككە، ھېلى تۆگىلۈككە قارىتىپ ئوق ئاتاتتى. بىر مىنۇت بولسىمۇ ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇپ، قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن،

قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرغان ئەجەلنى يەڭمەكچى بولاتتى.

ئۇ ياشىماقچىدى.

«ئىنقىلاب» يىللىرىدا ئۆتكۈزگەن شاھانە تۇرمۇش، ھەممەپەس يارەنلىرى، «جەڭگىۋار سەپداش»لىرى بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى: قىسمەت شۇنداق ئىكەن، ئوسمان مۇدىر قولغا ئېلىنىش ئالدىدا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈۋېلىپ، مۇھەممەتئىمىننىڭ قاراقۇمدىكى ئىزىنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋەتتى (رەھمەتلىكنىڭ جايى جەننەتتە بولسۇن!)، ۋاڭ جۇڭتاۋ شەھەرلىك پارتكوم بىناسىغا ئوت قويۇشنى پىلانلىغان ۋە باش بولۇپ ئوت قويغان جىنايىتى ئۆچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەقلى بار ئىكەن، ئوت قويۇشقا قوشۇلمىغانىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە، ئىنقىلابىي كومىتېتتا داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشكە قالدۇرۇلدى. كېيىن...... ھە - ي...... ئۆزىدىن ئۆتكەن...... ھەممىسى مۇشۇ ئاباق قارا يۈرەك ئوغرىنىڭ كاساپىتى! مۇھەممەتئىمىننىڭ تاپانچىسىدا ئىككى تاللا ئوق قالغانىدى، ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى...... چەكچەيگەن كۆزلىرىنى دەم ئىشىككە، دەم تۈڭلۈككە تىكەتتى. قاپقانغا چۈشكەن تۈلكىدەك جان ۋەسۋەسىسىدە تېپىرلايتتى......

ئاخىر ئۇ كەسكىن قارارغا كەلدى: ئاۋۋال ئۆزىنى مۇشۇنداق رەسۋاچىلىققا سالغان ئاباقنى بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىمۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشماقچى بولدى.

ئەپسۇسكى، مۇنداق قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى: ئۇ ياشاشنى خالايتتى! تۇرمىدە مىڭ يىل يېتىپ سېسىپ كېتىشكە رازى ئىدىكى، ھەرگىزمۇ ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايتتى!!!

«ئەخمەق! ئالمادىس، قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسام، ھەممە بالا - قازانى ئاباققا دۆڭگەپ قويسام ئىش پۈتمەمدۇ؟! كىم بىلىدۇ

تېخى، بىرمەزگىل ئۆتۈپ، جاھان شۇنداق ئۆزگىرىپ قالسا......»

مۇھەممەتئىمىن مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، رەھمەتجان يەنە بىر قېتىم ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى:

— مۇھەممەتئىمىن! — دېدى ئۇ گۇلدۈرماما دەك ھەيۋەتلىك ئاۋازدا، — ئەگەر جاھىللىق قىلىدىغان بولساڭ، ھازىرلا ئېتىپ تاشلايمىز!

ئۇلىشىپلا، ئىشكتىن بىر پاي، تۈڭلۈكتىن بىر پاي ئوق ئۇچۇپ كىرىپ، بىرى مۇھەممەتئىمىننىڭ بېشىدىن بىر غېرىچچە يۇقىرىغا، يەنە بىرى ئوڭ پۇتىنىڭ پاقالچىقىدىن تۆتلۈك نېرىغا تەگدى. مانا شۇچاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ سىرتتىكىلەرنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمەيدىغانلىقى؛ ئەكسىچە، سىرتتىكىلەرنىڭ ئوتنىڭ يورۇقىدا ئۆزىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيدىغانلىقىنى غىل - پاللا ئېسىگە ئالدى - دە، ئۆرە تۇرۇپلا جېنى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، پۇت - قولى لەسسىدە بوشىشىپ، تاپانچىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى، كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى كۆرمەي قالدى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە، ئىشكتىن يولۋاستەك ئېتىلىپ كىرگەن رەھمەتجان بىرلا چاپۇتلاپ، ئۇنى تىك موللاق چۈشۈردى - دە، ئۈستىگە مىنگەشتى. ئەمدى ئۇ جاننىڭ نەقەدەر تاتلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى......

× × ×

تۈننىڭ كېيىنكى يېرىمى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋە خاتىرجەم ئۆتتى: گەمە مونچىدەك ئىسسىتىلدى. ئۇيقۇ دېگەن نەرسە ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھېچكىمدە ھارغىنلىقنىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. بىرىنى يەنە بىرىنىڭ دۈمبىسىگە يۆلەپ، قوللىرى كويزا بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇلغان ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىن گەمىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ، بېشىنى يەردىن

ئۇستۇن قىلماي ئولتۇرۇشاتتى.
نامان ئاكا چاقچاق قىلدى:
— ھەي «پالۋان»لار، ھەي «پالۋان»لار...... چۆچۈرىنى خام ساناپتىكەنسىلەر - دە؟!
ۋاسىل قوشۇمچە قىلدى:
— بۇ ئۇلارنىڭ كەسپى تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ئۆز كەسپىگە ئاسىيلىق قىلالىسۇن!
— شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭىز، — ئوقىرىكى ناماان ئاكىنىڭ بەلبېغى بىلەن تېڭىلغان رەھمەتجان گۇلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان سەپداشلىرىغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى، — باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش كويىدا بولغانلارنىڭ ھەرقاندىقى مۇشۇ «پالۋان»لار ماڭغان يولدىن بۆلەك يولدا ماڭالمايدۇ، تەقدىرىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. بۇ — تارىخنىڭ يەكۈنى. قانداق دېدىم؟
— توغرا، توغرا ئېيتتىڭىز!
— ......
چاقچاقلار، مەسخىرىلەر ھەمدە بۇ بىر مەيدان كەسكىن، جاپالىق جەڭنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشلار خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغاندىن كېيىن، رەھمەتجاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممەيلەن گۇلخاننى چۆرىدەپ يانپاشلاشتى.
تۆتەيلەن تۆت ئاتقا مىنىپ، ئاباق بىلەن مۇھەممەتئىمىننى بىر ئاتقا «غانجۇغىلاپ»، كۈلكە، چاقچاقلار بىلەن قاراتاغنى كۆزلەپ يولغا چۈشكەندە، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۇلارغا قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلماقتا ئىدى......

# ئون سەككىزىنچى باب

## ئانا ئارزۇسى

(خاتىمە ئورنىدا)

ئانىسىنىڭ كۆزىنى ياش يۇقى كۆرمىگىنىگە شەۋكەتكە توپتوغرا ئون ئاي بولغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزىدىلا ئەمەس، ھەتتا مەگزىدىمۇ لىغىلداپ تۇرغان مەرۋايىتتەك ئىككى تامچە ياشنى كۆرۈپ، ھەيران بولغىنىدىن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. دۇرۇس، ئاياللار بەزىدە خۇشاللىقتىنمۇ يىغلىشىدۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئابىدەمنىڭ خۇشاللىق ياشلىرى ھەقىقەتەن ئاز تۆكۈلمىدى. ئۇ يىغلىغاندا، شەۋكەت كۆلۈمسىرەيتتى ياكى كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكۈچە قاقاقلاپ كۈلەتتى. ھازىرچۇ؟ ھازىر شەۋكەت ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقىنىنىڭ ھەسرەت يېشى ياكى خۇشاللىق يېشى ئىكەنلىكىنى زادىلا پەرق ئېتەلمىدى. چۈنكى، شەۋكەت ئىشىكتىن كىرگەندە، ئابىدەم رەيھانىنىڭ چېچىنى تاراۋاتاتتى. ئۇ شەۋكەتنىڭ ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلاش بىلەنلا بېشىنى ئاستا كەينىگە بۇراپ، شەۋكەتكە قىيا باقتى ـ يۇ، ئىتتىك ئالدىغا قارىۋالدى. شەۋكەتنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقىنىمۇ ئانىسىنىڭ مۇشۇ غەلىتە قىلىقى ئىدى.

«ئانامنىڭ كۆڭلى بىر ئىشتىن رەنجىدىمۇ نېمە؟» شەۋكەت ئانىسىدىن گەپ سوراپ باقماقچى بولدى - يۇ، سورىمىدى ۋە چاندۇرماستىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىچكىرىكى ئۆي شەۋكەتنىڭ ياتىقى، شۇنداقلا بۇ ئائىلىنىڭ مېھمانخانىسى. مېھمانخانا ئاددىي جابدۇقلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغىنىغا قارىماي، بەكمۇ رەتلىك ھەم كۆركەم ئىدى. ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىگە توختىتىلغان كارىۋاتلارغا يېڭى ئىران نۇسخا گىلەملەر سېلىنغان، تۆردىكى كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە چىرايلىق قاتلاپ قويۇلغان ئىككى جۈپ تاۋار يوتقان، كۆرپە، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن كەشتىلەنگەن بىر جۈپ ياستۇق قوندۇرۇلغان. شىرە ئۈستىگە تىزىلغان ھەر خىل ئەينەك قاچىلار، تاملارغا چاپلانغان رەڭگارەڭ گۈللەر، قۇشلارنىڭ رەسىملىرى، دېرىزىگە قويۇلغان ئىككى تەشتەك رەيھانگۈل — مانا بۇ ئۆينىڭ ئاساسىي بىساتى. تاشقىرىقى ئۆي — ئۇلارنىڭ ئاشخانىسى بولۇپ، تالادىن كىرىشتىكى يان ئۆي ئابدەم بىلەن رەيھاننىڭ ياتىقى ئىدى. ئۇ ئۆيلەر تېخىمۇ ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مۇشۇ ئۆيگە ئوخشاشلا پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى.

شەۋكەت ھازىر ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىشچى. ئۇنىڭ ئانار بىلەن توي قىلىۋالغىنىغا يېرىم يىلغا يېقىنلاشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنداق ئامراقكى، بەئەينى ياغ ئىچىدىكى بىر جۈپ بۆرەكنىڭ ئۆزى. زاۋۇتتا بولسا ھەممە كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان، بىر شاختا ئېچىلغان بىر جۈپ خۇش پۇراق ئەتىرگۈل! ھازىر شەۋكەتنىڭ قولدا تۇرغان ئەنە ئاۋۇ چىرايلىق قاتلانغان بىر ۋاراق قەغەز ھەرگىزمۇ قانداقتۇر ئاددىي قەغەز بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ توققۇز ئايلىق جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە زاۋۇت پارتىيە تەشكىلاتى، شۇنداقلا كەڭ ئامما ئۇنىڭغا بەخشەندە قىلغان شان - شەرەپ!

شەۋكەت كاسسىنى كارىۋاتقا قويۇۋاتقاندا، كۆزلىرى دېرىزىدىكى گۈل تەشتىكىنىڭ لېۋىگە قوندۇرۇلغان سېرىق ھەل بېرىلگەن كىچىككىنە سۈرەت جازىسىغا چۈشتى. بۇ سۈرەت ــ بۇ ئائىلىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكى. ئابىدەم ئۇنى تويتوغرا ئون ئۈچ يىل يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. ئالدىنقى يىلى مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇنى تۇنجى قېتىم شەۋكەت بىلەن رەيھانغا كۆرسەتتى. كېيىن، ئۇنى يەنە ساندۇققا سېلىپ قويغانىدى. كىم بىلسۇن، بۇغراجاننىڭ بەختىيار ئائىلىسىدىن مەڭگۈ ۋىدالاشقىنىغا دەل ئون بەش يىل تولغان بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ سۈرەت تازا باراقسانلاپ ئېچىلىپ، ئۆينى مەززىلىك پۇراق بىلەن تولدۇرغان رەيھان شاخلىرىغا يەم بىلەن يۆلەپ، ئىككى تەشتەكنىڭ لېۋىدە تۇرغۇزۇپ قويۇلۇپتۇ!

شەۋكەت ئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇت كۆز يېشى قىلغانلىقىنىڭ سىرىنى ئەمدى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ ئۆلگۈردى ۋە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دېرىزە تۈۋىگە يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەشكەن، خىيال قۇشلىرى ھېلىقى ئاپەتلىك يىللارغا سەپەر قىلغانىدى......

ــ ئاكا، نېمىشقا يىغلايسەن؟

رەيھاننىڭ بۇ سوئالى شەۋكەتنىڭ خىيال يىپلىرىنى بىراقلا ئۈزۈۋەتتى. ئۇ سۈرەتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، بېشىنى قىيا بۇرىغانىدى، ئۇلار ئاشۇ سۈرەتكە چۈشۈش ئۈچۈن بازارغا چىققان كۈنى ئابىدەم كىيگەن ھېلىقى ئۇستىباشقا ئوخشاش ئۇستىباش كىيگەن، ئەمما بېلىگە چۈشكۈدەك ئۆسكەن قاپقارا چاچلىرى ئىككى ئۆرۈم ئەمەس، «قىرىق كوكۇلا» قىلىپ ئۆرۈلگەن رەيھاننى ۋە ئىككى قولى بىلەن رەيھاننىڭ يەلكىسىنى تۇتقىنىچە، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئابىدەمنى كۆردى. شۇ تاپتا رەيھان كىيىم - كېچەكلىرى بىلەنلا ئەمەس، ھەتتا چىراي - شەكلى بىلەنمۇ ئابىدەمنىڭ شۇ چاغدىكى

قىياپىتىگە ئوخشايتتى. ئابىدەمنىڭ بولسا ئاق داكا رومال ئاستىدىكى چاچلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى دېگۈدەك ئاقىرىپ كەتكەن، ئەزايىنىڭ گۆشلىرى قېچىشىپ، يۈزلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس قورۇقلار قاپلىغان بولسىمۇ، چوڭ - چوڭ قوي كۆزلىرى خۇددى ئاشۇ چاغدىكىدەك ئۆتكۈر ۋە خۇش خۇي چاقناپ تۇراتتى. ئەمما، ھەرقانچە يوشۇرسىمۇ، مەڭزى ۋە كۆزىنىڭ چاناقلىرى ياش يۇقى ئىدى.

شەۋكەتنىڭ كۆزلىرى ئاشۇ كۆزلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆز قەلبىنىڭ ئانا قەلبى بىلەن بىر خىل رىتىمدا سوقۇۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق سەزدى: ئەتە، 9- ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەكشەنبىسى، يەنى ئەمگەكچى خەلق قەددىنى كۆتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ خوجىسىغا ئايلانغان قۇتلۇق كۈن — دۆلەت بايرىمىنىڭ ئوتتۇز ئىككى يىللىقىنىڭ ھارپىسى، شۇنداقلا بۇغراجاننىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلغىنىغا ئون بەش يىل تولغان مۇسىبەتلىك كۈن...... خۇشاللىق بىلەن قايغۇ قوش كەلگەن شۇنداق كۈندە، ئانىنىڭ كۆز يېشى قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟! شەۋكەت بۇنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ! شۇڭا ئۇمۇ ئانىسىغا ئوخشاشلا كۆز يېشى قىلىۋاتىدۇ. بىراق، رەيھان تېخى بۇلارنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكىنى يوق. شەۋكەت قەتئىي ئىشىنىدۇكى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رەيھانمۇ ھەممىنى يېپيېڭىدىن يىگىنسىگىچە چۈشىنىپ يېتىدۇ!

شەۋكەت رەيھاننىڭ مەسۇم كۆڭلىنى بىھۇدە ئازابلىماسلىق ئۈچۈن، بېشىنى چاققانلىق بىلەن يانغا بۇرىدى - دە، كۆزى ۋە مەڭزىدىكى ياش مونچاقلىرىنى سۈرتىۋالدى. ئاندىن ئۇنىڭ سوئالىنى قەستەن جاۋابسىز قالدۇرۇپ:

— ئوھوي، مۇبارەك بولسۇن! بايراملىق كۆڭلىكىڭ ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ، ئۇكام! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

بىراق، رەيھان شەۋكەت كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ،

ئابىدەمنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە، ئىككىلا چامداپ شەۋكەتكە يېقىنلاشتى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى ھېلىقى تۇرتەكلەنگەن قەغەزگە يېپىشىپ:

— ئاكا، بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

شەۋكەتنىڭ يۈزلىرى «ۋىللىدە» قىزاردى - يۇ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، رەيھانغا چاقچاق قىلدى:

— قېنى، ئۆزۈڭ تاپقىنا!

— تەقدىرنامە! — دېدى رەيھان كېسىپلا، — تاپتىممۇ؟

ئۇ راستتىنلا تاپقانىدى.

— ھەئە! — دېۋەتتى شەۋكەت سىڭلىسىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ ۋە تەقدىرنامىنى رەيھانغا تۇتقۇزدى.

— ئوقۇغىنا، قىزىم! — دېدى ئابىدەم رەيھاننىڭ قولىدىكى تەقدىرنامىگە تەقەززالىق بىلەن تىكىلىپ، — ئاكاڭنى نېمىدەپ تەقدىرلەپتۇ؟

رەيھان ئۈستى تەرىپىگە ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان قىزىل بايراقلار بىلەن دۆلەت گىربىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلۈپ، ئەتراپى رەڭگارەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، قېلىن، پارقىراق قەغەزگە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان ماۋۇ خەتلەرنى جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇدى:

*توققۇز ئاي ئىچىدە پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، 1982 - يىلىغا ئۈچ ئاي بالدۇر قەدەم قويغان يولداش شەۋكەت بۇغراغا تەقدىم.*

*باسما زاۋۇت پارتكومىدىن*

بۇ چاغدا ئابىدەمنىڭ قانچىلىك خۇشاللانغىنىنى سۆزلىمەيلا قويايلى، ھاياجاندىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان

رەيھاننىڭ يۇمران قوللىرى بىردەمدە تەقدىرنامىنى ئۆينىڭ تۆرىدىكى تامغا مىخلانغان ئۆزىنىڭ «ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»لىق تەقدىرنامىسىگە يانداپ مىخلىۋەتتى. ئاندىن دەرھال كەينىگە يېنىپ، ئانىسىنىڭ باغرىغا مەھكەم چاپلاشتى - دە، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ سورىدى:

— ئانا، ئۆيگە ياراشتىمۇ؟

— ياراشتى، قىزىم! ياراشمامدىغان!

رەيھان ئاكىسىغا بۇرۇلۇپ سورىدى:

— ئانارگۈل ئاچامۇ تەقدىرنامە ئالدىمۇ؟

— ئالدى.

— نېمىشقا ئالغاچ كىرمىدىڭ؟

— ئۆزى ئېلىپ كىرىدۇ. ھازىر كىرىدۇ. ئىنتىپاق ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىدىن يېنىپلا كىرىدۇ......

شەۋكەتنىڭ سۆزى ئاياغلاشقۇچە، رەيھان ئانىسىنىڭ باغرىدىن بوشىنىپ چىقىپ، ئۆزىنى شەۋكەتكە ئاتتى ۋە ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:

— دائىم مۇشۇنداق تەقدىرنامە ئال جۇمۇ، ئاكا! — دېگەنىدى، شەۋكەتنىڭ يۈرىكى غەلىتە تېپچەكلەپ، ۋۇجۇدىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولمايدىغان بىر خىل ھاياجان ۋە خىجالەتچىلىك تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. چۈنكى، چوپچوڭلا يىگىت ئون توت ياشلىق بالىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق كەسكىن تەلەپنى ئاڭلىغاندا، قانداقمۇ ھاياجانلانمىسۇن؟!

شەۋكەت رەيھاننىڭ قولىنى تېخىمۇ مەھكەم سىقتى ۋە:

— ماقۇل، ئۇكام! — دېدى كېسىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم داۋاملىق تەقدىرنامە ئالاي! مەنمۇ، ئانارگۈل ئاچاڭمۇ، ھەممىمىز تەقدىرنامە ئالايلى.

رەيھان قانائەتلەنگەن ھالدا تاتلىق كۈلۈمسىرەپ:

— ئاكا، بايراملىق كىيىمىڭنى قاچان كىيىسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى.
— ئەتە كىيىمەن، — دېدى شەۋكەت.
— ئانا، سەنچۇ؟
— مەنمۇ ئەتە كىيىمەن، قىزىم.
— ئانارگۈل ئاچامچۇ؟
— ئۇمۇ ئەتە كىيىدۇ.
— سۈرەتكە چۈشەمدۇق؟
— چۈشىمىز.
— ......

شۇنداق، ئۇلار ئەتە بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ۋەتىنىنىڭ ئوتتۇز ئىككى يىللىق تويىغا تەنتەنە قىلىشىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ، مەڭگۈلۈك خاتىرە قالدۇرۇشىدۇ!

× × ×

ئۇلار بازارغا چىقىشتى.

ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپلەرنىڭ ئىشىك ئۈستى، ماگىزىنلار، دۇكانلار ۋە ئېگىز - ئېگىز بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرىدە رەڭگارەڭ بايراقلار لەرزان لەپىلدىمەكتە، لوزۇنكىلار كەڭ - ئازادە سېمونت يولنى توغرا كېسىپ ئۆتكەن، بىنالار قىزلارنىڭ بوينىغا ئاسىدىغان كەھرىۋا — كۆز مونچاقلاردەك قاتار ئېسىلىپ كەتكەن ئالا - يېشىل چىراغلار بىلەن بېزەلگەن. ماگىزىنلار - دۇكانلارغا كىرىپ - چىقىۋاتقان، ئېلىم - سېتىم قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى ھەرقانداق بىر كۈندىكىدىن كۆپلۈكى، روھىي كەيپىياتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئۈستىباشلىرىنىڭ پاكىز ھەم رەتلىك

ئىكەنلىكىگە قاراپلا، بۈگۈنكى كۈننىڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى كۈن ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

قىسقىسى، شەھەر — شادلىق دېڭىزى، گۈل ئېقىنى!

ئۇقەتچىلەرنىڭ «ياغ مانتا»، «ھەسەلدەك قوغۇن»......

دېگەنگە ئوخشاش شوخ، يېقىملىق سادالىرى يۈرەكلەرگە بۆلەكچىلا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. دوقمۇش - دۇقمۇشلاردا قاتار تىزىلىپ كەتكەن رېزىنكە چاقلىق كۆچمە دۇكانلاردىكى چەرچىنماللار، دۆۋە - دۆۋە قوغۇن - تاۋۇز، سېۋەت - سېۋەت ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار، شاپتۇل......لار بايرام شادلىقىغا چۆمگەن بۇ شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن؛ بۆلەكچىلا جۇشقۇنلۇق، بۆلەكچىلا ئاۋاتلىق - مەمۇرچىلىق بەخش ئەتكەن......

«ئۇھ...... نېمىدېگەن توقچىلىق، نېمىدېگەن ئاسايىشلىق؟! شۇ تاپتا بۇغراجان بىز بىلەن بىللە بولغان بولسا.......»

يۈرىكى ئالەمچە خۇشاللىق ۋە ھەسرەت ئىلكىگە چۆمگەن ئابىدەمنىڭ كۆزلىرى ئۆزىدىن بەش قەدەمچە ئالدىدا بىر - بىرىگە يېقىن ياندىشىپ، پەس ئاۋازدا نېمىلەرنىدۇر دېيىشكىنىچە سالماق قەدەم بىلەن كېتىۋاتقان شەۋكەت بىلەن ئانارda ئىدى. ئۇلارغا قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى. قارىغانسېرى كۆڭلى تاغدەك ئۆسۈپ، يۈرىكىدىن يامرىغان بىر ئىللىق سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كېزىپ ئۆتۈپ كۆزلىرىدە، يۈزلىرىدە ئەكس ئېتەتتى. ئۇ يول بويى كۈلۈمسىرەپ كېلەتتى. ئۇ شۇنداق ئىللىق، شۇنداق يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتىكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە يىللا ئىلگىرى ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىدا يۈرىكى خۇن بولۇپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ گۈلتاجى بولغان ياشلىق باھارىنىڭ ئەڭ شېرىن پەيزىنى سۈرۈشتىن مەھرۇم قىلىنغان، ياق، ھەتتا ئىنسانغا ئوخشاش ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنغان سان - ساناقسىز ناتىۋان ئانىلارنىڭ بىرى

ئىكەنلىكىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەس ئىدى!

ئۇ رەيھانىنىڭ نازۇك بارماقلىرىنىڭ ئۆز ئالىقىنىدا ئىكەنلىكى ۋە بۇ بارماقلارنىڭ تومۇزنىڭ ئاپتىپىدەك ئىللىق تەپتى قولى ئارقىلىق يۈرىكىنى ئىسسىتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھالدا كۆلۈمسىرەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەربىر ئادەم، ھەربىر بىنا، ھەربىر دۇكان، قىسقىسى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقى ئاڭلىغان ھەربىر سادا، ھەربىر شەپە ئۇنىڭ يۈرىكىگە پۈتمەس - تۈگىمەس ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇنىڭغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ، دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەكمۇ، ھەممە نەرسە چىن قەلبىدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ ئاشۇ كۈلكىلەرگە ئورتاقلىشىۋاتاتتى!

ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش قەدەمچە ئالدىدا شەۋكەت بىلەن ئانار نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىپ، كۈلۈمسىرەپ كېتىپ بارىدۇ. رەيھانىنىڭ چىرايىدىمۇ كۈلكە......

ئابدەم شەۋكەت بىلەن ئانارغا مېھرى بىلەن تىكىلدى: شەۋكەتنىڭ بوي - قەددى بەئەينى بۇغراجاننىڭ ئۆزى، بېشىدا بۇنىڭدىن تۇيپتوغرا ئون بەش يىل ئىلگىرى خۇددى مۇشۇ كۈندە بۇغراجان كىيگەنگە ئوخشاش شاھانە بادام دوپپا؛ ئۇچىسىدا بولسا يارىشىملىق نىلون سوكنا شىم - كەمزۇل. ئانارمۇ خۇددى ئابدەم ئاشۇ چاغدا كىيىنگەنىدەك چىرايلىق كىيىنگەن: بېشىدا زەر ئارىلاشتۇرۇپ مەرۋايىت باسقان بادام گۈللۈك قىزىل دۇخاۋا دوپپا، ئۇچىسىدا زەر يوللۇق قىزىل ئەتلەس كۆڭلەك، پۇتىدا ئېگىز پاشنىلىق مېغىز رەڭ خۇرۇم تۇپلى. بۇ كىيىم - كېچەكلەرنى ئابدەم مۇشۇ خۇشاللىق، شۇنداقلا مۇسىبەتلىك كۈنگە ئاتاپ تىكتۈرگەنىدى. ھازىر ئۇ مۇشۇ كىيىملەرنى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇچىسىدا كۆرگىنىدە، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى يېڭىباشتىن قايتىپ كەلگەندەك؛ بۇغراجان بىلەن بىللە بايرام سەيلىسىگە چىققاندەك

بەختىيار ھېسلار قايىنىمىدا ئۇزمەكتە ئىدى. بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغى بارغانسېرى تېخىمۇ يارقىن پارلىماقتا ئىدى!

راست ئەمەسمۇ؟ ئىنسان ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ! ئىنساننىڭ ھاياتلىق دۇنياسىدا ياشاپ تۇرالىشى ئۇنىڭدا ئۈمىد بولغانلىقىدا! تەبىئىيكى، ئىنساننىڭ مەلۇم بىر ئۈمىدى چېچەك ئاچسا، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە يېڭى ئۈمىد بىخ تارتىدۇ. بۇ ئۈمىدى چېچەكلەپ مېۋە بەرگەن چاغدا بولسا، يەنىمۇ يېڭى، يەنىمۇ يۈكسەك ئارزۇ - ئۈمىدلەر قەلب ئېكرانىدا پارلاپ، ئۇنىڭ ھايات يولىنى يورۇتىدۇ.

ئۈمىد — ھايات، ئۈمىد — بەخت، ئۈمىد — كەلگۈسى. ئەكسىچە، ئۈمىدسىزلىك مەھكۇملۇق، ئۆلۈم دېمەكتۇر. بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەن ئادەم بەئەينى بىر تال خەس ياكى بىر دۆۋە نىجاسەتتىن بۆلەك نەرسە ئەمەس!

ئابىدەم ئۈمىد بىلەن ياشىدى: ھېلىقى شۇم قۇيۇن بۇغراجان بىلەن مەغپىرەتخان ئاچىنى ھاياتلىق دۇنياسىدىن ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن ئاشۇ كۈنلەر ئۇنى چەكسىز بىئارام قىلغان، ئۇنىڭ قەلبىنى دەرد - ئەلەم بىلەن تولدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، كىچە ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، بەربىر تاڭغا ئورۇن بەرمەي ھەددى ئەمەسلىكى؛ قىش ھەرقانچە سوغۇق بولسىمۇ، بەربىر باھارغا ئورۇن بەرمەي ھەددى ئەمەسلىكىنى بىر مىنۇت، بىر سېكۇنتمۇ ئېسىدىن چىقارغىنى يوق. مەيلى ئوسمان «مۇدىر»لارنىڭ تىل - ھاقارىتى ئاستىدا ھايۋاندىن بەتتەر خورلۇق ئىچىدە تۈننى تاڭغا، قىشنى يازغا ئۇلىغان كۈنلەردە بولسۇن، مەيلى يۈرىكىنىڭ پارىسى — شەۋكەت بىلەن رەيھاندىن جۇدا بولۇپ، ھىجران ئازابىدا ئۆرتەنگەن؛ نامان ئاكا بىلەن سەيدىخان ئاچىغا ھەمراھ بولۇپ ئاسمان، يەر ۋە شور - قۇم بارخانلىرى، باش - ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان يۇلغۇن ئورمانلىقىدىن بۆلەك ھېچ نەرسە بولمىغان ئاشۇ جەزىرىدە مىنۇت-

سىبكۇنتلارنى غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلەردە بولسۇن، ھىجران ئىچىدە ۋىسالنى، قايغۇ ئىچىدە شادلىقنى، ئاچچىق ئىچىدە تاتلىقنى، ئاپەت ئىچىدە بەخت - سائادەتنى، قىسقىسى دوزاخ ئىچىدە جەننەتنى كۆردى. ئۇ ھاياتقا ئاشۇنداق ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىغىنى ۋە ئاشۇنداق ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشىغىنى ئۈچۈن، بۈگۈنكى بەختىيار كۈنلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىدى!

لېكىن ئۇ ھازىرقى بۇنچىلىك بەخت - سائادەتكە قانائەتلەنمەيدۇ. بەلكى بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل، بۇنىڭدىنمۇ بەختىيار كۈنلەرگە ئېرىشىشنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلىدۇ ۋە بۇ ئۈمىدنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمايدۇ!

ئۇ بۇ ئۈمىدنى پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىگىمۇ سىڭدۈرگەن. ئۇلارمۇ دەل مۇشۇ ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەربىر يېڭى قەدىمىنى دادىل باسماقتا......

ئابىدەم شەۋكەت بىلەن ئانارغا ئانىلىق مېھرى بىلەن تىكىلدى: ئۇلار بىر - بىرىگە يېقىن ياندىشىپ، سالماق قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ كېتىشىپ بارىدۇ. ئانار قەدىمىنى يۆتكىگەندە، ئۇنىڭ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان بىلەكتەك توم، قاپقارا چاچلىرى يىلاندەك تولغىنىپ، ئانا قەلبىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھاياجان، تېخىمۇ گۈزەل ئارزۇ - ئىستەك بىلەن تولدۇراتتى!

ئانا ئويلايتتى: «‹تۆلەندى ئورنىغا ئوغلى تۆلەندى› دېگەندەك، تېخى ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاغىسىز ئىشتان كىيىپ يۈرىدىغان، ھەتتا بۇرنىنى ئېرتىشنىمۇ بىلمەيدىغان گۆدەك باللار پات ئارىدا پەرزەنت يۈزى كۆرۈشىدۇ......»

ئۇلار كېتىشىپ بارىدۇ. بارغانسېرى شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىسىغا قاراپ كېتىشىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە ئىنتايىن گۈزەل، ئىنتايىن جەزبىلىك كۆرۈنمەكتە، ئۇلارنىڭ

قۇلىقىغا ھەممە ئاۋاز مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاڭلىناقتا. قەلبىدە بولسا پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياجان!

ھايات نېمىدېگەن گۈزەل - ھە؟!

كېيىنچۇ؟

بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ بەختىيار بولغۇسى!

ئانا قەلبى بۇنى ئىنتايىن روشەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ!

ئابىدەم يەنە شۇنىمۇ ئىنتايىن روشەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى، شەۋكەت بىلەن ئانارنىڭ پەرزەنتى پات ئارىدا ھاياتلىق ئالىمىگە كۆز ئاچىدۇ. كىچىككىنە بۇغراجان (ئابىدەم نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى بۇغراجان قويىماقچى) ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، بوۋىسىغا ئوخشاش يىگىت بولىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئوغۇل - قىزلىرى، نەۋرە - چەۋرىلىرى، پەي نەۋرە، كۆكۈن نەۋرىلىرى...... بولىدۇ! مانا شۇنچە كۆپ ئەۋلادلار نېمىشقىمۇ ئاپەتلىك يىللارغا يەم بولۇپ كەتكەن بۇغراجاننىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىسۇن؟! نېمىشقىمۇ ئەجدادلىرى ئارزۇ قىلغان ۋە شۇ يولدا ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن بەختىيار ھاياتنى يارىتالمىسۇن؟!

ئۇلار بۇنىڭغا قادىر!

ئابىدەم بۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ!

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قىرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى!

توغرا، ئىنسانىيەت ئالىمى بىنا بولغاندىن بۇيان، ئىنسانلار ھەرگىزمۇ نامەرد يىللارنىڭ رايىغا بويسۇنغان ئەمەس. بۇ ھەممە

كىشى ئېتىراپ قىلغان، شۇنداقلا ھېچكىممۇ ئىنكار قىلالمايدىغان ئۆلمەس ھەقىقەت! بۇ ھەقىقەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلمەسكى، ئۇ مىليون يىللار داۋامىدا ئۆزىنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتىنى ئىزچىل نامايان قىلىپ كەلدى ۋە شۇ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئالەمنى، تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى، ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىپ كەلدى. يېڭىنى يارىتىپ، بارلىق ئەبجىقى چىققان، نەزەردىن چۈشكەن كونا نەرسىلەرنى، كونىلىقنىڭ سارقىندىلىرىنى مىنۇت - سېكۇنتسىرى تەگرىنىڭ دەرگاھىغا يوللاپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەختىيار ئەتىسى ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىپ كەلدى!

بۇنداق كۈرەش مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ!

مانا بۇ ئۆز بەخت - سائادىتى يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىنسانىڭ نامەرد يىللارنىڭ رايىغا مەڭگۈ بويسۇنمايدىغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلى!

شەۋكەت بىلەن ئانار قەدىمىنى توختىتىپ، كەينىگە ئۆرۈلدى. ئۇلار «قىزىل بايراق» رەسىمخانىسىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قېلىشقانىدى. ئابىدەم ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى بەخت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەندە، چىرايىغا ئىختىيارسىز تەبەسسۇم يامراپ، كۆزلىرىدە «غىلىلدە» ياش ئەگىدى......

1978 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە قەشقەردە يېزىلدى.

1982 - يىلى بىرىنچى قېتىم، 1985 - يىلى ئىككىنچى قېتىم قەشقەردە تۈزىتىلدى.

1986 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - ئايغىچە بېيجىڭدا ئۈچىنچى قېتىم تۈزىتىلدى.

قاۋنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

## «يىللار» دىن يەكۈن

ئەجەب ئىشلار ئۆتكەنىكەن بېشىمىزدىن،
دەريا بۇپتىكەن يامغۇردەك كۆز يېشىمىزدىن.
كۆرمەپتىكەن تارىخ بۇنداق جاھالەتنى،
غېمىمىز كۆپ، يېگەن لوقما - ئېشىمىزدىن.

دۇنيا سەھنە، ئىنسان ئارتىس ھەم كۆرۈرمەن،
رېژىسسوردۇر تەڭرى مەڭگۈ، ئويلىنىپ باق!
تارىخ ئەينەك — جاھاننەما، ئۈمىد قانات،
ئۈمىد بىلەن ياشىغاننىڭ بەختى يارلاق.

2001- يىل 9- ئاينىڭ 17- كۈنى

ISBN 978-7-5373-2832-6

9 787537 328326 >

定价：50.00 元